شېرىپىدىن ئۆمەر

# ئۆتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

2 - كىتاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



شېرىپىدىن ئۆمەر

# ئوتتۇرا ئەسىر
# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

2 - كىتاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇھەررىرى: تۇرسۇن مەخسۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازاتگۈل ئاتاۋۇللا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
(2)
شېرىپىدىن ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يول 348 № پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 14.5
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 1 — 8000
ISBN7-228-02952-6/I·1045
باھاسى: 14.50 يۈەن

责任编辑：吉利力·穆罕默德
编辑：吐尔逊·马合苏提
封面设计：加拉力丁
责任校对：阿杂提古丽

# 中世纪维吾尔古典文学

（2）

西热皮丁·吾买尔 著

---

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码：830001）
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 印张14.5 插页
1996年11月第1版 1996年11月第1次印刷
印数：1——8000

---

ISBN7—228—02952—6/I·1045 定价：14.50元

## مۇندەرىجە

مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ھىرقەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 499
بابا رەھىم مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 593
گۇمنام ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 622
زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 659
نۆبىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ........ 763
سالاھى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 799
شائىر مەھزۇن ........ 850
شائىر موللا پازىلنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ........ 876
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى تەرجىمە ۋە بەدىئىي ئالاقىلەر ........ 951

# مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ھىرقەتى[1] ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ھىرقەتىنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر مەخسۇس يېزىلغان مەلۇماتلار ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

شائىر باشقا كلاسسىكلىرىمىزغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى، ياشىغان دەۋرى، ئەسىرىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە ئەسىرىنىڭ نامى توغرىسىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى بولغان مەشھۇر داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ كىرىش سۆزى (دىباچىسى) دە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«... ئول ۋە جەھدىنكى (كىتابى گۈلى بۇلبۇل) نەزىرىمگە يەتتى، كوڭىل مورغى تەتەببۇئىغە پەرۋاز ئەتتى. بۇ پىشە غۇلغۇلەسىدىن ۋە ئەندىشە بۇلبۇلەسىدىن تەكەللۇم سويى ئەنداز ئەتتى. بۇ سەبەبدىن خامە تىلىنى نەم قىلىپ، نامە مەرزىئەسىغە زەم قىلىپ، دۇرلار ساچىپ. گۇللەر ئاچتى، نېچۇنكى، سۆز ئىشق تەجەللىسىدىن ئېردى نامە مەھەللەسىگە كەلتۇردۇم ۋە ئوششاقلار (ئاشىقلار) قەبلەسىگە بۇ كەلىمىلەر جەمىلەسى يادىكار بولسۇن. بۇ ھەدىقەئى گۇلزارنى ۋە ھوققەنى دورری بارىنى تابىئە ئەيلەپ، فەسىھەلەرگە رابىتە قىلدىم. بۇ كىتابغە«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساھىپ

---

[1] ھىرقەتى — شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، بۇ سۆز «كۆيۈپ كۈل بولغۇچى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

تەسىرىگەنلىكى كەلامىنى ئىشتىپ، نامىنى بىلەيىن دىسە، مەجھول قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇلبھەم بولماسۇن، مەفھۇم بولسۇن دەپ ھەدەپ نامىمنى ۋە تەرەپ مەقامىمنى تەئيىن قىلدىمكى، مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مىھنەت تاغىنىڭ گۇلى ۋە مۇھەببەت ئوچاغىنىڭ كۇلى ۋە دوستدار تەرىقەئى خەلاسەئى ئەھمەد ۋە بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋە لايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدا يەتىدىن خالى، ئازغۇن رەھىدىن قىشلاغى، باغچى ۋە مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالسەكەبابچى. بۇ ئىشلار ۋە بۇ دەرۋىشلەر زوبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋە شەھ ئازادەلەر دەۋرىدە دۇر[1].»
تۆۋەندىكى شېئىري مىسال ئارقىلىق بۇ نەسرىي بايانى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ:

ئىرۇر باغ مىھتەرى[2] قىشلاغى باغچى،
ئىككىنچى مەنسەبى ئېردى چىراغچى.
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلەبىدۇر.
ئەگەر ئەۋلادى پەيغەمبەرگە قۇلدۇر،
بۇلەك خەلق ئىچرە گويا تازا گۇلدۇر.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن، ئالدى بىلەن شائىر ئۆز ئەسىرى «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» نى ئۆزىنىڭ زاماندىشى سالاھىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ يازغانلىقى بايقىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكام» ناملىق بۇ داستانى ئۆزگىچە خاس بەدىئىي غايە، ئۆزگە

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993-يىل، 3-سان.
[2] مىھتەر — پارسچە، چولڭ، ياشانغان، يۇقىرى، ئالىيجاناب، باشلىق، ئەلچى مەنىسىدە.

خاس سۆزىتقا ئىگە ئورىگىنال ئەسەر. بىر شائىرنىڭ ئىككىنچى شائىرغا بولغان تەسىرىنى بۈيۈك رۇس تەنقىدچىسى بېلىنىسكىي مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ «... ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىككىنچى شائىرغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇ ياراتقان پوئېزىيە (شېئىرىيەت) نىڭ باشقا شائىردا كۆرۈنۈشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشقا شائىردا بولغان لېكىن ھەرىكەتسىز ياتقان كۈچلەرنى ئويغىتىش ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتىندۇر. قۇياش نۇرى يەرگە چۈشۈش بىلەن قۇياشتىكى كۈچنى يەرگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى يەردىكى كۈچنى قوزغايدۇ، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۇلۇغ شائىرنىڭ تەسىرى خۇددى ئەنە شۇنداق، قۇياش نۇرىدەك مەۋجۇت لېكىن ھەرىكەتسىز ياتقان كۈچلەرنى ئىشقا سالىدۇ» دېگىنىدەك قانۇنىيەتلىك ھادىسە ئىكەنلىكى ئېنىق. ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆز تەسىرىنى ئۆزىنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدىن باشقىچىرەك قويغان، يەنى پۈتۈن خەلققە ئەمەس، شائىر تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «ئوششاقلار (ئاشىقلار) قەبىلىسىگە يادىكار بولسۇن» دېگەن مەلۇماتى بىزنىڭ شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى يۆنىلىشىنى ئېنىقلىشىمىزدا ئالاھىدە دىققەت . ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ. ئۈچىنچىدىن، شائىر يوقىرىقى كۆز قارىشىغا ئاساسەن بۇ ئەسىرىگە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن نامنى قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

شائىر ھىرقەتى ئۆزىنىڭ قەشقەر تازغۇن (باغچى) يېزىسىدىن ئىكەنلىكى، ئاپاق خوجا ھوزۇرىدا باغۋەن، چىراقچى ۋە كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىدىن بىزگە دېرەك بېرىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە داستان كىرىش سۆزى (دىباچىسى) دە ياكى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان، كىتاب خاتىمىسىدىمۇ بايان قىلمىغان. بۇ مەسىلە ھەققىدە ھىرقەتى

ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئۇنى خەلقىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇتقان پىشقەدەم شائىر ۋە تەتقىقاتچىمىز رەھمىتۇللا جارى ئەپەندى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ «بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا شائىر ھىرقەتى 1634- يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر تازغۇن (باغچى) يېزىسىدا تۇغۇلۇپ 1724-يىلى ۋاپات بولغان. ھىرقەتى 16 يىل مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. 30 يېشىدا ئاتىسى خوجام قۇلى بىلەن بىللە ئاپاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن»[1]

ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان تارىخىي ماتېرىياللار شائىر تەرجىمىھالىنى ئەنە شۇنچىلىك دەرىجىدىلا يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن بولسىمۇ، بىزنى يەنىلا شائىر توغرىسىدا مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئىگە قىلىپ، تەتقىقات يۈنىلىشىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

شائىر ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق تارىخىدىكى ھەم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى شائىرلارغا ئوخشاشلا بەدىئىي ئىجادىيىتىدە تەخەللۇس قوللىنىدۇ:

ئىلاھە، ھىرقەتىنى شاد قىل،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە ياد قىل.
ئىلاھە قىلمە نەۋمىد ھىرقەتىنى،
نەسىپ ئەتمە جەمەلىڭ قۇرقەتىنى.

شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «داستان» يېزىش ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يەتكەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ھەر قانداق شائىر ئىجادىيىتىگە باب كېلىدىغان ئورتاق قانۇنىيەت،

---

[1] «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 322 - بەت.

شائىرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شائىر بۇ داستاننىڭ ئالدى-كەينىدە بەلكىم نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇشى مۇمكىن. 90 يىل ياشىغان، 16 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، بۇ تىللار ئارقىلىق شەرقنىڭ داڭلىق پەيلاسوپ ۋە شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي مەلۇماتىغا ئىگە بولغان مانا شۇنداق بىر شائىرنىڭ پەقەت بىرلا داستان يازغانلىقى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ شائىر داستانىنىڭ بۇ قېتىمقى يېڭى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «ھەرقەتىي بەزى تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرى بىلەن ئەينى دەۋردە قەشقەردە شۆھرەت قازانغان» دېيىلگەن سۆزلەرمۇ بۇ پىكرىمىزنى ئەستىقلايدۇ. بۇگۈنكى كۈندە شائىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 270 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان... كەڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز مىللىي مىراسلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان خەلقىمىز ئىچىدىن تېپىلىدىغانلىقىغا زور ئىشەنچ بىلەن قارايمىز.

شائىرىمىزنىڭ بۇ داستانىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى پىشقەدەم شائىر ۋە تەتقىقاتچى رەھمەتۇللا جارى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ 1957- يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 4-، 5- سانلىرىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغانىدى. 1982- يىلى يەنە شۇ ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز رەھمەتۇللا جارى تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىلغان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى بىلەن يەشمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتابچە سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. بۇ

قېتىم داستان «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە» ① دەپ ئېلىندى. رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان ئىككى قېتىملىق قول يازمىسىنىڭ باش - ئاخىرى يوقىلىپ كېتىپ، تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن داستان كام ئېلان قىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا داستاننىڭ ئاساسلىق مېغىزلىق قىسمى ساقلاپ قېلىنغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان بۇ داستاننىڭ بۇ قېتىمقى نۇسخىسى يەنىلا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ ناملانغان، بۇ داستاننىڭ تولۇق نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا ئىسراپىل يۈسۈپ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىل 3-سانىدا ئېلان قىلىندى. بىز تەتقىقاتىمىزدا مۇشۇ يېڭى نۇسخىنى ئاساس قىلىمىز. چۈنكى بۇ تولۇق نۇسخا بىزگە شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېتىك غايىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى ئاپاق خوجا (ھىدايەتۇللا) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆز سىياسىي ھاكىمىيىتىنى دىنىمىستىك (سىرلىق) سوفىزم ئارقىلىق فېئوداللىق، ئىستىبداتلىقنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن پەللىسىگە كۆتۈرگەنىدى.

ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتتىن نەپەسلەنگەن شائىر ھىرقەتنىڭ دۇنيا قارىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپى سوفىزم بىلەن تۇتاشسا،

---

① «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە» ناملىق بۇ ئۆزگەرتىشكە رەھمىتۇللا جارى مۇنداق دەپ ئىزاھ بېرىدۇ: «بۇ ئەسەر بىرىنچى قېتىم 1957- يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغاندا، «مۇھەببەتنامە. مېھنەتكام» دەپ ئېلىنغان ئەمما بىزنىڭ پەرىزىمىزچە ئاپتور «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دەپ ئېلىپ «نامە» بىلەن «كامە» سۆزىنى قاپىيىداش قىلغانىكەن دەپ ئويلايمىز. چۈنكى «كام» بىلەن «كامە» سۆزى بىر مەنىدە بولۇپ، مەقسەت، ئارزۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» 3224- بەت. بۇ پىكىر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، چوڭقۇرراق ئويلىنىپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

يەنە بىر تەرىپى پانتېئىزىم (پان ئىلاھچىلىق) بىلەن ئۆتىشىدۇ.

ھەر قانداق يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى بەلگىلەپ، ئىجادىيىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئېنىقلىۋالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

پانتېئىزىمۇ، سوفىزىمۇ شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلدى. شەرق ئويغىنىش دەۋرى غەرب ئويغىنىش دەۋرىدىن پەرقلىق ھالدا، شەرقتە (ئوتتۇرا، يېقىن شەرقتە) غەرب ئويغىنىش دەۋرىدىن بۇرۇن فېئودالىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، غەربتە (ياۋروپادا) فېئودالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلدى. شەرقتە IX - X ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولسا، غەربتە XII ئەسىردە مەيدانغا كەلدى. پانتېئىزىم شەرقتە ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋۇجۇدتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ۋۇجۇدىيۇن غەربتە خرىستىئان دىنىنىڭ، جۇڭگودا كۇڭفۇزىنىڭ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئىنساننى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى قايتىدىن ئىختىيار قىلدى.

ۋۇجۇدىيۇن تەلىماتى بويىچە دۇنيا ۋۇجۇدتىن ئىبارەت، ۋۇجۇدتىن تاشقىرى ئالەمدە ھېچ نەرسە يوق. بۇ تەلىمات بويىچە ئاللا يارانقۇچى، ئۇ يارانقان رېئال دۇنيا ـ تەبىئەت ۋە ئىنسانمۇ شۇ ۋۇجۇدنىڭ بۆلەكلىرى بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى خىل نەرسە ئەمەس. پەقەت ئاللا ۋۇجۇدى ئەزەلدىن مەۋجۇت. باشقا نەرسىلەر، ئاسمان، تەبىئەت ۋۇجۇدى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ۋۇجۇدتىن كېلىپ چىققان ۋۇجۇدتىن تەشكىل تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋۇجۇدىيۇن ـ پانتېئىزىمنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنساننى ئاللا ۋۇجۇدى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشى، ئۇلارنى ئەبەدىي پاسسىپلىقتىن، تاسادىپىي مەۋجۇتلۇقتىن، ئەبەدىي

مەھكۇملۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتىنى بەردى. بۇ تەلىمات تەبىئەت ۋە ئىنسانغا مۇستەقىللىق ئاتا قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدە مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بەردى.

ۋۇجۇدۋيۇن تەلىماتى بويىچە تەبىئەت ۋە ئىنسان ئەزەلدىن بار بولغان ۋۇجۇدتىن زۆرۈرى سەۋەب - نەتىجە باغلىنىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىچە مۇستەقىل ياشىشى مۇمكىن بولىدۇ. بۇ جەرياندىن دېئىزمنىڭ ... ، يەنى قاچاندۇ بىر چاغدا ئاللادىن كېلىپ چىققان تەبىئەتنىڭ ئەمدىلىكتە مۇستەقىل رەۋىشتە، ئۆز قانۇنىيەتلىرى بىلەن راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى تەلىماتى كېلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ پانتېئىزم ۋە دېئىزم ئىنساننىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتى ۋە رېئال، مۇستەقىل ياشىشىدىكى تەلىماتقا يول ئېچىپ بەردى. نەتىجىدە، ئەمدى ئىنسان ئاللاسىز، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە باغلىق بولمىغان ھالدا تەبىئەتنى ئۆگىنىپ بىلەلەيدىغان، ئۆز بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالايدىغان بولدى. بۇ تەلىمات بويىچە ئىنساننىڭ خودا بىلەن يېگانە ۋۇجۇد پرىنسىپى ئاساسىدا باغلىنىشى، ئىلگىرى خودا قانداق تەرىپلەنگەن بولسا، ئۇلۇغلانغان بولسا، ئىنساننىڭ ئەقلى، بىلىمى، قابىلىيىتىنى ھەم شۇنداق تەرىپلەش، ئۇلۇغلاش ئىمكانىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئەقىلچىلىق (راتسىئونالىزم) ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك (گۇمانىزم) ئېقىمىغا يول ئېچىپ بېرىلدى. نەتىجىدە پانتېئىزم (پان ئىلاھچىلىق) تەلىماتى ئەقىلچىلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۈپ پەلسەپىۋى ئاساسى ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى تەشكىل قىلدى.

پانتېئىزم - ۋۇجۇدۋيۇن تەلىماتى ماددىي جەھەتتىن دىنىمىستىك غايىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرسە، ئۇنىڭ غايىۋى مەنبەسىنى تەكشۈرگىنىمىزدە

ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مىلادى I ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان نېئوپىلاتونىزم مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى قەدىمكى يېقىن - ئوتتۇرا شەرق ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، مىسىر، خەلقلىرىنىڭ غايىۋى پەلسەپە قاراشلىرى (بۇددىزىم، زادوئاستروئىزم ۋە باشقىلار) غا بېرىپ تاقىلىدۇ.

پانتېئىزىم - ۋۇجۇدىيون تەلىماتىنىڭ مەزمۇنىدىكى يوقىرىقى ئىككى بىسلىق ھالەت ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا «ۋاھىداتى - مەۋجۇد» ۋە «ۋاھىداتى - ۋۇجۇد» دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت بەردى.

ۋاھىداتى - مەۋجۇد[1] ئەنە شۇ ۋۇجۇدىيون تەلىماتىنىڭ باشقا شەكىل بىلەن ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋۇجۇدىيونىڭ بىر يوقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكەن نوقتىلارنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ تەلىمات سوفىزمنىڭ مۇشۇ تەلىماتىنى ئاساس قىلىپ ئايرىلىپ چىققان ئىلغار سول قانىتى «نەقشە بەندىيە»گە پەلسەپىۋى ئاساس بولۇپ، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى، كىشىلەرگە بىلىم ئېلىشنى، مېھنەت قىلىشنى، ماددىي نېمەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشنى، ئىنسانىنى، ئىنسان گۈزەللىكىنى سۆيۈشنى دەۋەت قىلىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى ئېقىمنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋەكىللىرى فارابى، ئىبنىسىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئىبن توفىل، ئىبىن بەججا، ئىبىن روش، نەۋائى، بېدىل قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار بولۇپ، ئۇلار بۇ پەلسەپە تەلىماتىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار

---

[1] بۇنىڭ فارابى ئىشلەتكەن ۋۇجۇدى مۇمكىن ۋە ۋۇجۇدى ۋاجىب شەكلىمۇ بار. بۇنىڭدا پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ئالتە دەرىجىگە بۆلىدۇ. بۇنىڭدىكى بىرىنچىسى ۋۇجۇدى ۋاجىب ئاللا بولۇپ، ئۇ يارىتىلغۇچى ئەمەس. پەقەت باشقىلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. قالغان بەشى ئەقىل، جان، شەكىل، ماتېرىيە، ئاسمان، ۋۇجۇدى مۇمكىن. بۇ دەرىجىلەر بىر - بىرى بىلەن سەۋەب - نەتىجە شەكلىدە باغلانغان. پەقەت بىرىنچى سەۋەب ئۆز سەۋەبىگە ئىگە. بۇ ئارىستوتېل پانتېئىزمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

پىكىرلىرىنى، ماتېرىيالىستىك غايىلىرىنى ئىلمىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەپەككۇر شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىگەنىدى.

ۋۇجۇدىيون تەلىماتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئوڭ قانات دىنىمىستىك تەلىمات ۋاھىداتى - ۋۇجۇد دەپ ئاتالدى. بۇ تەلىمات بۇ دۇنيادا پەقەت يەككە - يېگانە بىر ئاللالا مەۋجۇت؛ ماددىي دۇنيا ھەقىقىي ئەمەس، ھەقىقەت پەقەت بىرلا ئاللاغىلا مۇجەسسەملەنگەن، قالغان ھەممە نەرسە بولسا ئۇنىڭ شولىسى (نۇرى) دەپ ھېسابلايدۇ. مانا شۇ تەلىماتنى ئۇزلىرىگە ئاساس قىلغان سوفىزمنىڭ ئوڭ قانات ئەدەبىياتى ئىنسانىنى، ئىنسان گۈزەللىكىنى سۆيۈشنى، مېھنەتنى رەت قىلىپ تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىپ قىلىپ، قەلەندەرچىلىك بىلەن ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئۇلار زاھىد، دەرۋىش، قەلەندەرلەرنىڭ خىلمۇ خىل تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، XVII ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دەرۋىشلىك ھەرىكىتىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ ئېقىمنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق ۋەكىللىرى ئەلغازالى، ئىبنى ئەرەب، ئەخمەد يەسەۋى، ئابدۇللا ئەنۋەرى قاتارلىقلاردۇر. ئومۇمەن سوفىزم IX ئەسىردە پەيدا بولۇپ، ئاۋۋال فېئوداللىق ئىستىبداتلىقتا، ئەرەب ئىستىبلاسىغا ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. خۇسۇسىي مۈلۈككە، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ياۋۇز كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى دەپ قاراپ، دۆلەتمەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ھارام دەپ ھېسابلىدى. لېكىن ئۇ فېئوداليزم زۇلمىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاكتىپ ۋە جەڭگىۋار يۆنىلىشىنى تەشكىللىيەلمىدى، ئەكسىچە ئۇ خەلقنىڭ فېئوداليزمغا قارشى نارازىلىقىنىڭ پاسسىپ ئىپادىسى بولۇپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خەلقنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئەمەس، بەلكى دۇنيادىن ۋاز كېچىش، تەركىدۇنيا بولۇشقا چاقىردى. ئۇلارچە

بۇ دۇنيا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خۇدانىڭ شولىسى (نۇرى) بولۇپ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىدىن كېچىپ (ئۆلۈپ) ئەسلى ماھىيەتكە خۇداغا قوشۇلۇپ «فانە» بولۇپ كېتىش يولىنى ھەقىقەتكە ئېرىشىش دەپ تەشۋىق قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار رىمدا نېئوپلاتونچىلىقنى ئاساس سالغان پلاتىننىڭ (204 — 270) مىستىك پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. سوفىزم ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى دىنىنىڭ ئايرىم رەسمىي مەسىلىلىرىگە قارشى چىقتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ «ئىلىم ئول قىلۇپ» («قەلبلەر ئىلمى») نەزەرىيىسىدە ئوچۇق كۆرۈندۇ.

ئېنگېلسنىڭ «يەككە - يېگانە خۇدا - مۇستەبىت پادىشاھنىڭ ئىنكاسى. يېگانە پادىشاھ بولمىسا يېگانە خۇدا ھەققىدە غايىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى» دېگىنىدىن بىر خۇدالىق دىن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. فېئودالىق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمدارلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنى «زىللى ئىلاھ» (خۇدانىڭ يەردىكى سايىسى) دېيىشكەنىنى كۆرگەن سوپىلار ئاللاھنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۇلار خۇدانى «زىللى ئىلاھ» لار ئېيتقاندەك مەسچىت، ناماز، ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىلىش كېرەك دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

سوفىزمنىڭ پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ فېئودالىزمغا قارشى نارازىلىقنى ئىپادىلىشى ۋە «زىللى خۇدا» نىڭ ئېتىقاد شەكىللىرىنى، ئىبادەتلىرىنى رەت قىلىشى، ئەمەلىيەتتە، فېئودالىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتلىرىگە قارشى ئوق ئاتقانلىقى ئىدى. شۇڭا فېئودال ھۆكۈمدارلار سوفىزم تەلىماتىغا قارشى چىقىپ ئۇلارنى

باستۇردى. لېكىن XI ئەسىرگە كەلگەندە سوفىزمنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزگەردى. سوفىزم بىلەن ئىسلام دىنى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا شەرقنىڭ داڭلىق ئىلاھىيەت ئالىمى مۇھەممەت ئەلغازالى (1058 — 1111) ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئۇ شەرقتە «مۇججەتول - ئول ئىسلام» («ئىسلامنىڭ ھوججىتى») دەپ ناملانغاندى، كىشىلەر ھەتتا قۇرئان يوقىلىپ كەتسە، غازالى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇنى ئاسانلا تىكلەش مۇمكىن دەپ قارىشاتتى. ئىلىم - پەنگە، ئىلىم - پەنگە ئاساسلانغان ئەدەبىيات - سەنئەتكە قەھرى - زەھرى بىلەن قارشى چىققان بۇ ئىلاھىيەتچى سوفىزمنىڭ مىستىك تارمىقىنى ئىلاھىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، فېئوداللىق ئىستىبداتلىقنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى.

سوفىزمنىڭ تەلىماتى ئىبنى ئەرەبىنىڭ (1165- يىلى ئىسپانىيىدە تۇغۇلۇپ، 1240- يىلى دەمەشىقتە ۋاپات بولغان) دۇنيا قارىشىدا بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇدا پاك، دۇنيادىكى بىردىنبىر يېگانە بارلىق، ئۇ قالغان بارلىقلارنى ئىجاد قىلغان ئىجادچى. دۇنيا، تەبىئەت، ئىنسان، ھەممە شەيئىلەر ئۇنىڭ شولىسى، نۇرى، مۇھەببەت ئاللاغىلا خاس دەپ قارايدۇ. ئۇ «زۇنايىنەيىن» دەرىجىسىگە - ئىككىنچى كۆرۈش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ بىرىنچىدىن، تەسەۋۋۇپ سوفىزمدىكى «بارلىق» نى، ئۇنىڭ ئالىي مۇتلەق پاكلىقىنى كۆرىدۇ. ئىككىنچىدىن، نەرسىلەر (شەيئىلەر) نىڭ چەكسىز، خىلمۇ خىللىقىنى كۆرىدۇ. دېمەك، ئۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىپ، ئۆزى ئىزدىگەن ئالىي ھەق خۇدانى تاپقان بولىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۆز دەۋرىدە ئەرەب، ئىران جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئىسلاھ قىلماقچى بولغانىدى.

ئىبنى ئەرەبى پلاتون، پلاتىنلارنىڭ «تەنەسۇخ»

نەزەرىيىسىگە ئىسلام تۈسى بېرىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۇستازلىرىغا ئوخشاشلا روھنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى قۇياشقا ئوخشىتىدۇ. ئۇنى شەرقچە جەبەلقۇ دەپ ئاتايدۇ، ماددىي دۇنيانى بولسا ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئايغا ئوخشىتىپ جەبلۇ دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - قۇياش ھەممە تەرەپكە نۇر چاچقاندەك، ئىدىيە ئالىمىدىن روھلار چىقىپ، نەرسىلەرگە، ماددىي ئالەمگە، جۈملىدىن كىشى تېنىگە كىرىدۇ، بىراق جىسىمدا، كىشى تېنىدە خۇددى زىنداندا، قاراڭغۇ زۇلمەتتە، قاماقتا ساقلىنىدۇ. ۋاقتى كېلىپ، روھ تەندىن چىقىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرمەك ئۈچۈن باقىي ئالەمگە قايتىدۇ دەيدۇ. دېمەك ئىبنى ئەرەبىنىڭ ماددا ۋە روھ بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەۋجۇت، روھ بىرلەمچى بولۇپ، ماددىنى باشقۇرىدۇ دېگەن بىستىك تەلىماتى تەسەۋۋۇپ سوفىزمنىڭ پاسسىپ ئوڭ قانىتى بولغان يەسەۋىيچىلارنىڭ تايىنىدىغان مۇستەھكەم نەزەرىيە ئاساسىنى تىكلەپ بېرىدۇ.

ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىنى «ئىشق» تېمىسىغا بېغىشلايدۇ. بۇ كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ماجازىي ئىشقمۇ؟» ياكى «ئىلاھىي ئىشقمۇ؟» ئىشقنىڭ تېپلىرى توغرىسىدىكى بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن XV ئەسىرنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىرنەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئىجادىنى مەلۇم دەرىجىدە يەكۈنلىگەن، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسىرنى XV — XII ئەسىرلەردە ئۆتكەن، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مەنتىقىسىدە پارس — تاجىك ۋە تۈركىي تىللاردا يارىتىلغان ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك

ئەمونىلىرىدىكى ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن مەلۇم ئورتاقلىقى بار دەپ قاراپ، دۇنيانى ئىدراك قىلىش ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش مىزانلىرىغا قاراپ بىر نەچچە گۇرۇھلارغا بۆلۈشىدىن تاشقىرى، ئىشقىنىڭ مۇنداق ئۈچ تىپىنى كۆرسىتىدۇ:

«ئىشق ئۈچ قىسمغا بۆلىنىدۇ: بىرىنچى قىسمى، ئاددىي ئادەملەر ئىشقى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر ۋە كەڭ تارقالغاندۇر. بۇ ئىشق جىسمانىي لەززەت ۋە شەھۋانىي نەپس بىلەن چېگرىلىنىدۇكى، ئالىي مەرتىۋىسى شەرئىي نىكاھىدۇر... ئىككىنچى قىسمى، ئالاھىدە پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس ئىشق بولۇپ، بۇ خاس ئىشققا مەنسۇپ شەخسلەر پاك كۆزىنى پاك نىيەت بىلەن پاك يۈزگە سىيلىشىدۇ ۋە پاك كۆڭۈل، پاك يۈزنىڭ شەۋق - زەۋقى بىلەن بىقارار بولىدۇ ۋە بۇ پاك يۈز ۋاستىسى بىلەن پاك ئاشىق ھەقىقىي مەھبۇبنىڭ جامالىدىن بەھر ئالىدۇ...... ئۈچىنچى قىسمى، سىدىقلار ئىشقى دۇركىم، ھەقنىڭ تەجەللىسى (نۇرلىنىشى) جامالىغا ئۇنىڭ (ماددىي ئالەم مەۋجۇداتلىرى قىياپىتىدىكى) كۆرۈنۈشىدىن تاشقىرى بىۋاستە مەپتۇن بولغانلار ۋە ئۆزلىرىنى شۇ يولغا تەسلىم قىلغانلار ۋە ئۇشبۇ (ئالىي ھەقىقەت جامالىنى بىۋاستە كۆرۈشكە ئىنتىلىش بىھوشلۇقىدا ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى ئۇلاردىن بىگانە بولغان). ئۇلارنى (ئالىي ھەقىقەتنى بىۋاستە) كۆرۈش (ئىستىكى) پۈتۈنلەي غەرق ئەتكەن ۋە ئۇلار غەرق بولۇشىدىن ئۆتۈپ، ھالاك بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلەر، ئەگەر ھادىسىلەر بورىنى ئاسمان گۈلشىنىنىڭ بىر قەۋىتىنى ئۇچۇرۇپ كەتسە — ئۇلار بىخەۋەر ۋە ئەگەر يۇلتۇزلار گۈل بەرگىنى ھەر تەرەپكە سورۇۋەتسىمۇ بۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسلىرى ھەق جامالىنى كۆرۈش تەشۋىشى بىلەن ئىشق ھۇجۇملىرى ئاستىدا يوقىلىپ كەتكەن».

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئىشققا شائىرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق. بولۇپمۇ ئۈچىنچى تىپتىكى ئىشقنى «خەلق غېمىدىن غېمى» يوقلۇقى تۈپەيلى كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ. بۇ تەنقىد ئۇنىڭ جۈملىسىدىكى ئاھاڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر يۇقىرىقى ئىشقنىڭ ئۈچ تىپى جەھەتتىن ئىككىنچىسىنى تاللاپ ئېلىپ ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا قويىدۇ.

يۇقىرىقى «ئالاھىدە پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس ئىشق» كۆپچىلىك ئاددەتتە كۆزدە تۇتىدىغان قىز - يىگىتلەر ئارىسىدىكى يەڭگىلتەك سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن ۋە ئۈچىنچى تىپتىكى ئىشق ئالىي ھەقىقەتنىڭ مۇتلەق جامالىغا سادىق تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئىنتىلىشلىرىدىن پۈتۈنلەي پەرق قىلىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر «پەرھات ۋە شېرىن» ناملىق داستانىدا سوقرات تىلىدىن «ھەقىقىي ئىشق» بولىدا بىر ۋاستە سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن «مەجازى ئىشق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ»، مۇستەقىل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ھەتتا ئۆز خىيالى، ئىنتىلىشلىرى بولىدا «ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىدىن بىگانە بولغان» تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ساپ ئىلاھىي ئىشققا مەلۇم دەرىجىدە قارشى قويۇلغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر «مەجازى» تەرىپى بىلەن «مەجازى» (خاس) ئىشق ئارىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئەنە شۇ «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ئەسىرىدە ئوچۇق ئىشارەت قىلىدۇ. «ئىككىنچى تىپتىكى ئىشق»قا تەرىپ بېرىلگەندىن كېيىن بۇ تىپتىكى ئىشقنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئاساس قىلغان شائىرلار قاتارىنى مۇنداق ساناپ ئۆتىدۇ: بۇلار ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى، خوجا فىرشىرازى، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي - پارس تىللىق («گوفتارلارى تۈرك ئولۇسىدا خەرورو تامىر ۋە سارت خەيلىدە ئافا تەڭمىز»)

شاگىرتلىرىنى (دېمەك نەۋائى ئۆزىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئەسلەپ ئۆتىدۇ. شائىر شۇنىمۇ تەكىتلەيدۇكى، ئەنە شۇ ئىجادكار «ھەممىسىنىڭ ئىجاد قىلىش ۋە شېئىرىيەت ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىدىن مەقسەتلەر ئىشق ئىزھارىدۇر» دەيدۇ.

نەۋائى ئومۇمەن شېئىر ئىشق ھەققىدە بولمىسا بىكار سۆز دەپ ھېسابلايدۇ. «سۆزكىم دەردچەشىمىسىدىن ھارارىتى بولمىغاي ۋە نەزمىكىم، ئىشق ھارارىتىدىن ھەرقىتى بولمىغاي، نۇرسىز شام بىل ۋە شەرۋەرسىز جەم گومان قىل. ھاسىلىكىم، سۆزگە بۇ تارانادۇر ۋە كۆڭۈلدە ھايات نەششەسى ئىشق ئۆزىدۇر».

بۇ پارچىدىكى ئاخىرقى جۈملە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شائىر نەزەرىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ مەزمۇنى ۋە زوقى، ئۇ كۆپىنچە «مەجاز» سۈپىتى بىلەن تىلغا ئالغۇچى «خاس ئىشق» تىن تاشقىرىدا تەسەۋۋۇر قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

نەۋائىنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپە تەپەككۇرىدا ئۆز زامانداشلىرىدىن ئۇزۇپ كەتكەن جايى شۇ يەردىكى، ئۇ «ئىشق» چۈشەنچىسىگە بىرىنچى نۆۋەتتە ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىدى. شۇ ئاساستا «مەجازى ئىشق» نى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتىدىكى مۇناسىۋەتتە بىرىنچى ئورۇنغا چىقىرىپ مەركىزىي ماھىيەتكە ئايلاندۇردى. ئىنسان مەنىۋىيىتىنى ئەنە شۇ مەھەك[1] تاشقا ئۇرۇپ ئۆلچىدى.

«مەھبۇبۇل قۇلۇپ» دىن بىر يىل بۇرۇن فەردىن ئاتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» داستانى نەۋائى بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن ھەقىقەتنىڭ يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا شائىر ئۆمۈر بويى ئىزدىنىپ تاپقان مۇرەككەپ ئەمما بىر پۈتۈن ۋە چوڭقۇر

---

① مەھەك — ئەرەبچە ئالتۇن پاكى كۆزمۇشكە سۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ساپ پاكى ساپ ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان تاش.

ھەقىقەتنى ئۆزىگە مۇناسىپ بەدىئىي شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالىمى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق بەدىئىي تەپەككۇرى راۋاجىنىڭ چوڭ بىر باسقۇچى ١١ - ١٢ ئەسىرلەر ئېپىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى مەنىۋى يۈكسىلىشىدە ئەڭ ئالىي بالداقنى ئىگىلەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدىكى چوڭقۇر مەنىۋىيەت خەزىنىلىرىنى پارلىتىپ نۇرلاندۇرغۇچى، ئۇلارغا يېڭى - يېڭى تاۋلىنىشلارنى بەخش ئەتكۈچى ئاجايىپ نۇرلۇق مەشئەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلسىملىق قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا قادىر ھېكمەتلىك ئاچقۇچ ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. شائىر بۇ داستانىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تەپەككۇر يۆنىلىشى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسىرى «مۇھاكىمە تول - لوغا تەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ «ھەقىقەت ئەسرارىنى مەجازى سۈرەتتە كۆرگۈزۈپمەن» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرى («لىسانۇت - تەير») نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن باي. بۇ ئەسەردە ئاز دېگەندە مۇنداق مەزمۇنلار مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن «ھەقىقەت ئەسرارىنى مەجازى سۈرەتتە» بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانسا، دۇنيا قاراش جەھەتتىن، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئوتتۇرا ئەسىر. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلانغان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار سول قانات ئېقىمى «نەقشىبەندىيە» گە نەزەرىيە ئاساس بولغان ۋۇجۇدىيۇنغا، (شەرقتە ئاتىلىشى) غەربتە پانتېئىزم دەپ ئاتالغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا تايىنىدۇ.

نەۋائىي شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ ۋە بۇ دەۋردىكى نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە پۈتۈن ئۆمرىدە

ئېرىشكەن ھەقىقەتكە پانتېئىزم نۇقتىسىدىن تۇنجى قېتىم يەكۈن چىقىرىدۇ، «لىسا نۇت - تەير»دە تەسۋىرلىنىشىچە، بۇ دۇنيادا ياشىغۇچى قۇشلار تەپرىقىچىلىق (بۆلگۈنچىلىك) قىلىشىپ ئورۇن - نام تالىشىپ، زادىلا بىر جەمئىيەتكە ئۇيۇشۇپ ياشىيالمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئالىي پەزىلەتلىك، مۇتلەق ھەقىقەتلىك بىر شاھ لازىملىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ، بىراق ئۇنى ھېچ بىلمەپتۇ. ئەمما بۇنى «...... ئەقىل نۇرىدىن بەھرىمەن بولغان، رەھبەرلىك بەلگىسى بىلەن ئۇلۇغلانغان، شاراپەت مېراجى بىلەن ئىززەت تاپقان؛ بېشىغا مۇۋەپپەقىيەت تاجى بىلەن زىننەت بەرگەن: ئۇنىڭغا يوشۇرۇن سىرلار جەبرائىلغا مەلۇم بولغاندەك ئايان بولغان[1]» ھۆپۈپ بۇ قۇشلارغا مۇنداق دەپ ئۇقتۇردى: «ئەي ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان غاپىل گۇرۇھلار، نادانلىق ھاۋاسىدا ئەھۋالى ئاستىن - ئۈستۈن بولغانلار، سىلەرنىڭ شەك-شۈبھىسىز ۋە مىلىسىز پادىشاھىڭلار بار. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىشقا يۈز مىڭلىغان ناتىق ۋە سۆزمەن تىلمۇ ئاجىزدۇر. بۇ پادىشاھ بارچە ئالەم قۇشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدۇ»، «...بىھاجەتلىكنىڭ كوھىقاپىدا ئورۇنلاشقان بۇنىڭ كوھىقاپىدىكى لەقىمى (ئەنقا)[2]» دۇر، دەپ سۇمرۇغدىن خەۋەر بېرىپ، قۇشلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇ شاھقا مۇنداق تەرىپ بېرىدۇ: «بىزنىڭ شۇنداق بىر پادىشاھىمىز باركى، ئۇ بارلىق شاھلارنىڭ شاھىدۇر، ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار. ئۇنىڭ ئۆزى يەككە - يېگانە، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، سۈپەتلىرى بولسا مىڭدىن ئارتۇقدۇر. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى جاھان ئىچىدە مەشھۇر، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىسمىغا باغلانغان، ئۇنىڭدىن ئىجازەت بولمىغىچە

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993. يىلى 3. سان، 8. بەت («لىسا نۇت - تەير»).
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993. يىلى 3. سان، 8. بەت «(«لىسا نۇت - تەير»).

ھېچكىم بىر تىنىق ئالالمايدۇ»①. مانا بۇ ئۇلار ئىزدىگەن «ئالىي ھەقىقەت» خۇدانىڭ مەجازى ئوبرازى ئىدى.

ئىسلام تەرىقىتىدە ئاللا ھۇسنىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بىر يېتەكچى مۇرشىد لازىم. ئۇنىڭسىز بۇ ئىش ھەل بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

قۇشلار نۇرغۇن ئالاش - تارتىشلاردىن كېيىن سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك ھەم ئارىپ ھۆپۈپنى ئۆزلىرىگە ھىدايەت يول كۆرسەتكۈچى - مۇرشىد قىلىپ بەلگىلەپ ھۆپۈپنىڭ رەھبەرلىكىنى «ئالىي ھەق» دەپ، سىمۇرغنى ئىزدەش ئۈچۈن كوھىقاپقا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار تاغ - داۋان، دېڭىز - ئوكيان، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ، ئاجايىپ - غارايىپ مۇشكۈللۈكلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھۆپۈپ بىلەن نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەر قىلىپ، ھۆپۈپ نەسىھىتى بىلەن نى - نى داۋالغۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۇ مۇشەققەتلىك سەپەرگە چىدالمىغانلىرى- نىڭ بىر قىسمى يولدا چۈشۈپ قېلىپ، بىر قىسمى بۇ مۇشەققەتلىك سەپەر جەريانىدا قىرىلىپ، ئۆلۈپ كېتىپ، كوھىقاپقا ئارانلا ئوتتۇز قۇش يېتىپ كېلىدۇ. «لىسانۇت - تەير» دە بۇ قۇشلارنىڭ مەقسەت - ئىستەكلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«... يارنى ئىزدەشتە بۇ ئىككى ھالەتنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. گەرچە ئۇلار ئۇلۇغلۇق ئالدىدا خار ۋە تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ھۆپۈپ ئۇلارنى غەم يېمەسلىككە ئۈندەپ، كۆڭلىگەن مىساللارنى كەلتۈردى. ئۇلاردا مەردانىلىك مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا كامىل يول باشچىسىمۇ ئەقىللىق ۋە دانا ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ سادىقلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكتىكى ئىككىنچى

---

① نەۋائى - «لىسانۇت - تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1993-يىل 3-سان، 10-بەت.

فەنا[1]غا ئېرىشىش يارنى ئۇلارغا ئاشنا قىلدى. ۋىسال بېغىدىن مەرھەمەت كۆرسەتكۈچى تاڭ شاماللىرى ئەستى ياكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆڭلىنىڭ پاكىز تىنىقلىرى يېتىپ كەلدى. بۇ شامال ئۇلار ئالدىدا نىقاب بولۇپ تۇرغان بارلىق پەردىلەرنى بىرمۇ بىر ئېلىپ تاشلىدى. نۇر ۋە زۇلمەتتىن ئىبارەت بولغان ھەممە پەردىلەر بىرتەرەپ قىلىندى. ۋىسال بېغىدا شادلىق ۋە مېھنەت گۈلى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ خۇش بۇيى پۇراقلىرىدىن كۆڭۈللەر يايرىدى. قۇشلارنىڭ دىللىرىدىكى سۇلغۇنلۇق يوقىلىپ ۋىسال ئىچىدە شۇ قەدەر مەمنۇنىيەت ۋە شادلىقلارغا ئېرىشتى. بۇ گۈلشەندىكى ھەر بىر گۈل ـ گىياھ بىر ئەينەككە ئوخشايتتى. قۇشلار قاياققا قارىسا ئۆزلىرى نامايان بولاتتى. بۇ يەردە قۇشلاردىن باشقا يەنە نۇر ۋە پاكىزلىق، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇنلۇقنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇ گويا كىشىنىڭ ئەينەككە قارىغىنىغا ياكى تىنىق ۋە پاكىز سۇغا باققىنىغا ئوخشاش ھەممە نەرسە باشتىن ـ ئاياغ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، بۇ خۇددى ئەينەك ياكى سۇنىڭ كىشى ئەكسىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىگە ئوخشايتتى. بۇ ئوتتۇز قۇشنىڭ شۇنچە كۆپ مۇشەققەت ۋە رەنج چېكىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىدىكى مەقسەت، سۇمرۇغنىڭ جامالىنى كۆرۈپ بۇ پانىيلىقتىن باقىيلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئاخىرقى نەتىجە قانداق بولدى:

«كۆردىلەر ئۆزىنى قايانكىم تۇشتى كۆز.
ئاللاھ ـ ئاللاھ، نى ئاجايىپتۇر بۇ سۆز

ئۇلار قاياققا قارىسا ئۆزلىرىنى كۆردى. ئاللاھ ـ ئاللاھ، بۇ قانداق ئاجايىپ سۆزدۇركى سۇمرۇغنى ئارزۇ قىلغان ئوتتۇز قۇش ئۆزلىرىنى

---

[1] ئىككىنچى فەنا — ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە، بۇ باسقۇچتا سوپىلار روھىي جەھەتتىن يار (خۇدا) ۋىسالىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

ئاشۇ سۇمرۇغ سۇپىتىدە كۆرۈشتى[1]». بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئىنسانىيەت تارىخى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش تارىخىدىن ئىبارەتتۇر، دېگەن ماركسنىڭ سۆزىنى سالمامدۇ؟!

مۇتەپەككۇر شائىر يۇقىرىقى خۇلاسىگە قانداق كەلگەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ماڭا قانداق مەنە ئايان بولغان بولسا، ئۇنى قۇش تىلى بىلەن بايان قىلدىم. سۆزلىرىم يۈزەكى مەنىدىلا چۈشىنىلمىسۇن. ھەقىقىي مەنە قىزنىڭ يۈزلىرى يېپىلىپ قالمىسۇن. پەقەت زېرەك قۇشلارلا بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنى چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنى چۈشەنگەن قۇشلار قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق قۇشلار بۇ سۆزلىرىمنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالالايدۇ. بۇ سۆزلەر بارلىق سۆزلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇشكۇل سۆزلەردۇر. چۈنكى بۇ تىلسىزلارنىڭ تىلىدۇر. ئۆز تىلىدىن بېشىغا ئاپەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر يەنە باشقىلارغا شەرھلەپ ئولتۇرمىسۇن»[2].

بۇ شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا ھەم خىتاب، ھەم ئاگاھلاندۇرۇش ئەمەسمۇ؟!

پانتېئىزم يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «خۇدا» نى ئىنكار قىلمايدۇ. پانتېئىس شائىر پانتېئىزم مەيدانىدا تۇرۇپ تەڭرىدىن مۇنداق ئەپۇ سورايدۇ:

«ئەي تەڭرىم، مەن بۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن ئالدىڭدا تۇۋا قىلىمەن. ئېيتمايدىغان سۆزلەرنى دېگىنىمگە سەندىن پاناھ تىلەيمەن، مەن بۇ سۆزلەرنىڭ لايىھىسىنى ئۆزۈم تۈزمىدىم، بەلكى شەيخ پەردىدىن ئاتتارنىڭ سۆزلىرىنى شەرھلىدىم، بۇ سۆزلىرىمدىن ماڭا ئاپەتلەر كېلىشىدىن ئۆزۈڭ ئاسرىغىن،

---

① نەۋائى «لىسا نۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1993. يىل 4.سان، 73 ـ بەت.

② نەۋائى: «لىسا نۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 4.سان، 73.بەت.

چۈنكى مېنىڭ سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق. مەن گەرچە بۇ سۆزلەردە خاتالىقتا يول قويغان بولساممۇ، لېكىن بۇ شەيخ ئاتتارنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، چۈنكى شەيخ ئەتتارى خاتالىقلارغا يول قويماي، كامالەت سەھىپىلىرىگە بۇ سۆزلەردىن نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى تېرىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى مېنىڭ تەبىئىتىم خاتا تەرىپىگە تارتىپ كەلگەن بولسا، مېنى ئاشۇ كامىل پېشۋانىڭ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن ئەپۇ قىلغىن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ سېنىڭ ھەققىڭدە سۆزلەپ قويدۇم. ئۆزۈمنى قوبۇل قىلىپ. گۇناھىمدىن ئۆتكىن»[1].

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز نەۋائىنىڭ «لىسا نۇت - تەير» داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن تۈپ ئىستېتىك غايە بولۇپ، بۇ غايىنى ئىپادىلەيدىغان سۇژىت داستاننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭ باشقا داستانىنىڭ «شەيخ سەنئان (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان) نىڭ ھېكايىتى» دېگەن بابتا «مۇھەببەت ئىماندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئىستېتىك غايە ئالغا سۈرۈلۈپ، مۇھەببەتنىڭ ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيدىغان، سېھىرلىك كۈچى غايەت زور ئىستېتىك كۈچ بىلەن ئوبرازلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

مەككىدە 50 يىل شەيخلىق قىلغان سەنئان رىم مەملىكىتىنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ، رىم چېركاۋىدىكى ئاجايىپ گۈزەل بىر خرىستىئان - نىسارا قىزغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قالىدۇ. قىزنى ئۇندەككە كەلتۈرەلمەي بىر يىل چېركاۋدا ياتىدۇ. ئاخىر بۇ نىسارا قىز مۇھەببىتىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن 400 مۇرىتىنى باشلاپ رىمغا ساياھەتكە كەلگەن، شەرق ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بۇ ئۇلۇغ شەيخكە مۇنداق شەرت قويىدۇ:

---

[1] نەۋائى «لىسا نۇت - تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993-يىل 4-سان، 73-، 74- بەتلەر.

«بىرىنچى، مەي ئىچىسەن؛ ئىككىنچى، زۇننار[1] باغلايسەن؛ ئۈچىنچىسى، «قۇرئان» نى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن؛ تۆتىنچى، بۇتقا سەجدە قىلىپ، بۇتپەرەس بولىسەن. پۈتۈن ئىش ئىشقىنىڭ شۈكرانىسىدۇر. يەنە ئىككى ئىش بار، بۇ ئىككى ئىش بولسا، ئىشقىنىڭ جەرىمانىسىدۇر. يۇقىرىقى تۆت چوڭ يوقىلىش بولسا، بۇ ئىككىسى ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى، توڭگۇز (چوشقا) باقىسەن، يەنە بىرى، ئاتەشپەرەسلەر ئوتخانىسىدا ئوت قالىغۇچى بولىسەن. ئەي شەيخ، ئەگەر سەن بۇ بۇتخانىدا ماڭا ھەقىقەتەن ئاشىق بولساڭ، ئىشق داۋالىرىڭغا راستىنلا سادىق بولساڭ، سەن بەجا كەلتۈرىدىغان شۈكرانە جەرىمانىلار مۇشۇلاردىن ئىبارەت[2] » ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پېشۋاسى، شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ 90 ياشتىن ئاشقان ئەڭ مەشھۇر شەيخى خرىستىئان قىزىنىڭ يۇقىرىدا قويغان ئالتە شەرتىنى قىز ۋە چېركاۋ پوپلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تولۇق ئورۇنداپ، قىزنىڭ چىن، سەممىي، سادىق مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ۋەقەلىكتىن «مۇھەببەت ئىماندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ تەرەققىياتى بەدىئىي تەپەككۇردا ئوتتۇرا ئەسىردىن بىزنىڭ زامانىمىزغىچە، «مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ» دېگەن خۇلاسە بىلەن ئىپادىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن تەستىقلاندى.

ئۈچىنچى، داستاننىڭ «ستىفىنا ۋادىسىنىڭ سۈپىتى» دېگەن بابىدا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ «خەمسە» لىرىدە بولۇپمۇ «خەمسە» گە كىرگەن «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن، «ئىدىئال شاھ غايىۋى جەمئىيەت»

[1] زۇننار — خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بېلىگە باغلايدىغان بەلباغ، خرىستىئانلىق بەلگىسى ۋە بويىنغا ئاسىدىغان كرېست.
[2] غەززالى «ئىلىم ئوت - نۇر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993-يىل 3-سان، 54-بەت.

ئىستىبتىك ئىدېئال (غايىسى) نىڭ «غايىۋى جەمئىيەت» ئىستىبتىك ئىدېئالى يەنە بىر خىل شەكىلدە غايەت زور ئوبرازلىق هالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

داستاندا مەركەزلىك هالدا ئىپادىلەنگەن (شەيخ سەنئان هېكايىسىدىن باشقا) تۆپكى شائىر ئىستىبتىك ئىدېئالى يىقىندىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي بەدىئىي ئىستىلىنىڭ بىرى بولغان نەۋائى تەرىپىدىن نەزەرىيىۋى شەرھلەنگەن «ھەقىقەت ئەسرارىنى مەجازى سۈرەتلەش» يولى بىلەن پانتېئىزىم نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس پانتېئىزىم نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ هاياتنى قانداق ئىستىلدا، قانداق ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالدۇق.

ئەمدى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئەكس ئەتكەن «ئىشق» «مەجازى ئىشق» مۇ ياكى «ئىلاھىي ئىشق» مۇ؟ دېگەن سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيمىز.

## «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» توغرىسىدا

شائىر ھىرقەتنىڭ ئىجادىدا «ئىلاھىي ئىشق» مۇ، «مەجازى ئىشق» مۇ ئەكس ئەتكەن.

ئىلاھىي ئىشق شائىرنىڭ يىرىك ، داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ مەسىلىنى شائىرنىڭ دۇنيا قارشى بەلگىلىگەن. شائىرىمىز ھىرقەتنىڭ دۇنيا قارشىدا پانتېئىزمنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان «ۋاھداتى مەۋجۇت» ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ دۇنيانى ياراتقۇچى يالغۇز خۇدا، قالغانلىرى دۇنيادا بار بولغان كائىنات، تەبىئەت، مەخلۇقات، ئىنسانلار ئۇنىڭ شولىسى (نۇرى - تەجەللىسى) دەپ قاراپ، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن

ئۆزىنى يوقىتىپ، قايتا ئەسلى مەنبە بولغان ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىمۇ ئەنە شۇ دۇنيا قاراش بىلەن ئۆزىگە يول ئاچىدۇ:

خۇدا ئېرمەس بۇ ئەمرۇد، بەندەدۇركەم،
خۇدا سۇرەت ئەمەس، جانمۇ ئەمەس ھەم.
خۇدا جىسىم ئىلەجاندىندۇر مۇنەززەھ،
ماكانسىز، ھەر زامان ھازىردۇر ئول شەھ.
ئېرور مەئلۇم ئانىڭ ئىسمى سىفاتى،
بارى ئەلنىڭ كۆزىدىن مەخفى زاتى.
ئانىڭ نىمەتلەرىنى قىل تەسەۋۋۇر،
ئانىڭ زاتى نې دەپ قىلمە تەپەككۇر.
ئېرۇر يالغۇز، سېنى، مېنى ياراتقان،
ئانى ئېرمەس يەنە كىشى ياراتقان.
مېنىڭ ئايغان سۆزۈمگە قىل قەنائەت،
نىي دېسەم، ئەل، ئاڭا قىلغان ئىتائەت.
قويا كۆرمە جەھاندا بەندەلىكنى،
ئەگەر كۆرمەي دېسەڭ شەرمەندەلىكنى[1]

شائىر مۇشۇ دۇنيا قارىشى بويىچە داستانىنىڭ «پەندى بول ھەۋەس ۋە شۇ خەننى ئاتاش نەفەس» بابىدا مەخسۇس «خالىقا» (خۇدانىڭ 99 ئىسمىنىڭ بىرى) مىسرا بىلەن باشلانغان. 25 كۇپلېت يوز مىسرا شېئىرى بىلەن خۇداغا «مۇناجات» قىلىدۇ. داستانىنىڭ «خاتىمە كىتاب ۋە فاسىھەئى كىتاب» قىسمى پۈتۈنلەي دىنىمىستىك روھ بىلەن سوغۇرۇلغان دېيىشكە

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 93. يىلى 3-سان، 94-، 95-. بەتلەر.

بولىدۇ. شائىرىمىز ئەنە شۇ دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئىشق» مەسىلىسىدە، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرىمىز نەۋائىينىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شائىرلىرىنى بۆلگەن ئۈچىنچى تىپتىكى «سىدىقى ئىشق» تىپىغا كىرىدۇ. بۇنى شائىر ھەرقەتى ئۆزى مۇنداق ئىقرار قىلىدۇ.

ماڭا ۋەھدەن شارابىدىن ئىچۈرمەي،
بۆلەك سەندىن بۇ كۆڭلۈمدە كەچۈرمەي،
ماڭا بەرگىل، ئىلاھا، سىدىق سىدىق.
غەمىڭ مېھرىن ماڭا قىل يارۇ مۇشفىق،

خۇلاسىسى:
خالىقا، ئىشقىڭ بولاقى نۇنى جان،
نۇقتەسىدىن بارچە دىلغە ئاقتى قان.
ئاڭلادىم ئاخىردا ئىشقىڭ رەمزىنى،
بارچە غەرەمىزىن ئىكەندۈك ئۇشبۇدان.

ئۇ، شۇ «ۋاھداتى مەۋجۇت» نوقتەئىنەزىرىدە تۇرۇپ، «ئىشق» قا مۇنداق ئىلاھىي تۇس بېرىپ باھالايدۇ:

يوق ئېرمىش ئىشقتەك قىممەت باھادۇر،
دىلۇجان بەرمە گۇنچە كىم ئالادۇر.
دۇر ئېرمەسدۇر گادالارنىڭ نە سىبى،
ئەمەسدۇر ئىشق شاھلارنىڭ نەسىبى.
يىراقدۇر ئىشق بىلە شاھ گادادىن،
مۇنەززەھدۇر بۇدۇر ئەرزۇ سامادىن .
ئالۇرغا يوق ئېرۇر ئانىڭ باھاسى،
يوق ئېرمىش ئىبتىداسى، ئىنتىھاسى.

بىرۋر ھەق ھەركىمىگە قىلسا خاھىش،
قاچان نەفسى ئەيلەگەي بىھۇدە كاھىش.

دېمەك، شائىرنىڭ يۇقىرىقى شەرھىگە قارىغاندا، ئىشقنىڭ مەنبەسى پەقەتلا «خۇدا» بولۇپ، ئۇ خۇددى «خۇدا» دەك ئۇنىڭ «ئىبتىدا» ۋە «ئىنتىھاسى» يوق. ئۇنى خالىغان ئادەم ئۆز ئىختىيارىچە قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ، پەقەت ئاللانىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن «ئۆز دوستلىرىغىلا» مەنسۇپ بولىدىكەن.

«ئىسلام روھى» دېگەن كىتابنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمانىنىڭ بەش پرىنسىپى «ئاللا بىر، ئۇ دۇنيانى ياراتقۇچى. دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ ئەلچىسى، ئۇ پەقەت ئاللانىڭ ۋەھىيلىرىنى يەتكۈزگۈچى ۋەكىل» دەپ قاراش. ئىشىنىش بولۇپ، دۇنياغا كەلگەن ھەممە پەيغەمبەر (يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭمۇ) لەر ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىكەن، ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىكەن. دىنشۇناسلار تەتقىقاتىغا قارىغاندا تۈرلۈك خەلقلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر 124 مىڭ بولۇپ، ئالىي ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرى راسۇل (پەيغەمبەر)، ئۆز مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىگە بولغانلىرى تۆت (مۇسا، داۋۇت، ئەيسا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام). ئاددىي پەيغەمبەرلەر «نەبى» دەپ ئاتىلىدىكەن. يۇقىرىقى 124 مىڭ پەيغەمبەرلەردىن پەقەت 313 ى راسۇل (پەيغەمبەر)، پەقەت يۇقىرىقى تۆت زات ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تۆت مۇقەددەس كىتاب (ئىنجىل، تەۋرات، زابۇر، قۇرئان) قا ئىگە بولۇپ، ئەڭ ئۇلۇغ زاتلار دەپ ئاتىلىدۇ.

داستاندا شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بويىچە ئەڭ ئالدى بىلەن، شائىر ئۆزىنىڭ «ۋاھىداتى مەۋجۇت» كۆز قارىشى

بويىچە دۇنيانى ياراتقۇچى «ئاللا»غا، ئۇنىڭ «ئۇلۇغ قۇدرىتى»گە ۋە تۆت چاھارىيالارغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇيدۇ. كېيىن داستاننىڭ تېمىسى بولغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگى «مۇھەببەت» بىلەن «مېھنەت» نىڭ مۇناسىۋىتىنى يېشىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

بىلىڭ تۆت ھەرپ ئېرۇر لەفزى مۇھەببەت[1]،
ئانىڭ ھەر ھەرفىن ئەتتىم ھەفت قىسمەن.

شائىر «مهبت» دېگەن بۇ كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان 4 ھەرپنىڭ ھەر بىرىگە يەتتىدىن مەنە بېرىپ يىگىرمە سەككىز مەنىنىڭ جۇغلانمىسى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى رەنجى ـ جاپاسىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. لېكىن بۇ مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئىنسانغا مۇھەببىتى بولماستىن، زاھىدنىڭ ئاللاغا بولغان مۇھەببىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالى زاھىدنىڭ فەنا بولۇپ تەڭرىگە قوشۇلۇپ كېتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن «مهبت» تىكى «ب» ھەرپىنىڭ يەتتە مەنىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

مۇھەببەتنىڭ ئۈچىنچى ھەرفى «ب» دۇر،
قاچان دۇرجى مۇھەببەت ئېردى بەھدۇر.
بىلىڭ «ب» نوقتەسىنى دۇررى غەلتان،
كۆڭۈل مۇرغىغە ئول دورنى قىلىپ دان.
چوقۇپ بۇ مۇرغ ئول داننى تۇتۇلدى،
تۇتۇپ بەند ئەتتىلەر، قايدىن قۇتۇلدى.
چاقىپ بۇدۇرنى ھەم يەتتە قىلايىن،

[1] مۇھەببەت كونىچە «مهبت» شەكلىدە يېزىلىپ تۆت ھەرپتىن تەشكىللىنىدۇ.

تىشىپ ھەردۇرنى سىفتە قىلايىن.
بىرىنچى مەنىسى: دەردۇ بالادۇر،
سالىپ ئوتقە، گاھى ئوتتىن ئالادۇر.
بەلا ئىشق ئەھلىنىڭ ئىلغامچىسىدۇر،
بۇ يول دەرماندەسىنىڭ قامچىسىدۇر.
ئىككىنچى بەندەلىكتۇر ئەيش غەمدە،
ئەمەس خوش ئەيشدە، غەمكىن ئەلەمدە.
بىرى سۇنغاي رىزايى ھەققە بەندە،
لەبىن زاھىر بۇمار، باتىندە خەندە.
ئۈچىنچى بەھرە مەند بولماق تەلەبدىن،
بۇ ئىشنى قويماغاي جان چىقسا لەبدىن.
قويار جۇز بەندەلىكدىن ئۆزگە ئىشنى،
تىلەرمۇ، ياردىن ئۆزگە كىشىنى.
ئىرۇر تۆتىنچىسى بىل دايىم بۇكادۇر[1].
ئەگەر مەئشۇق ئىشق مۇتتەكادۇر.
كۆزدىن دۇررۇ مەرجانلارنى بىسيار،
تۆكەر ۋەسلغە كىم بولسا خەرىدار.
بەشىنچى، ئىلگەرى ئىستەپ تاپار باپ،
يىلاندەك ئەيلەگەي ئول يار ئەرباپ.
كىشى ئىستەر ئىسە ئۆينىڭ ھوزۇرىن،
ئىشىك تاپماي كۆرەرمۇ ھۆسىن نۇرىن.
ئىشت ئالتىنچىسىدۇر باقى بولماق،
ئىچىپ باقى شارابىن ساقى بولماق.
بەقا تاپماق ئىشىن قىلساڭ فەنادۇر،
فەنا يوقتۇر، بەقا قايدىن بەقادۇر.
يەتتىنچىسى بەستەلىكتۇر، يوق ئۆزۈلمەك،

---

① بۇكا ـ يىغلىماق.

ئۆزۈلمەكتىن ـ چىگىلمەك، يوق تۈزۈلمەك.
تۇگۈن بولماي، دېسەڭ ھەرگىز ئۈزۈلمە،
تۇگۈنلۈكتىن يازىلىپ ھەم تۈزۈلمە.
بەلادۇر ئىشق بەھرى دۇررى تابى،
مۇھەببەت لەفزى پۈتمەس يۇقتۇ تابى.

لېنىن «راھىبلىق = (پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم) نىڭ بولسا ئەلۋەتتە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى مەنبەسى بار، ئۇنىڭ ئۇلى يوق ئەمەس. ئۇنىڭ مېۋە بەرمەيدىغان چېچەك ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، لېكىن ئۇ جانلىق مېۋە بېرىدىغان ھەقىقىي قۇدرەتلىك، تولۇق قابىلىيەتلىك، ئوبيېكتىپ، مۇتلەق، بولغان ئىنسانلار بىلىشىدىن ئىبارەت بۇ جانلىق دەرەختىكى مېۋە بەرمەيدىغان چېچەك[1]» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شائىرىمىز ھېرقەتى ئەنە شۇ مېۋە بەرمەيدىغان چېچەك «ۋاھىداتى مەۋجۇت» سوفىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى بويىچە ئىنساننى ئاللا «ئىشق» ئۈچۈن لايىدىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان بېرىپ تىلغا كىرگۈزگەندە، ئىسلام ئىمانى ئۇنىڭ قەلبىگە بىللە كىرىپ كەلگەنىكەن دەپ، ئىنساننىڭ ئاللا ئىشقى ئۈچۈن يارالغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئەگەرچە ھەر نېچۈك ئالەم ياراتتى،
بەلالىق ئىشق ئۈچۈن ئادەم ياراتتى.
دېدى: بىرلىك ماڭا پادشاھلىق،

---

[1] «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (پەلسەپە قىسمى).

ئىكىلىك بەندەگە ۋە ھېم ۋە گادالىق.
دەھان ھەۋۋانى ئادەمنىڭ تەنىدىن،
ئالىپ خەلق ئەتتى، تەڭرىم چەپ يانىدىن.

ئەنە شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋا ئانامدىن ئىنسانىيەت دۇنياغا تارقالغانىكەن. ئاندىن ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىسلام رىۋايىتىدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ھاۋا ئانامنىڭ قانداق بولۇپ جەننەتكە كىرىشى، ئۇ جايدىن قوغلانغان سەرگۈزەشتىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

يوقىرىقى جەرياننى داستاننىڭ ستۇئاتسىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. داستاندا ۋەقەلىك ئاللا ئۆز ئەلچىلىرىگە «ئىشىق» نى خىلمۇ خىل شەكىلدە «تەجەللى» قىلىپ سىناقتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىش ئالدى بىلەن نوھ① ئەلەيھىسسالامدىن باشلىنىدۇ. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئېتىقادقا كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاللاغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئاللا ئۇنىڭغا «كېمە ياساپ ئېتىقادقا كىرگەنلەرنى شۇ كېمىگە سېلىشنى» بۇيرۇيدۇ. نوھ «ئاللاھ» نىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىدۇ. ئاللا ئېتىقادقا كىرمىگەنلەرنى «توپان» بالاسى بىلەن غەرق قىلىۋېتىدۇ.

دېمەك، نوھقا ئاللا ئىشىقنى كېمە سۈرىتىدە تەجەللى قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قوۋمىنى ئېتىقادقا دەۋەت قىلغاندا، بۇ قوۋمنىڭ جاھىل باشلىقى نەمرۇد ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ياردەمگە كېلىشەرەت قىلىدۇ.

① نوھ — يەھۇدىيلار، خرىستىيان ۋە ئىسلامدا ئەپسانىۋى پەيغەمبەرلەردىن بىرى، نوھ ۋە توپان ھەققىدىكى رىۋايەت مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭىنچى يىلنىڭ ئاخىرى ۋە ئىككى مىڭىنچى يىلنىڭ باشلىرىدا شۇمېرلاردا شەكىللەنگەن. رىۋايەتنىڭ ئاخىرقى ۋارىيانتى (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 7- ئەسىر) ئاشۇر بانىپال كىتابخانىسىدىن تېپىلغان. شۇمېرلار «گىلگامىش» ئېپوسىدا كەلتۈرۈلگەن. كېيىنرەك ئايرىم ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىبلىيەگە، كېيىن قۇرئانغا كىرگەن. بۇ مەنبەلەردە ئۇنىڭ نامى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، «گىلگامىش» ئېپوسىدا ئۇتنەپىشتىم، بىبلىيەدە نوي، قۇرئاندا نوھ دەپ ئاتىلىدۇ.

چۈنكى ئىسلام تەلىماتى بويىچە كائىنات ۋە ئىنسان تەقدىرىنى ئۇنى ياراتقان ئاللادىن باشقا ھېچكىم ھەل قىلالمايدۇ، شۇڭا ئىبراھىم پەرىشتىلەرگە:

مېنىڭ مۇشكۇلۇمنى ئۇل قىلۇر ھەل،
تىرىك قويسۇنۇ، ئۆلتۈرسۇن ئۇ بىلسۇن.
رىزاسىدۇر ئانىڭكى كۆيمەككە،
رىزا بەردىم ئۇل ئىشقىدىن ئۆلمەككە.

دەيدۇ. مۇنداق سادىقلىقنى كۆرۈپ تۇرغان «ئاللا» ئوتنى گۈلگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇلار: «سالدىم خەلىلغە، – دېدى، -مېھنەت».
خودا مېھنەت ئىچىدە بەردى راھەت،
خەلىلغە بولدى ناگاھ ئىشق ساقى،
كۆرۈندى ئوت ئىچىدە ۋە جەھى باقى.
خۇدا قىلدى تەجەللى ئوت ئىچىدە،
ماڭا بەردى تىرىكلىك مەۋت ئىچىدە.
خۇدا ئەمر ئەيلەدى نارى كەرىمەن،
«بولار كۆر دوستۇمە بەردەن سەلامەن».

دېمەك، ئىبراھىمغا① ئاللا ئىشقىنى «ئوت» شەكلىدە تەجەللى قىلغان. داستاندا نەمرۇدنىڭ گۇناھقا پاتقان قىزى ئىبراھىمنىڭ

① ئىبراھىم – ئەپسانىۋى پەيغەمبەر، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنى ئەدەبىياتىدا ئاۋرام نامى بىلەن مەلۇم. ئىسلامغا ئىبراھىم نامى بىلەن كىرگەن. قۇرئاندا ئىبراھىمنى ئەرەبلەر ئەجدادى، مونوتېئىزمنى (بىر خۇدالىق دىنىنى) بىرىنچى قېتىم تەشۋىق قىلغان پەيغەمبەر، ئاللانىڭ دوستى ۋە «ھەنىفە» دەپ تەرىپلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار ئىبراھىم ئوتتۇرىغا قويغان بىر خۇدالىق دىنىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم تىكلىگەن دەپ قارايدۇ. قۇرئاندا ئىبراھىم ئوغلى ئىسمايىل بىلەن مەككىنى قۇرۇپ زىيارەتگاھقا ئايلاندۇرغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئوتتا كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن چىقىپ قانداق پاكلانغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بىرنىپ ئىبردى ئاتا ھىچ سانى يوق ئەيىپ،
خەلىلنى تاشلادى ئول ئوتقا گۇمرەھ،
كۆرەي دەپ چىقتى قىز قەسىر ئۈزرە ناگەھ.
بۇ قىز ناگەھ خەلىلۇللاھغە باقتى،
مۇھەببەتتىن كۆزىنىڭ ياشى ئاقتى،
خۇدا دوستى يۈزىنىڭ ھۆرمەتىدىن،
مۇنى پاك ئەتتى بارچە ئىللەتىدىن.

بۇ بابتا ئىشقنىڭ ئىلاھىي كۈچىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بۇ باپتا ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلغا ئاللاھ «ئىشق»نى «قەتل» شەكلىدە تەجەللى قىلىدۇ:

خەلىلغە تەڭرىدىنكىم بولدى فەرمان:
«قىل ئىسمائىلنى، -دەپ، - يولۇمدا قۇربان.»
خەلىل ئولدەم خۇدانىڭ تۇتتى ئەمرىن،
خەبەردار ئەتتى ھەم ئوغلىن ئول ئىشدىن.
خۇدا ئەمرىگە ئىسمائىل يۈز ئۇردى:
«مىنى قىل قەتل» دەپ مەردانە تۇردى.
دىدى: «ئاتا، مىنى تىز ئەيلەگىل قەتل،
مۇبادا بولمىسۇن، -دەپ ئەمرى ھەق ئەتل.
بۇ دۇر بىر جان، ئاتا قۇربان قىلايىن،
تەنىمدە بولسا گەرمىڭ جان قىلايىن.»
..............................
قىچاقنى ھەلقىغە سۇرگەن مەھەللى،
دىلىغە ئىشقدىن تۇشتى تەجەللى.

بۇ ئىسمائىل ياتادۇر «پاك سۇرۇك» دەپ،
«تۇتۇڭ تەگرىم سۆزىنى ئۆلتۇرۇڭ» دەپ.

ئىبراھىم ئوغلىنىڭ گېلىغا پىچاقنى قانچە سۈرسىمۇ ئۆتمەيدۇ. ئاخىر پىچاققا تىل كىرىدۇ.

سىلەر دەيسىلەر «ئىسمائىلنى كەس» دەپ،
خۇدادەر «كەسمەكلىك قىلما ھەۋەس» دەپ.

نەتىجىدە، ئوغلىنىڭ «ئاللا» غا بولغان ئىشقىنىڭ ھەقىقىي، سەممىي بولغانلىقىدىن ئۇ قۇربانلىق قىلىنماي تىرىك قالىدۇ①. شائىر بۇ جايدا «ئاللا» غا بولغان ئىشقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

زېكرىيا ئەلەيھىسسالام ۋە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا ئاللا ئىشق» نى ئۆز دۈشمەنلىرى «جېنىغا زامىن بولۇش» شەكلىدە تەجەللى قىلىدۇ.

زېكرىيا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىقاد دۈشمەنلىرى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، جوجەمزارلىققا مۆكۈنۈش ئۈچۈن كىرىپ كەلگەندە، چوڭ بىر جوجەم دەرىخى يېرىلىپ ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. لېكىن يېرىق قايتا يېپىلغاندا چاپىنىنىڭ ئېتەك ئۇچى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان شەيتان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى باشلاپ كېلىپ كۆرسەتكەندە ئۇلار «نەئىمكان دېدى؟»

---

① قۇرئاندا بېزىلىشىچە، خۇدا ئىبراھىمغا قېرىغاندا ئىككى ئوغۇل بېرىدۇ (ئىسھاق ۋە ئىسمائىل). ئىبراھىم ئاللاناڭ بۇ ھىممىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىسمائىلنى ئاللا يولىدا قۇربانلىق قىلىشقا قارار قىلىدۇ. بۇنى بوغۇزلىماق بولۇۋاتقاندا ئاللا ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قوشقار ئەۋەتىپ بېرىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى سىگىنچى يىلىنىڭ بېشىدا خۇدا يولىدا باللارنى قۇربانلىق قىلىش ئورنىنى ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش ئېلىشقا باشلىغان. مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن تەتقىقاتچىلار ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ.

شەيتان:

دېدى «قوي ئۆجمەنىڭ باشىغا ئەررە،
تەجاۋۇز ئىلىمە بۇ سۆزگە زەررە.
باشىدىن تا ئاياغىغە تېگمىپ كەس.
دۇبارە بولمىغۇنچە بولماغىل بەس.»

ئۇنىڭ دۇشمەنلىرى دەرەخكە ھەرە سالغاندا ئاللا ئۇنىڭغا «نېدۇر كۆڭلدە ئەي دوستۇم تەھاجەت» دەپ سورايدۇ. ئۇ:

ماڭا بۇ پەتسە ئەي تەڭرى، تەلەبدىن،
كى بۇ دەرمان ئىلەجان چىقسا لەبدىن.
ئەجەپ دۆلەت، ئەجەپ ئىززەت ماڭا بۇ،
ئەجەپ ئىشرەت. ئەجەپ نىمەت ماڭا بۇ.

دېسە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى لەھەڭ يۇتۇپ ئالغاندا، ئۇ بېلىقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ «ئۇ شۇ ھال ئېرىدى، يەتتى ئىشق شاھى بولغىنى ئۇچۇن»، «يۇنۇس ئېرىدى خالق ئىچىدە» ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇ:

ئىچىپ ئىشق ئىلكىدىن جامى فەنانى،
بەقا تاپتى، ئۇنۇتتى ما سىۋانى.

دېمەك، زىكرىيامۇ، يۇنۇسمۇ، ئاللا تەرىپىدىن ئۇلارغا «جېنىغا زامىن بولۇش شەكلىدە بېرىلگەن «ئىشق» تەجەللىسى بىلەن «ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ» فەنا بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى مەنبەسى بولغان «ئاللا» غا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى «ۋۇجۇدى مەۋجۇت» ياكى «ۋاھىداتى مەۋجۇت» راھىبلىق نەزەرىيىسىگە تايانغان سوفىزمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

ئىستىتىك غايىسى ئەنە شۇ فەنا بولۇش ئەمەسمۇ؟!

ئەيۇپ ئەلەيھىسسالامغا «تېنى قۇرتلاپ كېتىش» شەكلىدە ئىشق نامايان بولسا، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا «زەم» (خورلاش) شەكلىدە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا «شاھلىق» شەكلىدە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا «ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام سۈرىتىدە»، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا «ھۆسن» شەكلىدە تەجەللى بولىدۇ.

شائىر:

ئىرۇر بۇ ئىشقنىڭ سۈفەتلىرى كۆپ،
ئەرۇسى ئىشقنىڭ رەئىفەتلىرى كۆپ.

دېگەندەك، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا «ئىشق» ئۆلمەي تۇرۇپ، تىرىكلا «جەننەت» كە كىرىش شەكلىدە نامايان بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تۇر» تىغىدا «نۇر» شەكلىدە تەجەللى بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ تىرىكلا قەبرىگە كۆمۈلىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىشق» چەتكە قېقىش، تەنھا، يالغۇز ھايات كەچۈرۈش شەكلىدە تەجەللى بولىدۇ:

قىلىپ ئىسانى ئانداغ ئىشق تەجرىد[1]،
نەسبى بولدى ئانىڭ جاي تەفرىد[2].
ئانىڭكى خانىقاھى بەيت مەئمۇر،
ئىچىپ مەي، مەست بولدى، ئىردى مەخمۇر.
فەلەككە چىقتى ئىردى چۈنكى ئۇل روھ،
نىچۈنكىم كۆك ئۈزرە جەۋلان ئىتەر نۇھ.
تەنى بىرلە چىقىپتۇركىم سەماغە،
مەلەكدىن ئۆزگە جايى بى غىزاغە.

---

① تەجرىد – جەتلەشتۈرۈش، يەككىلەش.
② تەفرىد – يالغۇز قالماق، ئۆزىنى يالغۇز تۇتماق.

ئىچۇرگەچ ئىشق خەمارى ئاڭا راھ،
ۋۇجۇدىدىن فەلەك خاتۇنىدىن لاھ.
تەنى گولىزارىدە يوق نەفس خارى،
فەقەد ئاينەدۇر، يوقتۇر غۇبارى.
بۇ مەۋسۇم ئىشقنىڭ بىر شىۋەسىدۇر.
كى ئىسادا بۇ يەڭلىغ جىلۋەسىدۇر.

ئەمدى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا «ئىشق» ، «كەمتەرلىك» ، «پېقىرلىك» شەكلىدە بەخشەندە قىلىنىدۇ:

ئىشت، ئول ۋاقىت ئىدى ناگاھ، شەبى داج،
مۇھەممەت مۇستاپاغا بولدى مېئراج.
.....................................
ئۇرۇجىدىن مەگەر ياندى زەمىنگە،
مۇھەممەت ئەلنى تەكلىپ ئەتتى دىنگە.
دىدى ئولدەم ھەدىسى مەن رەئانى،
نەشەك، تەھقىق كۆردى ئول خۇدانى.
نەدۇر «كولل» بىلەن «جۇز» نىڭ ئىتتىھادى،
ئىككى بىر بولسە كىم ئىككى ئاتادى.
مۇھەممەتنى ھەق ئەتتى جەزپ مۇتلاق،
بەسىيرەت تاپقان ئەل ئانى دېدى ھەق.
ۋە لېكىن دېدى «كەمتەر بەندە دۇرمەن،
نەچۇك ئەمر ئەتسە سەر ئەفكەندە دۇرمەن.»
مۇڭا ئىشق ئولدى ۋە فېئى فەقر ئېچىدە،
شەھىنشاھلىق مەقامى خىزىر ئېچىدە.

جۇملىدىن «ئىشق» تۆت چارىيالار ئاباﺑەكرىگە «سىددىق لىق، ئۆمەرگە «ئەدل» (ئادىللىق) ، ئوسمانغا «ھايا» ، ئەلىگە

«ساخا» (سېخىيلىق) سۈرەتتە نېسىپ بولغانلىقىنى شائىرىمىز يېتەرلىك ھالدا بەدىئىي ئوبرازلاردا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى كىتابلاردىن شۇ نەرسىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، شائىرىمىز تولۇق ھالدا سوفىزمنىڭ راھىبلىق «ۋاھىداتى مەۋجوت» قا تايىنىدۇ.

بۇ تەلىماتنىڭ نوقتىئىنەزىرى بويىچە پۈتۈن دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى — بىر ئاللا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. ئۇنىڭ يارىلىشىنىڭ باش - ئاخىرى، زامان، ماكانى، شەكلى مەۋجوت ئەمەس. بارلىق، دۇنيا، كائىنات، ھايۋانات، ئىنسانىيەت ئۇنىڭ تەجەللىسى — شولىسى. شۇڭا «مۇھەببەت»، «ئىشق» ئاللاغا خاس. ئىنسان ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ (ئۆلۈپ) قايتا ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ قوشۇلۇپ كېتىشنىڭ يولى كۆرمەك بولۇپ، ئۇ ئاللا بەخشەندە قىلغان «ئىشق» شەكلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ دېگەن دىنىمىستىك دۇنيا قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شائىرىمىزنىڭ داستانىدا «ۋاھىداتى مەۋجوت» پەلسەپىسىنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلار ھاياتىغىمۇ بەدىئىي تەتبىق قىلىنىشىمۇ ئۇچرايدۇ. چۈنكى بۇ زاھىدلىق دىنىمىستىك پەلسەپىنىڭ قارىشىچە يالغۇز ئىنسان، كائىناتلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارمۇ ئاشۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللانىڭ تەجەللىسى — شولىسى بولۇپ، ئاللا ئۇلارغىمۇ «ئىشق» ئاتا قىلالايدۇ. بۇ مەسىلە داستاننىڭ «پەرۋانەگە شەمئىنىڭ جەمالىدىن ئىشق تەجەللى قىلغانى، پەرۋانە شەمئى ئوتىغە ئۆزىنى ئۇرۇپ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ يىقىلغانى» دېگەن بابىدا پەرۋانە ئوبرازى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

پەرۋانە دىنىمىستىك سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ «ئاللا ئىشقى» ئۈچۈن ئۆزىنى مەردانىلارچە قۇربان قىلىدىغان، ئاللا

ۋىسالىغا ئىنتىلىپ ئاللا بىلەن روھانە قوشۇلۇپ كېتىش — فەنا بولۇش ئۆلچىمىنىڭ نەمۇنىلىك ئىپادە شەكلى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

داستاندا قۇرامىغا يەتكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ ھايات ئىشقى بىلەن مەست بولۇپ قىيامىغا يەتكەن قاينام تاشقىنلىق بىر سورۇنى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئەمما بۇ سورۇننى يورۇتۇپ تۇرغان شامغا ھېچكىممۇ نەزەر تاشلىمايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر پەرۋانە بۇ سورۇن ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ:

بەناگەھ بولدى بىر پەرۋانە پەيدا،
ئۇ بولدى شەمئىنىڭ ھۆسنىگە شەيدا.
يىراقتىن شەمئىگە قىلدى نەزەرە،
تىلىن تەبرەتتى شەمئى ئەتتى شەرارە.
بەناگەھ شەمئى ئۆزىن قىلدى نامايەن،
ئالىپ پەرۋانىدىن يۈز كۆرسەتىپ جان.
ئىچۇردى ھۆسنى جامى بىرلە شەربەت،
كېتىپ ھوشى مونىڭ مەست ئەتتى ھەيرەت.

ئەمدى ئۇ مۇنداق خىيال قىلىدۇ:

خىيال ئەتتى ئۆزىنى ئوتقا ئۇراي دەپ،
قاچان پىكىر ئەيلەدى بىر دەم تۇراي دەپ.
تەنىدە قالمىدى بىر زەررە ئارام،
مۇھەببەت خەمرىدىن نوش ئەلەيگەچ جام.
بولۇپ ئول شەمئىنىڭ پەرران باشىدىن،
مۇھەببەت جوش ئۇرۇپ ئىچو - تاشىدىن.

ئۇ ۋاھىداتى «ئىشق» مەينى ئىچكىنى ئۈچۈن، پەرۋانە

ئۆزىنى ئۇرۇپ فەنا بولۇش قارارىغا كەلدى. سورۇن ئىچىدە مەستخوشلارچە باخشىدەك پىرقىراپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

مەقسىتى:

ئۇرۇپ شەمئى ئوتىغە گاھى قاناتىن،
ئۆزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھاياتىن.

ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ فەنا بولغانلىقىنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

گەھى باسىپ ئۆتەر ئەلنىڭ باشىغە،
ئورار گاھى ئۆزىنى قۇربەت قاشىغە.
باشىدىن ئايلانىپ جوت چەرخى دەۋۋار،
يىقىلىپ شەمئى ئالدىغە نىگونسار.
كېتىپ ھالدىن، بولۇپ ئەقتانۇ خىزان،
قاناتى چۆرگىلەپ چۈن بەرگى سىزان.
بارىپ، گاھى يانىپ ئۆرتەپ ۋۇجۇدىن،
ئىبەرسە يەل كەبى ئول كۆككە دۇدىن.
تەنى قالغاي ئاياغ ئاستىدا ئەلنىڭ،
مۇڭا تەغدىردۇر ئىززو ۋە جەلنىڭ.
ئەزىز جانى كېتەر تەن مۇلكىدىن پاك،
بولۇپ پەرۋانە جىسمى يەنجىلىپ خاك.
بولۇپ پەرۋانە شەمئى ئوتىغە ۋاسىل.
قوچۇپ مەئشۇق، ئېتىپ مەقسۇد ھاسىل.
تۆكۈلدى جان سۈيى تەن زەرفى سىندى،
فەنا بولدى يىقىلدى، كۆڭلى تىندى.

بۇ جايدا «ۋاھىداتى مەۋجۇت» دىنىمىستىك نەزەرىيىسى فەنا ۋە ئۇنىڭ «تەنەسۇخ» نەزەرىيىسى ناھايىتى ئەپچىل،

ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن. شائىر يۇقىرىقى بەدىئىي سۆزىتىنى زاھىدلىق نەزەرىيىسى بولغان «ۋاھىداتى مەۋجۇت» نۇقتىئەزىرىدىن تىخىمۇ چوڭقۇرلاپ جەمئىيەتكە مۇنداق تەققاسلايدۇ:

دىلۇ - جان بىرلە ھەركىم بولسا ئاشىق،
بولۇر مەشۇقىغە جاندەك مۇۋافىق.
قاچان پەرۋانە كۆيمەي بولدى دىل جەمئى،
قاچان ئوت ياقمىسا شەمئى ئۆزرەدۇر شەمئى.
ئىشتىكىل ئاقىلا پەرۋانىدىن سود،
قىلىپ جانىن پىدا ئوتغە ئۇراردۇد.
نىچۇك قىلماس كىشى جانىنى قۇربان،
خۇدايغە، كىشىگە بەرسە ئول جان.
كۆرۈڭ پەرۋانە فانىغە بىرۇر جان،
نىچۇك باقىغە بەرمەس ئاقىل ئىنسان.

ياكى:

ئىشتىكىل، شەمئى ئۆزىنى ئۆرتەدى پاك،
ئالىپ پەرۋانە جانىن ئەيلەدى خاك.
خۇدا جوي دىمە، ئول جەننەت تەلەبدۇر،
ئوشۇل گۈلشەن سۆيىغە تەشنا لەبدۇر.

ئۆزىگە تەلەپ:

ئىلاھا، ھىرقەتىغە قىل نەزارە،
جەمالىڭ شەمئىنى كۆرسۇن شەرارە.
ئاڭا بۇ چەۋرۇلۇپ بىر دانە بولسۇن،
فىداجان ئەتكەلى مەردانە بولسۇن.

مانا شۇ يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز، شائىرنىڭ ئىجادىدا «ئىلاھىي ئىشق» ئاساسىي سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ

دېگەن پېكرىمىزنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر ئىجادىدا «مەجازى ئىشق» ، «خاس ئىشق» (ئىنسانلار ئارا ئىشق) مۇ بىر قىسىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

بۇ مەسىلە شائىر ئىجادىدا «پەرۋانىنىڭ شامغا بولغان ئىلاھى» ئىشق سۆزلەنگەن بابىدىكى پەرۋانە ھەرىكىتى ئۈچۈن تىپىك شارائىت يارىتىش مەقسىتىدە بېرىلگەن. «قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ساپ مۇھەببەت بىلەن تولغان قاينام - تاشقىنلىق سورۇنى» ئاجايىپ گۈزەل قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەڭ چىرايلىق كارتىنىدا بېرىلىدۇ. بۇ كارتىنىدا ئىنسان گۈزەللىكىمۇ، ئىنسانىي ساپ مۇھەببەتمۇ شائىر ئىنسانپەرۋەرلىكىدە ئۆز ئەكسىنى تاپسا، داستاننىڭ خاتىمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ھېسابلانغان «سەبا، بۇلبۇل، قىزىلگۈل» ئوبرازلىرىنى يارىتىشقا بېغىشلانغان 23 ماۋزۇلۇق چوڭ بابتا شائىر ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ئىستىبدات، جاللات ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي تېرورلۇقى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان «ۋاھىداتى مەۋجۇت» زاھىدلىق نەزەرىيىسى راسا ئەۋجىگە چىققان، سوپىلىق سۆلۈكلىرى سىياسىي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەۋردە، ئىنسانغا مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكىنى ئۇلۇغلاش مۇمكىن بولمىغان مۇشۇنداق شارائىتتا «سەبا، بۇلبۇل، قىزىلگۈل» قاتارلىق سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق، ئىنسان مۇھەببىتى، ئىنسان گۈزەللىكىنى ئۇلۇغلاشقا يول تاپىدۇ. ئەمما بۇ جايدىمۇ شائىرنىڭ «ۋاھىداتى مەۋجۇت» سوپىلىق، زاھىدلىق نەزەرىيىسىنىڭ پۇرىقى بار. ئۇ بىرىنچى ماۋزۇدىلا «... گۈلنىڭ كۆزىدىن بۇلبۇلنىڭ جانىغا ئىشق تەجەللىسىدىن ئوت تۇتاشىپ، شەۋق مەۋجى تاشىپ، پىغانى ھەددىدىن ئاشىپ، بۇلبۇلغە گۈل سۈرىتىدە ئىشق ئۆزىنى كۆرگۈزۈپ، غەم جاللادى خەيال تىغى بىرلە ئۇرۇپ، نالە

قوشنى ئۇچۇرماققا ئاغزىنى ئاچىپ، جاھان ئىچرە ئوت ساچىپ، كۆز خەزانەسى ئىشكىنى ئاچىپ، ۋەسل بېيىغە دەردەم ساناغانى، بولبۇلنى ئىشق دەردۇ - ئەلەم زىندانىغە قاباغانى، بولبۇل كۆز ياشىدىن گۈلنىڭ نىھالىغە سۇ كىرگۈزگەنى، بولبۇلنى فىراق تىغى بىرلە ئۆلتۈرۈپ، ۋەسل شەرابىدىن تىرگۈزگەنى» دەيدۇ. بۇ جايدا بولبۇلغا ئىشق ئۆزىنى گۈل سۈرىتىدە كۆرسىتىدۇ ئەمما داستاندا تەسۋىرلەنگەن كەينىگە رېئاللىق مۆكۈنگەن سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇناسىۋىتى شائىرنىڭ يوقىرىقى دىنىمىستىك، سوپىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى رەت قىلىپ تاشلايدۇ. بۇنى بىز بەدىئىيلىكتە شائىرنىڭ رېئاللىققا «سادىقلىقى» دېگەن سۆز بىلەن شەرھلەيمىز.

ئەمما داستاننىڭ بۇ بابىدا شۇنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىمكى، شائىر پانتېئىزم (شەرقتە ۋۇجۇدىيۇن دېيىلىدۇ) پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرىدە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پانتېئىزمنىڭ ئىستېتىكىدىكى كۆرۈنۈشى بولغان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ (ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئىلغار سول قانىتى بولغان نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى «نەقشىبەندىيە» سولۇكىگە مەنسۇبلۇقىدا شۈبھە يوق. شائىر دۇنيا قارىشىدىكى بۇ مۇرەككەپلىك ئۇ ياشىغان رېئال ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا ئەكس ئېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ نەرسە شائىرنىڭ ئۆزىگىمۇ ئوچۇقتەك تۇرىدۇ. داستاننىڭ «ۋاھىداتى مەۋجۇت» نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ يازغان 23 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىمىستىك قىسمىنىڭ كىرىش سۆزى («دىباچىسى») دە «بۇ كىتابقا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ ئات قويدۇم»، «ئوششاق (سوپى - ئاشىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قەبىلىسىگە بۇ كەلىمىلەر جەملەسى يادىكار بولسۇن» دەپ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن

سوپى - ئاشىقلارنى ئالاھىدە ئاجرىتىدۇ.

ئەمدى پانتېئىزم نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ يازغان سىمۋوللۇق ھالدا پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، «گۇل ۋە بۇلبۇل مۇھەببىتى» گە بېغىشلانغان 22 ماۋزۇدىن ئىبارەت قىسمىنىڭ ئاخىرىدا:

سىيا ئەتتىم مۇنۇ ئايماقتا خامە،
غەرەز ئول ئېردى - قالسۇن يادنامە.
«مۇھەببەتنامە مېھنەتكام» مۇڭا ئات -
قويۇپ، سىزدىم مۇڭا بىر نەچچە ئەبيات.
ئايتىم سۆزنى مەن ھالىم بارىچە،
تولۇپ كاغاز ئۆزە بالىم بارىچە.

بۇ قىسىم ناھايىتى ئېنىقكى «ئايماقتا»، «خەلققە» بېغىشلانغان. دېمەك، شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاپاق خوجا سىياسىي ھاكىمىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان سوپىلارنىڭ دىنىمىستىك قارىشىنىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچى بولغان خەلق قارىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرگەن.

داستاننىڭ ئاساسىي مېغىزى كېيىنكى 22 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى بولۇپ، ئۇنى تالانتلىق بۈيۈك شائىرنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شائىر ئىنسانىي ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خىسلىتى بولغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ۋە ھاياتنىڭ مەنبەيى مېھنەتنى ئۇلۇغلايدۇ.

داستاننىڭ بېشىدىلا مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى يېشىشكە ئىنتىلىدۇ.

يەنى «ئاشـــقلار مۇھەببەتسـىـــز بولماس ۋە مۇھەببەت مىھنەتسىز بولماس. لوقمە تۇزسىز بولسا، بولۇر لەززەتسىز. مۇھەببەت تاتلىق ئىرۇر، مىھنەت ئاچچىغ. ئەمما مۇھەببەت ئىشىدىن مىھنەت تاپقۇسىدۇر، ھەر نەچچە بولسە قاتتىــــغ. مۇھەببەت ۋە مىھنەت بىـــر سۇرەتتە كۆرۈنۇر، ھەرفدىن. مۇھەببەت، مىھنەت بولۇر، نۇقتەنىڭ سەرفــىدىن مۇھەببەت يۇمشاغلىق ئىرۇر، مىھنەت قاتتىقلىق، ئانداغكى، قاتتىقلىقتىن پەيدا بولۇر تاتلىقلىق. مۇھەببەت بىلەن مىھنەت نۇقتەدىن ئايرىلۇر، ئەگەر نۇقتە ئايرىلمىسا، سۆز قاچان يارىلۇر، نۇقتە مىسلى يۇكىدۇر، سۇرەت ھەرف، مانەند باركەش[1] يۇكنى گاھى ئۇستۇن، گاھى ئاستىــــن باركەش ئۇستىـــــگە ئالسا مىھنەتدۇر، ئاستىغا ئالسا راھەت. قاچان مەرھەم قويار، تەندە بولمىسا جەراھەت.»

شائىرىمىز مىھنەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتىنـــى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە سىزىپ، ئۇلارنىڭ دىئالېكتىكىسىنـــى ئىستىخىيلىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىشقا مونداق تەتبىق قىلىدۇ:

بىلىڭ، مىھنەتكە ئۆزىنى سالدى دېھقان،
ئىكىن جاي ئۇستىدە تاچەكتى كۆپ جان.
ئاياغى خارۇ خەسىدىن بولدى زەنجۇر،
بو ئاچچىغ ئىشلار ئاخىر بولدى گەنجۇر.
تىكەنىنىڭ زەخمىدىن قانلار ساچىلدى،
كۆرۈڭ باغدا ئاخىر گۇل ئاچىلدى.
مۇھەببەت بولمىسا مىھنەت كېرەكمەس،
شەجەردە مېۋە يوقتۇر، شاخ ئېگىلمەس.

[1] باركەش ـ ھامبال مەنىسىدە.

شائىرنىڭ مېھنەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك بىرلىكىنى ئۇنىڭ داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىستېتىك غايىسىنىڭ ئېپىگرافى دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبرازلار شۇ ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئەڭ ئىخچام بىرلىكى بولۇپ ئاپتور ئىستېتىك غايىسىنىڭ مايىللىق (خاھىشچانلىق) ئىپادىسىدۇر.

ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا: سەبا (تاڭ شامىلى)، قىزىل گۈل، بۇلبۇل، گۈلقەھقەھ قاتارلىق تۆت مەجازى ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ئالىي خىسلەتلىرىنىڭ بىرى بولغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە مېھنەتنى ئۇلۇغلايدۇ.

سەبا (تاڭ شامىلى ئوبرازى). بۇ ئوبراز كۆپنى كۆرگەن، دانا، بىلىم - تەجرىبىگە باي، ھەر ئىشتا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دەيدىغان، شەخسىيەتسىز، قىلغان ئىشىنى مىننەت قىلمايدىغان، خالىسچانلىقى كۈچلۈك، ئالىيجاناب، غەرەزسىز، كەمتەر، گۈزەللىكنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان، ۋىجدانلىق، پەزىلەتكە باي ئوبراز.

سەبا داستاندا جاھاننى كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇ كائىناتنى كېزىپ يۈرۈپ يەردىكى ئاجايىپ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىگە كۆزى چۈشىدۇ:

سەبا كەلدى بەناگەھ بىر چەمەنگە،
مۇنىڭ ھەر گۈلى ئېردى مىڭ تۈمەنگە.
كۆرەركىم ئاسمان ئاستىن، يەر ئۈستۈن،
بارى يۇلتۇز قۇمدۇر، يۇقارى كۈن.
ئەمەس مەلۇم، بۇ يەرمۇ يا فەلەكمۇ؟
فەلەك دەپ بولمادى، يەر ھەم دېمەكمۇ؟
بىلە ئالماس فەلەك جىسمى سۆكۈلدى،

فەلەكدىن يەر ئۈزە يۇلتۇز تۆكۈلدى.
چەمەندۇر روھ ئەفرا، دىلكۇ شايى،
كىشى كۆرسە دىگەي: «جەننەت بەجايى».
يۈز ئەلۋان گۈل ئىرور سارىغ، ياشىل، ئال،
ھەزاران مۇرغ ئاغزىدىن تۆكەر بال.
ئۇ نوپدۇرلالەلەر چۈن كاسە - كاسە،
ئالۇر كۆز نۇرىنى ھەركىم قاراسە.
تەئەججۇپ بولسۇ سۆزلەر بولسا كۈندۈز،
جاھاندا يەر يۈزىدە تۇغسە يۇلدۇز.

سەبا دەرھال يەرگە چۈشۈپ، بۇ گۈلزارلىققا شۇڭغۇپ، ئۇلار ئارىسىدىن ماھىيەت ئىزدەشكە كىرىشتى:

سەبا گۈلشەندە ھەر رەڭ گۈلغە تەگدى،
بىرىن سىندۇردى، بىرىنىڭ شاخىنى ئەگدى.
كىرىپ ئىسكەپ يۈرۈپ ھەر قايسىسىنى،
ھەر تەرەپ گۈللەر ئىسىنى.

ئۇ رەڭ بىلەن پۇراقنى بىرلىك قىلىپ گۈللەرنىڭ ماھىيىتىنى ئاجراتتى:

يەنە گۈللەردە بولسە رەڭ ئىلى روي،
نەزا كەتتە قىزىل گۈل تورىيەخوشبۇي.
..........................................
قىزىل گۈلدىن بىلەك گۈللەر ساسىغدۇر،

تۈمەن گۈلدۇر ئەدەدسىز، سانى يوقدۇر،
بۇ يەردىن ئۆزگە گۈلنىڭ كانى يوقتۇر.
بىنەفشە، سۇنبۇلۇ رەيھان دېسەڭ بار،
گۈلى ئەبباس نافەرمان دېسەڭ بار.
ئەبىرۇ ئەنبەرۇ رەئىناۋۇ سىۋسەن،
خوجا گۈل، ياسمەن ھەم مىسلى گۈلشەن.
گۈلى سەد بەرگ، قامچە گۈل ھەيدان،
تىۋە قۇيرۇق قەلەقى، گۈلى خوبان.
گۈلى ئەھمەش، بەھارى گۈلى نەرگىس،
خورۇبەس، تاجىگۈل قەھتە گۈلى شەمس.
گۈلى كاككۇك، گۈل نەسرىنۇلالە،
گۈلى ھىندۇ، گۈلى كەشمىرۇ ۋالە.
ھەممە گۈللەر بار، ئەمما يوق قىزىل گۈل،
سەبا كۆڭلىدە بىر ئىش قىلدى مەئقۇل.

سەبا يۇقىرىدا ئۇچرىغان گۈللەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قىزىل گۈلنىڭ خىسلىتىنى ھەممىدىن يوقىرى قويغانىدى. ئەمما بۇ جەننەتتەك گۈزەل گۈلشەندە قىزىل گۈل يوق ئىدى. بۇ جايدىكى قۇشلار بۇ گۈللەر ئىشقىدا ئۆز تىللىرى، ئاھائىلىرىدا چاڭ كەلتۈرۈپ سايراپ «غۇلغۇلا» قىلىشماقتا ئىدى. ئەمما بۇلارغا قېتىلماي بىر چەتتە سايراۋاتقان بىر قۇشنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ جاراڭلىق، ساز، مۇڭلۇق ئىدى.

سەبا ئايدى: بۇ قۇشنىڭ كىم يۈزىدىن،
يانار نۇر، ئوت يانار ئايغان سۆزىدىن.»
سەبا ئايدى: «سوراي بۇ قۇشتا سىر بار،
سۆزى تەئسىر ئېتەر ئۇن قىلسە ھەر بار.
..........................

نەۋا قىلسە ئۇنىڭدىن جان تامادۇر،
سېرىپ باغرى، كۆزىدىن قان تامامەر
قىلادۇر زەۋق تونىيان قىلسا پەرۋاز،
چىقادۇر دەرد بىرلە دىلكەش ئاۋاز.»

بۇ گۈلشەندە قىزىل گۈلنىڭ يوقلۇقى سەبانىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، بۇ قوش قىزىل گۈلگە «جورا» بولالايدۇ، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىدۇ.

سەبا (مونولوگ قىلىشىدۇ)
دېدىكىم: «نەسەبىڭ بۇدۇر مەكانىڭ؟»
دېدى: «تەقدىر ئۇلۇپىدۇر ۋەجھى ئانىڭ.»
دېدى: «ئۇتتەك چىقار ئاھىڭ شەرارى؟»
دېدى: «ئۇل ئوت ئېرۇر ئىشقىم ھەرارى.»
..............................
دېدى: «ئەي خەستە، ھالىڭ نەكىچەدۇر؟»
دېدى: «غەمدىن ماڭا كوندۇز كېچەدۇر.»
دېدى: «نە ۋەجھىدىن كۆكدۇر بۇ پەيكەر؟»
دېدى: «ئوتدۇر ئىچىم، بىل، تاشىم ئەخكەر.»
دېدى: «شەرھ ئەيلەگىل ھالىڭ خەرابى؟»
دېدى: «ئىشق ئوتىدىن باغرىم كەبابى.»
دېدى: «جىسمىڭ نەدىندۇر پىچو نابى؟»
دېدى: «جامىمدادۇر مېھنەت شارابى.»
دېدى: «كۆيدۇردى تەسىرى فىغانىڭ؟»
دېدى: «ئىشق ئوتىدىندۇر ئەسلى ئانىڭ.»
دېدىكىم: «ئىشق نەرەڭدۇر، بەيان ئەت؟»
دېدى: «يوق سورەتى، ئايتاي نەسۇرەت.»

دېدى: «جانىڭغە بۇ ئوتنى نە ياقتى؟»
دېدى: «بۇ كۆز بەناگەھ گۇلغە باقتى.»
..................................

سەبا سورىدى: «سېنىڭ ئاتىڭ نەدۇر؟ - دەپ
ماڭا ئاتىڭنى تەغدىر ئەيلە، قىل گەپ.»
دېدى: «ئاتىم مېنىڭكى خەستە بۇلبۇل،
بۇ گۇللەر ئىچرە بىر گۇلغە ئېرۇر قۇل.»

سەبا بۇلبۇل ئاشىق بولغان گۇلنى سورىغاندا، بۇلبۇل ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ، سەبانىڭ ئالدىدا، دەردىنى تۆكۈپ تاشلايدۇ ... سەبا ئۇنىڭ ئېتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. چۈنكى سەبا بىرىنچى گۇلشەنگە چۈشكەندە ھەممە گۇللەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە گۇللەرنىڭ قىممىتى — باھاسى ئېنىق ئىدى.
شۇڭا سەبا بولبۇلغا:

سەبا ئايدى: «تولا قىلما سىفاتىن،
ماڭا تەقرىر ئەيلە ئايغىل ئاتىن.

ئامالسىز قالغان بۇلبۇل كېيىنلا:

دېدى: «ئاتى ئانىڭدۇر گۇلى قەھقەھ،
چەمەننىڭ گۇللارىغە ئول ئېرۇر شاھ.»
ئاتىن ناگاھ سەباغە ئايدى بۇقۇش،
تۇتاشىپ جانىغە ئوت، بولدى بىھۇش.

سەباغا ئەمدى ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ. سەبا ئۆزىنىڭ

بىۋاستە گۈللەرنىڭ پەزىلىتىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆڭلىدە تۇرغۇزغان خۇلاسە بويىچە گۈلى قەھقەھنى بۇلبۇلغا لايىق كۆرمەيدۇ گۈلى قەھقەھ ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن ھەددىدىن ئارتۇق تەكەببۇر، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. بۇنداق «يار» دا سەبانىڭ مۇھەببەتنى ئۆلچەيدىغان مەھەك تېشى «سادىقلىق» ، «ۋاپا» بولمايدۇ. شۇڭا سەبا قىزىل گۈل بىلەن گۈلى قەھقەھنى پەزىلەت ۋە ھۆسن جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ، بۇلبۇلنى گۈلى قەھقەھتىن كېچىشكە، قىزىل گۈلگە مېھرىنى بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

قىزىل گۈلدۇر ئاتى، رەڭگى نازاكەت،
كۆڭۈلگە، جانغەدۇر بويى لەتافەت.
قىزىل گۈلدەك كىشىنىڭ يارى بولسە،
نەخوشدۇر جايى دەۋزەخ نارى بولسە.
كىشىنىڭ بولسە يارى مېھرىبانى.
نەخوش سەرف ئەتسە گەرماڭ بولسا جانى.
نەخوپ مەشق بولسا گەر قەدىردان،
ئانىڭسىز زىندەگانلىقدىن ئېمىز جان.
جاھاندا يار كۆپ ھەمدەم تاپالماس،
كۆڭۈلنىڭ سىررىغە مەھرەم تاپالماس.
دىلئارام كۆپ ئېرۇر، دىلدار كەمدۇر،
بۇ ئىشدىن جانغە يۈز دەردۇ ئەلەمدۇر.
تاپىپ دىلدار قىل، بول تەندە جان بار،
ئوشۇل دىلدارىڭىز بولسە ۋاپادار.
سۇفۇر كۆڭلۈڭ ئۆيىدىن خارۇ خەسنى،
كۆڭۈل غەشتال بولۇر كۆرسەمەگەسنى.
قىزىل گۈلدۇر ئاتىن، گۈلشەندە گۈلبار،
بارى گۈللەر ئانىڭ ئالدىدا جۈن خار.

كۆزۈك شەمئىنى گۈل ھۆسنىگە ياندۇر،
كۆرۈپ قانداك يۈزىن، كۆڭلىگنى قاندۇر.
گۈلى قەھقەھدە ئېركەن مەھر بىر رويى،
قىزىل گۈل تاق ئېرۇر ئالەمدە خۇشرۇيى.
بۇگۇلدىن ئىشقىنىڭ ئوتىن ئۆچۈرگىل،
قىزىل گۈل ئالدىدا ئۆمرۈك كەچۈرگىل.

دېگەن كەسكىن مەسلىھەتنى بەرگەندىن كېيىن سەبا قىزىل گۈلنىڭ باھار بىلەن، باغ بىلەن، جەمئىيەتتىكى قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سىمۋوللۇق خاراكتېر بىلەن باغلانغان خىسلەتلىرىنى كونكرېت مىساللار بىلەن ماھىيەتلىك قىلىپ چۈشەندۇرگەندىن كېيىن بولبۇل قىزىل گۈلگە مۇھەببەت باغلاشقا، گۈلى قەھقەھتىن كېچىشكە مايىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇقەددەس ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇشىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمەي ئۇنىڭ خىيالىدىن مۇنۇلار ئۆتىدۇ: ئەگەر گۈلنىڭ باشقا «يارى» بولۇپ قالسىچۇ، مېنى قوبۇل قىلالمىسا، ھازىر گۈلشەندىن، تېخى بىر تەرەپ بولمىغان گۈلى قەھقەھتىنمۇ ئايرىلىپ، ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، شەرمۇسار بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن خىياللارنى سەباغا ئوچۇق ئېيتىپ، مۇنۇ قارارنى ئىلتىماس تەرىقىسىدە سەبانىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ:

دېدى بۇلبۇل، - بۇ سۆزنى سورا گۈلدىن،
ئايتقىل بىر نەچچە سۆزنى بۇ قۇلدىن.
مېنىڭدەك قۇلىنى گەر ئول كۆرسە مەئقۇل،
بولاي ئاندىن كېيىن بارماققا مەشغۇل.

سەبا بولبۇلنىڭ بۇ ئەقلگە مۇۋاپىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى گۈلگە يەتكۈزىدۇ. سەبانىڭ بولبۇل توغرىسىدىكى

ئەڭ كۆچلۈك، تەپسىلىي تەرىپى گۈلنى قايىل قىلىسىمۇ، ئۇ بۇلبۇلنىڭ مەيلىنى ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاشنى سەبانىڭ ئالدىغا ئىلتىماس تەرىقىسىدە قويىدۇ. داستاندىن سەبا گۈلنىڭ بۇ ئەقلىگە مۇۋاپىق تەلىپىنى بۇلبۇلغا يەتكۈزىدۇ. بۇلبۇل بۇ ئىشتىن غايەت زور خۇشال بولۇپ، ئوتلۇق مۇھەببەتكە تولغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان خېتىنىڭ ئاخىرىدا قەسەم تۈسىنى ئالغان مۇنداق ۋەدىلىسىنى بېرىدۇ:

ئۆلەرمەن، دەرگاھىڭدىن كەتمەگەيمەن،
بەغايەت شەرھى ھالىڭنى ئېشىتتىم.

سەبا تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، دەريالارنى كېچىپ گۈلشەنىگە يېتىپ كېلىپ، قىزىل گۈلگە مۇنداق خەۋەر يەتكۈزىدۇ:

دېدىم: سەن بارچەدىن فايىق ئىكەنسەن،
قىزىل گۈل بەزمىگە لايىق ئىكەنسەن،
ھەر ئىش قىلدىم ئانىڭ كۆڭلىن ئاۋۇتتۇم،
گۈلى قەھقەھە دېگەن گۈلدىن سوۋۇتتۇم.
سېنىڭ قاشىڭغە ئول كەلمەكچى بولدى،
گۈلى قەھقەھەنى تەرك ئەتمەكچى بولدى.

ئەمدى مۇھەببەت ئۆلچىمى بولغان «ۋاپا» نى گۈل ئالدىغا قويىدۇ:

مېنى ئايدىڭى: «گۈل قاشىڭغە بارغىن،
ۋاپاسى بارمۇدۇر گۈلنىڭ، سوراغىن.
باراي گۈلنىڭ ئەگەر بولسە ۋاپاسى.

دىلى - جانىم بىلە تارتاي جاپاسى.
دىبان بەردى مۇھەببەتنامە سىزگە،
ئەگەر كەلسە دېسە، خەت بەرسە بىزگە».
گۈلنىڭ جاۋابى:
دېدى گۈل: «ئاڭلادىم ۋاسپىڭنى بۇلبۇل،
ئۇمۇدنىڭ تارىدىن بويىنۇمدا دورغۇل.
ئىشت نامەمنى، گۈل، ئەندىشە قاماي،
نەچە بولدۇم مۇئەككەل ساڭا مەن قۇل.
بولۇپ مەست ئەي يارىي ۋەفا جۇي،
كى جامى ئىلتىپاتىڭدىن ئىچىپ مول.
جامالىڭ بىرلە بەر كۆڭلۈمگە ئارام،
غەمىڭ فىكرى قىلىپ جانىمدا غول - غول.
مېنى دەپ سەن كېلۇر ئېرسەڭ بۇ يەرگە،
فىدا ئەيلەي دىلو - جانىمنى بىلكۈل.»

دانىشمەن سەبا گۈلنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا تاقىتى تاق بولغان بۇلبۇل ھالىتى:

ئاقىپ لەبىدىن كۆپۈك دىۋانەلەردەك،
ئۇچار چەۋرۇلۇپ پەرۋانەلەردەك.

سەبا يېتىپ كېلىپ بۇلبۇلغا مۇنداق خەۋەر يەتكۈزدى:

يامان بىرلە ئەزىز ئۆمرۈڭ كەچۈرمەك،
ئېرۇر يانغان چىراغىڭنى ئۆچۈرمەك.
سېنى ئەلۋەتتە كەلسۇن دەپ ئېبەردى،
ساڭا ئول گۈل ۋافانامە ئېبەردى.

سېنىڭ ئاتىڭ ئىشتىپ بولدى گۈل شاد،
دېدى «كەلسۇن ئەگەر قىلسە مېنى ياد.»
.........................
بىلۇرسەن بۇلبۇل ئەي گۈل ئىشق دەردىن،
بارىپ كۆرگەندە گۈلنىڭ باغرى زەردىن.
دېدى بۇلبۇلغە ئولدەم پەيكى ئەھمەر،
«ئانىڭ ھەمدەم يوقىدىن ھالى ئەپتەر.»

سەبانىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇلبۇل:

بولۇپ بۇ سۆزگە خەندان خەستە بۇلبۇل،
شەرابى شەۋق ئىچىپ ئاچىلدى گۈل ـ گۈل.
چەمەندىن گۈل قاشىغا بولدى بارماق،
بولۇپ گۈل ھۆسنىگە كىرفىك سۇغارماق.
ئۇلار يولغا چىقتى:
سابا ئالدىغا تۇشتى تا چىكىپ ھۇ،
كۆزى ياش بىلە بۇلبۇل سېپىپ سۇ.

داستان سۇژىتىنىڭ ئەنە شۇ ۋەقەلىكتىن كېيىنكى بىر ئېپىزوتىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ پىلانى بويىچە، ئەخلاقىي نۇقتىدىن تەكەببۇر، ھەددىدىن ئاشقان مەغرۇر گۈلى قەھقەھىنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ كېسەللىك ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، بۇلبۇلدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قىلغان پۇشايمانى ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەنقىد، جەمئىيەتكە ئىجابىي تەربىيە بېرىش پىلانىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ........

سەبا بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بولبۇل غەمدىن خالىي ئەمەس ئىدى:

................................

دېدى بۇلبۇل: «دىيارىمدىن كېچىپمەن،
سېنى دەپ گۇل نىگارىمدىن كېچىپمەن.
ۋافا قىلغايمۇكىن مەن بەندە بولسام،
غەمىڭدە جۇملە يارىمدىن كېچىپمەن.

بۇ جايدا شائىر بۇلبۇل ئېغىزىدىن چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى مەھەك تېشى بولغان «ۋاپا» نى بولبۇلنىڭمۇ گۇل ئالدىغا قويىدىغان ئالىيي ئەخلاق ئۆلچەم سۈپىتىدە يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سەبا بۇلبۇلنى قىزىل گۇلنىڭ گۇلشەنىگە باشلاپ ئەكىلىپ قويۇپ، ئۇ دانىشمەن جاھاننى كېزىپ تەكشۈرۈش ئادىتى بويىچە يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ كېتىدۇ. قىزىل گۇل گۇلشىنى رەڭمۇ-رەڭ گۇللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، باھار ھۆسنىگە تولغان، جەننەتتىنمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى. قىزىل گۇل بۇ گۇلشەنگە ئۆزىنىڭ ھېچ گۇلگە ئوخشىمايدىغان پەزىلەتلىك گۈزەللىكى بىلەن تەنتەنە بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئانىڭ بىر خىچەس چۇن قەددى دىلبەر،
ئېسىدىن ھەر تەرەف گۇلشەن مۇئەتتۇر.
تەندە خارلار مىژگان مەسەللىك،
ئالىپ ئوقنى پەيكان مەسەللىك.
جەمالى شۇئلەسى كۆزنى قاماتۇر،
چۇشۇپ ئەكسى سارىغ يۈزنى قىزارتۇر.
..............................

قىلىپ گۈلشەن ئارا نازۇكەرەشمە،
ئوتاشۇر جانغە ئوت گەر قىلسە ئىشۋە.
يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ ھۆسنى شەرارى،
كېتەر تەندىن دىلۇ جاننىڭ قارارى.

قىزىل گۈل ئەنە شۇنداق گۈزەل، پەرىشتىدەك پەزىلەتلىك، پاك، مۇھەببەتتە ئۇنىڭ سادىقلىق مەھەك تېشى بولغان «ۋاپا» نى ئۆلچەم قىلىدىغان، ئۇنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئىشىنىدىغان سالماق، ئومۇسچان، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىدىغان، ئىش قىلىشتا خۇددى دانىشمەن سەبادەك ئېھتىياتچان. «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دەيدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە خاراكتېرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. بۇلبۇل ھۆسنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ گۈلشەندىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك تەقەززالىق بىلەن گۈلنى ئىزدەپ تاپىدۇ:

بەنا گاھ كەلدى گۈلنى كۆردى بۇلبۇل،
ئاچىلىپ لەخشە يەڭلىغ ھەر قىزىل گۈل.
سەلام قىلدى كېلىپ بۇ گۈلغە بۇلبۇل،
سالامدىن خەبەردار ئولمادى گۈل.
تەئەججۇر بۇ سىرگە گەر بولسە كۈندۈز،
تۇغۇپدۇر خفچەلەردىن ئاتى يولتۇز.

بۇ گۈلنىڭ بۇلبۇلنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ دىراماتىزم قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەپ بارىدۇ. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا:

تۇشۇپ گۈل ئەكسى بۇلبۇل بولدى چۇن ئوت،
زۇمرە ئېردى بۇلبۇل، بولدى ياقۇت.
كۆزىدىن دۇررۇ مەرجان ئاقىزىپ سۇ،
تەنىدىن ئاقتى ھەر ياندىن بولۇپ جۇ.
ھەرىكىتى:
قونار گاھى كېلىپ شاخىغە گۈلنىڭ،
ئۇچار ـ ئۇچماس يوق ھەددى ئېردى قولنىڭ.
قىلىپ بۇ ئىشق مەيدانىدا بازى،
مۇنى ئۆرتەيدۇ گۈل مېھنەتتە نازى.
ئۇرۇپ جانىغە نەيزە گۈل تىكەندىن،
تامىزىپ قەترە ـ قەترە قان بەدەندىن.
قىلىپ گۈل خارى جىسمىن مىسلى گۈلشەن،
تېشىپ غەم مورغىغە ھەر يەردە رەۋزان.
..............................................
سامائى ئەيلەپ ئۇچۇپ تا بولدى رەققاس،
ئىككى قولدەك پەرىدىن چىقتى ۋاققاس.
گۈلدىن ئۆيرۈلۈپ پەرۋانەلەردەك،
لەبىدىن گۈل باقىپ دىۋانەلەردەك.
پىسخىكىسىدىكى پىغان ۋە ئۇنىڭ راۋاجى:
كۆزدىن دانە ـ دانە ياش ئاقىزىپ،
گۆھەر خىرمەن قىلىپ بىر ـ بىر تامىزىپ.
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا بۇلبۇل ۋۇجۇدى،
ھەۋادا مەۋج ئۇرۇپ ئاھ ئوتى دۇدى.
كۆلۈپ مەجنۇن كەبى ھەردەم قاقىلداپ،
ياشىن دەريا قىلىپ ھەرلەھزە يىغلاپ.
مۇھەببەت زورىدىن ھەرلەھزە ئەلھان،
قىلىپ بەرقى شەراردەك تارتىپ ئەفغان.
ئۇرۇپ ئىلىكىن كۆكسىگە مىسلى مەجنۇن،

بۇ غەم بىرلەن يۈزىن تىرناپ، قىلىپ خۇن.
ئۇرۇپ ھەردەمدە يۈزىنىڭ ئاھ ئۆزە ئاھ،
قەرەر ئەيلەپ بۇ ئاھى تەلئەتى ماھ.
ئەلەم ئۆزرە ئەلەمدۇر غەم ئۆزەر غەم،
بۇ ئىشق ئوتى سالىپ بۇلبۇلغە ماتەم.
پىغانىنىڭ دەرىجىسى:
فىغانۇ ـ نالەسى يەتتى پەلەككە،
يېتىپ تەئسىر ئىشقدىن مەلەككە.
ئەلالاسى تەمام ئالدى جەھاننى،
قىلىپ گۇل ئىشقى بىرلە خەستە جاننى.

ئىرادە ئەركىنلىكى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ ياردىمى بىلەن قارار چىقىرىدىغان قابىلىيەتتىن ئىبارەت. بۇلبۇل ئالدىدا تۇرغان زۆرۈرىيەت قارشىدا، ئىرادە ئەركىنلىكى قارار چىقىرىش ھارپىسىدا تەمتىرەپ قالىدۇ:

گاھى گۇل ئىشقى زور ئەتسە قوچاقلار،
گاھى سەبخەر تىكەن قاچماقنى چاغلار.
كېتەي دېسە بىلە ئالماس كېتەرنى،
ۋە يە قويالماس تىكەندىن رەشىك ئېتەرنى.

يۇقىرىقى بىر قاتار دراماتىزمنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇلبۇلنىڭ ئەقلى بىر ئاز سەگەكلىشىدۇ:

ئاچىپ كۆز ئۇيقىدىن بىدار بولدى،
مەگەر مەست ئىدى ھوشيار بولدى.

ئۇ ئەمدى زۆرۈرىيەتنى چۈشىنىپ، ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپ، مۇنداق قارارغا كەلدى:

دېدى: «نې دىلدا بادۇر كۆڭلى سەنگىن؟
ۋە فاسى، مېھرى يوق جانان ئەمەسمۇ؟
مېنى بىر مەرتەبە سەن كىم دېمەسمۇ؟
مالالەت زور ئېتىپ ئاچتى لەبىنى،
باقىپ گۈلغەكى بولبۇل تەشتى گەپنى.»
دېدى بۇ گۈلغە بۇلبۇل «سەر ۋنازىم.
ساڭا جانىم بىلەندۇر ئىشق بارىم.
نىچۇك تاشدۇر سېنىڭ باغرىڭ بىلەلمەم،
ئاڭا تەئسىر ئەمەس سوزو گۇدازىم.
نېتەي چارەم نېدۇر نازىڭغە ئولدەم،
قەبۇل ئېرمەس ساڭا ئەجىزۇ نىيازىم.
بارى ئەل سەجدە ئەيلەر قىبلە سىرى،
ئىزىڭنىڭ تۇپىراغىدۇر جەينامازىم».

بولبۇل گۈلگە كۆڭلىدىكى گۈل ئىشقىدا تۇغۇلغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى يۇقىرىقى مىسرالاردا ئوچۇق ئىپادىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن گۈل ئالدىغا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ئوچۇق ھالدا كەسكىن قىلىپ مۇنداق قويىدۇ:

كېتەي باشىم ئالىپ كەلگەن يولۇمغە،
ئەگەرچە بولمىساڭ سەن دىلنەۋازىم.

گۈل ئالدىغا قويۇلغان بۇ سالماقلىق مەسىلە بولبۇل بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت دراماتىزمىنى يۇقىرىقى يېپىق ھالەتتىن ئەمدى ئوچۇق ھالەتكە باشلاپ ئۆتىدۇ. بۇلبۇلنىڭ گۈل ئالدىغا قويغان سالماق سوئالى گۈلنىڭ پەزىلەتلىك، قىزىلىق پەردىسىنى يېپىنغان «نازى» نى ئېچىپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

دېدى گۈل، - بۇلبۇل كەلدىڭ نەيەردىن؟
دېدى: نى سۆز سورايسەن بىخەبەردىن.
دېدىكىم: ئەي غەرىب قايدىن بولۇرسەن؟
دېدىكىم: ئىشق شەھرىدىن بولۇرمەن.
.................................................
دېدى: نەغەم يېتىپ فەرياد ئېتەرسەن؟
دېدى: ھەرلەۋزە زۇلمۇڭ ياد ئېتەرسەن.
دېدى: بولدۇڭ نەدەپ سەن زار غەمناك؟
دېدى: جانىمنى ئەيلەدى بۇ ناز چاك
دېدى: كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە؟
دېدى: ئىشقىڭدا خوپدۇر ئاھۇ نالە.
دېدى: نە ۋەجىدىن يەتتى مەلالەت؟
دېدى: ھىچ تاپمىدىم غەمدىن فەراغەت.
دېدى: نەدىن بولۇپدۇر رەڭگى زەردىڭ؟
دېدى: جانىمنى ئۆرتەر ئىشقى دەردىڭ.
دېدى: نەكۆكسۈڭنى قىلدىڭ پارە - پارە؟
دېدى: ئىشقىڭ جاپاسىغە نەچارە.
دېدى: نى ئىشقا ئاھىڭ دەم - بەدەمدۇر؟
دېدى: ئىشق ئىلكىدىن جەۋرۇ ستەمدۇر.
دېدى: ياشىڭ نەدىن بولدى لەئەلگۈن؟
دېدى: نازىڭ سىنىڭ قىلدى جىگەر خۇن،
دېدى: سۆزۈڭ شەكەر، ئەي مېھرىبانىم؟
دېدى: ئاتىڭ ئىرۇر زىكرى زەبانىم.
دېدى: نەدىن تۆشۈكتۇر جىسمى زارىڭ؟
دېدى: سانجىلدى ھەردەم تەنگە خارىڭ.

بۇ دىئالوگلار ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىر - بىرىگە بىر ئاز ئايدىڭلاشتۇرسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ قارار

چىقىرىش ئىرادە پەللىسىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. يۇقىرىقى ئېپىزوتتا گۇل چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ مەھەك تېشى بولغان «ۋاپا» سىنىقىدىن بولبۇلنى ئۆتكۈزۈپ سىناپ كۆرگەن بولسا، ئەمدى بولبۇل گۇلنى «ۋاپا» سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ سىناپ كۆرمەكچى بولىدۇ.

دېدى بۇلبۇل: «قىلاي مەن ئىمتىھانى،
سىناي گۇلنىڭ ۋە فاسىنى بارمۇ قانى؟»

شائىر بۇلبۇلنىڭ گۇلدىن رەنجىپ بۇ جايدىن ئىلاجسىز كېتىۋاتقانلىقىنى بۇلبۇل ئېغىزىدىن يېتەرلىك چىرايلىق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىپ، تۆپ سەۋەبىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ:

دېدى: «گۇل، بولغاي ئېرىدى باۋەفاڭىز،
تىكەندىن بولمىغاي ئېردى جافاڭىز.
تىكەن ئازارىنى تارتايمۇ سەندىن.
ۋە يانازلىڭ يوكىن ئارتايمۇ سەندىن؟»

لېكىن بولبۇلنىڭ گۇلگە قارىغاندا گۇلگە كۆڭلىدە توگۇن ئېغىرراق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە «ئىمتىھان ھەم، رەشك ھەم بار» ئىدى. شۇڭا ئۆز مونولوگىدا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

دېدى: مەن بىرلە يارىم ئولسە يالغۇز،
يۇزى شەمئىدىن ئولغاي كېچە ـ كۈندۈز.
كىشى بولسە ئىكەۋلەن يارى بىرلە،
نە مۇشكۇلدۇر كۆرەر ئەغيارى بىرلە.

كىشى ئەغيارنى يارى قاشىدا،
كۆرەردىن، ياخشى ئوت كۆيگەي باشىدا.
مۇنىڭدىن كۆرمەي ئۆلگەن ياخشىراقدۇر،
دەۋاسىز دەرد ئەگەر ھەجر فىراقىدۇر.
كىشى ئەغيارنى يار ئىلەقامتو،
كۆرۈپ يۈرگۈنچە، كەتكەن ھەرنە خوپتو.

ئەنە شۇ ھەسرەت بىلەن گۈل قېشىدىن ئۇچۇپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ كېتىپ بارغان بۇلبۇل ھېچقاچان گۈلدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ:

تىرىكلىك شاخىن سەلكىن قايرىدى،
تىكەن رەشكى مېنى گۈلدىن ئايرىدى.

دەپ ھەسرەتلەنسە، ئاللاغا مۇنداق مۇناجات قىلىدۇ:

جۇدا بولدۇم كېلىپ گۈلدىن چەمەنگە،
ياۋۇق بولسام چىدائالمام تىكەنگە.
ئىلاھا، ئايرىغىل گۈلنى تىكەندىن،
تىرىكدۇرمەن ئايرىما گۈلنى مەندىن.

شۇنچە يولدا، يىغان چېكىپ ئاخىرقى خۇلاسىسى:

سېنىڭسىز گۈل، ماڭا يوقدۇر تىرىكلىك،
سېنىڭسىز مىڭ ئەلەم باشقا كىلىكلىك.

ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق قارارغا كېلىدۇ:

سېنىڭ يادىڭدا، ئەي گۈل جان بېرۇرمەن،
مېنىڭ يوقتۇر بۇ قەۋلىمدىن يانارىم.

بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان نەرسە بىرى، گۈلنىڭ بۇلبۇلنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ۋاستىسى بولغان قىزلىق نازۇك تويغۇدىن تۇغۇلغان «نازى» بولسا، ئىككىنچى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەڭ قايغۇلۇق گۇمان تۇغدۇرغان تىكەنگە رەشىك ئىدى. لېكىن بۇلار بۇلبۇلنى ھەر قانچە ئېغىر روھىي تاش بولۇپ قىينىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۈلگە بولغان ساپ، چىن مۇھەببىتىنى ئۆزۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

گۈل بىلەن بۇلبۇل ئارىسىدىكى يۇقىرىقى دراماتىزم يۈزبەرگەنلىكىدىن سەبا بىخەۋەر ئىدى. چۈنكى سەبا ئۆز كەسپىي ئادىتى بويىچە جاھان كېزىپ كەتكەنىدى. بۇ دانىشمەن جاھانكەچتى بولغىنى ئۈچۈن جاھاندا يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ جان مۇشكۇلاتلىرىنىڭ سىرىنى بىلگۈچى، ئۇنى ھەل قىلىشنى ئىزلىگۈچى ئىدى. ئۇ سەيلە قىلىپ قىزىل گۈل گۈلشەنىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، پەسكە سەپسالسا، بۇلبۇلنىڭ ئۇنى ئۆچكەن، بۇلبۇلمۇ كۆرۈنمەيدۇ. گۈلنىڭ چىرايى سولغۇن، روھى خامۇش كۆرۈنىدۇ. ئۇ يېتىپ كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ كېتىدۇ. نۇرغۇن سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن گۈل بۇلبۇلنىڭ يامانلاپ كەتكەنلىكىنى ئىزاھلاپ، سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.

دېدى گۈل: «سىناي قۇش ئىركەن،
بىلەي يالغانمۇ ئاشىق چىنمۇ ئىركەن.»

دەپ سىناپ كۆرسە، ئۇ بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى،

باھانىسى:

دېدى گۈل: «دەردى ھالىمنى سورىمادىڭ دەپ،
تىكەن ھەم جىسمۇ جانىم ئۆرتەدى دەپ.»

دەپ كەتكەنلىكىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ. بۇ تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈشتىن مەسىلىنىڭ تېگىگە يەتكەن سەبا گۈلگە ئاچچىق ئەمما سەمىمىي مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

سەبا ئايدى قىزىل گۈلگە «قۇلاق سال،
بۇ سۆزنى ئاڭلا، مەھكەم يادىڭغە ئال.
قالىپدۇر نەقىللار ئەھلى سەلەفدىن،
مۇھەببەت كۆپلۈكى ئىككى تەرەفدىن.
ئەگەر مەشق ئېرۇر ئاشىقغە جارىپ،
بۇلۇرلا ئەھلى ئىشق ئىشقغە غالىپ.
ئەگەر مەتلۇبىدىن بولماس ئىشارەت،
قاچان تالىپ قىلۇر كۆڭلىنى غارەت.
دەم ئۇرسە ئوت ئوتۇن ئۆزرە تۇتاشۇر،
ئۆچەر چوغ ھەر نەچە ئوچاقدىن ئاشۇر.
شەجەرگە باغبان تەربىيەت ئەتمەس،
شەجەرھەم مىۋە بەرمەك نىيەت ئەمەس.
تىگۈرمەندە چىقار ئون ئىككى تاشدىن،
نەئشىرەت سود قىلغاي يەككە باشدىن.
ئەگەر بولسە تەناپ ئىككى بويۇندە،
ئىكەۋ تارتىشسە بارغاي ئاندا ـ مۇندا.
تاۋۇش چىققاي قاقار ئىككى ئىلىكنى،
نەچە تەبىرەتسە جوز يالغوز ئىلكنى.
ئەۋۋەل مېنى ئىبەرىپ كەلدىڭ ئالىپ،

كېيىن ناز قىلساڭ ئانى ئوتقا سالىپ.
ئىشت ناز كوبلىكى كۆڭۈل ساۋۇتۇر،
قاچان غەمكىن كۆڭۈللەرنى ئاۋۇتۇر.
ئەگەر بۇلبۇلغە ئەي گۇل مېھرىبان سەن،
كېلەي بارىپ، ئاڭا بەرگىل نىشانىسەن.»

سەبا يۇقىرىقى سۆزلەرنى گۈلگە ئېيتىپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سېزىش ئۇچۇن تەجرىبىلىك پسىخولوگلارچە گۈلنىڭ چىرايىغا سەپسالىدۇ.

سەبا كۆردىكى، گۇل رەڭگى قىزاردى،
ئاچىلىپ غۇنچە لەئلى سۆزگە باردى.

سەبا بىلەن گۇل ئارىسىدىكى دىئالوگمۇ دراماتىزمغا باي، ھەم ئىنچىكە، ھەم تەپسىلىي بارىدۇ. سەبا گۈلنىڭ قىزلىق غورۇرى ئاستىدا نازۇك «قىز نازى» پەردىلىك رول ئويناۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

سەبا ئايدى: «بارايمۇ يا تۇرايمۇ»
ئالىپ بۇلبۇلنى مۇندا كەلتۇرەيمۇ؟

دېگەن سالماقلىق سوئال گۈلنىڭ قىزلىق غورۇرى بىلەن سىڭھىرلەنگەن چوڭقۇر يۈرەك قېتىدا ياتقان پىكرىنى يەنىلا ناز بىلەن ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ:

دېدى گۇل: «بارىڭىز كەلسە تەخى خوپ،
كېرەك بولسە ئاڭا دىلدار مەھبۇب.
ئەگەرچە كەلمەس ئۇلسە ئۆزى بىلسۇن،

مېنىڭدىن قالمىسۇن بەد، سۆز ئۈزۈلسۇن.
كىشى مەھبۇب ئىلە نازان كېرەكدۇر،
كىشى ئاشىق ئىسە نالەن كېرەكدۇر.
نىياز ئىشق ئەھلىگە مەشۇقىغەدۇر ناز،
زىمىستان بولسە، كەينىدىن بولۇر ياز.»

دانىشمەن سەبا گۈل بىلەن بولۇل ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقتىن يۈز بەرگەن دراماتىزمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردە يولغا چىقىدۇ.

تونۇگۈن سەيىر ئېتىپ كەزدى جاھاننى،
تاپاي دەپ ئەندەلىبى باغرى قاننى.

جاھاننىڭ ئىككىنچى بىر بۇرجىكىدىكى بۇلبۇلنىڭ ھالىتى مۇنداق ئىدى:

«تىكەننى قىل جۇدا گۈلدىن ئىلاھا،
بەھەققى ھۆرمەتى ياسىن تاھا،
مېنى پەيۋەستەقىل گۈل سۆھبەتىگە،
مېنى سالما جۇدالىق مېھنەتىگە.
جۇدالىق خوش يامان دۇشۋار ئىكەندۇك،
ئانىڭدا مىڭ تومەن غەم بار ئىكەندۇك.
فىراقى ئوتىدا كۆيدۈم ـ توگەندىم،
ئايرىدى غەم قىلچە بەند ـ بەندىم.
يۈزۈم سارغايدى غەمدىن گۈلئوزارىم،

بەدەل بولدى خەزان بىرلە بەھارىم.»

دانىشمەن سەبا:

جاھاننىڭ باغرىن چەۋرۇلدى پىر - پىر،
مۈغەنىندەك قىلىپ سەۋتىنى غىر - غىر.

ئۇ چۆل - جەزىرىدە تەمتىرەپ يۈرگەن دەردمەن بولبۇلنى ئىزدەپ تاپتى.

ئىشتىپ تاۋۇشىن بۇلبۇل بولۇپ خوش،
يەنە باشىدىن قىلىپ ئىشرەت مەيى جوش.
سەبا ئول ۋاقتىدا بۇلبۇلغە كۆرۈندى.
تەنۇ - جانى بىلە بۇلبۇل سۆيۈندى.

ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن سەبا گۈلنىڭ بۇلبۇلغا يازغان مۇھەببەتنامىسىنى تاپشۇردى. گۈل مۇنداق دەپ يازغاندى:

... سىنىڭدىن ئىختىيار ئەتمەي جۇدالىق،
يۈزۈم بولسۇن سىنىڭ ئىككى قاراقىڭ.
كۆكەرتىپ ئىردىكىم ھۆسنىڭ گۈلىنى،
سىنىڭ كۆزۈڭدىن ئاققانكى بۇلاقىڭ.
مىنى قويماي كىلىڭ غەم ئىچرە يالغۇز،
تىكەنگە باقماڭۇ يۈزۈمگە باقىڭ.

قارىمۇ قارشىلىق دراماتىزمى قەھرىمان خاراكتېرىنى ئېچىش، ۋەيگە يەتكۈزۈشنىڭ بەدىئىي ئەسەردىكى تۈپ ئاساسى ئامىلىدۇر. بۇنىڭسىز قەھرىمان خاراكتېرى شەكىللەنمەيدۇ، تەرەققىي قىلمايدۇ، ۋەيگە يەتمەيدۇ. سەبا ئوبرازى داستاندىكى

قارىمۇ قارشىلىق دراماتىزمنى بىر - بىرىگە باغلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېشىمگە ئېلىپ بارغۇچى زەنجىرلىك رول ئوينايدۇ.

بۇلبۇل سەبانى كۆرگەندىن كېيىن گۇلدىن يامانلاپ كېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

دېدى بۇلبۇل، - بولاي يا خار بولسۇن،
مېنى بولماسا ئۆلتۈرسۇن، يوق ئەتسۇن.
تىلەپ ئول گۇلنى ياشىم ئاقىزىپمەن،
تۆگەندىم رەشىك دەردىدىن سىزىپ مەن.
ئىچىمدە غۇنچە يەڭلىغ مىڭ تۈگۈندۇر،
چىقار بۇ جانىم ئەرتە يا بۈگۈندۇر.
ئۆلەرمەن يادىمە كەلسە رەقىبىم،
ئەزەلدىنمۇ بۇ دەرد ئولدى نەسىبىم.
كۆرۈنۈر كۆزۈمە گوياكى خەنجەر،
قادالماسدىن بۇرۇن جانىمغە سەنجەر.
غەرەز بۇ بولماسە جانىمدۇرۇر گۇل،
نەچۈكدىن بولمايىن جانىمغە مەن قۇل.
ئەگەرجان بولماسە تەندىن نەھاسىل،
بۇ تەن جانسىز تىرىلمەك ئېردى مۈشكۈل.
مېنىڭ جان چەكمەكىم بىر يار ئۈچۈندۇر،
تەقى قان يۇتماقىم دىدار ئۈچۈندۇر.
ئېرۇر كۆڭلۈمدە قوپماي گۇل قاشىدىن،
بولۇپ پەرۋانە، ئۆيرۈلسەم باشىدىن.
ئۆزۈمنى ئاتەشىن ھۆسنىگە ئۇرسام،
ئۈشۈل ئوت بىرلە كۈل بولسام تۈزۈلسام.
ھاۋادا مەۋج ئۇرۇپ، يۇرسەم تۈتۈندەك،
قارا قىلسام جەھاننى تىرەتۈندەك.

تۇتۇلسا كۈن، كۆزى تۇشمەسە گۈلغە،
مۇيەسسەر بولسە يالغۇز ۋەسلى قۇلغە.
بارى ئالەم ئېلىدىن رەشك ئېتەرمەن،
قاراسە غەيرىگە هوشدىن كېتەرمەن.
ياراتتى ھەق بۇ تەننى جان ئىچىندە،
ئۇ جانىڭ بولسە خوپ جانان ئىچىندە.
بۇ تەننى غەيرى كۆرمەك بىرلە رەشكىم،
ئاقادۇر چەشمىلەردەك كۆزدىن ئەشكىم.
قاچان جاننى ئەل كۆرسە تىرىلگۈم،
مېنىڭ مىڭ قەتلە ئاندىن خوبدۇر ئۆلگۈم.
بارى ئەلدىن، تىكەندىن رەشكىم ئارتۇق،
ساڭا ئەمدى نى دەرمەن مۇندىن ئارتۇق.
سەبا ئۇشبۇ ساڭا بۇ قۇلنىڭ ئەرزى،
بىلۈرسەن جۈملە ئىشنىڭ ھەرنە نەرزى.

مانا بۇ بۇلبۇلنىڭ گۈلگە — ئاشىقنىڭ مەشۇقىغە بولغان ئىنسانىي مۇھەببىتىنىڭ سۆيگۈ يۈرەك كارتىنىسىدۇر.

ھاياتتا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ھاياتتىكى مەۋجۇت گەۋدىنىڭ بىر تەرىپى، تەرەققىياتنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر شەكلى سۈپىتىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە يۇقىرىقى پارچىدا بۇلبۇلنىڭ گۈلگە بولغان چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى بىلەن بىللە، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىسى، ئومۇمىي ئىنسانىي تەبىئەتكە خاس بىر كۆرۈنۈش يەنى بۇلبۇلنىڭ گۈل تىكىنىگە بولغان رەشكىمۇ ئىپادىلەنگەن.

ئىنسانىيەت دۇنياغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلگەندىن بېرى، ئۇ ئىنسانىنىڭ روھىي قورالى سۈپىتىدە گۈزەللىك ئۇچۇن رەزىللىك، خۇنۇكلۇكنىڭ خىلمۇ خىل

شەكىللىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ كەلدى.

ھەر قانداق يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى غايىسى يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا تايانغان، رېئال ھاياتقا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئەسەردە ياراتقان پېرسوناژ ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

داستاننىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان سەبا بۇلبۇلنىڭ گۈلنىڭ تېنى بىلەن بىللە تەبىئىي شەكىللەنگەن، تىكەنگە خاتا ھالدا گۇمانخورلۇق بىلەن رەشىك قىلغانلىقىنى، ھەر قانداق نەتىجە مۇشەققەتسىز، مېھنەتسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئىككى نۇقتا بۇلبۇل خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىق ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا ئېچىپ تاشلاپ، بۇلبۇلنى قايىل قىلىدۇ:

سەبا ئايدى: «تىكەنسىز گۈل بولۇرمۇ؟
مۇشەققەتسىز جەھاندا قول بولۇرمۇ؟
كىشى بولسا ئەگەر گۈل ھۆسنىگە زار،
ئالىپ گۈلنى تىكەنى بىرلە سانجار.
جاھاندا كىمسە بولسە ھۆسنى گۈلزار،
كۆزى ئەتراپىدا مىژگان ئوقى بار.
مىژە دىلبەر كۆزىنىڭ زىننەتىدۇر،
بىلىڭ كىرپىك يوقى، كۆز ئىللەتىدۇر.
ياراشۇر گۈل تەنى، گۈل خار بەرگى،
تىرىكلىكتىن فوزۇن ئېلى ئىشق مەرگى.
جەفا مەشۇقلارنىڭ ئىمتىھانى،
قاچان چىققاي چىن ئاشىق چىقسا جانى.
تىلەر گۈلنى چېكەر خارى جەفاسىن،

ۋەگەر نەقىلمىغاي گۇل ـ مۇددەئاسىن.
ئەسەل پەيدا بولۇر زەنبۇر ئىچىدىن،
نەمەك پەيدا بولۇپتۇر شور ئىچىدىن.
ئەسەل ئەۋۋەل چۇچۇك، ئاندىن تاتىقسىز،
نەمەك شور ئىلگەرى، ئاندىن ئاچىقسىز.
كىشى كۆرمەي دېسە دەردۇ بەلانى،
تىلەپ يار ئەتمەگەي كۆزى قارانى.»

سەبانىڭ يۇقىرىقى دانا، ھېكمەتلىك سۆزلىرى بۇلبۇلنى قايىل قىلىدۇ:

بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
تىكەنگە رەشكدىنكىم ئەيلەدى كىن.
تىلەپ گۇلنى تىكەن دەردىن ئۇنۇتتى،
نەسىھەت سۈيى رەشك ئوتىن ساۋۇتتى.

سەبا بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۇننىڭ يېشىلگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن بۇلبۇلغا:

سېنى كەلمۇگەيمىكىن دەپ غەمدە يارىڭ،
يولۇڭغە بولمىغەي كۆپ ئىنتىزارىڭ.

دەپ كېسىپ ئېيتىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى گۇمان قونغان مۇناسىۋەتتىكى تۇتۇقلۇقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
شائىر ئۇلارنىڭ گۇلنىڭ گۇلشەنىگە قاراپ يولغا چىققان چاغدىكى پىسخىكىسىنى مۇنداق نۇرلاندۇرىدۇ:

سەبا بۇلبۇلنى ئالدى يولغا كىردى،

يۈتۈرگەن بەختۇ ـ دەۋلەت قولغا كىردى.
ئىككى مۇشتىپاق يۈرۈپ تەي قىلدىلار يول،
كېتىپ غەم كۆڭۈللىرى، چۆللەر بولۇپ گۈل.

ۋىسال تۈيغۇلىرىغا غەرق بولغان بۇ ئىككى سەپەرداشقا ئۇزاق يول يۈرۈش ھېچقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇيغۇ بەرمەيدۇ. ئەكسىچە چۆللەر گۈل بولۇپ كۆرۈنۈپ، تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن قىزىل گۈل گۈلشەنىگە يېتىپ كېلىدۇ.

گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئۇچرىشىش مەنزىرىسىنى شائىر ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان، چوڭقۇر پىكىرگە تويۇنغان كارتىنىلار بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ «ۋاپا» نى ئۆلچەم قىلغان چىن ئىنسانىي مۇھەببىتىدىكى بىرىنچى ئۇچرىشىشىدا «ۋاپا» ئۆلچىمىگە سىغمايدىغان خاتا نوقتىئىنەزەرلىرى دانىشمەن سەبا تەرىپىدىن ئىلمىي ۋە سەممىي تەنقىد ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشدا قەلبلىرى سەممىيەت نۇرلىرى بىلەن يورۇپ بىر ـ بىرىگە قەلبىدىكى ھەقىقىي ھېسسىياتىنى تۆكۈپ تاشلاپ، مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ:

دېدى گۈل: «بىزدىن ئۆتكەن بولسە مەئزۇر،
مەنى بىجارەدىن كۆپ بولمەرەنجور.
قىلىپ ئېردىم ھەر ئىشنى ئىمتىھاندىن،
ئەزىز ئېردىڭ ۋەگەرنە جىسمۇ جاندىن.
بولاي ئەمدى سېنىڭ كۆڭلۈڭدە قايداغ،
ھەزىن كۆڭلۈمغە ئەمدى قويماغىل داغ.
نەيەگىلغ خاھىلاساڭ، يۈرگىل ئەنە باغ،

قەدەم گاھىڭدا قىل سىينەمدە يايلاغ.»

بۇلبۇل:

«ھەممشە نالەۋۇ پەرياد ئېتەرمەن،
قاچان سەندىن بۆلەكنى ياد ئېتەرمەن.
ئەگەرچەندىكى مەن بولسام يىراقدا،
تىلەپ ۋەسلىڭ خۇدادىن ئىشتىياقتا.
كېچە - كۈندۈز قىلىپ ھەجرىڭدە زارى،
كۆڭۈلنىڭ يوق ئىدى سەبرۇ قارارى.
مۇيەسسەرگە ئەمەس، ئەي گۈل ۋىسالىڭ،
كۆڭۈلدىن چىقمادى ھەرگىز خەيالىڭ.
خەيالىڭدا قاراسام ھەر تەرەفكە،
نەزەر تىيرىغە ھۆسنىڭدۇر ھەدەفكە.
كۆرۈنمەس ئېردى غەيرى سەندىن ئۆزگە،
ئەگەر جەننەت گۈلى ھەم چۈشسە كۆزگە.
خەيالىڭ تىغ ئۇرۇپ، جاندىن ئاقىپ قان،
نەزەر گاھىمغە ئول بولدى گۈلىستان.
ماڭا سەندىن بۆلەك جانان كېرەكمەس،
بۇ كۆڭلۈم تەختىگە سۇلتان كېرەكمەس.
ئاياغىڭ تۇفراغى گەۋھەردىن ئارتۇق،
غەمىڭ زەھرى ماڭا كەۋسەردىن ئارتۇق.

شائىر چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچەم مەھەك تېشى بولغان » «ۋاپا» غا چېقىلغان چۈشكەندەك دەھشەت تۇغدۇرىدىغان خۇنۇك ئەخلاقىي پەزىلەت «رەشىك» ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى خىرەلەشتۈرىدىغان ئۇشۇقچە «ناز» نى قانداق يوقىرى ئېستېتىك ئىدېئال نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىنكار قىلىپ، ئۆز شېئىرىيىتىنى (پوئېزىيىنى) جارىبىدار ئېستېتىك قودرەتكە ئىگە قىلغان بولسا، گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ بىر -

بىرىگە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن باغلانغان قەلبىنىڭ پاكلىق، سەممىي، كەمتەرلىكىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان ئالىيجانابلىق، ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ گۈزەللىكىنى گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ دراماتىزمغا تولغان دىئالوگلىرى شەكلى بىلەن ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلەيدۇ:

شۇ چاغ ئايدى گۈل ئاندا: «ئەي دىلئارام،
جاھان ئىچرە ئىرۇرسەن «ئەندەلىپ» نام.
ساڭا كۆڭلۈمدە يوق ھەرگىز يامانلىق،
ئىككى ئالەمدە غەيرى ئەزمىھرىبانلىق.
مېنىڭ سەندۇرسە ئىستەپ تاپماغانىم،
بارى ئالەم ئىلىدىن ئىلغاغانىم.
ئەگەر باۋەر قىلۇر بولساڭ سۆزۈمگە،
ئاياغ قوي گاھ كۆزۈمگە، گاھ يۈزۈمگە.
بۇ گۈلشەندە مېنىڭ كۆڭلۈم خوشى سەن،
نەچۈك مېھنەت دەۋا كۆرسەم ساڭا مەن.
نېتەي مەن بەندەمەن يوقتۇر ئىلاجىم،
مېنىڭ جويەندەلىك ئىرمەس رەۋاجىم.
ئەزەلدىندۇر ماڭا بۇ ئاشنالىق،
تىكەن بىرلە مېنى خەلق ئەتتى خالىق.
بۇ يەرنى لەئل يەڭلىغ ئەتتى گۈلزار،
تەنۇزارىمنى ئەيلەپدۇر تىكەنزار.
ئىلاجى يوق ئانىڭ تەندىن ئايرماق،
ۋە يايوق شاخۇ بەرگىمنى قايىرماق.
كېسىپ ئەتسە يەنە تۈبىدىن چىقادۇر،
ئارىقنىڭ سۈيى بىل، باشىدىن ئاقادۇر.
ئانىڭ بىرلە ئىرۇر ئەسلىم ۋە نەسلىم،
ئانىڭدىن يوق مېنىڭ ھىچ يەردە فەسلىم.

ئېرۇرمەن بەندە، ئەيىبىم بار يامانىم،
خۇدا بىئەيىپ ئېرۇر، ئەي مېھرىبانىم.
ماڭا گەريار ئېرسەڭ ئەيىبىمگە باقما،
قۇتۇلماس غەم ئوتىن جانىمغە ياقما.»
دېدىكىم گۈلغە: «ئەي رۇخسارى ئاتەش،
باشىڭدىن ئۆرگىلەي، ئەي نۇقتى دىلكەش.
مېنىڭ سەن ئىككى ئالەم دىلنەۋازىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئېرۇر سوزۇ گۇدازىم.
مەنى غەمكىنە بولسە ئىلتىفاتىڭ،
كۆرۈنمەيدۇر كۆزۈمگە غەيرى زاتىڭ.
جامالىڭ جىلۋەگەر بولسە كۆزۈمگە،
بولۇرمەن مەست، ھېچ كەلمەس ئۆزۈمگە.
ئەگەر بەندەڭ سارى قىلساڭ نەزەرسەن،
تىكەن يوق گەر سەقەردۇر، بىخەبەرمەن.
ۋە گەر بولسە نەزەر گاھىم جەمالىڭ،
ئالۇر ئەقلىمنى ھۆسنى بىمىسالىڭ.
قاچان يۈز قايتۇراي جەۋرى جەفادىن،
غەمىڭ بار، ۋەھىم يوق يۈزمىڭ بالادىن.
غەرەز - لۇتفۇڭ بارىنى فەھىم ئېتەي دەپ،
كېتىپمەن، تەھتىگە ئىشىنىڭ يېتەي دەپ.
نە يازدىم، بىلمەدىم نەئىشقە كەتتىم،
بولۇپ لۇتفۇڭ يەنە خىزمەتكە يەتتىم.
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق،
سېنىڭ ئۆلتۈرگىنىڭدۇر جاندىن ئارتۇق.»

خاراكتېرلارنى زىددىيەت دراماتىزم ئۇچىقىدا شائىر ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردە تاۋلاپ، ئېستېتىك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەدەبىياتشۇناسلىقتا، ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ

بەدىئىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇنياغا كەلگەندىن بېرى ئىلغار ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئۆتەپ كېلىۋاتقان ۋەزىپىسىدۇر.

شائىر ئىجادىدا يۇقىرىقى مىسرالار ئاخىرىغا قويۇلغان چېكىت خاراكتېرلەرنىڭ تولۇق ئېچىلىپ ۋايىگە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنى شائىر مۇنۇ مىسرا بىلەن خۇلاسىلەيدۇ:

دېدى بۇلبۇل، ئىشىت سۆزنى تۈگەتتى،
كېلىپ گۈل قاشىغە مەقسەدغە يەتتى.

داستاندا سۆزىت ۋەقەلىكى يېشىمغا قاراپ يۈزلىنىپ تۈگەللىنىدۇ. داستاندا داستاننىڭ ئېستېتىك غايىسىنى تۇشۇغۇچى ئاساسىي پېرسوناژنىڭ فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق مۇھىتتا كۆرەش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نۇرغا تولغان بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

زىمىستان بولسە بولغاي خوشىك سەردى،
يېتەر بۇلبۇلغە گۈلنىڭ مېھرى دەردى.
قىلۇر گۈلشەن ئارا ئىشقى مەي خوش،
قىلۇر مەشرەپ، بولۇر گۈل ۋەسلىدىن خوش.
ئاچىلسە گۈلشەن ئىچرە ھەر قىزىل گۈل،
قونۇپ شاخىغە سايرار خەستە بۇلبۇل.
تۈشۈپ جانىغە گۈل يۈزىدىن ئاتەش،
بۇ تارتىپ دەرد ئىلە مىڭ ئاھۇ دىلكەش.
سەبا سەيران ئېتىپ گۈلشەن ئىچىنى،
قىلىپ راھەت بىلە خۇش تەن ئىچىنى.
تېگىپ گۈلغە، قىلىپ گۈللەرنى تازە،

قىلىپ گۈل ھەر تەرەپكە خامىيازە.
كۆشاد ئەيلەپ يارىپ گۈل پەردەسىنى،
تەنگە جەزب ئېتىپ گۈللەر ئىيىسىنى.
يىبەرىپ ھەر تەرەپكە بۇيى ئەھمەر،
قىلىپ ئالەم يۈزىنى مۇشكۇ - ئەنبەر.

مانا بۇنى ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائى ئىززىدىن ماڭغان، ئۆزىگە خاس ئۇرگىناللىقتا ئىگە شائىر ھىرقەتىنىڭ مەجازى ئوبرازلار ئارقىلىق، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت تونىدا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىدىكى كىشىلىك ئەركىنلىكنى بەدىئىي ھالدا رومانتىك ئىپادىلىشى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىدا شۇ چاغدىكى فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىنسان ھوقۇقىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق روھ مۇنداق ئىشارەت قىلىنىدۇ:

كېتەر ھەجران، تاپار ئاخىر ۋىسالىن،
خەيالى ئۆرتەسە كۆرگەي جەمالىن.
بۇ ئالەمنى خۇدا ئانداغ ياراتتى،
بىرىنى بۇلبۇل ۋە بىرىنى زاغ ياراتتى.
قىلىپ ئانداغ غىزاسىن مېھرى دىلدار،
قىلىپ زاغنۇ زاغەنگە توئىمە مۇردار.
چېكىپ بۇلبۇل پىغانۇ سەيىر ئېتەر باغ،
مەكانى زاغلارنىڭ دەشت ئىلەتاغ.

بۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي پىكىرنى شائىرنىڭ يۇقىرىدا رومانتىك هالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىستىبنىڭ غايىسىنىڭ زورۇر تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

× × ×

داستاننىڭ خاتىمىسى بولغان «خاتىمەئى كىتاب ۋە فاسھەئى خىتاب» دەپ ناملانغان بابنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا شائىرنىڭ دىنىمىستىك پەلسەپىۋى كۆز قارىشى ئەكس ئەتسىمۇ، بۇ بابتا شائىرنىڭ ئەخلاقىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قارىشىمۇ بەلگىلىك هالدا ئەكس ئەتكەن:

بەرا بەرمۇ ئېرۇر بۇلبۇل بىلە زاغ،
بىرىنىڭ جايى جاڭگال، بىرىنىڭ باغ.
قىلۇر بۇلبۇلنى بىل، گۇل بويى بىهۇش،
بوزاغ مۇردار[1] ئىلە سىركىن قىلۇرنوش.
جانىڭ بارىچە قاچ ئەهلى هەۋادىن،
ئۈمىدىڭ گەر ئىنايەتدۇر خۇدادىن.

دېگەن مىسرالاردا بەلگىلىك هالدا شائىرنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى ئىپادىلەنسە، تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇلغار دۆلەت قارىشى يىرىك مەركەزلەشكەن، فېئوداللىق دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتىن

---

[1] مۇردار — پارىچە بولغانغان، يامان، نىجىس، ئىپلاس، قاباھەت دېگەن مەنىدە.

ئىبارەت. شائىرىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگۈچى ئاپاق خوجا دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇ يىرىك، مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتنىڭ تىنچ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەرەپدارى ئىدى. شۇڭا شائىر يۇقىرىقى ئېستېتىك غايىسىنى سىپاھ نۆكەر (ئەسكەر) بىلەن شاھ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

جاھانىڭ شەۋكەتىدۇر جۇملە شەھلەر،
داغى ھەم زىبنەتىدۇر زوري مەھلەر.
ئۇلۇغلار ھۆرمەتى ئارتۇغ نۆكەردىن،
پەرۋەش زىبنەتىدۇر ھەم نەزەردىن.
نۆكەرلەر بولمىسە شاھ ھەم گادادۇر،
قايۇشاھ بىر - بىرىن ھۆكمىن تۇتادۇر.
قىلالماس بىرسى بىرىگە ئۇلۇغلۇق،
نىچۈنكىم شاھلىق ياسى قورۇقلۇق.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر يىرىك، كۈچلۈك، مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتنى قورۇش ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كۈچلۈك دۆلەت ئارمىيىسى بولۇش كېرەك، دېگەن ئېستېتىك غايىنى ئىلگىرى سۈرسە، شاھنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا شاھ بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا سادىق ھەربىي قوشۇن بولۇش زۆرۈرىيىتىنى مۇنداق تەكىتلىگەن:

تۇشۇپ يەر ئۇزرە گەرد ئەتمەس ئېتەكنى،
پېغەمبەرلار مەگەر چەندەن كەسەكنى.
نەراھەتدۇر ئەگەر بولسا سىپاھى،
بولۇر ئىززەت بىساتى ئۇزرە شاھى.

سىپەھلار شاھلارنىڭ پاۋۇ دەستى،
بۇ ئىشدىن شەھغەدۇر راھەت نىشەستى.

دۆلەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۈۋرۈكى خەلق. شائىر ئەنە شۇ نۇقتىدىن خەلق بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. ئالدى بىلەن خەلقسىز شاھنىڭ يالغۇزلۇق ھالىتى:

بارى شاھ جەمئىي ئىسە يوقتۇر رەئىيەن،
قاچان قىلغاي ئۇلار بىر - بىرىگە خىزمەت.
بىرى بىر ئىش قىلاي دىسە ئۇياتۇر،
يەنە بىرنى قاچان سۆزگە ئۇناتۇر.
بۇلارنى خەستە قىلغاي نەڭۇ نامۇس،
كۆتەرمەس بىر - بىرىگە قىلسە دابۇس.
بۇلار ئولتۇرغۇسى بىر - بىرىگە باقىپ،
بىساتلار ئۈستىگە ...... ياقىپ.

ئوتتۇرا ئەسىردە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئادىل، بىلىملىك شاھقا باغلىق دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا شائىر شاھنىڭ خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى، خەلقنىڭ شاھ بىلەن مۇناسىۋىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

گەدا بىرلە فۇزۇندۇر شاھ زاتى،
گەدانىڭ دەۋلىتى شاھ ئىلتىفاتى.
نەخوش مەشاتەدۇر شەھغە رەئىيەت،
رەئىيەتغە داغى شەھ ياخشى زىينەت.
ئېرۇر شەھلەر مەگەر گۈلشەندەكى گۈل،
رەئىيەن سەبزەدەك گۈل ئالدىدا قۇل.

ئەگەر جەمئى ئۇلسەلەر بىر - بىرىگە مەھۇەش،
ئۇلارغە بولماسە بىر زار دىلكەش.

شائىر بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا، شاھ بىلەن خەلق ئارىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەردە يۇلتۇز بىلەن تۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مىسال كەلتۇرۇپ، ئاجايىپ گۇزەل كائىنات سىزىپ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. شائىر ئاخىر يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى ئىخچاملاپ مۇنداق مىسال كەلتۇرىدۇ:

ئەگەر ئوت كۆپ ئېرۇر بىر - بىرىگە تابى،
نەلەززەت ئوت ئارا يوقتۇر كەبابى.
ئەگەر يولدۇز چىقار يوقتۇر قاراسى،
قارىسى بولمىسا يوقتۇر زىياسى.

ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قارىشىدا ئۇز دەۋرىدە ھۆكۈم سۇرگەن فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق تۇزۇمدىن نەپرەتلىنىش خىلمۇ خىل شەكىلدە داستان سۇژىتىنىڭ قېتى - قېتىغا باشتىن - ئاخىر سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇ ياشىغان ئۇيرات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قول چومىقى بولغان ئاپاق خوجا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە يەرلىك ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىككى قات زۇلمىغا ئۇچرىسا؛ جەمئىيەت مەنىۋى جەھەتتىن شۇ چاغ ئەكسىيەتچى سىياسەتنىڭ روھىي تۆۋرۈكى — ئەڭ ئەكسىيەتچى ئاق تاغلىق گورۇھىنىڭ سەركەردىسى بولغان ئاپاق خوجىنىڭ دىنىمىستىك ئىس - تۇتەكلىرى ئىچىدە تۇنجۇقماقتا ئىدى. مانا شۇ ھەم سىياسىي، ھەم روھىي قاراڭغۇلۇق باسقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان ۋە يورۇقلۇق نۇرىغا ئىنتىلگەن شائىر

ھەرقەتنى ئاخىر ئىلاجسىز نۇرنى — يورۇقلۇقنى، بەخت ـ سائادەتنى «يارانقۇچى بىر ئاللا» دىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى سوفىزمنىڭ ئېغىر سالمىقى ئەنە شۇ يۇقىرىقى مەنبەدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئۆز جەمئىيىتىگە بولغان سىياسىي نەپرىتىنى مۇنداق ئوبرازلىق مىسرالاردا ئىپادىلەيدۇ:

جەھانۇ ھەم جەھان ئەھلى ۋەفاسىز،
بەقاسىزغە نەچۇك، ئەي جان، بەقاسىز.
جەھان ئەھلى جەھان گەر دىلرەبادۇر،
ۋەفاسى يوق، بارىسى بىۋەفادۇر.
ۋەفاسى ھەم ئانىڭ غەمدۇر، غەم ئۆزرە،
ھەياتى ماتەم ئېرمىش، ماتەم ئۆزرە.

مانا بۇنى شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ شائىر تەرىپىدىن خۇلاسىلەنگەن سىياسىي كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

داستانىنى نىسپىي ھالدا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى قىسمى، كىرىش (دىباچى) ھەمدۇسانا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلاھىي ئىشقىغا بېغىشلانغان دىنىمىستىك قىسمى. بۇ داستاندا خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئىككىنچى قىسمى، «گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ» مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان مەجازى ئوبرازلار ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان قىسمى بولۇپ، شائىرنىڭ تۆپكى

ئىستىپتىك ئىدىيىلىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قىسمنى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستاننىڭ مېغىزى ھېسابلاپ، بۇ قىسمنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، رومانتىك داستان دېيىشكە بولىدۇ.

چۈنكى يوقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانىي ئەركىنلىك بوغۇلغان، ئاياق ئاستى قىلىنغان، قىز - يىگىتلەردە مۇھەببەت ئەركىنلىكى بولمىغان فېئوداللىق ئىستىبداتلىق راسا ئەۋجىگە چىققان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە گۈل بىلەن بۇلبۇل ئارىسىدىكى ئىشقى مۇھەببەت مەجازى — سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلىنىپ، رېئال قىز - يىگىتلەر مۇھەببىتى ئوتتۇشلۇق ھالدا ئەملگە ئاشۇرۇلۇپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى، داستاننىڭ خاتىمىسى «خاتىمەئى كىتاب ۋە فاسىھەئى خىتاب» بولۇپ، بۇ قىسىمدا شائىرنىڭ ئەخلاقىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى بەلگىلىك ھالدا ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، شائىرنىڭ «ئاللاغا خىتابى» دىنىمىستىك پەلسەپۋى قاراشلىرى، ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

بۇ داستاندىن شائىرنىڭ ناھايىتى چوڭ بىلىملىك ئىلاھىيەتچى ئالىم ۋە پانتېئىست، يىرىك سۆز ئۇستىسى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بۈيۈك شائىر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى قارىمۇ قارشىلىققا تولغان ناھايىتى مۇرەككەپ ھالدا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ مۇرەككەپلىك، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەزەلدىن بار بولغان مۇرەككەپلىك بولماستىن، بەلكى يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ ياشىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رېئال ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەنىۋى رېئاللىقنىڭ شائىرنىڭ بەدىئىي — ئىستېتىك تەپەككۇرىدا ئەكس

ئېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ ئۆلچىمى ھەققىدە ئاتاقلىق رۇس ئىنقىلابىي دېموكرات تەنقىدچىسى بېلىنىسكى «پوئېتىك شېئىرىي ئەسەرنىڭ قەدرىنى بەلگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىكتە توغرىلىقىدۇر» دەپ كۆرسەتسە، ئېنگېلس ١١ ئەسىر رېئالىست رومانچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىنى كۆرسەتكەندە «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرەلىگەنلىكىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شائىر ھىرقەتى ئۆز داستانىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەكسىيەتچى ئىلاھىيەتچىلىكىنى، رېئاللىقنى ۋە خەلقنىڭ تەشنالىقىنى، ئىنتىلىشىنى، شەخسىي ئەركىنلىكىنى، ئەركىن قىز - يىگىتلەر مۇھەببىتىنى، مەجازى ئوبرازلار ئارقىلىق رومانتىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بۇ بىر - بىرىگە زىت تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە دەۋر بېسىمىغا دۇچ كەلگەنلىكى ھەمدە رېئاللىققا سادىق بولغانلىقى، خەلق ئىنتىلىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاڭلىق ھەرىكەت قىلغانلىقى مۇنداق ئىسپاتلىنىدۇ:

داستاننىڭ بىر قىسمى — يەنى ئىلاھىي ئىشق قىسمىنى دىندار سوپىلار ئۈچۈن يازغانلىقىنى كىرىش سۆزىدە «نىچۈنكى سۆز ئىشق (ئاللاغا ئىشق دېمەكچى) تەجەللىسىدىن ئېردى. نامە مەھەللەسىگە كەلتۈردۈم ۋە ئوشاق (ئاللاغا ئاشىقلار دېمەكچى) قەبىلىسىگە (سوپىلار تائىپىسىگە دېمەكچى) بۇ كەلىمىلەر جەملەسى يادىكار بولسۇن» دەپ داستاننىڭ «ئىلاھىي ئىشق» قىسمىنى سوپىلارغا، دەرۋىشلەرگە «يادىكار» قىلىدۇ.

ئەمدى داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمى — داستاننىڭ مېغىزى شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ تۈپكى مەقسىتى بولغان ئىنسان شەخسىي ئەركىنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «گۈل بىلەن بۇلبۇل» نىڭ مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان قىسمىنى تاماملىغاندا «ئايماققا»

خەلققە بېغىشلىغانلىقىنى مۇنداق ئۇچۇق ئېلان قىلىدۇ:

گۇلۇ - بۇلبۇل سۆزى ھەم تاپتى ئىتمام،
بارى ئىشق ئېردى ئاغاز[1] ئىلە ئەنجام[2].
سىياھ ئەتتىم مۇنى ئايماقىا خامە[3]،
غەرەز ئول ئېردى - قالسۇن ياد نامە.

ئەنە شۇ يۇقىرىقى پاكىتلار شائىرنىڭ يوقىرىدا ئېيتىلغان ھەر ئىككى مەسىلىگە ئائىلىق ياندىشىشانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇڭا داستان ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى يوشۇرماستىن ئەينەن، تىپىك ھالدا، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرگىنى ئۇچۇن بەدىئىيلىكىنىڭ بىرىنچى مۇھىم شەرتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان دېيىشكە بولىدۇ.

داستاندا مەركەزلىك ھالدا دەۋر روھىنىڭ ئەڭ سالماق مەسىلىسى ئىنسانىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇ رومانتىك ھەل قىلىنىپ، ئەسەر بەدىئىيلىكىنى بىر بالداق يوقىرى كۆتۈرگەن.

بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكى «بەدىئىيلىك دېگەن نېمە؟ بەدىئىيلىك رومانىكى شەخسلەر ۋە ئوبرازلاردا ئۆز پىكرىنى يارىتىپ، شۇ پىكرنى ئۆزى قانداق چۈشەنگەن بولسا، ئوقۇغۇچىمۇ رومانىنى ئوقۇپ چىقىپ يازغۇچىنىڭ پىكرىنى شۇنداق چۈشەنسە بولىدۇ»[4] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بىز داستانىنىڭ مېغىزى بولغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» قىسمىنى ئوقۇغىنىمىزدا، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان، خەلقنىڭ تەقدىر ئىنتىلىشى بولغان ئىنسانىنىڭ شەخسىي

---

[1] ئاغاز — پارسچە، باشلاش، باشلامچى، باشلىنىش......
[2] ئەنجام - ئەرەبچە، ئاياقلىشىش، ئاقىۋەت، نەتىجە، تامام.
[3] خامە — پارسچە، قەلەم، يازماق، چەكمەك.
[4] «قىسقىچە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيىسى» رۇسچە نەشرى 8- توم، 338 - بەت.

ئەركىنلىكى قەلبىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ - دە، ئۆتمۈشكە — شائىر ياشىغان دەۋردىكى فېئوداللىق ئىستىبداتلىققا نەپرىتىمىز تاشىدۇ.

ھازىرقى زامان ئاتاقلىق قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ «ئەگەر ئەسەر ئوقۇغۇچىنى ھاياجانغا سالالمىسا، ئۇنىڭ ئېستېتىك دۇنياسىنى بېيىتالمىسا، ئۇنىڭ ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا مۇناسىۋىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرەلمىسە، ئۇنىڭدا نېمىلەر ئېيتىلسۇن، قانداق ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئىنتايىن مۇھىم پىكىرلەر ئىزھار ئېتىلسۇن، قانداق تېما ۋە مەسىلىلەر قويۇلسۇن ئۇ ھەقىقىي سەنئەت ئەمەس» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى بەدىئىيلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. داستاننىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» قىسمىدا مۇھەببەتنىڭ تارىخىي ھالدا شەكىللەنگەن مەڭگۈلۈك ئەخلاق ئۆلچىمى «ۋاپا» ئۆلچەم قىلىنىپ قاناتيايدۇرۇلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببەتكە بولغان مۇناسىۋىتى ئەنە شۇ مەھەك تېشىغا ئۇرۇپ ئۆلچىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جىسمىدا بۇ مەھەك تېشىغا توغرا كەلمەيدىغان خاتالىقلار — گۈلدىكى مەغرۇرلۇق، ھەددىدىن ئاشقان ناز، بۇلبۇلدىكى رەشك يۇقىرىقى ئۆلچەم «ۋاپا» مەھەك تېشىغا ئۇرۇلغاندا زىددىيەتلىك ئوت چىقىپ، ئىككى ئارىدا كۈچلۈك دراماتىزىم مەيدانغا كېلىپ، خېلى ئۇزاق داۋاملىشىپ، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. نەتىجىدە قەھرىمانلار خاراكتېرىدىكى خۇنۇكلۇك، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، ئورۇنسىز ناز، «رەشك» قاتارلىق ئىنسان خاراكتېرىگە يات ئىللەتلەر سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ يادروسى بولغان «ۋاپا» نى مەركەز قىلغان سەمىمىيەتلىك، كەمتەرلىك، ساددىلىق، ساپ دىللىق، قاتارلىق چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئۈستۈرۈلۈپ ۋايىگە يەتكۈزۈلۈپ،

گۈل بىلەن بۇلبۇل بىر ـ بىرىگە مەڭگۈ «ۋاپا»دار يار سۈپىتىدە، مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ. داستاننى ئوقۇپ چىققان كىتابخاننىڭ قەلبىدە داستاندا خۇنۇكلۇككە ئوقۇلغان نەپرەت، گۈزەللىككە ئوقۇلغان مەدھىيە چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، كىشىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىدىكى مۇئازىنەتنە ئالاھىدە بۇرۇلۇش ياساپ، ئىنسان ئەقلىدىكى ئېستېتىك ھېسسىياتنى بېيىتىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى تەسىرچانلىق ئېستېتىك كۈچ پۈتۈن بەدىئىي ئەسەر جىسمىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن خاھىشچانلىق بىلەن سىرغىپ چىقىپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن ئېستېتىك ئېقىم ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلە بەدىئىي ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە تەئەللۇق بولىدۇ.

داستاندىكى قەھرىمانلار تىپىك شارائىتتا كۈچلۈك دراماتىزملىق زىددىيەت ئىچىدە تەسۋىرلىنىپ، قەھرىمانلار خاراكتېرى شۇ زىددىيەتلەردە شەكىللىنىپ، ئۆسۈپ كامالەتكە يېتىدۇ ۋە تولۇق ئېچىلىدۇ. داستاندىكى خاراكتېرلەر بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنىغا ماس، تىپىكلىك ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە. بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمنىڭ بىرى بەدىئىي ئەسەرنىڭ شەكلى بىلەن مەزمۇن بىرلىكى مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ ئېيتساق، بەدىئىي ئەسەرنىڭ شەكلى ھېسابلانغان پۈتۈن ئامىللارنىڭ يىغىندىسى ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلىدىمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىدۇر. بۇنى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلەر يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلەر بولسا مەلۇم بىر ژانىردا (ئېپىك ژانىردا)، ئەسەردە تىل، ۋەقەلىك ـ سۇژىت، زىددىيەت قارىمۇ قارشىلىقى، قۇرۇلما — كومپوزىتسىيە ۋە تەبىئەت مەنزىرىسى

ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. خاراكتېرلەر (بەدىئىي ئوبرازلار) ئەڭ ئىخچام شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى بولۇپ، ئۇ شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى توشۇغۇچى ئىنسان ئوبرازىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىش - شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت. شائىرنىڭ بەدىئىي ئەسىرى «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستان بولغىنى ئۈچۈن، شائىر ئۇنىڭدا يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە شېئىرىي تىل ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن داستاندىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلىكى مۇنداق مەنزىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ:

داستاننىڭ شېئىرىي تىلدىكى مۇزىكىلىق ۋەزىن بىلەن ۋەزىن، رىتىم بىلەن رىتىم، تۇراق بىلەن تۇراق، مىسرا بىلەن مىسرا ۋە مەنە بىلەن مەنە ۋە لېكسىكا، داستاندىكى ۋەقەلىك — سۇژىت بىلەن سيۇژىت، داستاندىكى قەھرىمانلار ئالغا سۈرۈۋاتقان شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى دەۋر ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان تەلەپلەر بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ. داستاندىكى مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ مۇنداق ماس بىرلىكىنى ئەسەرنىڭ ئالاھىدە زور بەدىئىيلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىي تىل ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ، پۈتۈن ئىچكى ئامىلىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھۆجەيرىسىدىن تارتىپ، پۈتۈن گەۋدىسى ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولغان بەدىئىي تىل ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇنى ئىشلەتكەن يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

شائىر ھىرقەتنىڭ بەدىئىي تىلنىڭ ئەنە شۇ ماھىيەتلىك رولىنى چۈشەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سۆز ئۇستىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مۇنداق سۆز سەنئەتكارى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبىدە سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق

باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۇنىڭ داستاندا ئىشلەتكەن بەدىئىي تىلدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ داستاندا ئىشلەتكەن تىلىنى بەدىئىي بويىقى قېنىق، جانلىق، ئوبرازلىق، راۋان، يارقىن، رەڭدار ستىلىستىك ۋاستىلەرگە ئىنتايىن باي تىل دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر مىسرا شېئىرىدا بىر ھالەت، ياكى چوڭقۇر پىكىر ئىپادىلەنگەن ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ.

دېدى: «ئوتتەك چىقار ئاھىڭ شارارى؟»
دېدى: «ئول ئوت ئېرۇر ئىشقىم ھەرار.»

ياكى

دېدى: «نە ۋەجھىدىن كۆكدۇر بۇ پەيكەر»
دېدى: «ئوتدۇر ئىچىم، بىل تاشىم ئەخكەر.»

شائىر ئەنە شۇ تىل بىلەن تۇسى يوق، ھەرىكەت ھالىتى بولمىغان «سەبا»نى ھەرىكەت ھالىتى، تاۋۇشى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

جەھاننىڭ باغرىن چەۋرۇلدى پىر ـ پىر،
مۇغەننىدەك قىلىپ سەۋتىنى غىر ـ غىر.

شائىر ئەنە شۇ بەدىئىي تىل ئارقىلىق، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش لازىم بولغان ئاجايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى خۇددى ئۇستا رەسسامدەك جانلىق سىزىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. شائىر سىزغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەبىئەت مەنزىرىسىگە بولغان ئوبرازنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ:

تەئەججۇبدۇر بۇ سىرگە بولسا كۈندۈز،
تۇغۇبدۇر خىجەلەردىن ئاتى يۇلدۇز.
گىرىھىلىك[1] غۇنچە مىسلى لەئلى مەرجان،
يېزىلغان گۈل كەبى مەئشۇق خاندان.
ساچىلىپ شاخىدا ھەريان ۋەرەقلەر،
تۆكۈلۈپ ھۆسنى تابىدىن ئەرەقلەر.

بۇ بىر تۈپ قىزىل گۈلنىڭ مەنزىرىسىگە بولبۇل بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەندە، قىزىل گۈل سىناش ئۈچۈن، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقان روھىي كەيپىياتىمۇ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ داستاندىكى ئوبرازلارنى جانلىق يارىتىش ئۈچۈن بەدىئىي تىلدىكى ستىلىستىك ۋاستىلەردىن بولغان تەجنىسدىنمۇ كەڭ پايدىلىنىدۇ:

بەنەگاھ كەلدى قىزىل گۈلنىڭ ئىسى،
يوق ئەتتى گۈل ئىسى بۇلبۇلنىڭ ئىسى.

ئەدەبىيات ھاياتنى ئىستېتىك ئۆزلەشتۈرۈپ، ھاياتنى بەدىئىي تەتقىق قىلىش ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلەر يارىتىش سەنئىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خاراكتېرلەرنى تولۇق يارىتىش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ پورترېتىنى (تاشقى قىياپىتى) سىزىش، خاراكتېرلەرنىڭ شەكىللىنىش تارىخى بولغان ھەرىكەت جەريانى - ۋەقەلىك، سۆزنى تەسۋىرىدىن باشقا خاراكتېرلەرنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشىنى، ئوي -

[1] گىرىھ — تۈگۈن، چىگىكلىك، قىيىن.

خىياللىرىنى سىزىش يازغۇچى ياكى شائىردىن ناھايىتى مول تىل بايلىقى، ئاجايىپ نەپىس ماھارىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. داستاندا شائىر گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاجايىپ چىۋەرلىك بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەپ، كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىرىمىز داستاندىكى ئوبرازلارنى جانلىق، مۇكەممەل يارىتىش ئۈچۈن ھازىرقى بەدىئىي تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك پايدىلىنىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئاملى بولغان شائىرنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر داستاندىكى مەزمۇن ۋە ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقىنى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ (مەجازى ئوبرازلار ئارقىلىق)، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى ياكى خۇنۇكلۇكىنى كۆز ئالدىمىزدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بىزنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالالايدۇ.

تالانتنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى سەنئەتكارنىڭ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇشنى بىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، سەنئەتكارنىڭ ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا ئۆتكۈزەلىشى ھەقىقىي تالانتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

شائىر ھىرقەتى ئەنە شۇنداق تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۇيغۇر ئەدەبىيات كلاسسىك تارىخىدا يۇقىرى مۇنبەرنى ئىگىلىگەن شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

شائىر ھىرقەتى ئۆز داستانىدا ئۆزىنىڭ ئىستېتىك غايىسىنى بايان قىلىشتا ئىپىك شەكىلدىكى مەسنەۋى شەكلىدىن پايدىلىنىدۇ. بەزىدە لىرىك ھېسسىيات ئۇرغۇغان چاغلاردا ئۆتكەنكى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ غەزەل شەكلىنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

## بابا رەھىم مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئىنساننى سۆيگەن شائىر ئىنسانلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ سۆز بابا رەھىم ھاياتىغا تەقدىم قىلىنسا ھەقىقەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇلۇغ سەنئەتكارلار ئۇچۇن ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىن توختىشى بىلەن تاماملانمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەنئۇيىتىدىن تۇغۇلغان بەدىئىي مىراسى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى مەڭگۈ باقىي قىلىپ داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت.

ۋ. ژىرمۇنىسكىنىڭ «ۋاقىت ئادىل ئۆلچەم، ئۇنىڭ تارازىسى ھەر بىر نەرسىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ھەر كىمنىڭ ئورنىنى ئېنىق بەلگىلىيەلەيدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال ئىجادىيەتچىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بىلىنىدۇ. پەقەت خەلقنىڭ روھىي بايلىقىغا ئايلانغان، دائىم ئۆز قىممىتى ۋە ئاكتىۋاللىقى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان كىتابلار سىناقتىن ئۆتەلەيدۇ.» دېگەن سۆزىمۇ بابا رەھىم ئىجادىي پائالىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسلىرىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

بابا رەھىم مەشرەپ ھىجرىيىنىڭ 1050 ـ يىلى، مىلادىنىڭ 1640 ـ يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1657 ـ يىلى) تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. پەرغانە ۋادىسىدىكى نامانگان شەھىرىنىڭ ئەندىجان يېزىسىدا كەمبەغەل بوزچى (ماتاچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا

كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى موللا ۋەلى، ئانىسىنىڭ ئېتى سەلىمخان ئىدى . بابارەھىم مەشرەپ باشلانغۇچ مەلۇماتنى نامانگان مەدرىسلىرىنىڭ بىرىدە ئالىدۇ. بابا رەھىم مەشرەپنىڭ دادىسى موللا ۋەلى ساۋاتلىق ئادەم بولۇپ، بابا رەھىم 15 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۇنى كەلگۈسىنىڭ مەلۇماتلىق ئادەملىرىدىن بولۇپ قېلىشىنى كۆزلەپ، ئۆزى ئۇستاز تۇتقان شۇ چاغنىڭ داڭلىق ئىشانلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر روھانىيسى موللا بازارئاخۇن (ھاجى ئەبەيدۇللا) نىڭ تەربىيسىگە تاپشۇرىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكى خېلىلا ئۇزاق مەزگىللىك ئىستىقامەت جەريانىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ.

ئەۋۋەل قەدەم پىرى موغاندا ئىشق ئەست،
دوۋۋۇم سەروپا بەرەھنەگاندا ئىشق ئەست.
زىندانى بۇخارا بەنگىيانى كەشمىر،
شاھ مەشرەبى تۇرك ئەندجاندا ئىشق ئەست.

بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئوبدان بىلىشى شەرق كلاسسىكلىرى ئاتايى، لۇتپى، سەككاكىي، نەۋائىي، سەئىدى، ھاپىز شىرازى، مۇھەممەت فوزۇلى، ئىمادىن نەسىمى، بەدىردىن ھىلالى ئەسەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. نەتىجىدە، موللا بازار ئاخۇن خانىقاسىدىلا بابا رەھىم مەشرەپ دۇنياغا پانتېئىستىك قارايدىغان ئەركىن پىكىرلىك ئىسيانكار شائىر بولۇپ باش كۆتۈرىدۇ.

بابا رەھىم مەشرەپ ياشاۋاتقان بۇ چاغ، شەرقتە IX ئەسىرلەردىن باشلانغان شەرق ئويغىنىش دەۋرى — ئاتايى، لۇتپى، سەككاكى، ئۇلۇغبەك، نەۋائىلارنى نامايەندە قىلغان دەۋر تۈگەپ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا شەرقىنى روھىيەت جەھەتتە «تەڭرى مەركەزلىك» نى ئاساس قىلغان سوفىزم ئىس -

تۆتەكلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. سىياسىي ھاكىمىيەت جەھەتتە شىمالىي شىنجاڭنى جۇڭغار مىلىتارىستلىرىنىڭ باشلىقى غالدان قونتايجى ئىگىلەپ، جەنۇبقا كۆز تىكىپ، خىرىس قىلىپ تۇرغان، جەنۇبتا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلخان ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق غوجىلار قورشاۋىدا تۇرغان بىر مەزگىل ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا چارروسىيىنىڭ تۈركىي خانلىقلارنى يۇتۇۋېلىش تەييارلىقى جىددىي كېتىپ باراتتى.

بابا رەھىم مەشرەپ بازار ئاخۇن خانىقاسىنىڭ سوفىزم ئىس - تۈتەكلىرىگە، غەيرىي ئىنسانىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە، بۇزۇلغان چىرىك ئەخلاقىي - پەزىلەتلەرگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمىدى، ئۇلارنى پاش قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەمدى ئويغانغان، ئەركىن پىكىرلىك، ئىسيانكارلىقىنىڭ يۇقىرى تەپەككۇر پەللىسىگە قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بازار ئاخۇن ئىشان ۋە ئۇنىڭ سوفىستىك ئىس - تۈتەك قاپلىغان خانىقاسىنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ چاغدا بابا رەھىم مەشرەپنىڭ باشپاناھى بولغان ئاتىسى ئاللىقاچان دۇنيادىن ئۆتكەنىدى.

بازار ئاخۇن موللا ئىشان ئەمدى شائىرنى كۆزدىن يوقىتىش كويىغا چۈشتى... شائىرمۇ جاھاندىن ھەقىقەت ئىزدەش خىيالىدا ئىدى. نەتىجىدە، ئۇ شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتۈپ قەشقەر دىيارىدا ئاپاق خوجا خانىقاسىغا كېلىپ پاناھ تاپتى. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئاپاق خوجا ھوزۇرىغا كەلگەندە يەتتە يىل يىلقا بېقىش، سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن خارۇزارلىقتا ئۆتكەنلىكى مەلۇم. لېكىن بۇ جايدا شائىر ھاياتقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، سىياسىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ماھىيىتىنى يېتەرلىك چۈشىنىپ، ئۇنى بەدىئىي تەپەككۇر شېئىرىي يول بىلەن ساپ ئىنسانىي ۋىجدان ساداسىغا ئايلاندۇردى. نەتىجىدە، XVII ئەسىرنىڭ 70 -

يىللىرىغا كەلگەندە شائىرنىڭ ئوتلۇق ئىسيانكار لىرىك ھەجۋىي شېئىرلىرى جامائەتچىلىككە خېلىلا كەڭ تارقىلىپ، ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ خوجا - ئىشانلار ئارىسىدىكى «ئەۋلىيالىق» نوپۇزى، «سوفىزىم - ئىشانلىق تەلىماتى» بابا رەھىم مەشرەپكە «كار» قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغانلىقىنى كۆرگەن ئاپاق خوجا ئىنتايىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇنى يوقىتىش پېيىگە چۈشىدۇ. نەتىجىدە، مەھرەمخانىسىدىكى كېنىزەكلەرنىڭ بىرى شائىرغا كۆڭۈل بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، شائىرنى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن ئاختا قىلىپ تاشلاپ، ئۇنى خانىقادىن ھەيدەپ چىقىرىپ، مەڭگۈلۈك سەرگەردانلىق گىردابىغا دۇچار قىلدى. يالقۇنلۇق ئىنسانپەرۋەر شائىر سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئالتە يىل ئىلگىرى يەنى 1672 - يىلى سەرگەردانلىق ھايات دەشتىنى كېزىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 39 يىل سەرگەردان بولۇپ ياشىدى. ئۇ بۇ جەرياندا يەكەن، خوتەن، ئىلى، خوجەند، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى نۇرغۇن مەملىكەت - شەھەرلەرنى يۈزمىڭ مۇشەققەت ۋە خار-زارلىقتا كېزىپ ئۆتتى. ئۇ بۇ جەرياندا پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق، گۈزەللىكنىڭ بىردەكلىكىنى، ساختىلىق، قەبىھلىك، سەتلىك، خۇنۇكلۇك، كومېدىيىلىك، تراگېدىيىلىكنىڭ بىردەكلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭقۇر چۈشەندى. بۇ ھال ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە مىللەت، ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت سەھنىسىگە چىقىشىغا سەۋەب بولدى. جۈملىدىن ئۇ مۇتەپەككۇرلارچە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشىنىپ

يەتتى، شۇڭا ئۇ:

خوجا، سەييىد، بەگ ـ خان سەردارلەر بەدكار ئىسە،
زۇلۇم تىغىن تىز ئىتەردە ھەر بىرى نامدار ئىسە.
كاسەلەپ كەززاپ شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئىسە،
كوفىر ئىلىگە مەشرەپدەك رەھنەما پەيدا بولۇر!

دېگىنىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ زۇلۇم بار جايدا جەزمەن قارشىلىق پەيدا بولىدىغان، بۇ قارشىلىقنىڭ دىئالېكتىكىسى خەلقنى ئويغۇتۇرىدىغان بىر رەھبەر — داھىينى تۇغدۇرىدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىپادىلەنگەن.

بابا رەھىم مەشرەپنىڭ زۇلمەت دۇنياسىغا ئىلان قىلغان بۇ ئۆتكۈر، ئوچۇق خىتابنامىسى زۇلمەت دۇنياسىنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋەتتى. نەتىجىدە زۇلمەت دۇنياسىنىڭ مالايلىرى مەشرەپكە بىۋاسىتە قانلىق قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى جىسمانىي ھالاك قىلىشقا ئىلىپ كەلدى.

مەشرەپ ھىجرىيە 1123 ـ يىلى، مىلادىنىڭ 1711 ـ يىلى فېئوداللار ۋە روھانىيلارنىڭ قاتىللارچە تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن ئەشتارخانىلار سۇلالىسىنىڭ قۇندۇز شەھىرى ھۆكۈمرانى ماخمۇت قاتاغانى تەرىپىدىن قۇندۇز شەھرىدە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە «مەجمۇ ئەئى ئەبۇ تالىپ خوجا فەخمىي»دە مۇنداق بايان قىلىندۇ: «مەشرەپ دەر سالى — 1123 دەر قۇندۇز ۋە فىتدائى ئۆلەما ۋە ھۆكمى ماھمۇدبېك قاتاغان شەھىد كەردە شودە» (مەشرەپ 1123 ـ يىلدا قۇندۇزدا ئۆلىما پەتىۋاسى ۋە ماخمۇدبېك قاتاغان ھۆكمى بىلەن شېھىت قىلىندى).

مەشرەپ ئۆز دەۋرى خەلقىنىڭ ئوغلى، زۇلۇم دۇنياسىغا قارشى ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ئوت يۈرەك، ئىسيانكار، ئەركىنلىك جەڭچىسى ئىدى. ئۇ دار ئالدىدا ئۆلۈمنى پىسەنت

قىلماي، ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ قادالدى. ئۇ دار ئاستىدا:

چۈن مۇبارەك بولسۇن ئەي، مەشرەپ قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
ساڭا خوپ ئىش بولدى بۇ جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.

دەپ مەردانىلەرچە خەلققە، ئۇنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىغا خىتاب قىلدى. بۇ قاتتىق سۆڭەك مىللىي قەھرىماننىڭ ھەقىقىي ئىنسانىيەت ئىشىغا ساداقىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىدىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى.

- قۇندۇزدا بابا رەھىم مەشرەپنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ۋەھشىيانە ئاق تېررورلۇق تاسادىپىي ھال ئەمەس ئىدى. بۇ دەۋر لىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك IX ئەسىردە باشلانغان شەرق ئويغىنىش دەۋرى تۈگەپ XVII ئەسىردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە فېئودالىزم گۈللىنىش دەۋرىنى تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتتا ئەكسىيەتچىلىك يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە سوفىزمنىڭ ئوڭ قانىتى ئەڭ كۈچلۈك ئېقىمغا ئايلىنىپ، فېئودالىزمنىڭ بىردىنبىر روھىي تىرىكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن سوفىزمنىڭ سول قانىتى يىرىك سوفىزم ۋەكىللىرى بايازد بەستەمى، ئىمادىدىن نەسىمى قاتارلىقلار «ئاللانىڭ قولى» نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، تولۇپ تاشقان ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن، زۇلۇمغا قارشى ئومۇمىي ئىنسان باراۋەرلىكى، بەخت-سائادىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققىنى ئۈچۈن بايازد بەستەمى دارغا ئېسىلغان بولسا، ئىمادىدىن نەسىمى ۋەھشىيلەرچە تىرىك ھالدا تېرىسى سويۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنى ئىنسان باش سۆڭىكىگە مەي قويۇپ ئىچكەن ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمىتىنىڭ ئەڭ ۋەھشىيانە قىسمىتى دېيىشتىن باشقا نېمە ئامال بار؟

مەشرەپنىڭ فېئودال سىنىپى دۈشمەنلىرى مەشرەپ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن قايتمىدى. ئۇلار مەشرەپنىڭ نۇرانە، ئىنسىيانكار ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە، ھەتتا ئۇنى مۇتەئەسسىپ سۈپىتىدە ئىزاھلاشقا كۈچەپ ئۇرۇندى. ئۇنىڭ دىۋانىغا بىر قىسىم غەيرىي ئەسەرلەر كىرگۈزۈلۈپ كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشرەپ تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان باشقا مۇئەللىپلەر ئەسەرلىرى بابا رەھىم مەشرەپ نامىدا چىقىرىلغان. بۇ مەسىلىدە ئاكادېمىك شائىر غوپۇر غۇلام 1959 - يىل 12 - ئىيۇلدا «قىزىل ئۆزبېكستان» گېزىتىدە «ئىككى مەشرەپ» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «مەبدەئىي نۇر» (نۇر مەنبەئىي) ناملىق دىنچىل - روھانىيەتچىلىك ئەسەرنىڭ مەشرەپكە ئالاقىسىز ئىكەنلىكىنى، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان ھاپىز روزباي مەشرەپنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، بابا رەھىم مەشرەپكە چاپلانغان تۆھمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا مەشرەپ ئادرېسىغا تەئەللۇق قىلىپ كېلىنگەن «كىمىيا» ناملىق ئەسەرمۇ مەشرەپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىغا يات بولۇپ، ئۇنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە يېتىپ كەلگەن «دىۋان مەشرەپ» كىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى، بابا رەھىم مەشرەپنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي بولغان تولۇق «دىۋان» نىنى تۈرغۇزۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئوتتۇرىدۇ.

## بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

مەشرەپ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ماھىيەت جەھەتتىن ئىجادىيىتى ۋە ئىجادىي يولىنىڭ ئىسپاتلىشىچە سوفىزمنىڭ كاتېگورىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىرىنچى

تارمىقىدىكى مەنسۇر ھەللاج، پەرىددىن ئاتتار، جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان ئېقىمغا كىرىدۇ. سوفىستلارنىڭ قارىشىچە، «جاھاندا بىر ئاللادىن باشقا نەرسە يوق، ئۇ مۇتلەق، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى - ئاخىرى يوق، ئۇنىڭدا ماكان، زامان مەۋجۇت ئەمەس. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭ تەجەللوسى - شولىسىدىن ئىبارەت». بۇ سوفىستلارنىڭ ئورتاق پەلسەپە قارىشى. ئەمدى سوفىستلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولغان «تەڭرى»گە قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن، «ۋاسىل بولۇش ئۈچۈن». ئوتتۇرىغا قويغان «نەزەرىيە ئاساس»لىرى، «پرىنسىپلىرى» بار. بىز مەشرەپنى مەنسۇپ دەپ قارىغان «ئىككىستانچى» (ھاياجانچى) سوپىلارنىڭ قارىشىچە، خۇدا ۋەسلىگە ۋاسىل بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ۋاھىدات (بىرلىك) تەشكىل ئېتىش ئۈچۈن تۆت، بەزىلىرىدە بۇنىڭدىن كۆپ، بەزىلىرىدە ئاز باسقۇچتىن ئۆتۈش كېرەك. ئۇلار «1. شەرىئەت دىنىي مۇراسىملارنى ۋە شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى، تەقۋادارلىقنى بېجىرىش، خۇداغا ئىبادەت قىلىش. 2 - تەرىقەت — شەيخ ياكى دەرۋىشكە شاگىرت بولۇپ، يەر يۈزىدىكى لەززەتلەردىن ۋاز كېچىش، نەپسىنى يىغىش، خۇشاللىق بىلەن خۇدا توغرىسىدا ئويلاش، خىلۋەت، ياشاش، مەنىۋى مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەقەت خۇدا توغرىسىدىلا خىيال سۈرۈش، ئويلاش، ئەسلەش. 3 - مەرىپەت — ھەممە نەرسىنىڭ، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئاساسى خۇدا ئىكەنلىكىنى، نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ماھىيىتى خۇدا ماھىيىتى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئېنىقلاش، بۇنىڭدا ئادەم ئۈچۈن بارچە دىنلار، دۇنيانىڭ بارچە ھادىسىلىرى بىر خىل پەرقسىز، كېرەكسىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولىدۇ. ئۇلارغا ئادەم بىپەرۋا قارايدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايرىپ تونۇغان بولىدۇ. 4 - فەنا — بۇنىڭدا

ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېرىشكەن، ۋەسلىگە ۋاسىل بولغان دەپ بىلىدۇ. خۇدا بىلەن بىر، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىك تەشكىل قىلىدۇ. خۇدا تەبەسسۇم ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ فانى نامىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ ۋە ئەنەل ھەق (مەن ھەق) دېيەلەيدۇ»[1].

بۇ كاتېگورىيىدىكى سوفىستلار، ئىجتىمائىي كۆرەشلەرنى ئەنە شۇ پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ، شۇ دىنىي شەكىل بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار يۇقىرىقى پرىنسىپلىرى بويىچە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى بىلەن كۆرەش قىلغىنىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئاتېئىزم بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆزلىرى بىلمەي قالىدۇ. مەشھۇر ئەزەربەيجان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى، جەڭگىۋار ئاتىس مىرزا پەتتال ئاخۇندوۋ سوفىزم بىلەن كۆرەش قىلغىنىدا يۇقىرىقى شەكىلدىكى سوفىستلارنىڭ مونىزمىدىن پايدىلانغانلىقى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئەمدى بابارەھىم مەشرەپنىڭ ئىجادىغا كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ دەسلەپ موللا بازار ئىشاننىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى. ئۇ بۇ توغرۇلۇق:

مەرىفەتنىڭ[2] گۈلزارى موللا بازار دىۋانە،
ئاشىقلارنىڭ سەردارى موللا بازار دىۋانە.
يوقتۇر ئەسلى گىنەسى[3] بەھرى ئىرپان[4] سىنەسى،
نۇرى ھەق ئەينەسى[5] موللا بازار دىۋانە.

---

① دوكتور ۋاھىد زاھىدوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» 1 - توم، سوفىزم بابى.
② مەرىفەتنىڭ — بۇ جايدىكى «مەرىفەت» يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن سوپىلار چۈشەنچىسىدىكى مەرىپەت.
③ گىنەسى — ئاداۋەت.
④ بەھرى ئىرپان — بىلىم دېڭىزى.
⑤ ئەينەسى — ئەينىكى.

يول ئۈستىدە پۇل[1] بولغان ھەق نۇرىغا مول بولغان،
كىمنى كۆرسە قۇل بولغان موللا بازار دىۋانە.
جايلىرىدۇر نامانگەن، ھەق يولىدا جان بەرگەن،
مۇرىدلاردىن سىناغان موللا بازار دىۋانە.
ئىچىلادۇر تولا نۇر، پىرلارىدۇر باھادۇر،
بۇخارادا ئۇل مەشھۇر موللا بازار دىۋانە.
مەشرەپ ئۆزى دىۋانە، ئىشق ئوتىغا پەرۋانە.
يول يۈرەدۇر سەرسانە، موللا بازار دىۋانە.

مەشرەپنىڭ يۇقىرىدىكى شېئىرىدا ئىكستانچى سوپى، ئۆز ئۇستازى ئاللاغا سادىق موللا بازارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ تەرىقەتى، «مەرىپەت»بگە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا سادىقلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ تەركىدۇنياچىلىق، ئۇنىڭ بىر شەكلى بولغان «دىۋانە» چىلىقنى تەرغىب قىلىدۇ.

بابا رەھىم مەشرەپ ئاپاق خوجا ئالدىغا سوپىلىقتا تېخىمۇ كامالەتكە يېتىش، سوپىلارچە «مەرىپەت» نىڭ تېخىمۇ يۇقىرى چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈش ئىستىكى بىلەن كەلگەنلىكى تۆۋەندىكى كۇپلېتلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

روزى ئەزەل[2] كۆي دىدى كۆيدىم ـ ياندىم كۆل بولدۇم،
يولدا ياتقان خار[3] ئەردىم نەزەر تاپتىم گۈل بولدۇم.
جامى شاراب ئىزلەدىم، بىھەمدۇللا مۇل بولدۇم،
بىر ئىگىسىز ئىت ئەردىم، ئىگەم تاپتىم قۇل بولدۇم.
تۇتتۇم ماقام[4] ھەيرەتتىن[5] مەندە ھەيرەت قالمىدى،

---

(1) پۇل كۆۋرۈك.
(2) روزى ئەزەل ئادەم يارىتىلغان كۈن.
(3) خار تىكەن.
(4) ماقام تۇرار جاي، ئورۇن.
(5) ھەيرەت ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش، ئەپس.

تۇتتۇم پىرنىڭ ئېتەكىن ئاخىر يولغا باشلادى.
يولدا قالغان گۇمراھنى[1] ئاپپاق خوجام خۇشلادى،
كىمكى كىردى بۇ يولغا تۇزلۇكىنى[2] تاشلادى.
يارى بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئىككى كۆزىن ياشلادى،
تىنماي ئەيتاي ساناسىن[3] خابى غەپلەت[4] قالمادى.

يۇقىرىقىلاردىن ناھايىتى ئېنىقكى، ئەمدى ئۇ يېتىلگەن ئىكىستانچى سوپىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆز يولىنىڭ قەتئىيلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئاشىق بولساڭ شۇنداق بول، جاننى قۇربان ئەيلىگىل،
ھىجرو فۇرقەت مېھنەتتىن كۇندە مېھمان ئەيلىگىل.

دېگىنىدىن ئاللاغا چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلىغان ئاشىق ئىكەنلىكىدە گۇمان قالمايدۇ. بۇ دەۋرنى شائىر ئىجادىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى شائىر - يازغۇچى - سەنئەتكارلارغا غايە ۋە تېمىنى ھايات بېرىدۇ. بابا رەھىم مەشرەپ ئىجادىيىتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ يىرىك فېئودال، تەقۋادارلىق تونىغا ئورۇنۇۋالغان، ئىنسان سۈرىتى قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋان ئاپاق خوجا خانىقاسىدىن قوغلانغان 1672 - يىلدىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئۇ 39 يىللىق ئەڭ ئېغىر مۇشەققەتلىك ھاياتىدا تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالىنى، ئوتتۇرا، يېقىن شەرقنىڭ چوڭ شەھەر، يېزا - قىشلاقلىرىنى كېزىپ ئۆتۈپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىنسان ماھىيىتىگە زىت

---

① گۇمراھ — يولنى يوقاتقان، يولدىن ئازغان.
② تۇزلۇك — مەنمەنلىك، تەبىر.
③ ساناسىن — ماختاش.
④ غەپلەت — ئۇيقۇ، ئۇيقۇسى.

ۋەھشىيانە زىددىيەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ بۇنى:

نەغۇربەتلەرنى چەكتىم، چەرخىي بىبۇنىياد دەستىڭدىن،
تامام ماتەمدە ئۆتتۈم بولمادىم دىلشاد دەستىڭدىن.

ياكى:

كېلىپ مەن بىر قەلەندەر ئەنجو مەن ئاراغا سىغماپتىمەن،
يېتىپ دەستىمگە دەۋلەت مۈلكەتى داراغا سىغماپتىمەن.

دەپ شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ.

نەتىجىدە، ئەمدى ئۇنىڭ ئىجادىيەتىكى تېمىسى ئىلاھىي مەۋھوماتتىن رېئال ھايات ۋە ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭدىكى قىسمەت-تەقدىرى، غايىۋى ئىنتىلىشلىرىگە قاراپ بۇرۇلىدۇ:

ياشى يەتمىشكە كىرىپ ساتتۇردى ئۆزىنى پايىزىد،
مەرىپەت بازىرىدا كۆرگىل نەسەۋدا قىلدى ئىشق.
شەيخ شىبلى[1] شەيخ ئەتتارۇ ئەنەلھەق سۆھبەتتىن،
كىردى ئىچتى بادە[2]نى مەنسۇرنى داردا قىلدى ئىشق.
كوفىر ئېيتتى دەپ نەسىمنىڭ تېرىسىنى سويدىلەر،
گۆشتى-پوستىن سۆزلەتىپ ئالەمدە گويا قىلدى ئىشق.
شەيخ سەنئاندىن بولۇپ تۆرت يۈز مۇرىد ساھىپ كامال[3]،
كۆردى تەرسا[4] زادەنى خوكبانى[5] ۋال[6] قىلدى ئىشق.

① شىبلى — رىياللىقنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولمايمەن دەپ كۆزىگە تۇز قويۇپ كور بولغان شەيخ.

② بادە — مەي، لېكىن بۇ جايدا ئاللاھقا ئىشقى.

③ بۇ مىسرا، 100 مۇرىتى بار شەيخ سەنئان بۇتپەرەس قىزغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ چوشقىسىنى باققان. ئىشق مۇشۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.

④ تەرسا — بۇتپەرەس.

⑤ خوكبانى — چوشقا باقار.

⑥ ۋال — ئاشىق.

ئشتىپ بىلدىكى، مەشرەپنىڭ قارارى يوق ئىكەن،
زاھىرىدىن گويا قىلىپ، باتىنى[1] بىنا[2] قىلدى ئىشق.

دېمىش ئارقىلىق «تەڭرى»گە ئىشق - مۇھەببەت باغلىغان يۇقىرىقى شەيخلەرنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ۋە «تەڭرى»گە مۇھەببەتتىن باشقا ئىنسانغا چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بارلىق مۇھەببەتتىن كۈچلۈكلۈكىنى، شائىرغا ھايات ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. مۇھەببەت - نەپرەت سوپىلارچە تاشقى تەسىردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ. ھاياتتىن ئايرىلىپ، زاھىرى ئەمەس (تاشقى ئەمەس)، باتىنى (ئىچكى) ھېس - تۇيغۇ ئارقىلىق ئاللاغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىك تەشكىل قىلىپ، ۋاسىل بولۇش — ئاللانىڭ ھادىسىدىن ماھىيەتكە قايتىشى مۇمكىنمۇ - ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە گۇمان تۇغۇلىدۇ. «ئشتىپ بىلدىكى، مەشرەپنىڭ قارارى يوق ئىكەن، زاھىرىدىن گويا قىلىپ، باتىننى بىنا قىلدى ئىشق» دېگەن قارارغا كېلىدۇ. بۇنى شائىرغا رەھىمسىز، مۇدھىش ھاياتنىڭ بەرگەن تەجرىبە - ساۋىقىنىڭ خۇلاسىسى ھەم بۇنى ئۇنىڭ ئىجادىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى دېيىشكە بولىدۇ. شائىر ئىجادىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلىرىدا مۇتەئەسسىپ سوپى - زاھىدلارنى، سۇلتان - ھاكىملار ۋە سۈتخور زالىملارنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش؛ خەلقنى، خەلقنىڭ پاك ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۈيلەپ، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە

① باتىنى — روھ، ئىچكى تۇيغۇ.
② بىنا — كۆزگۈچى، ئاستىرتىن كۆزگۈچى.

ئورتاقلىشىش تېمىسى ۋە كۆز قارىشى ئەنە شۇ 39 يىللىق ئاچچىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن تۇغۇلۇپ، قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ بارىدۇ.

بابارەھىم مەشرەپ دۇنيا قارىشى ئەڭ ئەكسىيەتچىسى، «ئەسلىدە ئىنسان بەختىنىڭ دۈشمىنىي» دەپ قارايدىغان سوفىستلار ئەخمەت يەسەۋى ۋە زەينىدىن بىننى مۇھەممەت ئىمام غەززابىنىڭ (1053 ـ 1111) ئېكلېكتىزمىغا① قارشى ھالدا سوفىزمنىڭ يەنە بىر ئېقىمى يەنى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، XIV — XV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاجلانغان «نەقشىبەندىيە» كۆز قارىشىنى ھەم قوبۇل قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. مەشرەپ ئىجادىنىڭ تەركىبىدە ئېكىستانچى سوفىزم قاراشلىرىمۇ، نەقشىبەندىيە سوفىلارنىڭ قارىشىمۇ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈپ، بەزىدە ئۇ، بەزىدە بۇ نۇقتا ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن پانتېئىستىك مونىزمنى ئىپادىلەيدۇ ۋە بەزەن ئاتېئىزم بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى تەرىپىدىن خارلانغان، باشپاناھسىز قالغان ئىنساننىڭ رېئاللىققا نىسبەتەن ساپ ئىنسانىي تۇيغۇسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ،
غېرىبلىك شەھرىدە يۈرسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
سەھەرلەر تولغىنىپ تولغاقدە تاپقان بىر بالاڭ كەلدى،

① تورلۇك قاراشلارنى، نەزەرىيىلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كۆرۈشتۈرۈش.

يۈزى ئاقۇ - قىزىل گۈلدەك شەھىدى كەر بالاڭ كەلدى.
ئانادەك مېھرىبان قايدا، ئانادەك غەمگۇزار قايدا،
ئۇلاردەك ئىچ كۆيەر قايدا، غېرىب بولغان بالاڭ كەلدى.

قەلبى غەمگە تولغان بۇ مىسكىن لىرىك قەھرىمان يالغۇز مەشرەپنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

شائىر ئىجادىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى، ئىنسانغا مۇھەببەت، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىرلىرى تەشكىل قىلىدۇ.

كاكۇلىڭمۇ ئەنبەردۇر جان ئىچىندە جانان قىز،
يۈزلەرىڭمۇ ئەختەردۇر ياكى ماھى تابان قىز.
بىر كۆرۈپ سېنى جانان قالمادى مېنىڭ ھالىم،
تەڭ بولۇپتۇر ئەھۋالىم، بىلمەدىڭكى نادان قىز.
تىشلارىڭ مىسالىدۇر، يۈزلەرىڭ ئىرور چۈن گۈل،
بارچە ئەل ساڭادۇر قۇل، خىزمەتىڭدە پەرمان قىز.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە، لەبلەرىڭنى سۈرگەندە،
مەشرەپىڭ قىلۇر خەندە[1] لەئلى شىكەر ئەفشان[2] قىز.

چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىگە بولغان مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ بىر پۈتۈن سۈرىتىنى تۈزىدۇ. ئۇ يار گۈزەللىكىنىڭ قىياپىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئاپاتى جانىم ئۇ سەنەم قاشى قاراسىنى كۆرۈڭ،
ئىككى يۈزىغا چولغانۇ زۇلفى سىياسىنى كۆرۈڭ.

---

① خەندە — ئۇلمەك.
② ئەفشان — چاچماق.

ھۆرى - پەرى ئۆيالەدۇر، شەمسۇ - قەمەر خىجىل ئىرۇر،
كىم ئانى كۆرسە بەندەدۇر ھۆسنى زىياسىنى كۆرۈڭ.
گاھ قىزىل قەبە كىيىپ قىرمىزى ساچپاغىل سالىپ،
نازۇ - كەرەشمەلەر قىلىپ، ئەھدۇ ۋاپاسىنى كۆرۈڭ.
گاھى قاشىن كەمان ئېتىپ كىرپىكى ئوقىنى ئاتىپ،
جادۇ كۆزىنى ئويناتىپ مەكرى بىلە ياسىنى كۆرۈڭ.

ئۇ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى چىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھېس قىلىپ سىزىدۇ:

يۈرۈر مەجنۇن بەيا بەندەكى ئەيتۇر ئاھۇ ۋا ۋەيلا،
بۇ ئىشقنى بەندىغا تۇشكەن قاچانكىم، ئەيتىشۇر لەيلا.
ئىشتكەچ يەتتە دەۋزاخ ۋەھىمىدىن كۆڭلۈم قاچان قورقار،
چىقارسا ئاغزىدىن بىر ئوت، دەۋزاخ بولغۇسى رەسۋا.

مەشرەپ لىرىك قەھرىمانى ئىنسان گۈزەللىكىنى ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى ئىچىگە قويۇپ قارايدۇ:

سەنەما يۈزىڭ بىھىشتىن گۈل ئاچىپ باھار قىلدىڭ،
نىگە غەيرى ئىلە تۇزۇپ بەزىم مىنى بىقارار قىلدىڭ.
ياكى:
زىبا سەنەمىم گۈل يۈزىدىن پەردە كۆتەردى،
ئالەم ھەممە كۆز بولدى تاماشە قىلايىن دەپ.

مەشرەپ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئىنچىل، قەتئىي ساداقەتلىك بىلەن قارايدۇ.

كەل ئى دىلبەر، بۇ كۈن ئەمدى مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىل،
نەتەي سەنسىز تىرىكلىكنى، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىل.
گۇۋاھ بولۇڭ خالايىق مەنكى كەچتىم خانۇ - مانىمدىن،
كى سەندىن ئۆزگە يارىم يوق، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىل.

ياكى:

جانىڭنى ئەگەر بەر دېسە ئول دىلبەرى رەنا،
جانىم بېرەيىن يولىدە مەردانە تەسەددۇق.
مىژگان ئوقىغا قىلسا بۇ جانىمنى نىشانە،
كۆكسۈم بېرەيىن يولىدە ھەيران تەسەددۇق.

مەشرەپ لىرىك قەھرىمانىنىڭ يار ۋىسالىغا ئىنتىلىشى، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى مەشرەپ ياشىغان ئەينى زاماندىكى ئىنساننىڭ ھەممە ئەركىنلىكىنى بوغقۇچى فېئودال ئىستىبداتلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، دىنىي، ئەدەبىياتتا ئەڭ ئەكسىيەتچى غازالى ئېكلېكتىزمىنىڭ فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈمى بىلەن تۇتاشقان بىر پۈتۈن فېئودال ئىستىبداتلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھال مەشرەپ ئىجادىدا تىپىك لىرىك قەھرىمان ئوبرازى سۈپىتىدە مۇنداق ئەكس ئېتىدۇ:

كەل ئى دىلبەر، يۈزىڭ ئاچقىل، تەسەددۇقتۇر بۇ جان ئەمدى،
پىراقىڭدا ئادا بولدى كۆيۈپ بۇ ئۇستىخان ئەمدى.
نىچۈك ئەيلەي بۇرادەرلەر بولۇپ مەن دەرد ئىلە ھەيران،
يېتىپتۇ ھەلقۇمغە جانىم ماڭا يوق مېھرىبان ئەمدى.
جاھاندا ھېچ كىشى بارمۇ جۇدالىقتە ئادا بولغان،
داۋاسىز دەرىكە ئۇچراپ مەن ئۆلەرمەن بى گۇمان ئەمدى.
نىچۈك تاقەت قىلاي دىلبەر، كى سەنسىز مەن بۇ دۇنيادا،
چىقار كۆكسۈمدىن ئاھىم ھەم تۇرالماس ئاسمان ئەمدى.

دەپ، فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى شارائىتىدا بوغۇلغان ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇلۇش دەرىجىسىنى، ئۇنىڭ قارشىلىق دەرىجىسىنى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانى «ئىشق» نى ئەخمەت يەسەۋى، مۇھەممەت ئەلغازى ئىمام ئېكلېكتىزمىغا قارشى ھالدا يالغۇز «تەڭرى» گە ئەمەس بەلكى كونكرېتنى ئىنسانغا، ئۇنىڭ چىن ئىنسانىي پاك مۇھەببىتىگە، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە باغلايدۇ. ئۇ ئۆز ئىنتىلىشلىرىغا، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار، ئىسيانكار شەخس، ئۇ ئۆز ئىرادىسىنى كەسكىن ھالدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

بۇ ئىشق يولىغا كىرگەن ئەلبەتتە كېچەر جانىدىن،
كەچمىسە ئەگەر جانىدىن، ئەيتقان سۆزىدۇر يالغان.
كۆر ئاشىقى پەرھاتنى، شىرىن ئۈچۈن ئول ئۆلدى،
ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنىپ، ئاخىرچۇ فەنا بولغان.
ئول ئاشىقى مەجنۇن ھەم لەيلىغىچە ئىرور شەيدا،
چۆللەرنى ۋەتەن ئەيلەپ، كۆز ياشى راۋان بولغان.
ئول زارى زۇلەيخا ھەم يۇسۇپغە بولۇپ شەيدا،
كۆردۇڭمۇ خەلايىققە راسۋائىي جاھان بولغان.
كۆر زوھرە ئۇ تاھىرنى، خەلق ئىچرە بولۇپ مەشھۇر،
تاشلاپ بۇ تىرىكلىكنى، ئىشقىنىڭ يولىدا ئۆلگەن.

مەشرەپ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلتۈرگەن يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار، ئەمەلىيەتتە مۇھەببەت شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئوتتۇرا ئەسىر ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنسان ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنسانىي ئىنسان قىلىدىغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغاندا، ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، پانتېئىستىك مونىزم دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ خىلىلا ئىگىز پەللىگە قاراپ ئۆرلەيدۇ.

ساقى بولۇبان سۇنسا قەدەھ ناز ئىلە ھەر دەم،
ئول غەمزە[1] سىدىن ساغەرۇ[2] پەيمانە تەسەددۇق.
يۇسۇپ سۈپەت ئول جىلۋە قىلىپ چىقسە قاشىمغە،
مەن ئۆرگىلەيىن كەئبەيۇ - بۇتخانە تەسەددۇق.

ياكى:
ئول دىلبەر رەنانى مەن يار تۇتاي دەرمەن،
مەي بەرسە بەھەم ئاندىن بىر قەترە يۇتاي دەرمەن.
جەننەتنى ھۇرۇ - غىلمانىن، كىرگەن ساراي ئەيۋانىدىن،
كىم بولسا خېرىدارىن بىر پۇلغا ساتاي دەرمەن.

ياكى:
بۇ تەنى خاكىنى ۋە روھىي راۋاننى نە قىلاي،
**بولمىسە قاشىمدە جانانە،** بۇ جاننى نە قىلاي.
يارسىز بادەسىز مەككىگە بارماق نېمەدۇر،
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي.
ئۆراپمۇ باشىمە سەككىز بېھىشتۇ دوزاخىن،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا، ئىككى جاھاننى نە قىلاي،
ئەرشىنىڭ كونگورىسىن[3] ئاستىگە قويدۇم ئاياغىم،
لامەكاندىن جاي ئالىپ، مەن بۇ ماكاننى نە قىلاي.
زەررەئى نۇرى قۇياشتەك بۇ جاھان ئىچرە تامام،
ئاشكارا بولمىسە سىمەرى نىھاننى نە قىلاي.

---

① غەمزە — جىلۋە، ناز.
② ساغەرۇ — مەي پىيالىسى.
③ كونگورە — قورغان تېمى ئۈستىدىكى دۈمچەكلەر.

بۇ خۇدادىن ئۆزگىسى بارچە غەلەتتۇر مەشرەبا،
كۆل ئەگەر بولماسە تىلىكىمدە، تىكانىنى نە قىلاي.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مىساللىرىمىزدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، شائىر «نەقشبەندىيە»لەرچە «بىر خۇدا»، «بىر رېئاللىقتىن» باشقا ھەممىنى رەت قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ مونىزىم ئامىللىرىغا بولغان قاراشلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئاتېئىزمغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەنە شۇ «نەقشبەندىيە»لەرچە پانتېئىستىك مونىزىم پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ئۆز زامانىسى — ئوتتۇرا ئەسىر ئاخىرىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى فېئوداللىزمنىڭ روھىي تىرىكىنىڭ مالايلىرىدىن بولغان زاھىد، شەيخلەرنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدۇ.

زاھىد سوپەت شەيخلەرنىڭ مەسچىد سەرى يورغۇسى،
قوللىرىدە تەسبىھى رىيا[1] تائەت قورغۇسى.
تىل بىرلە زىكىر ئەيتىپ، ئەھمەت دەۋرىن سورغۇسى،
ئانىڭ ئۈچۈن يارانلار ئەلدە ئىبرەت قالمىدى.

يۇقىرىقى مىسالدىكى شائىر تىلغا ئالغان «ئەھمەت دەۋرىن سۈرمەكچى» دېگىنى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۆز «ھېكمەت»لىرى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەڭ ئەكسىيەتچى ئەخمەت يەسەۋىچىلىكنى خەلقنىڭ ئېسىگە سېلىپ، رىياكار شەيخ، زاھىدلارنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. ياكى:

---

[1] رىيا ـ كۆز ـ كۆز قىلىش.

سەن ئى زاھىد نەسىھەتنى بۇگۇن مېھراب ئارا قىل،
جاھاندا كۆرمىدىم ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى.

مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانى «نەقشىـــبەندىيە» كۆز قارشى بىلەن جەمئىيەتكە ئېستېتىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

مەشرەپكە مەي سۇن، كىم سۇن قەدەھكە.
مەسچىد ئىچرە بۇتخانە بولدۇم.
........................................
مەن سالام قىلدىم ساڭا قىلغان ئىشارىتىڭ قېنى؟
مەردى ھەقنى بىلگەلى ئەمدى كارايىتىڭ قېنى؟
بولدى مەقبۇلىڭ سېنىڭ مەردۇتكە ئەمدى ئىنتىزار،
يەتمىش ئىككى بەھس ئەيتىپ ئالغان ئامانىتىڭ قېنى؟
ئىتمادى قال ئېتىپ قالدىڭ ئارا يوللاردا سەن،
تىنمايىن شامۇ ـ سەھەر قىلغان تىلاۋىتىڭ قېنى؟
يەتتە مەرتە ھەج قىلىپ، مالىڭنى سەن تاراج ئېتىپ،
دەستىگىرى ئاخىرەت بولغان ساخاۋىتىڭ قېنى؟
بەس تەكەببۇر ئەيلەدىڭ قالدىڭ لەئىن ۋابەستەسى،
فەتھۇ نۇسرەت تاپقالى قىلغان مۇناجىتىڭ قېنى؟
جۇملەرەنتى ئاخىرەت قىلدىڭ بۇ شەيتان ئەلچىسى،
دەفتەرى ئىشقىڭنى سەرپ ئەتكەن خىيالاتىڭ قېنى؟
مەشرەبى دىۋانە تەئىن ئەتمە خۇدا تەقدىرىغە،
ئەمرى پىرىڭ جابەجا قىلماققا غەيرەتىڭ قېنى؟

يۇقىرىقىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكـــى، شائىر يەنىلا نەقشبەندىيەچىلەرنىڭ پانتېئىستىك مونىزم يولى بىلەن ماڭىدۇ.
مەشرەپنىڭ دۇنيا قارىشى ناھايىتى مۇرەككەپ، بۇ ئۇ

ياشىغان ئۇتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ زىددىيەتلىك، مۇرەككەپلىكى بىلەن شەرھلىنىدۇ.

مەشرەپ نەقشىبەندىيە سوپىلار كۆز قارىشىدىن تاشقىرى، ئومۇمىي دۇنيا قاراش جەھەتتىن، يەنىلا ئېكىستانچى سوپىلار جالالىدىن رۇمى ئىزىدىن بارىدۇ. ئېكىستانچى سوپىلارنىڭ ئۆز ئىبادەتلىرى، ئەخلاقىي ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئاللا بىلەن بىرلىك ياساپ، ئەسلى ماھىيەت ئاللاغا قوشۇلۇپ ئاللا بىلەن تەڭ بولۇپ قىلىشى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمىنىڭ مەنپەئىتىنى جان تىكىپ قوغدىغۇچى مالايلار ۋە ئۇلارنىڭ چىرىك مەنۋىيىتىنىڭ بىرلىكى بولغان ئەڭ ئەكسىيەتچى سوپىلار گۇرۇھى مۇھەممەت ئەل غازالى، ئەخمەد يەسەۋىچىلىككە ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ مەنبەسى بولغان ماددىي مەنپەئەتلىرىگە زىت ئىدى. شۇڭا ئۇلار بايەزىدنىمۇ، مەنسۇر ھىللاجىنىمۇ، بابا رەھىم مەشرەپنىمۇ ۋەھشىيلەرچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى.

بابا رەھىم مەشرەپنى ئېكىستانچى سوپىلارنىڭ يىرىك ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ؛ ئۇ 39 يىللىق سوپىلارچە سەرگەردانلىق ھاياتى ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرى بىلەن ئۆزىنى ئاللا بىلەن بىرلىك ئورناتقان ۋە ماھىيەتكە قوشۇلغان ۋە «پانىي» بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئىسلام ئېتىقادى بويىچە ئاللا دەرگاھىدا بولغان ۋەقەلەرگە گۇۋاھلىق قىلىدۇ:

كىمگە سايەم تۈشسە بىر نۇرى يەقىن بولدى ھەم،
دەفتەرى روھىي قۇددۇسنۇرمەن زەبانىغا سىغمادىم.
دەۋزەخى سەقەرمەنەم، جەننەت ئىلە كەۋسەر مەنەم،

بىر ئۆزۈمدۇرمەن بۇ كۈن ھەفت ساماغە سىغمادىم.
بار ئىدىم نۇھ ۋاقتىدا غەرق ئەتمەدى توفانى ھەم،
مەھرەمى مۇسا بولۇپ، تۇرى سىناغا سىغمادىم.
ئەللىك يىل ئىسا بىلەن يۈردۈم ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ،
بائىسى بىر نۇقتىدىن، مەشرەپ زامانغە سىغمادىم.

ياكى:

ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم،
ھەق رەسۇل مىراجىغا چىققاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن خەلىل ئاتەشكە كىردى، ئوتنى پەرۋا قىلمادى،
ئوتنى بوستان ئەيلىگەن، گۈلشەندە مەن بىللە ئىدىم.
ھەزرىتى ياقۇپنى كۆر، يۈسۈپ ئۈچۈن قان يىغلادى،
تاجۇ - تەختى دەۋلەتىن قىسقاندا مەن بىللە ئىدىم.
زىكرىيانىڭ باشىغا ھەرە قويۇپ پارە ئەيلەدى،
زىكرى ھەقنى دىلغا جا قىلغاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن ئەنەل ھەق دېدىلەر، مەنسۇرنى دارغە ئاستىلەر،
قان بىلەن مەنسۇر يۈزىن يۇغاندا مەن بىللە ئىدىم.

دېگىنىدە، ئۇنىڭ ئىكىستانچى سوپىلارچە دۇنياغا قارشى ئوچۇق ئىسپاتلانغاندىن تاشقىرى، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ناھايىتى كۈچلۈك ماھارەت بىلەن يىغىنچاق ھالدا شېئىرىي تىل بىلەن قويۇق ھېسسىياتتا يۇغۇرۇلۇپ، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئىجادىي جەريانى ھاياتقا ئېستېتىك مۇناسىۋەت قىلىش جەريانى بولۇپ، ئۇ ھاياتنى بەدىئىي تەتقىق قىلىدۇ، نەتىجىدە، ھاياتى بەدىئىي رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بۇ بەدىئىي رېئاللىق يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. كىتابخان ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەرلەر يۈكسەك تالانت مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغىتىشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى مانا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقتى. بۇنى بىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە «تەسىرچانلىق» دەيمىز. تەسىرچانلىققا ئىگە بولمىغان ئەسەرنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. بۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بەدىئىيلىكمۇ دەپ ئاتايمىز.

مەشرەپنىڭ 39 يىللىق ھاياتىنى خار - زار، سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزۈشى، ھاياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۆكۈشى، فېئودالىزم ئىستىبداتىنىڭ ئەڭ مۇدھىش زىددىيەتلىرىگە دۇچ كېلىشى فېئودال سىياسىيسىنىڭ پۈتۈن يېقىن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوخشاشلا ياۋۇزلۇقى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ساختىلىق، يامانلىق خۇنۇكلۇكنىڭ پەردەكلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇۋاسىتە ھېس قىلىشىغا ئاساس بولدى. نەتىجىدە، ئۇ شۇ زامانغا نىسبەتەن ئىلغار سوپىلار ئېقىمى بولغان نەقشىبەندىيە مەيدانىدا تۇرۇپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئىنساني گۈزەللىكنى، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى ۋە بۇ دەۋردىكى ئىنسانىڭ قاراڭغۇ قىسمەت - تەقدىرىنى، قايغۇ ھېسلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن كۈيلەپ - پىشىپ كۈيلىگەن بولسا، يوقىرىقى ئىنسان قىسمەت تەقدىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پاك ئىنتىلىشلىرىنىڭ، ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ سوپى - زاھىدلار، سۇلتان - ھاكىملار، سۈتخور زالىملارنى قاتتىق پاش قىلىپ مەسخىرە قىلدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا III. ئەسىردىن باشلانغان دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ بېيىشىغا ۋە IIII. ئەسىر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە زور تۈرتكىلىك رول

ئوينىدى. بۇ «چىنلىق» نى بىز مەشرەپ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىيلىك دېگىنىمىزدە، بۇ چىنلىقنى ئۇ پەننىي ياكى پەلسەپىۋى تەپەككۇر يولى سىللوگىزملار بىلەن ئەمەس، بەلكى بەدىئىي تەپەككۇر يولى بىلەن تىپىك لىرىك قەھرىمانلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆز دەۋرىنىڭ سالماقدار مەسىلىلىرى بولغان ئىنسان ئازادلىقى، ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىگەن ئىنساپپەرۋەر ئىسيانكار قەھرىمانلاردۇر.

ھەر قانداق ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ماسلىقى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى بەدىئىيلىك دېگەن كاتېگورىيىگە كىرىدۇ. ئەسەردىكى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىقى يازغۇچىنىڭ ماھارىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىنىڭ ئۆلچىمى ئەسەر شەكىللىرىنىڭ پۈتۈن قىسمى ئەسەر ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈردىمۇ دېگەن مەسىلە بىلەن. ھەر بىر دېتال قانچىلىك يارقىن تەسۋىرلەنگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئېنىقلىقى دېگىنىمىز، ئاپتور غايىسىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئېنىق ۋە روشەن ئىپادىلەشتۇر. بۇنىڭ كونكرېت مەنىسى مەزمۇندا چۈشەنمەيدىغان جايلارنىڭ بولماسلىقى، شەكىلدە چۇۋالچاقلىق، خىرەلىك بولماسلىقى، بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق قوللىنىپ، ئاپتور ئىدىيىسىنى تولۇق، روشەن ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىقلا ئۇقۇپ ئالالايمىز. شەكىل مەزمۇننىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. بەدىئىي ئەسەرلەردە ھايات ئوبرازلاردا، ئوبرازلىق تەپەككۇردا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئوبرازچانلىق بەدىئىيلىك، بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھاياتنى بىلىش

ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاسىتىسى يەنى شەكلىدۇر. ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك ئەسەردە خاراكتېرلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلەر يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلەر بولسا ئەدەبىياتنىڭ تۈرى، ژانىرلىرىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئېپىك تۈرلەردە — كونكرېت ئەسەردە تىل، سۇژېت، كونفلىكت، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت مەنزىرىسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. لىرىك شېئىرىي ئەسەرلەردە شېئىرىي تىل، رىتىم، تۇراق، تۇراقنىڭ تۈرلىرى، مىسرالار، كۇپلېتلار ئارقىلىق ۋە شېئىرىي بۆلەكلەر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مەشرەپنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى بەدىئىيلىكنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى كامالىتىگە يەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى شېئىرىي بۆلەكلەر ئاپتور ئىدىيىلىرى ئۈچۈن تولۇق خىزمەت قىلىدۇ.

مەشرەپنىڭ قەھرىمانلىرى ئاساسەن لىرىك قەھرىمان. لىرىك قەھرىماننىڭ چوڭقۇر، نازۇك - قەلب تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرىنى شېئىرىي تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بەدىئىي تىلدىن تېخىمۇ روشەنلىك، راۋانلىق، يارقىنلىق ئورىگىناللىق، ئوبرازچان - قويۇق بوياقلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مەشرەپنىڭ بەدىئىي تىلى ئەنە شۇ يۇقىرىقى تەلەپلەرگە تولۇق جاۋاب بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرىي شەكىللىرى مەزمۇنغا تولۇق ماس كېلىپ، لىرىك قەھرىمان خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن. شۇڭا ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىيلىك چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن شائىر دېيىشكە بولىدۇ.

مەشرەپ شېئىرىيىتىدە ئوبرازچانلىق، ئۇنى شەكىللەندۈرىدىغان تىلدىكى بەدىئىي بوياقنىڭ قويۇقلۇقى، ئاددىي لېكىن ئاپورىستىك ئىملىلارغا بايلىقى ئالاھىدە كۆزگە

تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەرشىڭ كۆيەر ئاھىمدىن ئاڭلا بولسا قىيامەت،
ئىنسۇ - مەلەك يىغلاشۇر ئەيتۇر نىچۈك ئالامەت.
ھۆرۇ - غۇلمان بېھىشنىڭ ئەيتۇشۇرلەر نادامەت،
چىقسا ئوتۇم زەررەچە ھېچكىم قالماس سالامەت.

ياكى:

چۈشتى سەۋدائىي مۇھەببەت باشىمە،
ئار ئېتىپ مەردۇم[1] كېلۇرلەر قاشىمە.
مەن مۇھەببەت كويىدە قان يىغلادىم،
يەتتە ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمە.

مەشرەپنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ — ئارۇزنىڭ ھەزەج، رەجەز، رەمەل، خەفىف، مۇزارىئى، مۇنسار، مۇستەھزاد قاتارلىق شەكىللىرىدە شېئىر يازالىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت — ئارۇز ھەققىدە باي بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ چۈەر ماھىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىر شېئىر شەكىللىرىنىڭ قايسى بىرىدە شېئىر يازسۇن، ئۇنىڭ شېئىرىدىكى ئىزچىل، مۇستەھكەم تۇراقلار، قاپىيە ۋە رادىفلار، ئىنۋېرسىيىسىدىن تۇغۇلغان مۇزىكىلىق ۋە شېئىر مەزمۇنىدىكى خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ خەلق روھىغا مۇڭداش بولغىنى ئۈچۈن خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان. مەشرەپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن:

---

[1] مەردۇم — خەلق، ئامما.

كۆردۈم يۈزۈڭنى دىۋانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
تارتسام جاپالار ئۆلسەم كويۇڭدا،
تاپماي مەن ئانى جۇيانە[1] بولدۇم.

ياكى:

سەھەرلەر تولغانىپ تولغاقدە تاپقان بىر بالاڭ كەلدى،
يۈزى ئاقۇ قىزىل گۈلدەك شەھدى كەر بالاڭ كەلدى.
ئانادەك مېھرىبان قايدا، ئانادەك غەمگۇزار قايدا،
ئۇلاردەك ئىچ كۆيەر قايدا. غېرىب بولغان بالاڭ كەلدى.

ۋە باشقىلار...

ئۇيغۇر خەلق روھىيىتىنىڭ قامۇسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» دىن شائىر ئۆز ئىجادىدا ئوزۇقلانغان ۋە ئۇنى ياخشى بىلسە كېرەك. ئۇ:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئانىڭ كىم نالەسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.
مۇقالىپ ئالىپ مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغا سالسە، ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينى ۋە ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارى كىم پەردەئى بايادنى چالسام.
بايادى ھەق تەئالا يادىدە چالسام پەياپەي كىم،
كى كۆڭلى بىناۋا بولغانىنى بىلسەم، ناۋا چالسام.
كەل ئى مەشرەپ، قەدەھ سۇنغىل، بولايىن مەست مۇستەغرەق،
بىر ئېلىگە كاسەئى تەنبۇر، بىرىگە جامنى ئالسام.

---

[1] جۇيانە ــ ئىزدىگۈچى.

دەپ يازىدۇ. بۇندىن باشقا شائىرنىڭ نۇرغۇن تېكىستلىرى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»غا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىگە باقىي بولۇپ قالدى. شائىر بابا رەھىم مەشرەپ ئۆز ئىجادى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئاتاقلىق لىرىك شائىر گۇمنامنىڭ:

ناپىپ مەشرەپ پولىن، تەرىك ئەيلە زاھىدلىق پولىن گۇمنام،
ئەمەسمەن ماھىي تائەت، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپ مەن.

دېگەن مىسرالىرى تىپىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئۆزبېك شائىرى مەشرەپ ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئېستېتىك غايە، تېماتىكا، بەدىئىي ئۇسلۇب، شېئىرى تىل قاتارلىق جەھەتتىن بېيىتىپ، ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىمۇ يۇقىرىقى جەھەتتىن بېيىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ھەقلىق ۋە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئۇ شاھ مەشرەپ نامى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە «ئەۋلىيا» ھېسابلىنىپ ياشاپ كەلمەكتە.

# گومنام ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر ئاسمىنىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر لىرىكىسىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسىنى ياراتقان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى گومنامدۇر.

لىرىك دېگەن نېمە؟ — يۇنان تىلىدىكى «لىرىكا» سۆزى ئۇرلۇك چالغۇ ئەسۋابى «لىرا» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەنىسى «مۇزىكا جور قىلىنىپ ئېيتىلىدىغان شېئىرلار» دېگەن بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇ لىرىك شېئىرىيەت راۋاجلانغان دەۋرلەردىن خېلى كېيىن — تەخمىنەن مىلادىدىن ئاۋۋالقى Ⅱ — Ⅲ ئەسىرلەردە ئېلىن زامانىسى ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىستېمالغا كىرگۈزۈلگەنلىكى بىزگە تارىختىن مەلۇم. لىرىك قوشاقلارنىڭ مۇزىكا بىلەن جور قىلىنىپ ئېيتىلىش ئەنئەنىسى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، رىتىم قانۇنىغا تايانغان مۇزىكا، قوشاق (لىرىكا)، ئۇسسۇل ئىنسان ئىجادىي مېھنىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بىللە ياشاپ ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنى ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىقى سەنئەت تۈرلىرىنى مۇستەقىل ئۆز ئىپادە شەكىللىرىگە ئايرىغان باسقۇچقا يەتكۈزگەن دەۋرلەردىمۇ شەرق شائىرلىرى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن جور

قىلىپ ئېيتىپ كەلدى. مەدداھلار، ئاقىنلار ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ قوشاقلىرىنى چالغۇ ئەسۋابلىرىغا جور قىلىپ ئېيتىدۇ.

ئەمدى لىرىكىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىدىن ماھىيەتلىك مەنىۋى مەزمۇن يېشىمگە كەلسەك. ئۇلۇغ رۇس دېموكرات تەنقىدچىسى بېلىنىسكى «لېرمونتوۋ شېئىرلىرى» ناملىق ماقالىسىدە «شېئىرىيەت دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلىنىمۇ يورۇتۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى:

«شېئىرىيەت ـ بۇ ياشاشنىڭ يورۇق تەنتەنىسى، بۇ بىزنى گاھ ـ گاھ قامراپ ئالغۇچى ھايات سورورى. بۇ ئىختىراسلار ھالاۋىتى، تىترىكى، ئاۋۇنچ نوقتىسى، تۇيغۇلارنىڭ دولقۇنى ۋە بورىنى، مۇھەببەت تاشقىنى، زوق ـ شوق راھىتى، دەردكەش خىياللار تاتقى، ئازاب ـ ئىزتىراپلار لەززىتى، پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۆز ياشلار چاڭقىقى. بۇ ـــ قاياقلارغىدۇر كۆز يەتمەس، جازىبىدار يىراقلارغا پەرۋاز، ئۆزلۈكسىز ئىچكى تەلپۈنۈشلەر، بۇ ھەممە نەرسىنى قوچۇش، ھەممە نەرسىگە يېتىشنى كۆزلىگەن دائىمىي ۋە تۈگىمەس ئىشتىياق؛ بۇ قەلبىمىز كائىنات بىلەن بىر ئاھاڭدا تېپىپ، مەھلىيا كۆزىمىز ئۇنىڭدا يۈكسەك ھاياتنىڭ جىسمىسىز سايىلىرى، بىر يولىلا پەرۋاز ئېتىدىغان، قۇلىقىمىزغا بولسا پەلەكلەر ۋە دۇنيالار ئۇيغۇنلۇقى ئاڭلىنىدىغان ئىلاھىي قىزغىنلىق، بۇ شۇنداق ئىلاھىي قىزغىنلىقكى، ئۇنىڭدا يەر ساماۋى نور بىلەن پارلاپ، ئاسمان بولسا يەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ... پۈتۈن دۇنيا، ئۇنىڭدىكى ھەممە گۈللەر ۋە بوياقلار، تەبىئەت ۋە ھاياتنىڭ بارلىق شەكىللىرى شېئىرىيەت ھادىسىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ھادىسىلەردە، يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنى ھايات جىلۋىلىرى بىلەن جازىبىدار قىلغان نەرسە شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شېئىرىيەت ـــ بۇ ئادەم ھاياتىنىڭ تىرىك تومۇرى، ئۇنىڭ قېنى، ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى، ئۇنىڭ شولىسى ۋە

قوباشىدۇر.»

ئەدەبىياتنى ئىنسان مەنۇۋىيىتى دەپ قارالسا، لىرىكا مەنۇۋىيەتنىڭ مەنۇۋىيىتىدۇر، يەنى مېغىزىنىڭ مېغىزىدۇر. بۇنى يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن بېلىنىسكىنىڭ تەبىرى ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەمما ئومۇمىي بەلگىلىرى بىلەن ئۇ باشقا ئەدەبىي تۈرلەردىن كەسكىن پەرق قىلمايدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادنىڭ بىر تارمىقى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ شەكلى بولغىنى ھالدا، ئالەمنى كونكرېت ئوبرازلار، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىدە ئىنكاس قىلىدۇ. لىرىكا ھەم باشقا ئەدەبىي تۈرلەر (ئېپوس، دراما) قاتارىدا ھاياتنى ئۆگىنىدۇ ۋە ھايات ھادىسىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. ھاياتنى قايتا قۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئوبيېكتىپ ئالەم، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئوبيېكتى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ لىرىكا ئومۇمىي جەھەتتىن توپكى قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىن ئالغاندا سۆز سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرىغا رەگداش، ھەمنەپەس بولۇپ پەقەت ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنلا ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەر قانداق چاغدا ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا گەپ بولغاندا مۇنۇ ئىككى مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز:

بىرىنچى، ئىنساننى ئوراپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ ئالەم، چەكسىز ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات ئەدەبىياتنىڭ بىلىش، ئۆگىنىش ئوبيېكتى بولسا، ئىككىنچىدىن، ئالەمدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئىنسان ھاياتى ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بارلىق ئەدەبىي تۈرلەر، ئۇلارنىڭ ژانىرلىرى ئۈچۈن ئومۇمىي قانۇنىيەت. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن تەسۋىرىي ئوبيېكتكە نىسبەتەن نۇتۇقنى تەشكىللەشنى قانداق ئويۇشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، زامان ۋە

ماكانني قانداق گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. لىرىكا ئۆزىگە خاس ئوبراز. بىۋاستە ئىچكى كەچۈرمە شەكلىدە بىرىلگەن بەدىئىي پىكىر بىلەن ئىش كۆرىدۇ، شۇنىڭغا تايىنىپ نۇتۇقنى تەشكىللەيدۇ. ئەنە شۇنىڭغا مۇۋاپىق يوسۇندا زامان ۋە ماكانني گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئوبراز — ئىچكى كەچۈرمە لىرىكىسىنىڭ نېگىزىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئىچكى كەچۈرمە بەدىئىي ئىپادە ئۇچۇن ئۆز - ئۆزىچە مەقسەت بولىۋەرمەيدۇ. ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىتتا يۈز بەرگەن، مەلۇم ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئومۇملاشتۇرغاندىلا مەقسەتكە ئايلىنىدۇ.»[1]

بۇ بايانني بېلىنسكىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئايدىڭلاشتۇرىدۇ:

«بۈيۈك شائىر ئۆزى ھەققىدە، ئۆز ‹مەن› ى ھەققىدە گەپ قىلىدىكەن، ئومۇم ھەققىدە، ئىنسانىيەت ھەققىدە سۆزلەيدۇ. زاتەن ئىنسانىيەتكە خاس ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىيتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەم ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە ئۆز ھەسرىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز قەلبىنى تېپىپ ئالالايدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتىدە بولسا پەقەت شائىرنى ئەمەس، ئىنساننى، ئۆز قىياپىتى ۋە بۇرادىرىنى كۆرىدۇ».[2]

دېمەك، شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىسىدىن تۇغۇلغان لىرىك قەھرىمان «مەن»، «سەن»، «ئۇ» شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئادەم ئىچىدىكى ئادەم، تىپىك شەخسىيلىك قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ئېپوستا ئادەم ۋەقە، ھادىسە ئىچىدە كۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ ئېقىمىدا ئاقىدۇ. درامىدا ئىنسان ۋەقە ئۈستىدىن

---

① تىمافېيېۋ «ئەدەبىيات نەزەرىيە ئاساسلىرى»، رۇسچە نەشرى، 378 - بەت.
② بېلىنسكى «ئۈچ توملۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، 1 - توم، 671 - بەت.

ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قويىدا تۈرلىنىپ كۆرۈنىدۇ. لىرىكىدا بولسا ئىنسان ئۆز ھالىچە قالىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا: «تەقلىد قىلغۇچى ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئوبراز بىزگە ئىنساننىڭ ئەنە شۇ ھالىچە قالغاندىكى قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئورۇندا ئېپوستا ھۆكۈمران مەۋقەنى ئىگىلەپ، دىرامىدا مۇھىت ۋەزىيىتىنى ئۆتىگەن ۋەقە پۈتۈنلەي يوقالمايدۇ. ئۇ ئېرىپ لىرىكىنىڭ تەن - تېنىگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاھاڭلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر پەيتلىرى بىر جاراڭلىق سادا بېرىپ تۇرىدۇ. لىرىكىدا ھېس بىلەن پىكىر بىر - بىرىگە شۇنداق كىرىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېغىز قاتلاملىرىغىچە ئۆتۈپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا لىرىكىدىكى ھېس بىلەن پىكىرنىڭ بىرلىكىنى ‹ئېھتىراسلىق پىكىر›، ياكى ‹پىكىر ئېھتىراسى› دەپ ئاتايمىز.»

ئۇنداقتا لىرىك كەچۈرمە قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ؟

«دۇنيانى ۋە ھاياتنى ھەرىكەت قىلدۇرغۇچى كۈچلەر بولغان ھەممە ئومۇمىي نەرسە، ھەممە سۇبستانسىيىگە ئائىت نەرسە، ھەر قانداق ئىدىيە، ھەر قانداق پىكىر لىرىك ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولالايدۇ. لېكىن بۇ ئومۇمىي نەرسە سۇبيېكتىپنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىچكى نەرسىسىگە ئايلىنىشى، ئۇنىڭ سەزگۈسىگە كىرىشى، ئۇنىڭ بىرەر تەرىپى بىلەن، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇدىيىتى بىلەن باغلانغان بولۇشى شەرت.»

بېلىنىسكى بۇ پىكرىنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرۇپ «كىشىنى مەشغۇل ئەتكەن، دولقۇنلاتقان، شادلاندۇرغان، قايغۇغا سالغان، زوقلاندۇرغان، تىنچلاندۇرغان، ھاياجانلاندۇرغان نەرسىلەر نېمىلەر بولسا، قىسقىسى، سۇبيېكتنىڭ مەنىۋى

هاياتنى تەشكىل قىلغان ھەممە نەرسە — سۇبيېكت ئىچىگە نېمە كىرسە، ئۇنىڭدا نېمە پەيدا بولغان بولسا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى لىرىكا ئۆزىنىڭ قانۇنىي بايلىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ماۋزۇ بۇ يەردە ئۆز - ئۆزىچە قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ھەممىسى سۇبيېكتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئەھمىيىتىگە باغلىق، ھەممە نەرسە خىيال ۋە سەزگۇ بىلەن ماۋزۇغا كىرگەن روھقا باغلىق، مەسىلەن: شائىرنىڭ كىتاب ئىچىدىن تېپىپ ئالغان، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان گۈل قانداق ماۋزۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ پۇشكىننىڭ لىرىك ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى، ئەڭ نەپىس، ئەڭ مۇڭلۇق بولغان بىر ئەسىرىنى يارىتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.» ①

لىرىكا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقى دائىرىدىكى ھاياتنى لىرىك ئوبراز - لىرىك خاراكتېر (لىرىك قەھرىمان) لار بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنداقتا لىرىك خاراكتېر دېگەن نېمە؟

زاماندا ھەم، ماكاندا ھەم چەكسىز بولغان ماددىي ئالەم ھەر قاچان، ھەر نەپەستە ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، خىلمۇ خىل قىياپەتلەردە تاۋلىنىپ، ئۆز ماھىيىتىنى رەڭمۇ رەڭ شەكىللەردە نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ چەكسىزلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى چەكسىز رەڭگارەڭلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. زاتەن چەكسىز رەڭگا رەڭلىك ماددىي ئالەمنىڭ ھاياتىي خۇسۇسىيىتىدۇر. ئالەم ئىچىدە ئۆزىنى يەنە بىر ئالەم ھېسابلىغۇچى ئادەم يەنە شۇ چەكسىز ماددىي رەڭگارەڭلىكنىڭ قارشىسىدا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چەكسىز رەڭگارەڭلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇ رەڭگارەڭلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇ مەنىدە

---

① بېلىنسكى «تاللانما ئەسەرلىرى»، 184 - 185 - بەتلەر.

خاراكتېرلەرنى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ چەكسىز رەڭگارەڭ دۇنياسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. خاراكتېرلەر ئىنسان مەنىۋى ھاياتىنىڭ چەكسىز رەڭگارەڭلىكىنى نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە خاس باغلىنىشلىق ۋە مۇتاناسىپلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

ئەدەبىياتنى «ھايات دەرسلىكى» ئىنسانشۇناسلىق پىنىگە ئايلاندۇرغان ئاساسىي نەرسىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرلەر دۇنياسى ئىكەنلىكىدىدۇر. لىرىك خاراكتېر بولسا ئىجادكارنىڭ مەلۇم بىر غايىنى ئىدراك ئېتىشىدىكى ئۆزىگە خاس قارىشى، ئۆزىگە خاس مۇناسىۋىتى، ئۆزىگە خاس قىياپىتى دېمەكتۇر. ئەنە شۇ ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەت، ئەنە شۇ سۇبيېكتىپ تونۇش بولمىغان جايدا لىرىك خاراكتېرنى ئىزدەشكە ئورۇن قالمايدۇ. مەلۇمكى ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭ ھايات شەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلانغان پىكىر ۋە تۇيغۇلاردا نامايان بولىدۇ. لىرىكا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ پىكىر ھېسسىي ئامىللىرىغا ئاساسلىنىپ، كىشىنى ھاياجانغا كەلتۈرىدىغان تولۇق، جانلىق خاراكتېرلەر يارىتىدۇ.

لىرىكا ئالەمنى ئوبراز خاراكتېر كەچۈرمىشلىرى ۋاسىتىسى ئارقىلىق يارىتىدىكەن، خۇددى شۇنىڭ تەقەززاسى بىلەن چوڭقۇر ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئىپادىلەرنىڭ چوڭقۇر ۋە ھاياجانلىق بولۇشى لىرىكا قىياپىتىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم قىياپەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەت لىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئادەتتە ھەجمى ئىخچام بولۇش، كىچىك ھەجىملەرگە چوڭ مەزمۇننى سىغدۇرۇشنى بىلىش قاتارلىق تەلەپلەرگە ھەقىقەتەن ماس چۈشىدۇ. بەدىئىي ئىپادىنى مەزمۇنەن قويۇقلاشتۇرۇش، ئۇنى ھېس - ھاياجانلارغا يۇغۇرۇش ئۈچۈن لىرىكا سۆز ساھەسىگە تايىنىدۇ ۋە شېئىرىي شەكىللەرگە

مۇراجىئەت قىلىدۇ. لىرىكىدا سۆز ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، ئېنىقلىق نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ.

«مىتتىي يۇلتۇزلار چوڭ يۇلتۇزلاردىن ئۆز تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ زىچلىقى، جىپسىلىقى بىلەن پەرق قىلغىنىدەك، لىرىك ئەسەردە سۆز نۇرغۇن توملۇق ئېپوپېيەلەرگە قارىغاندا قويۇقلۇقى، مەنىدارلىقى، ئاھاڭدارلىقى، ئۇرغۇ، پائۇزا، بوغۇم تاۋۇشلىرى بىلەن پەرق قىلىدۇ.»[1]

ھەقىقىي شېئىردا ھەر بىر سۆز شەكىل، رەڭ، بوياق جەھەتتە سالماق ۋە ئاھاڭغا ئىگە. شائىر ئۇنى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قەلب تارازىسىدا سالماقلاپ، قەلب قۇلىقىدا جاراڭلىتىپ ئىشلىتىدۇ. ئاددىي سۆزلەردىن سۆز ساھىبىگە، ئۇنىڭدىن سۆز سەنئەتكارىغا كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى... قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. لىرىكىدا سېھرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بۈيۈك شائىرلارغىلا مۇيەسسەر بولىدۇ.

لىرىكىنىڭ ئەنە شۇ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگەن گومنام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا لىرىكىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن بىرىنى ئىگىلىدى.

شائىر ماھارىتىنىڭ بۇ ئۇتۇقى ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىپ، ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن ئەرەب، پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز يېزىقىدا قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى، جۈملىدىن ئومۇمىي شەرق تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئۇتۇقلارنى ئىلمىي ھالدا ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، «گومنام»

---

① «قىسقىچە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيىسى»، رۇسچە نەشرى، 212 ـ بەت.

شائىرنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىكەنلىكى ئېنىق. شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار تېخى يورۇق دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. پەقەت شائىر ئۆز ئېغىزى بىلەن:

ئاتام ئاتى خوجەم قۇلى خوجەدۇر،
زاھىرى قۇل ھەقىقەتتى خوجەدۇر.

دېگەن ئىقرارنامىسىدىن ئاتىسىنىڭ خوجام قۇلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىسىم شائىر ھىرقەتنىڭ ئاتىسى بىلەن «ئاتداش» ئىكەنلىكى راست. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات قويۇشىدا بۇنداق تاسادىپىيلىق نورمال ھادىسە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

شائىر گومنامنىڭ «دىۋانى» غا توپلانغان شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك غايىسى، شېئىرىي تىلىدىكى ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقلار، بالاغەتكە يەتكەن لىرىك ماھارەت ئۇنىڭ شائىر «ھىرقەتى» ئەمەسلىكىنىڭ ناھايىتى چوڭ تەۋرەنمەس پاكىتىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەشرەپ «دىۋانى» غا كىرىپ قېلىشىنى ئۆز زامانىسىدىكى خەتتاتلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ قەشقەر رادىفلىق 26 ـ غەزىلىدىن:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گومنامنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فەزا[1] ھەر سەبزە زارى كاشغەر.

---

[1] فەزا — ئىشرەت يوكسەلگەن، ئىشرەت ئەۋج ئالغان.

ياكى ئۆنىڭ 28 - غەزىلىدىكى تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن:

نە ھاجەت ھەججىي ئەكبەر[1] كاشغەر ئىچرە مازارىم بار،
زىيايى چەشمىمە[2] خاكى دەرىدىن سۈرمە زارىم بار.[3]

دەپ كۆيلىشى ئۆنىڭ يۇرتى قەشقەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئۆنىڭ ئۇستىگە پۈتۈن غەزەللىرىدىكى قەشقەر شېۋىسىگە خاس تىل خۇسۇسىيەتلىرى يۇقىرىقى پاكىتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. ئەمما شائىرنىڭ قاچان تۇغۇلغان، قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ھازىرچە قولىمىزدا پاكىتلىق ماتېرىيال يوق. ئەمما شائىرنىڭ «مەشرەپ مەن» رادىفلىق 80 - غەزىلىدىكى:

تاپىپ مەشرەپ يولىن، تەرىك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گومنام،
ئېمەسمەن چىزى تائەت مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپ مەن.[4]

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۆنىڭ مەشرەپتىن كېيىن ئۆتكەنلىكى، ياكى ئۆنىڭ بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە قاپىيىسىنىڭ ئاخىرقى ھەرپىگە قاراپ ئەرەپ ئېلىپبەسى تەرتىپى

---

① ئەكبەر — ئۇلۇغ ھەج، ئۇلۇغ جاينى ھەج قىلىش.
② چەشمىمە — كۆز روشەنلىكى.
③ يۇقىرىقى نەقىللەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.
④ مەشرەپنىڭ ياشىغان يىلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئوخشاش ئەمەس، 1951 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى (9 - سىنىپلار ئۈچۈن) دا 1657 - 1711 - يىللار دېيىلسە، 1979 - يىلى ئابدۇرەشىت غوپۇروۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» دېگەن كىتابچىدا (1640 - 1711) دېيىلگەن. نىياز خوجا مىگبېگى «دىۋانى مەشرەپ» تە 1643 - يىلى تۇغۇلغان دېيىلىدۇ.

بويىچە تۈزۈلگەن، تولۇق بولمىغان «دىۋانى» يېتىپ كەلگەن. بۇ دىۋاندا 85 غەزەل (بۇنىڭ ئىچىدە 17 ـ ۋە 40 ـ غەزەللەردە كۆچۈرۈلگەندە تاشلاپ كېتىلگەن ۋە سىياھ تۆكۈلۈپ ئۆچۈپ كەتكەن مىسرالار بار)، ئىككى مۇخەممەس (بۇنىڭ بىرى باش تەرەپتىن كەم، بىرىدە گۇمنام تەخەللۇسى بېرىلمىگەن)، 25 رۇبائىي، 198 مىسرا تەرجىئى بەند بولۇپ، بۇنى شائىرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك دۇردانىلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## گۇمنام شېئىرلىرى توغرىسىدا

گۇمنام شېئىرىيىتىنىڭ باش ئىدىيىسى، بەدىئىي خۇسۇسىيىتى سوفىزمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى مۇھەممەت ئەلغازالى ۋە ئەخمەت يەسەۋىچىلىك پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، ئەدەبىياتتا «تەڭرى مەركەزلىك» ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭغا قارشى ھالدا، دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇداتنى سوپىلارچە ئەمەس، مۇنىسىنىڭ ھالدا مۇشائىرە قىلىپ، بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە. ئۇنىڭ سوفىزم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «مەشرەپ مەن» رادىفلىق 80 ـ غەزىلىدە ئەكس ئەتكەن.

> تاپىپ مەشرەپ يولىن، تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام،
> ئېمەسمەن ماھىي تائەت مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپ مەن.

دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يەسەۋىچىلىك تەركىدۇنياچىلىقىنى رەت قىلىپ، مەشرەپنىڭ ئىسيانكار روھىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۇمنام ئۇمۇم دۇنيا قاراش جەھەتتىن

سوفىزمنىڭ ئەڭ ئىلغار گۇرۇھى نەقشىبەندىيەلەرنىڭ پانتېئىستىك ۋە مونىستىك قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا بىڭدۈرگەن ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن ئىجاد يولىنى يىرۇتىدۇ.

ئۇ ئىنساننى، ئىنساننىڭ ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىن بىرى بولغان پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى، ئىنسانىي گۈزەللىك، ئۇنىڭ كونكرېتنى تەرەپلىرىنى ئەڭ نازۇك، ئەڭ چوڭقۇر ئىنسانىي ھېسسىيات بىلەن سىزىپ، ئۇنى بەدىئىي تىلنىڭ سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق باسقۇچلىرىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بەدىئىي ئەدەبىيات سۆز سەنئەتكارى سۈپىتىدە شۇ تىل بىلەن لىرىك خاراكتېرلەر يارىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى لىرىكىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن بىرىنى ئىگىلىدى.

ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسانغا مۇنداق باھا بېرىدۇ:

زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گۆۋھەرى يەكتانىدۇر،[1]
چۈنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە[2] تۈزەتكەن خانەدۇر.

شائىر ئىجادىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت تەشكىل قىلىدۇ. مۇھەببەت كونفىلىكتى، ماركس ئېيتقاندەك، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى كونفىلىكتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مۇھەببەت خۇددى بىر دانىشمەن ئېيتقاندەك ئۇ ئاددىي ۋەدە بېرىش ئەمەس، بەلكى ئېغىر خىزمەتتۇر. مۇھەببەت سۆيۈش، كۆرەش قىلىش، باشقىلارنىڭ بەختىي ئۈچۈن ئىشلەشتىن دېرەك بېرىدۇ. يالقۇنلاپ يېنىش، گۈزەل غايە ئۈچۈن بارلىق زېھنىنى تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

---

[1] يەكتانە — بىردىنبىر گۆھەر.
[2] نەقدىغە — ئىشق بايلىقى، ئىشق ئاقچىسى.

شائىر ئىجادىدىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ كونفىلىكتى ئۇنى بەدىئىي لىرىك خاراكتېرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈپ، يۇقىرىقى نەزەرىيە ئاساسىنى بەدىئىي ھالدا ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنە ئوبراز «گۈزەل يار» ئوبرازىدۇر.

شائىر گۈزەل يار قىياپىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

زۇلفىئىرور شىكەن-شىكەن،[1] كىم يۈزىدۇر چەمەن-چەمەن،
كىرپىكىدۇر تىكە - تىكەن، لەئلىدە چەشىم جارىدۇر[2]
ئاي بىلە كۈندىن ئىستەمەس رۇۋشەن ئىتەرگە كۆزلەرىن،
كىم ئىتى باسقان ئىزلارى ھۆسنىن ئىبلى سۇرمە زارىدۇر.[3]

ياكى:

قەددىڭ گۈلبۇن، يۈزۈڭ گۈل، قاشلارىڭ سوسەن، كۆزۈڭ بادام،
ئېكىشى بىر توپ شەجەردە تاپمادى گۈلزار مەن ياڭلىغ.

ياكى:

تېشىڭ دۇررى، لەبىڭ لەئلى، خەرىدارىغە ئانداغكىم،
قۇلاق ئىرمەس يۈز ئۆزرە ئانى ۋەزىن ئەيلەرگە مىزانىدۇر.
سىپەند[4] ئېرمەس ئوت ئۆزرە ئول سەنىڭكى دانەئى خالىڭ،
ئەسرىڭ بەند ئەتمەكلىككە ئول بانى زەنەخدانىدۇر.

بۇ جايدىكى يار گۈزەللىكىنى ناھايىتى نازۇك ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن، ئىنتايىن قويۇق بوياقلىق تىل بىلەن كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈشى، ئەمەلىيەتتە ئىنسان گۈزەللىكى

---

① شىكەن — بودۇر - بودۇر.
② جارىدۇر — ئاققۇچى، ئاقىدىغان.
③ سۈرمىزارلىق.
④ سىپەند — قاراۋۇللۇق قىلغۇچى.

ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. چۈنكى ئەدەبىيات «ئىنسانشۇناسلىق» پېنى بولۇپ، ئۇ ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى، ئۆزىگە يىغقان تىپىك خاراكتېر دۇنياسىنى يارىتىدۇ. تىپىك خاراكتېر ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ بىرلىكى، ئىنسان ئېچىدىكى ئىنسان، پېرسوناژلار ئېچىدىكى پېرسوناژ، بىر كىشى ئۈستىدە يىغىنچاقلانغان ئىنسانىيەتتۇر. شۇڭا بۇ جايدىكى گۈزەل يار قىياپىتى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ تىپىكلەشكەن سۈرىتى بولۇپ، شائىر ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشىدۇر.

شائىر يارانقان لىرىك قەھرىماننىڭ نەزىرىدە ئەسلى گۈزەل يارنىڭ ماھىيىتى بولغان ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىك بىر گەۋدە بولۇپ بىرىكىپ كېتىدۇ:

قوفلى دىل[1] فەتھىغە[2] ئەبرو دىلكۇشايىڭدۇر سەنىڭ،
ئۆلمەكىم قەسدىدە چەشمى غەمزەدايىڭدۇر[3] سەنىڭ.
جان ئارا ئىشقىڭ گۈلىنى تازە ـ تازە ئەيلىگەن،
كىم مەسھامىسىل زۇلفى ئەتىر سايەڭدۇر سەنىڭ.
دەۋزەخى ھىجران ئازابىدىن خەلاسىم ئىستەسەم،
جەننەتىم خۇرشىدى ھۆسنى خۇش نەمايىڭدۇر سەنىڭ.
سۆزى ئىشق جانىمە سۇر، ساچقالى راھەت ئۈچۈن،
جويبارى لوتق لەفزى خۇش ئەدايىڭدۇر سەنىڭ.

ياكى لىرىك قەھرىمان نەزىرىدە يار گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇۋېتىلىدۇ.

---

[1] قوفلى دىل — دىلنىڭ قۇلۇپى.
[2] فەتھىغە — ئېچىش.
[3] غەمزەدا — غەمنى كەتكۈزگۈچى، غەمنى باسقۇچى.

ئول ئاي روخسارىڭامەي ئەرغەۋانى[1] خوپ ياراشۇپتۇر،
ئانىڭ تەسىرىدىن كۆن چەشمەسىغە ئوت تۇتاشىپتۇر.
خەيال ئەتتىم يۈزىن. باشدىن - ئاياغىمغە تۇتاشتى ئوت،
ئەجەبتۇر تىرە تۈندە چىقمايىن كۈن شۇئلە تاشىپتۇر.
باقالماس دىلبەرىمىنىڭ يۈزىگە خۇرشىد يۈزلۈكلەر،
خىجالەتتىنمۇ ياكىم كۈنگە باقسا كۆز قاماشىپدۇر.
ئىرورمۇ باغدا گۈل يا تاغدا لالە يا نىگار ئۆتكەچ،
قىلۇردا سەير باغۇ دەشتىنىڭ باغرى قاناشىپدۇر.
قاچار كۈن چىقسا ئاي ئەختەرلەر ئۆزىن ئاشكارا ئەتمەس،
ئانىڭدەك دىلبەرىم بىلە قەيى خوبلار تاقاشىپدۇر.
مىنىڭ يارىمغا باغلانغان يەنەغە كۆز ئۆچىن سالماس،
پەرىيۇ ھۆرغە ئايغىل قەيى ئاشىق ئۇناشىپدۇر.
مەلامەت قىلدىلەر يۈسۈفنى كۆرمەي ئىل زۈلەيخاغە،
نىقاب ئېچىرە يۈزىن كۆرمەي قولىن قانغا بوياشىپدۇر.
يۈزىدىن پەردە ئالىپ چىقسە ئول مىھرى دەرەخشانىم،
فەلەك ئەختەرلىرىدەك خوبلار ھەر يان تاراشىپدۇر.
جەھانغە شەمئى تولسە، چىقماسا كۈن، تىرەلىك كەتمەس.
بۇ رەڭ ئالەمگە ئەي گومنام جانان نۇرى تۇتاشىپدۇر.

بۇنى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئاجايىپ سۈرىتى دېيىشكە بولماسمۇ؟ بۇ ئىنساني گۈزەللىكنى چوڭقۇر ئىنساني ھېس بىلەن سىزىپ، ئەقلىي كۈچ بىلەن گەۋدىلەندۇرۇش ئەمەسمۇ؟

ئىنسانى ئىنسان قىلىدىغان چىن ئىنساني مۇھەببەتتۇر، ئۇ ئىنسانغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ بېغىشلايدۇ. پەرھاتنىڭ تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلغان كۈچ غەيرىتى (گەرچە رومانتىك بولسىمۇ) ئۇنىڭ شىرىنغا بولغان چىن مۇھەببىتىدىن

---

(1) ئەرغەۋانى قىزىل رەڭلىك.

توغۇلغان ئەمەسمۇ؟

گومنام لىرىك قەھرىمانى مۇھەببەتنىڭ ئەنە شۇ رېئال سىھىرلىك كۈچىنى ئۆز شەخسىيىتىدە مۇنداق سىزىدۇ:

نۇن ئىچىدە نۇقتىدېك كۆڭلۇمدە خالىڭ داغى بار،
بىر قەفەس ياڭلىغ ئىرۇر كۆڭلۇم ئىچىدە داغى بار.
نۇن دېدىم كۆرگەچ يۇزۇڭ، ساچىڭ قاراغى نۇقتە خال،
يا كۆڭۈل مۇرغىغە نۇن شەكلى بىلە قىسماغى بار.
داغ قويدى نىش ئۇرۇپ جەللاد چەشمىڭ كۆڭلۈمە،
بولمادى دافىئى ئەگەرچە جىسمدىن ئولپاغى بار.
ئىھتىراز ئەيلەپ قۇتۇلماغلىق نە ئىمكاندۇر ماڭا،
كىم زەنەخداندەك چەھى ئەنبەر ساچىدىن باغى بار.
كۆزلەرىڭ سەييار، ھۆسنىڭ بىر چەمەندۇر كۆڭلۈمە،
مېھرىڭ ئانداغ قۇش ئىرۇر مىنقار، نې تىرناغى بار.
دايىما ئۆرتەر مەنى ئول يۈز نە ئۆچمەس شەمئى ئېر.
لەھزە ئاقىپ تىنماغان كۆز چەشمەسىدىن ياغى بار.
پۈتمەگەن ھېچ باغدىن يەتمەي ئىلىك، باسماي ئاياغ،
مەينى گومنامىڭغە لەئلىڭ جامىدىن قويماغى بار.

لىرىك قەھرىمان مۇھەببەتنىڭ سىھىرلىك كۈچىنى ئۆزگە قەست قىلىدىغان ياۋۇز دۈشمەندىن ئۈستۈن قويىدۇ.

چەمەندە گۈل فەلەكتە ئەختەر ئىرمەس، قان يوتۇپ ئەفغان،
يۈرەكدۇر، يەرو ـ كۆكدىن ھۆسنىڭ ئاختارغان نىگاھىمدۇر.
رەقىبلەردىن غەمىم يوق بەرسە راھەت غەمزەئىي چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم ئۇرارغە كىرپىكىڭ خەيلى سىپاھىمدۇر.

يوتۇردۇم جانۇ كۆڭلۈم بىگۇمان سىندىن گۇمان ئېتتىم،
سۆڭگەندەك تاپىپ گۆھەر شەكەرخەندىڭ گۇۋاھىمدۇر.

لىرىك قەھرىمان مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچىگە سوپىلارچە يەسەۋىچىلىككە قارشى ھالدا پانتېئىستىك ۋە مونىستىك قاراش بىلەن يېقىنلىشىپ، ھەتتا «تەڭرى» نىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ.

تەڭرىنىڭ كۆزۈڭ قارىسىدەك بەلاسى بارمىكىن،
كىرپىكۇ قاشىڭغە ئوخشە ئوقۇياسى بارمىكىن.
ھەر نەزەر قىلغاندا تېگىدى كۆڭلۈمە مىڭ يەردە ئوق،
بىر ھەدەپنىڭ خەستە كۆڭلۈمدەك ياراسى بارمىكىن.

گۇمنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى «گۈزەل يار» ئىشقىنى غازالى ۋە يەسەۋىچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى ھالدا، ئۇلارنىڭ زاھىدلىق، تەركىدۇنياچىلىق، مەۋھۇم جەننەت ۋە ئۇنىڭ كەۋسەر، ھۆر - پەرىلىرىگە قارشى ھالدا كونكرېت ئىنساننى چۈشىنىپ دۇنياۋى ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتىدۇ:

زوھد ئەھلى جەننەت بىلە كەۋسەر سۆيىن قىلسە تەلەپ،
بىزگە ئول گۈل غۇنچەسى ئىچرە شەرابى نابى بار.
بىز ئېمەس جەننەت تەلەپ نە ۋەجىدىن شاد ئولمالى،
كۆن يۈز ئۆزرە قوش ھىلال ئىچىدە ئىشرەت بابى بار.
ئىلىگە بەشىدۇر بىزگە فەرز ئولدى سەلەۋات دايىمۇن،
كىمكى سەندەك قىبلەۋۇ قاشىڭ كەبى مېھرابى بار،
ئېل ئىلىندى كۆرمەيىن ھۆر ئىلە جەننەت بەندىغە.
كىمكى ھۆسنىڭ دامى، خالىڭ دانى لەئلىڭ ئابى بار.

تۈشتى چىقماس، لەھزە تىنماس ھەجرى بىپايان ئارا،
ئېلىگە تۈز ئۇلىسە نەسىپ، گومناغە گىردابى بار».

گومنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى زاھىدلارنىڭ «ئاللا»غا بولغان ئىشقى بىلەن چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئىشقىنىڭ، زاھىت بىلەن چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئاشىقلىرىنىڭ يۈنىلىشىدە كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان زىددىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىككىسىنىڭ ئىككى خىل ئادەم، ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتى بىر-بىرىگە زىت، تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ۋەقە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ:

ھۆر، پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزىبى نەزەر.
بىر نەزەردە قول قىلۇر چەشمى سىياھى ئۆزگەدۇر.
زوھىد ئېلىدىن ئىشق ئېلى ھەرگىزدە كۆز تۇتماس پەناھ،
بۇ نەزەرباز ئەھلىنىڭ پۇشتى پەناھى ئۆزگەدۇر.
زىرىھۇ قالقان كىرەك ئىسلام بى دىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىستەر سەلاھى ئۆزگەدۇر.
لەھزە-لەھزە ئارتادۇر دەردۇ ئەلەم گومنامغە،
ھەر نەفەستە بۇ ستەمدىن ئۇرغان ئاھى ئۆزگەدۇر.

ياكى:

ئىستەسەڭ ئىشق ئەھلىنى دەردۇ بالادا ئىستەگىل،
زوھىد ئېلىن مەسچىتدە ۋۇ تەسبىھ رىيادا ئىستەگىل.

زاھىتلارنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە روھىي تىرەك بولغان، دىنىي نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان رىياكار — ئىككى يۈزلىمە، پەسكەش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان گومنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكىتى، ئىمان-

ئېتىقادىنى رېئال ئىنسانىي چىن مۇھەببەتكە بېغىشلاپ، زاھىت ئەھلىنىڭ ئىنسانىيەتنى ئالداپ ئىسلامىيەت قۇللۇقىغا باغلاپ بېرىدىغان مەۋھۇم ـ يالغان ئېتىقادىغا قارشى قويۇپ، زاھىت ئەھلىنى قاتتىق مەسخىرە قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ:

يوق ئەردى سەجدەگەھىم ئىچرە تاقى ئەبرۇيۇڭ،
قاشىڭ كۆرۈنسە نەمازىم بارى قەزا قىلايىن.
كى ساقىيا كەرەم ئېت بادەنى فەنا بولايىن،
نەچە ۋەرەئى ئېلىدەك ئۆزىنى خۇد نەما قىلايىن.
كى ئەھلى زوھىد قىلۇر تاڭلا ئىشرەتى جەننەت،
تەمۇغ ئارا نەچچە مەيخانەلەر بىنا قىلايىن.

گومنامىنىڭ لىرىك قەھرىمانى يەسەۋىچىلىكنىڭ «تەڭرى مەركەزلىك»، «تەڭرىگە ئىشق»، «تەڭرى گۈزەل» لىكىگە قارشى ھالدا «ئىنسان مەركەزچىلىك»، «ئىنسانغا مۇھەببەت» رېئال ئىنسان گۈزەللىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوفىزمنىڭ يەسەۋىچە مەۋھۇم تەڭرى ۋاھىداتىغا قارشى ھالدا ئىنسانىي مۇھەببەت ۋاھىداتىنى قويۇپ سوفىزم دۇنيا قارىشىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئەسىر پانتېئىستىك، مونىستىك قارىشىنىڭ خېلى ئىگىز چوققىسىغا كۆتۈرۈلىدۇ:

سەمەد بۇرى ئاياندۇر ئەي سەنەم مېھرى جەمالىڭدىن،
نەچۈككىم توخىم ئەسلى ھاسىل ئولدى نەۋنىھالىڭدىن.
قەمەردەك شەپ فۇرۇز ئولدۇم، بۇ جىسمىم لەمئەئى تۇشكەچ،
فەلەك خۇرشىدى ياڭلىغ تاكى ھۇسنى بى زەۋالىڭدىن.
ئىكەنسەن ئەۋۋەلۇ ـ ئاخىر ھەم ئۇق سېن باتىنۇ زاھىر،
ئۇزۇڭ سىرئات ئارا نازىر. نەچۈك سۆز دەي مىسالىڭدىن.
چۈمۇپ مەن بەھرى ۋەھدەتكە، بىلەلمەم باش ئاياغىمنى،

پىراقىڭ قايسى مەنكىم بىخەبەرمەن جۇز ۋىسالىڭدىن،
ئۇتۇن گەر نەچچە ئەلۋاندۇر، كۆيۈپ ئوت بولسا يوق پەرقى،
ئەدەد مەندۇم ئولۇر ئول ئوت كەبى سوزۇ جەلالىڭدىن.
ئۇنەر ھەر سەبزەۋۇ ئەشجار ئەگەر ھەر نەۋئىدۇر يەردىن،
بولۇر ئاخىر فەنا دەير ئىچرە سۇنئى بى مەلالىڭدىن.
ئىككى قاشىڭ ئىشارەت قاب قەۋسەين ئەتتىھادىدۇر،
بۇ ئايەت مەنىسى فەھم ئولدى تەئلىم ھىلالىڭدىن.
كۆزىڭ ئۆلتۈرسە لەئلىڭ بەردى جان، ھەر كىم سەنى سۆيسە،
بۇ ئىبردى تاپتى جان جانىم سەنىڭ ئابى زۇلالىڭدىن.
قەيى دىلغا ئىرادەڭ تۈشتى قويدى لالە ياڭلىغ دىل،
كىشى سادىق ئىمەس ئىشقىڭدا زىللەت يەتتى خالىڭدىن.
ھەنۇز ئول ئەۋۋەلى ئىشق ئىبردى ئادەم كەچتى جەننەتتىن،
بۇ مىھنەتتىن مۇھەببەت دەۋلەتى يەتتى خەيالىڭدىن.
بەقە تاپتى فەنادىن ئىمدى ئۆلمەك مۇمكىن ئىرمەستۇر،
بۇ گۇمنام لى مەئەللا ۋاقتىنى تاپدى كەمالىڭدىن.

بۇ غەزەلدىن تۇغۇلغان، يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن كۆز قاراشنى شائىر ئىجادىيىتىدىكى تۈپكى، يېتەكچى ئېستېتىك غايە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، رېئال مونىستىك تەسۋىرلەيدۇ:

قاشىڭ مېھرابى ئەي دىلبەر مەنىڭكى قىبلەگاھىمدۇر.
يۈزۈڭ مېھرى كۆڭۈلنى روۋشەن ئەتمەكلىككە ماھىمدۇر.
ئىبادەتنىڭ قىيامى پايگاھى خانەئى كەئبەڭ،
ئىزنىڭ ئول ئاستانى ئالىي ئۆزرە سەجدە گاھىمدۇر.

يار ئىشقىنى ئۆزىگە قىبلىگاھ قىلغان بۇ لىرىك قەھرىمان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدىكى ئۆلچەم، تارازا بولغان

«ساداقەتلىك» خىسلىتىنى ئۆزگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ:

ئىككى ئالەم خەيالاتى ماڭا قاتىل ئىرور جانا،
سىپاھىن تارتىپ ئاتلانسا، ماڭا يادىڭ پاناھىمدۇر.
بۇ كۆڭلۈم مەيىل قىلسا، غەيرىنىڭ يادىنى قىلماققە،
غەمىڭ فۇرقەت ئوتىدا ھەرنە قىلسا ئۆز گۇناھىمدۇر.
ۋەلى كۆڭلۈم قەبۇل ئەتمەس سەنىڭدىن ئۆزگە دىلبەرنى،
ساچىڭنىڭ ھەلقەسى ئول زۇلمىدىن ئارامگاھىمدۇر.

ياكى:

سەنسىز نە قىلۇر مىڭ جانى گەر بولسا بۇ گۇمنام،
جان ساقلاماقى ۋەسلى ئارا قۇربانىڭ ئۈچۈندۇر.

ياكى:

نەچچە زاھىد ۋەسپى ئېتەر جەننەتنى خوش كەلمەس ماڭا،
شەربەتى قەنىد ئاغزىغە ياقماس كىشى بولسا كېسەل.
سەنسىز باغ ئىچرە ۋۇ سەرۋگۇل سەيىر ئەتكەلى،
سەرۋ يورمەك، گۇلدە كۇلمەك سەن كەبى يوق بى بەدەل.
گەر يوق ئېرسەڭ ھەم ئاتاڭ يوق، ئېلگە ھەمدەم بولغۇچ،
جانىم ئالسۇن دەشتى ھەجرىڭ ئىچرە غەم بىلە ئەجەل.

ياكى:

خاكىپايىڭغا باشىمنى قويدۇمۇ يوق ئالماغىم،
قەئىدە ئى ئىشقىڭدا ئوترۇ نەززا رەسمى،
نە قىيامۇ نە روكۇئى يوق ئوڭۇ - سولغا باقماغىم.
يورسەمۇ - تۇرسام ئىرورسەن سايە ياڭلىغ ھەمرەھىم،
ۋەسلى بۇ ئېرسە ئېمەس مۇشكۇل سەنى مەن تاپماغىم.
ۋەھدەتى زاتىڭ مۇيەسسەر سۇ بىلە تۇپراغىدەك،
كىم بىلۇر بۇ ئىش بۇ ئېسە سەندىن مەنى ئاجراتماغىم.
تۈنۇ - كۈن ئىشقىڭ مەيى جانۇ - تەنىمدىن جوش ئېتەر،
ھاجەت ئېرمەس قەترەئى كەۋسەر سۈيىدىن تاتماغىم.

ئۇزاق تارىختىن بېرى ۋاپادارلىق، سادىقلىق، راستچىللىق، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق ئەخلاقىي كاتېگورىيىنىڭ ئامىللىرى بولۇپ، ئالىيجانابلىق كاتېگورىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ قارشى تەرىپى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق سەلبىي ئەخلاقىي ئامىللار چاكىنىلىق كاتېگورىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار مەۋجۇدىيەتنىڭ قارىمۇ قارشى تەرەپلىرى سۈپىتىدە ياشاپ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزئارا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە ئەخلاقىي ئۆلچەم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسان ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىجادىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئىپادىلىمەكتە.

ئالىيجانابلىق، چاكىنىلىق ئىنسان ھەرىكىتىدە، ئەخلاقىي ئۆلچەملەر سۈپىتىدە، ئەخلاق دائىرىسىدە ياخشىلىق، يامانلىقنى ئىپادىلىسىمۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ بەدىئىي دىتى، سەزگۈسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئېستېتىك كاتېگورىيىنى تەشكىل قىلىدۇ. گومنامىنىڭ لىرىك قەھرىمانى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتتىكى ئەخلاق ئۆلچىمى — ۋاپادارلىق، سادىقلىق، مېھرىبانلىق، راستچىللىق، ياخشىلىقلار ئارقىلىق يار گۈزەللىكىنىڭ مەنىۋى ماھىيىتى ئالىيجانابلىقنى تولۇپ - تاشقان ئەقلىي ھېسسىيات بىلەن كۈيلەپ، ئۇنىڭ كۆڭگە مەھلىيا بولغان بولسا، ئۇنىڭ قارشى تەرىپى بولغان يالغانچىلىق، ۋاپاسىزلىق، ئالدامچىلىق، چاكىنىلىق قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتكە يات ياۋۇزلۇقلاردىن يىرگىنىپ ئۇنى سۆكىدۇ:

ستەمگەرا مەنى نېچۈن بورەك خەراب ئەتتىڭ،
ۋىسال ئوتىنى ياقماي دىلىم كەباب ئەتتىڭ.
رەقىبغە يۈز ئاچىپ ئاي ئەبر ئارا ياشۇنغاندەك،
قاچان دۇچار كەلۇرمەن ماڭا نىقاپ ئەتتىڭ.

فىراق بەزمىدى زەھرى غەمنىڭ نەسىبەمدۇر،
ۋىسال ئارا يەنەغە بەزمى لەئلى ناب ئەتتىڭ.
ساچىڭ شەممى دىماغىمنى تازە ئەيلەمەدى،
ئۇياتمادىڭ، نە يۈزىڭ، خوي ئىلە گۇلاب ئەتتىڭ.
يەتىشمەدى بۇ يۈزۈم خاكى ئاستانىڭغە،
كى غەير ئىلە تۈن - كۈن ئۆيدە خوردۇخاب ئەتتىڭ.
ئاقارمادى شەبۇ روزۇڭ قاراسى ھەرگىز كىم،
كى ماھى تازە يۈزۈڭ نەچە ئاپتاپ ئەتتىڭ.
قوبۇل بولمادى گومىنام ئىتلارىڭغە ھەم،
يۈرەك قانىن نەچە بەزم ئارا شەراپ ئەتتىڭ.

بۇ غەزەلدە لىرىك قەھرىمان ۋاپاسىز «يار» نىڭ ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچىلىقنى ناھايىتى نازۇك ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن سۆكۈپ، ئۇنىڭدىن يىرگەنسە، 59 - غەزەلدە:

بىۋاپالىق سەندىن ئۆتكەي دەپ گۇمانىم يوق ئىدى،
جورم ئىكەن سەندەك ۋاپاسىزغا كۆڭۈل ئالدۇرماغىم.

دەپ ۋاپاسىز «يار» غا ئالدانغانلىقىدىن چوڭقۇر پۇشايمان قىلسا، 58 - غەزەلدە «ۋاپاسىزلىق» نى دۇشمەن ھېسابلاپ ئۇزۇل - كېسىل مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ:

دېدى ئەغياردىن گومىنام ئۈزگىل رىشتەئى مېھرىڭ،
ۋاپاسىز سەنگ دىل دېگەن سارى مەن ئۇستىۋار ئولدۇم.

بۇنى لىرىك قەھرىماننىڭ تونۇشىدىكى شەيئىلەر ھادىسىدىن ماھىيەتكە يېتىپ كېلىش جەريانىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

گومنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنىڭ كونكرېت تەرەپلىرىنى ۋە بۇلارنى ئۆز شەخسىيىتىگە توپلىغان تىپىك «گۈزەل يار» ۋەسلىگە يېتىشتە ئۇچرىغان ئەسىر فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمنىڭ توسقۇنلۇقىنىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئەڭ نازۇك ئىنسانىي ھېسسىياتىدا گەۋدىلەندۈردى:

ئوتمۇ ھەم بار، گۈلمۇ ھەم بار يارنىڭ رۇخسارىدە،
يامۇ ھەم بار، ئوقمۇ ھەم بار ئول كۆزى خۇنخارىدە.
زەئفىران ھەم، موشك ھەم، ئەنبەرمۇ ھەم، سۇمبۇلمۇ ھەم،
جانمۇ ھەم، ئىمانمۇ ھەم ئول لەئلى شەككەربارىدە.
زۇلۇم ھەم، رەھمەتمۇ ھەم، فۇرقەتمۇ ھەم، ئىشرەتمۇ ھەم،
زەھىر ھەم، شەككەرمۇ ھەم، ئول ۋەسل ئىشرەتزارىدە.

بۇنى ئاجايىپ چوڭقۇر، ئاجايىپ نازۇك ھېسسىياتقا تولغان تىپىك بەدىئىي يىغىنچاقلاش دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىق بىز.

گومنام ياشىغان دەۋر — جوڭغار باسمىچىلىرى ۋە خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرى بولۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە فېئودال ئىستىبداتلىق زۇلۇمنىڭ راسا ئەۋجىگە چىققان، ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى، پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلغان تىپىك ھالەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋر بولۇپ، جەمئىيەت، روھىيەت ئاسمىنىنى سوفىزمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى يەسەۋىچىلىك قاپلىغانىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا شائىر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى پەقەت مۇھەببەت كونفلىكتى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن يول بىلەنلا كۆرسىتىش

مۇمكىن ئىدى. گۇمنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى «گۈزەل يار» ۋىسالىغا يېتەلمەي ياش تۆكۈپ ئىڭرايدۇ. ئۇنىڭ ۋىسال يولىنى قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كۈچ مەڭگۈ توسۇپ تۇرىدۇ.

نەتكۈم سەنامە ئىشقىڭ ئوتىدا ۋەتەن ئەتتىم،
ھەر تارى مويۇم شەمئى كەبى شوئلە زەن ئەتتىم.
قان يىغلادى كۆز، قالدى تەنىم قان ئاراسىدا،
ھەر قەترەنى تەن تاغىدا لەئلى يەمەن ئەتتىم.
زۇلفۇڭ خومىدىن كەلدى ماڭا بۇيى مۇھەببەت،
جان ئەھمەدىگە تامۇنى ۋەيسى قەرەن ئەتتىم.
جان تاغىنى ئەلەم تىشەسى بىلەن قازادۇرمەن،
ئول كۆنكى خىيالىڭنى تاپىپ كۆھكەن ئەتتىم.
جەننەت تىلەمەن، كەۋسەر ئاتىن ئالمان ئاغىزىغە،
لەئلىڭ غەمى زەھىر ئېردىيۇ شەككەر شىكەن ئەتتىم.
ئوتلار تۇتاشۇرگەر نەفەس ئۇرسام ھەمە جانغە،
ئىشق ئەھلىگە ئوتلۇق يورەكىمدىن دەھەن ئەتتىم.
سەئىد ئولغۇسى ھەر كىم كەلۇر ئالدىمغە، قۇتۇلماس،
نىچۇنكى كۆڭۈل شوئلەسى بىلە رەسەن ئەتتىم.
مەن ئەيلەدىم ئول گۇلشەنى ئىشق ئىچرە نەۋالار،
ھەر بۇلبۇلى توتى ئىدى زاغۇ زەغەن ئەتتىم.
گۇمنام تېنى زەخملەرى بولدى گۇل ئەفشان،
ئولدۇم غەمى ئىشقىڭدا بۇ گۇلدىن كەفەن ئەتتىم.

ياكى:

سەنىڭ كويىڭغا كىرگەچ كۆپ جەفا يەتتى رەقىبلەردىن،
سەنى كۆرسەم رەقىبلەر يۈزى بولغايمۇ قارا بىر كۈن.
ئەجەب مۇشكۇل ئىكەن بى دەرتلەرگە مۇپتىلا بولماق،
قۇتۇلغايمۇ ئۇ شول بى دەرتلەردىن مۇپتىلا بىر كۈن.

جاپا كوينىڭدا چەكسە ئەل ۋەپاسىدىن ئېرور بېھراق،
كۆرەرمەنمۇ ۋىسالىڭ ئىشرەتى بىرلە ۋەپا بىر كۈن.

لىرىك قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتىنى مۇنۇ ئىككى مىسرا تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەيدۇ:

بۇ گومنامنىڭ پىراق ئەندۇھى تاغى ئاستىدا قالدى،
تاپارمۇ بۇ ئاغىر يۈكدىن تاپىپ ۋەسلىڭ ئامان بىر كۈن.

بۇ جايدا لىرىك قەھرىماننىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەۋاتقان، ئۇنى چوڭقۇر ئوي، قايغۇ - ھەسرەتكە سېلىپ، قاتتىق قىيناۋاتقان مۇھەببەت ئازادلىقى ئەمەلىيەتتە ئېزىلگەن، خورلانغان ئىنسان ئازادلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما گومنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۈمىدسىز، يىغلاڭغۇ، پاسسىپ قەھرىمان بولماستىن، ئەكسىچە ئۈمىدۋار، ئۆز مەقسەت-تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قەتئىي ئىرادىلىك، كۈرەشچان، كۈرەشتە ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغان قەيسەر ئادەمدۇر، گومنامنىڭ قەھرىمانلىرى مانا شۇ خىسلىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا لىرىك قەھرىمان يارىتىشنىڭ چوققىلىرىدىن بىرىنى ئىگىلىدى، بۇ لىرىك قەھرىماننىڭ تىپىك خاراكتېرىنى كۆرۈڭ:

جانى ھايىل بولماسە ۋەسلى ئىستەگەن جاندىن كېچەر،
مىڭ بالا يۈزلەنسە ھەر كۈن، قايدا جانادىن كېچەر.
ئۆلتۇرورگە مەيىل قىلسە، تىغ ئۇرماس بۇ ئەجەپ،
قان تۆتۇشدىن ۋەھىم قىلماس، قان ساچىلغاندىن كېچەر.
كۆرمەگەي ھەرگىز بەھىشتى جاۋىدانىدا گۇل يۈزىن،

كىم. يۈزى گۈل، كۆزى ئوتلۇغ. خارى مۇژگاندىن كېچەر.
ئاشىقى سادىق قىيا باقماس پەرىلەر ھۆسنىگە،
تەرك ئېتىپ جەننەتى رىزۋان ھۆرى غىلماندىن كېچەر.
ئىچمەيىن كەۋسەر سۇيىدىن ئاغزىنى ئەيلەپ چۇچۇك،
زوھىد ئىلى مەي تابىدىن گۈلدەك ئاچىلغاندىن كېچەر.
كىمكى ناپسا جاۋىدان يۈز يىلى ئەيلەر نەزەر،
كىمكى خەزاندىن گۈل يۈزى تازۇپ ساچىلغاندىن كېچەر.
جامۇ مەيدىن ئۆزىگە ھەسرەت بولماغاي گۇمانىمغە،
كىمكى مەينى بىر تاتىپ قايتىپ ئايىلغاندىن كېچەر.

ياكى:

قاچان يەتەرسەن ئاڭا ميڭ ھەۋا بىلەن گۇمنام،
كەل ئەمدى بارۇ- يوقۇم بىر يولى فىدا قىلايىن.

ياكى:

ئەگەر باشىمغە سالسا گۈرز ئىلە تىغ،
ئەزاپ ئەتسە قاتىغ، يىغلاتسە ئاچچىغ.
سەنىڭ ۋەسلىڭدىن ئۆزىگە ئايىتارىم يوق،
باشىمنى كەسسە سەندىن قايىتارىم يوق.

قاتتىق ئىرادىلىك، جەسۇر، مەرد گۇمنامنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنسانىي خىسلەتكە يات «نامەرد» لىكتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ.

مۇسۇلمان ئەمەس نامەردكە سەن كۆز ياشىڭ تۆكسەڭ،
غەمىڭنىڭ گۆھەرىن ئول كىمسەگە ئىسار ئەتىپ بولماس.

گۇمنامنىڭ سەگەك لىرىك قەھرىمانى زۇلۇم، قەبىھلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئۆز زامانىسىدە دوست تۇتۇش پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

بەلاۋۇ مېھنەتى كۆپ ئەسلى پادىشاھلىقىنىڭ،
بەسى فەراغەتى بار دوستلار گەدالىقىنىڭ.
ھەقىقەتىن كىشىنىڭ بىلمەي ئاشىنا بولمە،
كى ئاقىبەت زەرەرى بار ئول ئاشىنالىقىنىڭ.
ئەتاۋۇ فەرلىڭ ئەگەر ئىلگە بولماسا يارەب،
يوق ئاندا قائىدەسى زوھىد پارسالىقىنىڭ.
نە بولدى قىلساڭ ئىدى تەركى بىۋافالىقنى،
ياماندۇر ئاخىرى ئەي شوخ بىۋاپالىقىنىڭ.
پىغانكى ئىشق مەنى ئەتتى خارۇزار ئاخىر،
ئەسىرى شىفتەسى قىلدى بىر بەلالىقىنىڭ.
تەۋەھھۇم ئەيلەگىل ھەقدىنۇ خوپسەند ئولما،
كى قەھرى زەللەت ئىرۇر تۇخمى خود نەمالىقىنىڭ.
شىكەستە دىل تاپىبان بەندە بول ئاگا گومنام،
نەزاكەتى كۆپ ئىرۇر دىلغا مۇپتالىقىنىڭ.

لىرىك قەھرىمان دوست تۇتۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئىنسان ئەخلاقىي پەزىلەتكە يات بولغان تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك شۆھرەتپەرەسلىك، ئۆزىنى كۆرسىتىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن ھەزەر ئەيلەشنى زىرەكلىك بىلەن ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

گومناملىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇتلۇق ۋەتەنپەرۋەردۇر. ئوتتۇرا ئەسىر شائىرلىرىدا كۆپىنچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ياكى شەھىرىگە مېھىر قويۇش، ئۇنى مەدھىيىلەش بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلدى.

•

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئىلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مازارى كاشغەر.

ئىشقۇ ئۇلپەت چەشمەسىدىن دەردۇ مىھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھېسارى كاشغەر.
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلىگەي،
بىر نىگارى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.
ئابى روكناباد گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئىرۇر،
خولدىدىن ئەفزۇن تۈمەن مىڭ لالىزارى كاشغەر.
ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۈن سۇلايمان دەۋلەتىدۇر خارۇ زارى كاشغەر.
ئۇدۇ ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۇيى،
دوررۇ مارجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.
يا پەرى، يا ھۇر، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۆتتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.
ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەندۇرلەب چوقەند،
نارى خەندان سىبى رەئنا ھەرنا بارى كاشغەر.
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا ئىشرەت فەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

بۇ غەزەلدە قەشقەرنىڭ ئۇلۇغۋار قەددى ـ قامىتىمۇ، تارىخىي ھەسرىتىمۇ لىرىك قەھرىمانىنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان يۈرەك قېنى سىڭدۈرۈلگەن سۈرەتتە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، كىتابخان قەلبىدە چوڭقۇر مەغرۇرلىنىش ۋە پەخىرلىنىش، جۇملىدىن ئېچىنىشلىق ئىستېتىك ھېس قوزغاپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرەلەيدۇ. بۇ غەزەلدە ئانا ماكانلارنىڭ بىرى تارىخىي دىيار قەشقەرنى ماھىيەتلىك ھالدا ئىسلام ئېتىقادىدا ئەڭ گۈزەل مەۋھۇم جەننەتكە قارشى قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈنلۈكنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، 28 ـ غەزەلدە مۇنىستىك ھالدا:

نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيايى چەشمىمە خاكى دەردىن سۈرمە زارىم بار.

دېمىش ئارقىلىق لىرىك قەھرىمان ئانا يۇرتى قەشقەرنى ئىسلام ئېتىقادىدا ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپگاھى — ھەج قىلىش ئورنى «بەيتۇللا» دىن رېئال ماھىيەتلىك ھالدا ئۈستۈن قويۇپ، «بەيتۇللا» نى ھاجەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە قەشقەرنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىنى كۆزىگە سۈرمە قىلىپ سۈرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر، بولۇپمۇ گومنام ياشاۋاتقان ئاشۇ شارائىتتا مەسىلىنى ماھىيەتلىك ھالدا ئەنە شۇنداق ئوچۇق قويۇشنى شائىردىكى ناھايىتى چوڭ جاسارەت، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاڭ. يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك دېمىش تامامەن توغرا.
ئەنە شۇ يۇنىلىشتە ھاياتقا ئېستېتىك مۇئامىلە قىلغان لىرىك قەھرىمان ئاخىر ئۆزى ياشىغان شوم - ياۋۇز جاھانغا ئاچچىق سادا بىلەن ئوچۇق، كەسكىن قارشى تۇرۇش پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

ئەي گومناما يالغان ئۆتۈپ چىن كەتتى،
دۇنيانى تىلەپ تاپمادى ئىبلىدىن كەتتى.
ئىنكار ئىبلىدىن كۆزۈڭنى يۇم، باقما ئاڭا،
كىم باقتى ئاڭا دىدەئى ھەق بىن كەتتى.

ياكى:

ئەي گومناما ياكى زەمىران كەتتى،
ئوقبا تەرەپىگە گوشە گىران كەتتى.
ياتما قوپا قوي نىجىس جاھان ئۈستىدىن،
پاك ئەيلەدى جانۇ - تەننى پىران كەتتى.

ئەنە شۇ يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز گومنام ئىستىپتىك قاراشلىرىدىن تۇغۇلغان. گومنام لىرىك قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۇرۇلگەن، بەدىئىي ئىپادىۋى مەزمۇنلارنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان مۇلاھىزىلىك تەسۋىرىدىن ئىبارەت. بۇنى گومنام ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق شائىر ئىجادىنىڭ مەزمۇنى ئۇ ياراتقان بەدىئىي ئوبراز ياكى خاراكتېرلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

كىتابخاننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەرلەر يۈكسەك تالانت مەھسۇلىدۇر. چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغىتىشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. بۇنى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا «تەسىرچانلىق»، «بەدىئىي تەسىر»، «ئىستېتىك زوق» قاتارلىق خىلمۇ خىل ئاتالغۇلار بىلەن ئاتايدۇ. گومنام شېئىرلىرىنى ھەقىقىي تالانتنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر بىر شېئىردا ئۆزى خالىغان ھاياجاننى ئوقۇغۇچىدا قوزغىتىپ، ئۇنى كىتابخانغا يۇقتۇرالايدۇ. ئەگەر بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ «تەسىرچانلىق سىرى»نى چۈشەنمەكچى، بۇنى ئىمىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، بەدىئىي ئەسەرنىڭ يارىلىشى بىلەن باغلىق بولغان ناھايىتى نۇرغۇن ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىمىز. ئەمما بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىنى ئاجرىتىپ ئالساق، بەدىئىي ئەسەرنىڭ «تەسىرچانلىق»نى بەلگىلەيدىغان بەدىئىيلىك ئۆلچەملىرىنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ باش ئۆلچىمى شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ تارىخىدىن ئالغاندا، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار كۆز قاراشنى ئىگىلەپ، شۇ كۆز قارىشىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئەينى زامان رېئاللىقىنى ھەققانىي

چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتۈر.
گومىنام ئۆز زامانىسىگە نىسبەتەن ئىلغار كۆز قاراشتىكى شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇنتى ئىگىلىگەن «تەڭرى مەركەزلىك» ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سادىق مۇرىتلىرى يەسەۋىچىلىككە قارشى «ئىنسان مەركەزلىك»، دۇنياۋى ئەدەبىيات (ئىنسان ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەدەبىيات) يارىتىش ئۈچۈن كۈرەشتى.
ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتقا يەسەۋىچىلىككە قارشى ھالدا ئاساسىي جەھەتتىن مۇنىستىك نۇقتىئىنەزىرىدىن ياندىشىپ، بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق تولۇپ تاشقان ھېسسىيات ۋە تالانتى بىلەن ئىنسان، ئىنسان گۈزەللىكى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچى ۋە بۇ جەمئىيەتتىكى رېئال ئادەمنىڭ تەقدىرى، قىسمىتىنىڭ سۈرىتىنى ھەققانىي ھالدا سىزىپ كىشى قەلبىدە ئېزىلگەن ئىنسانغا قېرىنداشلىق ھېسسىنى ئويغىتىپ، ئەينى زامانىڭ زۇلمەتلىك، ئىستىبداتلىقىغا يىرگىنىش، ئۆچمەنلىك تۇغدۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشى قەلبىدىكى مۇۋازىنەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالالايدىغان بەدىئىي كۈچكە ئىگە بولالىدى.
ھەر قانداق ئەدەبىي ژانىر ئۈچۈن بەدىئىيلىكنىڭ ئىپادىسى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. گومىنام شېئىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شېئىرىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپىيە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، كۇپلېت، بەند، شېئىرىي كومپوزىتسىيىلەر شائىر پىكرىگە ئاساسەن تۈزۈلۈپ، مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن بىرەر نۇقسان تېپىش تەس.
ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى تىل. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرلەر دۇنياسىنى يارىتىدىغان بۇ

ئادەمشۇناسلىق پېنىنىڭ بىردىنبىر قورالى ئەدەبىي تىلدۇر. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن خاراكتېر، ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۈكلۈكى. . . ھەممىسى بەدىئىي تىل ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەشھۇر كلاسسىك يازغۇچى گېيوتى: «كۆزنى ئەڭ تاكامۇللاشقان سەزگۈ ئەزا دېيىشكە بولار. ئۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەڭ ئاسان ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىچكى سەزگۈ ئەزالار ئۇنىڭدىنمۇ تاكامۇل بولىدۇ. ئەڭ مۇكەممەل تىل ۋاستىسى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتىكى ئىچكى ئەزالارغا تەسىرىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. چۈنكى تىل ھەقىقەتەنمۇ چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ» دېگەنىدى.

ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتى ئادەم. بولۇپمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى. بۇ ئىچكى ھېسسىياتنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى پەقەت ناھايىتى باي بولغان بەدىئىي تىللا ئىپادىلىيەلەيدۇ.

گومنام يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن سۆز سەنئەتكارى بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى لىرىك تەقەززاسىغا ماس ھالدا روشەن، راۋان، يارقىن، رەڭدار، بەدىئىي بوياقى قېنىق، چوڭقۇر مەنىلىك، ھېس - ھاياجانغا تويۇنغان، جازىبىدار، ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە، جاراڭلىق پائۇزا، كۈچلۈك مۇزىكىدارلىققا ئىگە تىل بولۇپ، شائىر ئۇنى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەقىل تارازىسىدا سالماقلاپ، قەلب قۇلىقىدا جاراڭلىتىپ ئىشلىتىدۇ.

شائىر بەدىئىي ستىلىستىك ۋاستىلەر مېتافورا، مېتونىمىيە، ئوخشىتىش، ئىستىئارە، جانلاندۇرۇش،

شەخسىيلەشتۈرۈش، مۇبالىغە، سۆز تەكرارى، ئىنتېرسىيە...
قىسقىسى، قوللىنىلىۋاتقان ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ
ھەممىسىنى دېگۈدەك قوللانغان.

شائىرنىڭ مۇتلەق كۆپ شېئىرلىرى كىشى قەلبىگە تەسىر
قىلىپ، كىشى روھىي مۇۋازىنىتىنى بۇزۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ
ھېسسىنى غىدىقلاپ، ئۇنى بىپەرۋالىق گىردابىدىن چىقىرالايدۇ.
ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ياكى بىر پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر
بېيىت — ئىككى مىسرا چوڭ بىر مەنزىرە، ئوبراز ھەرىكىتىنى
ئاساسلاپ بېرەلەيدۇ:

بەرقىدەك ئاھىمدىن ئوت تۇشسە جەھان كۈيمەك نە تاڭ،
جۇن مۇھەييادۇر يۈرەكىم ئىچرە تاشۇ چاقماغىم.

ياكى يار گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي كۈچى:

نىقاب ئالساڭ جەمالىڭ تىغىدىن جانىمدا يوقتۇر تاپ،
تەجەر روھ ئەيلەيدى كۆك ئۆزرە مىھرو تىترەدى يەر ھەم.

ياكى سۆيگۈنىڭ قىممىتى:

بىر باھاسىز توتىيادۇر كۆزۈمە باسقان ئىزىڭ،
ئىشقىڭنىڭ مۇندىنمۇ قىممەت توتىياسى بارمىكىن.

ياكى زۇلمەت باسقان ئوتتۇرا ئەسىردە ئىنسان ئەركىنلىكى:

ماڭا ھەر لەھزە بەرسە تەلبەلىك دەست،
فەلەك يەردىن ئاياغىمدا بولۇر پەست.
ماڭا ھەم تەڭ ئەمەس فەرھادۇ، مەجنۇن،
قەدىم نوندۇر، كۆزۈم جەيھۇن، ئىچىم خۇن.

شائىر سۆزىنىڭ ئىپادىلەش سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش
ئۈچۈن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ھەرپى ئوبراز
(ھەرپ شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىش) لاردىنمۇ خېلى
كەڭ پايدىلىنىدۇ:

قافىيەن كۆزۈ لەۋلىك مەد ئەلىپ قەد قاشىڭ،
رايە ئەسىر باشىڭدىن ئايىغىڭ قىران قىلىز.

يۇقىرىقى ئىككى مىسرادا ئەقىل ـ پاراسەت، قەددى ـ قامەتتە قىيامغا يەتكەن ئىنسان گۈزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن گۈزەل قىزنىڭ كۆزىنىڭ دۈگىلەكلىكىنى قاف (ق) يەنى ئىككى كۆز «ق» ھەرپىنىڭ ئىككى چېكىتىگە، كۆزىنىڭ دۈگىلەكلىكىنى «ق» ھەرپىنىڭ شەكلىگە، ئاغزىنىڭ ئويماقتەك كىچىك، دۈگىلەكلىكىنى نون (ن) ھەرپىنىڭ شەكلىگە، قەددىنىڭ تۈزلۈكىنى ئەلىف («ا») كە ئوخشىتىپ، سۆزنىڭ ئوبرازچانلىق سىغىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ياكى:

جىم ئېرمەس ھەرفى جان ئول ئاينىڭ شەكلى جەمالىدۇر،
ئەلىف ئېرمەس ئارادا يار قەددىنىڭ مىسالىدۇر.
نون ئېرمەس غەم يۈكى ئاستىدا قالغان ئىشق ئەلى جىمسى.
مەسەللىك سەرۋ ئەرئەر تابىدىن تۈغقان ھىلالىدۇر.
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئېرمەس ياكى جىم ئولدى بىلىڭ ئۈچ ھەرپ،
جەفادۇر ئىشق ئېلىگە، غەيرىگە شېرىن زۇلالىدۇر.

•

تىل تارىخىي ئىجتىمائىي نورماتىۋ ھادىسە بولۇپ، ئېستېتىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرىي تىل ۋە ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرەش ھەر دائىم ئىجتىمائىي ـ سىياسىي كۈرەشنىڭ، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۈچۈن كۈرەشنىڭ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى. ئۆز دەۋرىنىڭ

ئىلغار كىشىسى بولغان شائىر گومنام يۇقىرىقى مەسىلىنى خىلمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆز ئىجادىدا بەدىئىي تىلنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن خىلمۇ كۈرەش قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىجادىدىكى بۇ ئۆزگىرىش «دىۋان»نىڭ باش تەرەپتىكى لىرىك شېئىرىدا ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر خىلمۇ ئېغىر سالماقنى ئىگىلەپ، بارغانسېرى بۇ سالماق ئاجىزلاپ «دىۋان»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈنلەي توگەپ، تىلنىڭ ساپلىقىمۇ، بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھال لىرىك شائىر گومنامنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار كىشىسى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

شېئىر يېزىشتا كلاسسىك شەكىللەردىن پايدىلىنىش شائىر ئىستېداتى، ماھارىتى، شېئىرىيەت تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي نەزەرىيە سەۋىيىسىگە باغلىق.

شائىر گومنام ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ، لىرىك قەھرىمانلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىدىن — رۇبائىي، مۇخەممەس، غەزەل، تەرجىبەند شەكىللىرىدىن ماھارەتلىك ھالدا پايدىلىنىدۇ. بۇ شەكىللەردىن پايدىلانغاندا، ئۇلارنىڭ بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن قانۇن - قائىدىلىرىگە ئاڭلىق ھالدا تولۇق رىئايە قىلىدۇ. بۇ پاكىت شائىرنىڭ كلاسسىك شېئىر نەزەرىيىسىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز، گومنام شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىيلىكى ھەققىدىكى قىسقىچە باياندىن ئىبارەت. شۇنداق قىلىپ، شائىر گومنامنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئېستېتىك كۆز قارىشى

ئارقىلىق رېئال ھاياتقا ياندىشىپ، چوڭقۇر سۆز سەنئىتى ئارقىلىق جازىبىدار لىرىك قەھرىمانلار يارىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى مۇنبىرىدە ئۆزىگە ئۆلمەس ھەيكەل يارالتقان شائىر دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئاسمىنىنى سوفىزم ئىس - تۈتەكلىرى قاپلىغان مۇھىتتىن نەپەس ئالغىنى ئۈچۈن بەلگىلىك ھالدا سوفىزم تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شائىر ئىجادىغا زور تەسىر كۆرسىتەلمىدى، بۇنى شائىرنىڭ دانالىقى دېيىشكە بولىدۇ.

# زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭغار — خوجىلار دەۋرىدىكى بەدىئىي تەپەككۇر ساھەسىنىڭ داڭدار ۋەكىلى مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ياكى ئۇنى بىۋاستە تەپسىلىي كۆرسىتىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن ياكى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، تېخى يورۇقلۇققا چىقمىغان. شۇڭا بىز شائىرنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىنى پەقەت ئۇنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىنلا ئىزدەشكە مەجبۇرمىز.

نەزمە باغلانغان مەھەلدە ئەي ئەخى،
مىڭ يۈز ئەللىك بەش ئەردى تەرىخى.
بولمادى تارىخو نەزمە سىلسىلە،
ھېچ ۋاقتى فىكرو ئەندىشە.
روزى شەنبە، ئاخىرى ماھى سەفەر،
يەتتى ئەتامغە نەزمە مۇختەسەر.
يەتتە يۈز يەتمىش ئىدى، يەتتى تەمام،
نۇسخە ئەيلەپ ئەزبىرايى خاسۇ ئام.
نەسرى ئەردى نەزمىدە تاپتى زوھۇر
تارىخىي مىڭ يۈزۈ ئەللىك يەتتەدۇر. ①

---

① زەلىلى دىۋانى، 546 ـ بەت.

دېگىنىگە قارىغاندا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىراق يازغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شەرف بۇزرۇكۋار»نى ھىجرىيە 1155 - يىلدىن باشلاپ (دەسلەپ نەسرى ئىكەن)، ھىجرىيە 1157 - يىلى شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ پۇتكۈزگەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. شائىر دەل مۇشۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا:

ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى،
قىرىق يىلدىن تابۇ دەمغە خىرىقە پوش.
چەشمە سارى باتىن ئەمدى قىلدى جوش.

دېگىنىدىن قىرىق يىللىق بۇ دەرۋىشنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنى يەتمىش ياشقا كىرگەن چېغىدا، غۇربەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ھايات قوينىدا يېزىپ تۈگەتكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى سان سېلىشتۇرمىسىدىن شائىرنى تەخمىنەن ھىجرىيە 1087 - يىلى (مىلادى 1676 - يىلى) تۇغۇلغان دېيىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شائىر 87 - غەزىلىدە:

كەتتى زەلىلى تەلبە ئىمامەن تەۋافىغا،
يەركەنت ئىچىدە نەيلەسۇن ئابۇ زەمنى يوق.

ياكى:

زەلىلىدىن سەرۋ - سامان ختتا ئېلى سورما،
مۇسافىران خوتەن بىرلە خىرقە پوش ئەردىم.

شائىر قەلبىدىن ھەسرەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان يۇقىرىقى ئىككى پاكىت شائىرنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا شائىرنىڭ تەخمىنەن 1750 - يىلى 76 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى

بايان قىلىنىدۇ. بۇنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا كەلتۈرگەن پاكىتلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغاندا. شائىر ياشىغان (1676 — 1750) دەۋر جۇڭغار ھۆكۈمدارلىرىدىن غالدان دەۋرىدىن تارتىپ، تا چىۋاڭ دورجى دەۋرىگىچە ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ھاكىمدارلاردىن ئاپاق خوجا. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى قارا تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى خوجا جاھاننىڭ جۇڭغار باسقۇنچىلىرى ھەم ئۇنىڭ قولچوماقلىرى ئاپاق خوجا ئاق تېررورلۇقىغا ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئىستىبداتلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار كۆرەشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، شائىر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەكەن بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار سەلتەنىتىنى يوقاتمىغاندى. چۈنكى يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىردىنبىر ئەڭ قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلانغان سەئىدىيە خاندانلىقى 160 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيەت دەۋرىدە يەكەننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز تۇپرىقىنى گۈللەندۈرگەندىن تاشقىرى، يەكەننى ئەرەبنىڭمۇ، ئەجەمنىڭمۇ كۆزىگە ئايلاندۇرغانىدى. شائىر دەسلەپكى مەلۇماتنى «سەپەرنامە» دە ئېيتقىنىدەك:

شەھەر ئىدى شان نىشنى كانى رەخت،
بارچە موغولىيە ئارا پايى تەخت.
مۈلكى موراسسەئى شەھرى تازە،
ئاقسۇ - كوچانىڭ يۈزىگە غازە.

بولغان يەكەن شەھرىنىڭ خانىقا. بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىپ، يۇقىرى مەلۇماتنى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمدارى ئابدۇرىشىتخان زامانىسىدە تەسىس قىلىنغان «خانلىق مەدرىسى»دە ئالغانلىقىدىن مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:

چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملەكەت،
رەۋنەقى باغۇ چىمەنى مەرىفەت.
بىر تەرفى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزىلى گۈلىستانىدۇر.
جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
رەۋشەن ئۇلۇپ ھەر بىرى شەمئى جاھان...
گەرمى موتالىئە دە ھەنگامە،
دەرس بىرۇر ۋاقتىدە ئەللامە.
ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۇچۇن،
مەسنەدى ھېكمەتدە فىلاتون ئۇچۇن...

يۇقىرىقى مەلۇماتتىن «خانلىق مەدرىسى»نىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئىلىم ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئىلمىي دەرىجىسىنى خېلىلا ئۇچۇق بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ.

ھەر قانداق تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز مىللىي دائىرىسىدە مەڭگۈ چەكلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، دۇنياۋى بىرلىك قانۇنىيىتى يەنى قوبۇل قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش، ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە چەكسىز ھالدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. بۇ مەسىلىدە تىل، تەرجىمانلىق ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى شۇ مىللەتنىڭ تىلى ئارقىلىقلا

ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندۇرالايدۇ، ياكى ئۆزىنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىجادىي ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرالايدۇ.

شائىر زەلىلى شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان يەكەندە ئىلىم تەھسىل قىلغان چاغلىرىدا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان نۇرغۇن غەزەللىرى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ.

ئۆز ئانا تىلى ئارقىلىق ناھايىتى باي بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، ئەرەب، پارس تىللىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەرق ئەدەبىيات – سەنئەت ھەم ئىلىم – پەن ئۇتۇقلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇشى، شائىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بۇ چاغدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭغار ئاقسۆڭەك باسقۇنچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنى ۋە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشلىرىنى ۋاقتى – ۋاقتىدا تەرتىپكە سېلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن جۇڭگونى بېسىپ ئېلىپ، ئىككىنچى چىڭگىز ئېمپېرىيىسىنى قايتا تىكلەپ، پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشنى خام خىيال قىلىۋاتاتتى. . . ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا يەنە بىر سىياسىي كۈچ — چارروسىيە تاجاۋۇزى كاپكاز، سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى يۇتۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتۇۋېلىش نىيىتى كۈچلۈك ھەرىكەتكە ئايلانغانىدى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە كەلسەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلغان...» ۋە ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىنى تەسەۋۋۇپچىلىق - سوفىزىم ئىگىلەپ ئالغان، ئىلغار ئىستىبتىنىڭ قاراشلار سوفىزىم ئىس - تۈتەكلىرى ئاستىدا قىلىپ چىقىش يولى ئىزدەش ھالىتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى... بۇ ھالەت يالغۇز سىنجاڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن ئورتاق ئىدېئولوگىيە ئاتموسفېراسى ئىدى...

شائىر 30 ياشقىچە ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يۇقىرىقى سوفىزىم ئىس - تۈتەكلىرى ئارىسىدا قايمۇقۇپ يول ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ 133 - غەزىلىدە:

ھەۋەس سەيرى چىن ئەيلەر زىھى بۈكمىلكى نەققاشىم،
خۇدا بىلگەي مېنىڭ ماچىن ئىچىدە ئەمدى توختاشىم.
خەرابى چېھرەگەندىم گۈنى بىپەرۋا ئۈچۈن ھەربار،
قەرار ئەتمەي بۇ چەرخى ئاسىيادەك چۆرۈلۈر باشىم.

بۇ شائىرنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەك ھۆكۈمدارلىرى ۋە قورچاق ھاكىمدارلارنىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتىنىڭ زۇلۇمى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تىرىكى بولغان سوفىزىم ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە نىجاتلىق ئىزدەپ تەمتىرەپ قالغان لىرىك ئوبرازى ئەمەسمۇ؟!

ئېچىتىم لەئلى بەدەخشان كانى ياڭلىغ شوئلە ئەيلەيدۇر،
ئەگەرچە تىغلى تاشىدىن قاراۋۇ، كۆك ئىرور تاشىم.

شائىر نىجاتلىق ئىزدەپ يۇرت كېزىشكە قارار قىلىدۇ.

فەنا دەيرگە كىردىم ئەي زەلىلى تالىبۇ تەنها،
تەۋەككۇلدىن قەدەم ياندۇرماغايمەن ئىشق يولداشىم.

شائىرنىڭ جاھان كېزىشىدىكى مەقسىتىمۇ ناھايىتى ئېنىق:

سەيرى جەھان قىلماغىم تەركى جاھاندۇر غەرەز،
ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى ـ ياماندۇر غەرەز.

شائىر «ياخشى»، «يامان» نى، «ھەق»، «ناھەق»نى ئاجرىتىش ئۈچۈن ئىنىسى دەلىلى ۋە موللاغەزەل (ئېھتىمال بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولسا كېرەك) نى ئۆزىگە يولداش قىلىپ، ئۇزۇن يىللاپ مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ، ئارتۇچ (مەشھەد)، كاشغەر، خوتەن، ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق 18 يۇرتنى كېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ خۇلاسىسى:

چىنى تۈركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە ھەيپىم كېلۇر،
شەھىرى ماچىندىن ئۆتۈپ تاۋاپ ئىمامەن ئەيلىمەس.

(چىنى تۈركىستان زېمىنىدىكى خەلقنىڭ تارتىۋاتقىنى جەۋرى-جاپادۇر، خوتەن شەھرىدىن ئۆتۈپ باشقا مازارلارغا تاۋاپقا بارمايدۇ.) شائىرنىڭ بۇ خۇلاسىسى دەۋرنىڭ ھەقىقىي رېئالىستىك ئىنكاسى ئىدى. چۈنكى ئۇ 18 يۇرتنى كېزىپ

چىقىپ سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي قاششاقلىق، خار ـ زارلىق، مەنىۋى ھاياتتا ئىلاھىيەتچىلىك، سوفىزم ئىس ـ تونەكلىرى قاپلىغان زەھەرلىك ئاتموسفېرادىن باشقىنى كۆرمىدى.

قەرەر ئەتمەي چۇ چەرخى ئاسىيادەك چۆرۈلۈر باشىم.

دىگەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان شائىر نىجات يولىنى بۇ ئۇزاق سەپەر جەريانىدا قەشقەر شەھىرى مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان ۋە قارا سايىدىكى مۇھەممەت سادىق جەپىرى مازارلىرىدىن ئىزدىدى، چۈنكى ھەر ئىككىسىلا خەلققە مەلۇم بولغىنىدەك ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيلىرى ئىدى.

ئەيسا خرىستىئان دىنىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھالدا ئىنسان ئىزگۇ نىيىتى، ئۆزئارا مېھرىي مۇھەببەت، باقىي ئالەم جەننىتى شەكلىدە قويغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تېخى قەبىلىچىلىك دەۋردە تۇرغان ئەرەب خەلقىنى قاششاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا مىللەت، دۆلەت چۈشەنچىسىنى سىڭدۇرۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئېتىقاد سۈپىتىدە بايراق قىلىپ كۆتۈرگەنىدى.

خەلق دەسلەپتە دىن پەيغەمبەرلىرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدەك جاپا چەككەنلىكى، ئۆزلىرى ئۈچۈن، ئىنسان باراۋەرلىكى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلەشلىرى، خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلغانىدى.

دىن پەيغەمبەرلىرى دېموكراتىك، خەلقپەرۋەر دىنىي قاراشلىرى، دىنىي تەلىماتلىرى ئارقىلىق ھاكىم مۇتلەق، ئاچكۆز، زالىم فېئوداللارغا قارشى تۇراتتى. دىنىنىڭ قىسمەن

ئەكسىيەتچى ماھىيىتىدىن قارىغاندا، دىن ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خەلقنى بىر خىل قۇللاشتۇرۇش قورالى سۈپىتىدە رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئومۇمىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېزىلگۈچى سىنىپ ئۈچۈن «تەڭرى ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن مەنىدە ئۇلارغا نىجات ئاتا قىلغۇچى ساماۋى يورۇق يۇلتۇز سۈپىتىدە كۆرۈنۈپ كەلدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھامىيلىرى خەلققە «ئۇلۇغ»، «سۈرلۈك»، «سېھىرلىك» كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ مەقبەرىلىرى مازارلارغا ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىش، ئىستىقامەت قىلىش، چوقۇنۇش بارگاھلىرىغا ئايلاندى.

ئەسلى مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىر ئىزدىگەن ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق تاڭ شائىر دەۋرىدىن تېخى ناھايىتى يىراقتا ئىدى. مازار، ماشايىخلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بەرمەيدىغان خام خىيال ئىدى. بۇ ھەقىقەت شائىر كېزىپ ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق مۇشەققەتلىك سەپىرىنىڭ ئاچچىق رېئاللىقى بىلەن ئىسپاتلاندى. نەتىجىدە ئۇ قاتتىق ھەسرەت بىلەن:

چىنى تۈركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە ھەيىپىم كېلۇر،
شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تاۋاپ ئىمامەن ئەيلىمەس.

دېگەن ئەقلىي خۇلاسىنى چىقاردى - دە، جەندە كىيگەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، قالغان ئۆمرىنى يەكەندە خار - زارلىق تۇرمۇش ئىچىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە شائىرنىڭ «دىۋان زەلىلى»، «كولىيات زەلىلى» دېگەن ئىككى توپلىمى، بىر رىسالىسى يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا قوشقان بۇ زور تۆھپىسى قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ئىنىن تۇرسۇن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى

تەرپىدىن «زەلىلى دىۋانى» نامى بىلەن نەشىر قىلىندى.

بۇ «زەلىلى دىۋانى»غا شائىرنىڭ 196 غەزەل، 27 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزاد، 2 قەسىدە، 2 ساقىنامە، 2 تەزكىرە، 1 سەپەرنامىسى كىرگۈزۈلگەن.

## زەلىلىنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە لىرىك قەھرىمانى توغرىسىدا

«ئىنسانشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان ئەدەبىيات ئىجتىمائىي مەۋجۇداتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە باشقا ئۇستقۇرۇلما شەكىللىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بويىچە ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىدىن مەشھۇر نېمىس پەيلاسوپى گېگىل: «شېئىرىي تەسۋىرنى بىز ئوبرازلىق تەسۋىر دەپ بەلگىلەيمىز، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئابستراكت ماھىيەت ئورنىغا ئۇنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى قويىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. گېگىلنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى بېلىنىسكى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ: «پەيلاسوپ سىللىگىزملار بىلەن، شائىر بولسا ئوبرازلار بىلەن، مەنزىرىلەر بىلەن سۆزلەيدۇ. ئىككىلىسىلا ھەم بىر نەرسە توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ... بىرى ئىسپاتلايدۇ، ئىككىنچىسى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىككىلىسىلا ئىشەندۈرىدۇ. پەقەت بىرى مەنتىق دەلىللەر بىلەن ئىشەندۈرىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا مەنزىرىلەر بىلەن ئىشەندۈرىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھاياتنى ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرىدىغان شائىر ياكى يازغۇچى ھاياتنى غەرەزسىز ھالدا خۇددى ئەينەكتە ئەكس ئەتكەندەك ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. ئەينەكنىڭ ئىنكاسى پاسسىپ، چۈنكى ئۇ ئۆزى ئىنكاس قىلىۋاتقان ئوبيېكتقا قاتناشمايدۇ،

ئۇنىڭغا مەنە بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقمايدۇ. شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئىنكاسى بولسا ھاياتنىڭ مېغىزى چىقىلغان، چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى، كۆز قارىشى قوشۇلۇپ، ھۆكۈم چىقىرىلغان، ھايات تىپىكلەشتۈرۈلۈپ، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىنكاس بولۇپ، ئۇ رېئال ھاياتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شائىر ياكى يازغۇچى بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى ھەر قانداق ۋەقە، ھەر قانداق دېتال يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئېستېتىك غايە غەلۋىرىنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتۈپ، ئەسەر گەۋدىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

شائىر ياكى يازغۇچى ئوبيېكتىپ ھاياتقا ياندىشقاندا ئۆز ئېستېتىك غايىسىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ياندىشىدۇ؛ دېگىنىمىز، ھاياتنى گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ جەرياننىڭ دائىرىسى كەڭ، ئىنتايىن مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، يازغۇچى دۇنيا قارىشىنىڭ ھەممە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ خاراكتېرى ئۆز دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتى ۋە بۇ دەۋردە ھۆكۈمران بولغان ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك، ئەدەبىيات - سەنئەتكە خاس بولغان نىسپىي مۇستەقىللىقى كۈچلۈك ئەنئەنىۋى ۋە دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە ئىدېئولوگىيە تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى ئۆتمۈش سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن ئەسەر ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك، جەمئىيەتنىڭ ئەسلى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان خەلق ئۇنىڭ خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولمىغاندەك، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەدەبىيات ياكى

بەدىئىي ئەسەر دۇنياۋى بىرلىك قانۇنىيىتى، قوبۇل قىلىش، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىيەتلىرىدىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق دەۋردىكى شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئىجادىغا باھا بېرىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىقادىغا قوماندانلىق قىلىدىغان ئېستېتىك غايىسىنى ئېنىقلاپ ئېلىش ئۇنىڭ ئىجادىغا توغرا باھا بېرىشنىڭ كاپالىتى بولۇپ قالىدۇ.

شائىر زەلىلى ياشىغان دەۋردە فېئودالىزم چىرىك روھىي مەدەنىيىتىنىڭ تىرىكى بولغان تەسەۋۋۇپچىلىق ـ سوفىزم ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ئورنىدا ئىدى، ئۇنىڭ مەزھەپلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋەتكەن بۇ دەۋردە، ئوتتۇرا ئەسىردە ئىجاد قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇسۇلمان شەرقىدە سوفىزم مەزھەپلىرىنىڭ بىرەرىگە قاتناشمىغان ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان شائىر ياكى يازغۇچىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا شائىر زەلىلى سوفىزمنىڭ قايسى مەزھىپىگە مەنسۇپ؟

تەسەۋۋۇپ ـ سوفىزم ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئايرىم. سىستېمىلاشمىغان كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. ئىسلام دىنىي پەيدا بولغاندىن كېيىن فېئوداللىق قاتمۇ قات زۇلۇم، كەمبەغەلچىلىكنىڭ، قاششاقلىقنىڭ ئېغىر دەردىنىڭ زەربىسىدە ئۇنىڭغا قارشى تۆۋەن قاتلام سىنىپلارنىڭ ئاھ ـ زارى ۋە نارازىلىقى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇ VII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە شەكىللىنىپ سىستېمىلاشقان پەلسەپىۋى تەلىماتقا ئايلاندى. شەرقتە تەسەۋۋۇپ سوفىزمنىڭ پەيدا بولۇشىدا بۇددىزمنىڭ ۋە خرىستىئان دىنىنىڭمۇ بەلگىلىك ھەسسىسى بار. تەسەۋۋۇپ سوفىزم ئۆزىنىڭ تۈپكى پەلسەپە ئاساسىنى گرېك ئىدېئالىست پەيلاسوپى پلاتون (ئەپلاتون)،

پلاتىن، نىئوپلاتونچىلىق ۋە گىنوستىتىزم ھەم ئارىستوتېل (ئەرەستو) نىڭ ئىدىيالىستىك مىستىك تەرەپلىرىدىن ئېلىپ قوراشتۇرۇلغان.

سوفىزمنى تەبىئەتكە، بۇ دۇنياغا، ھاياتقا ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان قاراشلىرىغا قاراپ ئاساسەن ئۈچ (ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى خىلى نۇرغۇن) ئېقىمغا بۆلۈشىمىز مۇمكىن. ئېكىستانچى (ھاياجانچى) سوپىلار. بۇلارنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى: رابىئە، ئىبن ئەل - ئەرەبى، ئىبراھىم ئەدھەم، پەرىدىن ئەتتار، ھەسەن ئەل بەسرى، ھەسەن ئەل - بەستامى، ئەبۇبەكرى ئەش شىبلى، ئەبۇ مەنسۇر ئەل ھۇسەيىن ئەل ھىلاج قاتارلىقلار. بۇلار ئېكىستانچى سوپىلارنىڭ يېتەكچىسى ۋە نەزەرىيىچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ تونۇپكى قارىشى، دۇنيادا بىرلا رېئاللىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللا، ئۇنىڭ ئاۋۋال - ئاخىرى يوق، ئۇ ماكان، زامانغا ئىگە ئەمەس، ئۇ بارلىق دۇنيا، كائىنات، جان - جانىۋار، ئادەمزاتنى ياراتقان، ئۇلار ئاللانىڭ شولىسى — تەجەللىسى بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق ماھىيەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئۇلارچە، ئاللا دۇنيانى پانىي، باقىي دەپ ئىككىگە بۆلۈپ خاتا قىلغان. ئۇلارچە بۇ دۇنيانىڭ ماددىي، مەنىۋى ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن، گۈزەللىكتىن پايدىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاغا تەئەللۇق بولۇپ، ئاللانىڭ شولىسى — تەجەللىسى، سايىسىدىن ئىبارەت. تەنمۇ جانغا نىسبەتەن قەپەس، ئۇنى بۇ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى. ئۇلارنىڭ تەرىپىچە، «ئاللا چەكسىز دېڭىز»، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات ئەنە شۇ ھېسابسىز قۇدرەتلىك مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزدىن چاچراپ چىققان سۇ تامچىلىرى ياكى كۆپۈك. ئۇلارچە ئەنە شۇ سۇ تامچىلىرى ياكى كۆپۈك ئەسلى ماھىيەت بولغان ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىشى — ۋاسىل بولۇشى كېرەك. بۇنى ئۇلار ۋۇجۇدۇل ۋاھىدات دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇسۇلى بىرىنچى، شەرىئەت قانۇنلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىش. ئىككىنچى، تەرىقەت بىرەر شەيخنى ياكى دەرۋىشنى ئۇستاز تۇتۇپ ھەممىدىن كېچىپ خۇدا توغرىسىدىلا ئويلاش. ئۈچىنچى، مەرىپەت پۈتۈن ئوبيېكتىپ مەۋجۇداتنىڭ ھېچنەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولغان ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىش ۋاھىدات قىلالىشىنى بىلىش، ئىنقلاش. تۆتىنچى، فەنا بۇنىڭدا ئۇ ئاللا بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، فەنا نامىنى ئېلىپ مەنسۇر ھەللاجىدەك ئەنەل ھەق (مەن ھەق) دېيىشكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەرىكەت شەكلى ئامىمىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ دەرۋىشلىك يولى بىلەن ئىستىقامەت قىلىش، ئاللانى كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈش. ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان شىبلى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات بىلەن ئۈزۈل - كېسىل مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، قەلب كۆزى بىلەن ئاللانى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىگە تۇز قويۇپ كور بولۇپ ئالغانىدى.

ئىكستاتچى سوپىلار يۇقىرىقى ھەرىكەت پرىنسىپلىرى بىلەن ئاللاغا ۋاھىدات بولغان چېغىدا ئاللا بىلەن تەڭ بولۇپ قالىدۇ- دە. ئىجابىي جەھەتتە ئىسلام ئېتىقادىنىي رەت قىلىشقىچە بارىدۇ.

سوفىزمنىڭ ئىككىنچى ئېقىمى ئېكلېكتىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئېكلېكتىك سوفىزم دېيىلىدۇ.

بۇ ئېقىم يۇقىرىقى ئىكستاتچى سوپىلار تەلىماتىنىڭ كۆپرەك ئەكسىيەتچى تەرىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دىنىي تەرتىپ - قائىدىلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، سوفىزم بىلەن دىننى بىرلەشتۈرگەن ئىنتايىن ئەكسىيەتچى ئېقىم بولۇپ، دىن ۋە سوفىستىك ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەكسىيەتچى فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي تىرىكى بولغان ھالدا خەلقنىڭ ئىنقىلابىي

ئېقىمنى زەھەرلەپ، خەلقنى قۇللۇققا ئۈندەپ كەلدى. ئۇلار:

زالىم ئەگەر جەفا قىلسا ئاللا دېگىل،
ئىلىگىڭ ئاچىپ دۇئا قىلىپ بويۇن سۇنغىل

دەيدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى سالغۇچىسى زەيىنىددىن بىننى مۇھەممەد ئىمام غەززالى (مىلادىي 1058 ـ 1111) بولۇپ، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلاردا ئىپادىلىگۈچىلەر ئەخمەد يەسەۋى، سۇلايمان باقىرغانى، سوپى ئاللايارلار بولدى.

سوفىزمنىڭ ئۈچىنچى ئېقىمى نەقشبەندىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە XIV، XV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاجلانغان ۋە شەكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان سوفىزم ئېقىمى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد باھاۋىددىن نەقشبەند بۇخارى (مىلادى 1314 ـ يىلى بۇخارا قەسرى ئارىغان دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن) نامى ۋە تەلىماتى بىلەن باغلىنىدۇ، بۇ ئادەم بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىسى ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ كىشى مەشھۇر سوپى ئەمىر كولالىدىن تەلىم ئالغانىكەن.

XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان دۇنياۋى ئېقىم ئۇ رېئاللىق، رېئال ھاياتتا پانتېئىزم روھىدىكى يېڭى ئىدىيىنىڭ ۋە ئەدەبىياتتا شۇنداق ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە ئۆسۈشىدە زور رول ئوينىدى. ئۇ پەلسەپە قاراشتىن ئالغاندا، سوپىلارچە پانتېئىزم ۋە ئىدېئالىستىك مونىزم نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرىدۇ. ئۇلارچە بىرلا خۇدا بار. ئۇ بىز كۆرۈۋاتقان رېئال نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلىماتىنىڭ نەتىجىسى تەبىئىي ھالدا شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدۇكى، بىرلا رېئاللىق بار، ئەسلىنى ئالغىنىمىزدا شۇ دۇنيا، بىرلا ھايات بار. شۇنداق قىلىپ

نەقشبەندىيە بەزى تەرەپلەردىن ئىسلام دىنىنىڭ دۇئالىزمىنى ئاساسسىز دېيىشكە يېتىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچى تەرەپتىن، نەقشبەندىيە ئېقىمى ئۆزىنىڭ پانتېئىزم ئاساسىدىكى مونىزم پەلسەپىۋى قارىشى بويىچە تەركىدۇنياچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان خۇلاسە چىقارمايدۇ. ئۇلار يۇقىرىقى ئەكسىيەتچى سوپىلاردەك ئەكسىيەتچى مىستىكا، ئىكستاتىچىلىق، مۇتلەق خىلۋەتچىلىك (دەرۋىشلىك)، رىيازەت ۋاستىسىدە ئاللا بىلەن ۋاھىدات تەشكىل قىلىپ، مەڭگۈ پانىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىمىز دېمەيدۇ. ئۇلار «ئاللا بىر دېڭىز»، ئۇ ماھىيەت، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات. بۇنىڭ قارىشىدا كامىل ئەمەس، ئۇ ھېچنەرسە ئەمەس، تەن جانغا نىسبەتەن بىر قەپەس، ئۇنى رىيازەت يولى بىلەن بەربات قىلىپ، ئۇنى ئازاد قىلىمىز دېمەيدۇ. ئۇلار «ئاللا بىر دېڭىز»، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات، ئۇنىڭ بىر تامچىسى، كۆپۈك، ئۇ رىيازەت چېكىش، تەننى يوقىتىپ ئەسلى مەنبە بىر ئاللا «دېڭىز»غا، ئەسلى مەنبەگە قايتا قوشۇلۇپ، مەڭگۈ نىجات تېپىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتلىك، ئەركىنلىككە ئېرىشىمىز دېگەن غايىنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ. ئەمما نەقشبەندىيەچىلەر خۇدانى ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇلارچە ئىچىدىن خۇدا بىلەن، سىرتتىن خەلق بىلەن، ھايات بىلەن، تەبىئەت بىلەن بىللە بولۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.

نەقشبەندىيەچىلەر تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپتا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلەيدۇ:

1. خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن. بۇنىڭدا ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، دەرۋىشلىك ھايات كەچۈرۈشنى رەت قىلىپ، خەيرىيەت جەمئىيەتتىن دەپ قارايدۇ، يەنى ئىنسانلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق سۆھبەتتە بولۇش دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىنسان ئىجتىمائىي بولۇش دېگەن

ئۇلاسىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ زۇرۇر شەرتىنىڭ بىرى قىلىپ بىراۋنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا تەييارتاپلىق بىلەن ياشاشنى رەت قىلىپ، ئۆزى ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ھالال مەھسۇلات بىلەن خۇشال - خۇرام ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەتتا مۇشۇنداق ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال ياشاشقا تەسىر يەتكۈزگۈچى دىنىي ئەقىدىلەرنى رەت قىلىشقىچە بارىدۇ. ئۇلار مۇشۇ نۇقتىنەزەردە تۇرۇپ «قول تۇتۇپ خوجا» بولۇشنى جىنايەت دەپ قاراپ، يېتىم - يېسىر بىچارىلەرگە ياردەم بېرىشنى بۇرچ، دەپ قارايدۇ.

2. سەفەر ۋەتەن. بۇنى يوقىرىقىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا دەرۋىش بولۇپ، خىلۋەتتە ئولتۇرۇشنى رەت قىلىپ، شەھەرلەرگە، باشقا مەملىكەتلەرگە ساياھەت قىلىپ، ھاياتلىق ئالىمىگە كېرەك. چوڭقۇرراق چۆكۈپ، ھاياتلىق ئالىمىنى، تەبىئەتنى، ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ئۇلاردىن پايدىلىنىش زۇرۇر دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلارچە ئىنسان ھاياتلىقنى، بۇ دۇنيانى، ئۇنىڭ لەززەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئەكسىيەتچى سوپىلار ئېتىقادىدىكى بۇ دۇنيا تەبىئەتنىڭ «غۇربەتخانا»سى ئەمەسلىكىنى، بۇ دۇنيا چەكسىز باي، گۈزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، شۇنداق دۇنيادا، تەبىئەتتە ئۆز ئۆمرىنى خىلۋەت (دەرۋىشلىك) تە، رىيازەت چېكىپ ئۆتكۈزۈش خۇدا ئالدىدا گۇناھ، ناتوغرىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3. نەزەردەر قەدەم. ھەرىكەتتە تەبىئەت ۋە ھاياتقا نىسبەتەن ھەر بىر قەدەمنى چوڭقۇر ئويلاپ ئالغا تاشلاشنى، بۇ قەدەملەر ئىنسانغا، ئۆزىگە بالايىئاپەت، قايغۇ - ھەسرەت، نادامەت ئەمەس، بەلكى پايدا، خۇشاللىق، ھۇزۇر ئېلىپ كەلسۇن، دەپ قارايدۇ.

4. خۇش دەرھەم. ئۇلارچە ھەر بىر نەپەسنى ئولجا

غەنىيمەت دەپ بىلىپ، ئۇنى ھەمىشە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، شادلىق، خۇرسەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك. ئۇلارچە بۇ دۇنيا، تەبىئەت گۈزەللىكى، نازۇنېمەتلەردىن لەززەتلىنىش ماكانىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نازۇنېمەتلەردىن پايدىلىنىدىغان ئىنسانىنىڭ ھاياتى چەكلىك، ۋاقىتلىقتۇر. تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماددىي نازۇنېمەتلەر ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن ئۇلار تەبىئەتتىن پايدىلىنىشتا ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشنىمۇ غۇۋا چۈشىنىدۇ. ئۇلار تەبىئەت، ئويناق، جىلۋىگەر، ئىنسان ئۇنىڭ ئالدىدا قانات سۇندۇرمىسۇن، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولسۇن، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار يۇقىرىقى مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپالىتى بولغان جىسمانىي ساغلام بولۇشنى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىق ئەقلىي ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، تەتقىق قىلىپ، تەجرىبە قىلىپ، جىسمانىي ساغلاملىقنى بۇزىدىغان ماددىي، مەنىۋى نەرسىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ئىسلام پېشىۋالىرىنىڭ پەتىۋالىرىنى رەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار «روزا» تۇتۇشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ سالامەتلىككە زىيان قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى رەت قىلىپ، نەفى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشتىن كۆرە يېتىم - يېسىر، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىشنى ئەلا دەپ ھېسابلايدۇ.

چوڭ سوپى سەئىدىي ئەمىر كولالى:

ئەۋلىيالار ئەۋلىيالىقنى (سوپىلار تىپىدىكى) تۆت نەرسە بىلەن ئىگىلەيدۇ «ئاچلىق، ئىزتىراپ، جىم تۇرۇش ۋە يالغۇزلۇق (خىلۋەت)» دەپ ئوتتۇرىغا قويسا؛ نەقشىبەندىيە-چىلەر كۆڭۈل تەلەپ قىلغاننى قىلىش، يېتەرلىك دەرىجىدە تاماق

يېيىش، ساغلام بولۇش، زەئىپلەشمەسلىك ۋە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنى قويىدۇ. يۇقىرىقى كەلتۈرگەن مىساللىرىمىزدا نەقشىبەندىيەچىلەر تەلىماتىدا پانتېئىستىك مونىزم ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نەقشىبەندىيەچىلەر پانتېئىزىم ئىدېئالىستىك مونىزم نۇقتىسىنەزىرىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاساسەن ھاياتىي، دۇنياۋى ئۈمىدۋارلىق نەتىجىلەرنى چىقارغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ بەزى ئەكسىيەتچى تەرەپلىرىگە ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تەنقىد ئېلىپ بارغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ قارىشىدىن، فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ نەتىجىسىدە چەككەن قاتتىق روھىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۈمىدسىزلىك ۋە پلاتونچىلىق ئامىللىرىدىن، ئىزچىل ئىسلامچانلىقتىن، پەيغەمبەرلەرگە سېغىنىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى، دېگەن خۇلاسە چىقماسلىقى كېرەك. نەقشىبەندىيەچىلەرنىڭ يۇقىرىقى كەمچىلىكلىرى زامان چەكلىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ سىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

شائىر زەلىلى دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئاساسەن نەقشىبەندىيە دۇنيا قارىشىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئەنە شۇ دۇنيا قاراش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئېستېتىك غايە ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ھاياتقا ياندىشىپ ئۆز ئىجادىنى ئېلىپ بارىدۇ.

شائىر نەقشىبەندىيە ئىجادچىسى باھاۋۇدۇن نەقشىبەندكە بولغان ئېتىقادىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

كۆركى بۇخارادا، شەھى نەقشىبەند،
مەئنى سىپېھرىدە مەھى نەقشىبەند.
دايىرەئى نۇقتەئى تەۋھىدە ئۇچۇن،
پادشەھى ئالەم تەجرىدە ئۇچۇن.

راھى نۇردان شەرىئەت بولۇپ،
سىلسىلە داران تەرىقەت بولۇپ.
قابىلە سالار جەمئىي ئۇممەم،[1]
يەر يۈزىدىن ئەرشى ئاگا بىر قەدەم.
ئايىنەئى مەئنى ئۇچۇن پاكۇ ساپ،
خىرقەلەرىن قىلدى مالائىك تەۋاپ.
كىمكى بەلا ئىلكىدە بولدى ئەسىر،
قۇتپى باھاۋىدىن ئېرور دەستىگىر.

ئۇ ئىسلام ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ بىرى تۆت چارىيارلارنىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى ئۆمەرنى نەقشىبەندچى دەپ چوقۇنۇپ، ئۇنى مۇنداق مەدھىيىلەيدۇ:

ئەدلى ئۆمەر بىلەن جاھان تازىلىك،
بابى ئادالەتتە پۈر ئاۋا زەلىك.
.................................
دەرلەر ئانى سىلسىلەئى نەقشىبەند،
ھەق يولىدا بويىنما ياخشى كەمەندە.
بەندە زەلىلى سەگى ئەسھاپ ئېرور.
سىلسىلە بويىنۇمە قوللاپ ئىرۇر.

نەقشىبەندىيلەر ئالەم كېزىشتە جەندە كىيىپ ئاددىي ھايات كەچۈرسىمۇ، ئۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دەرۋىشلىك ئەمەس بەلكى خەلق بىلەن چوڭقۇر ئارىلىشىپ، ھاياتنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن ئىبارەت. زەلىلىنىڭ 10 يىلغا

---

① ئۇممەم — ئۇممەتلەر.

يىقىن جاپا چېكىپ 18 يۇرتنى ئايلىنىپ چىقىشىمۇ، يۇقىرىقى مەزمۇننى مەقسەت قىلغان نەقشىبەندىيەچىلىكتۇر.

شائىر سەپەر ئۇستىدىكى نەقشىبەندىيەچىلىكنىڭ پەزىلەتلىك ئاددىي تەلپىنى مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

نەقشىبەندىلەركى[1] نەقشى بورىيايى بەس،
ئەتلەس گەردۇن[2] ئەگەر بالىن بىستە[3] بولمىسا.

نەقشىبەندىيەچى سوپىلار فېئودالىزم زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇشتا، فېئودالىزم زۇلۇمىنى قانۇنلاشتۇرغۇچى شېئىرىيەت قانۇنلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئىكىستانچى سوپىلار بىلەن ئورتاق نەزەرىيە تىل تاپالايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئىكىستانچى سوپىلارنىڭ يىرىك ۋەكىلى پەردىدىن ئەتتارنى شائىر ئۇستاز دەپ تونۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ مۇرىتى دەپ ھېسابلايدۇ:

بۇ زەلىلى ۋەقفى سىررى ئىلاھى بولمىغاچ،
جانۇ دىل بىرلە مۇرىدى شەيخى ئەتتار ئولمىشەم.

لېكىن شائىر زەلىلى تەسەۋۋۇپ - سوفىزم ئېقىملىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر بىلىدىغان نەقشىبەندىيە مۇرىتى ئىدى. ئۇ ئىكىستانچى سوپىلارنىڭ دەرۋىشلىك، كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئىستىقامەت قىلىپ، رىيازەت چېكىش يولى بىلەن ئاللا بىلەن ۋاھىدات، ۋاسىل بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى مۇنداق تەنقىد قىلىدۇ:

---

① نەقشىبەندىيەلەر — خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەند يولغا قويغان سوپىلىق تارمىقىنىڭ تەرەپدارى، نەقشىبەندىيە مۇرىتلىرى.
② گەردۇن — ئاسمان (ئەتلەس گەردۇن - كۆك ئاسمان).
③ بالىن بىستە — ياستۇق، كۆرپە.

چېكىپ قىرىق يىل رىيازەت بەزىلەر بويى خۇدا ئالدى،
ساڭا ئاسان كۆرۈنۈر تالىبا مەردۇ خۇدا بولماق.
ئەگەر تىغى قازا ھەلقىڭغە يەتسە مەسەل ئەيتماغىل،
خەلىل ئاسا پەرمانىنى مەردۇ خۇدا بولماق.

ۋە ئۆزىنىڭ نەقشىبەندىيە نۇقتىئىنەزەرىنى ئۇلارغا قارشى قويىدۇ:

رىيايى خانىقاھ چۈن كەلىمى مەرىپەت يوقتۇر،
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئىشكىدە نەقشى بورىيا بولماق.

ياكى
تەرىقى نەقشبەندى ئاڭلادىم زىبا رەۋشەنلىكتۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پەرسا بولماق.

ياكى:
بۇ ھەنىفە مەزھەبىن نەقشىنى كۆرگۈزگەيمەن دەپ،
شافىئىنىڭ مەسچىتىگە بورىيا كەلتۈرمىشەم.
ئىرە ئاھمەدىن قەدىمنى ھەلقەئى نۇن ئەيلەبان،
ئىنتىزار ئەھلىنى ئاتماغلىقغا ياكەلتۈرمىشەم.

شائىر زەلىلى نەقشىبەندىيەچىلەرنىڭ مەشھۇر ھامىيلىرى بولغان جامى، نەۋائىلارنى ئۆزىنىڭ پۇشتى - پاناھى دەپ قارايدۇ:
ھەزرىتى مەختۇم جامى بىرلە مەۋلانى رۇم،
ھەر بىرى ۋاقتى بەلا پۇشتى پاناھىڭدۇر سىنىڭ.
يۈز نەۋائى نالەئى نەي يۈز سەدايى ئەرغە نۇن،
بىر سەھەر چەككەن سورود[1] ئۆزرە خاھىڭدۇر سىنىڭ.

---

[1] سورود ناخشا، قوشاق، كۈيلەش.

شائىر زەلىلى ئەرغەنۇن، مۇقام، ئومۇمەن ساز، مۇزىكا ئەسۋابلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ مۇزىكانتلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نەقشبەندلىكىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. چۈنكى نەقشبەندلەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئەقىدىسىنى شېئىر ۋە ئۇنىڭغا خور قىلغان مۇزىكا بىلەن ئىپادىلىيتتى، نەقشبەند دېگەن ئىسىممۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

شائىر زەلىلىنىڭ سوفىزمىنىڭ نەقشبەند ئېقىمىغا تەئەللۇقلۇقىغا يۇقىرىدا كەلتۈرگەن پاكىتلىرىمىز يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى توغرىسىدا

ھەر بىر تاشقى ھادىسىنىڭ تەسىرىدە ئاۋۋال تىلەك، ئارزۇ، نىيەت، خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا پىكىر تۇغۇلىدۇ، ھەر بىر تاشقى ھادىسە ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدۇر. شېئىرىيەت ۋەقەنىڭ مانا شۇ ئىككىنچى تەرىپىگە، كۈچلەرنىڭ تۇپ نېگىزىگە كىرىپ بارىدۇ. تاشقى رېئاللىق، ۋەقە ۋە ئىش - ھەرىكەت ئەنە شۇ كۈچلەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. مۇنداق شېئىرىيەت يېڭى ۋە قارىمۇ قارشى تۈردە كۆرۈنىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپلىق سەلتەنىتى، بۇ ئىچكى دۇنيا، ئۆز ئىچىدە قالغۇچى ۋە تاشقىرىغا چىقمايدىغان تەشەببۇسلار دۇنياسىدۇر. بۇنىڭدا شېئىرىيەت ئىچكى ئامىلدا تۇيغۇ ۋە ئاڭ دائىرىسىدە قالىدۇ، بۇنىڭدا روھ تاشقى رېئاللىقتىن ئۆتۈپ يوشۇرۇنىدۇ، تاشقى ئالەمنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئىچكى ھاياتنىڭ مىسلىسىز جىلۋىلىرىنى شېئىرىيەتكە ھەدىيە قىلىدۇ. بۇنىڭدا شائىرنىڭ شەخسىيىتى (ئۆزى) بىرىنچى ئورۇندا

تۇرىدۇ. بىز ھەممە نەرسىنى پەقەت ئۇ ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىمىز ۋە ئۇقۇپ ئالىمىز، مانا بۇ لىرىك شېئىردۇر. شۇنداق قىلىپ شائىر لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

شائىر زەلىلى ئىجادىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇنىڭ لىرىك غەزەللىرى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا بىز شائىرنىڭ ئۆزى يەنى «مەن» ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان لىرىك قەھرىمانىنى زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى دەپ ئاتايمىز، چۈنكى بىز «مەن» شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان لىرىك قەھرىماندا يالغۇز زەلىلىنى ئەمەس بەلكى ئۇ ياشىغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەمنىڭ، ئىنسانىنىڭ قىياپىتى، ھېسسىياتى، ئوي - پىكرى، جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان دۇنيا قارىشىنىڭ خىلمۇ خىل تەرەپلىرىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، شائىر ئىندىۋىدۇئاللىقىدا ئەكس ئەتكەن تىپىك ئوبراز خاراكتېرىدۇر.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى شائىرنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ پانتېئىزملىق مونىستىك قاراشلىرىنى مەنبە قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. شائىر ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئالەمگە بولغان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

دۇنياچورابات، كارۋان ئادەمدۇر،
ھەر ئادەمنىڭ ئىچىدە يۈز ئالەمدۇر؛
مىڭ يىل ياشىساڭ جەھاندا چۈن نوھى نەبى،
ئاخىرى ئۆلىسەن غەنىمەت ئۇشبۇ دەمدۇر.

ياكى:

بوقرات ھەكىم ساھىبى تەدبىر ئىدى ئۆتتى.
جاماس فونون[1] بابىدا بىر ئەردى ئىدى ئۆتتى.

---

(1) فونون — پەنلەر، ئىلىملەر.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇنچە تەمام ئۆلدى بۇ ئالەم،
تۇش كۆردۇمۇ يا نوسخەئى تەبىر ئىدى ئۆتتى.

بۇ ماھىيەتنى چۈشەنگەن شائىر ئەمدى ئۆزىگە مۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتەشنى بورچ قىلىپ ئالىدۇ:

كۆڭلۈمنى خەزىنە جەۋاھىر بىلدىم،
تىل بەلكى گۆھەر ساچقالى ماھىر بىلدىم.
توغيان ئىتەدۇر ھەر دەمى كەيپىيەتى باتىن،
كۆز شىشەلەرىدىن ئەردى زاھىر بىلدىم.

ئېپىك قەھرىمان يارىتىش ئۈچۈن يازغۇچىغا ئىجتىمائىي ۋەقە، ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سۇژىت (بەدىئىي رېئاللىق) لازىم بولسا، شائىر لىرىك قەھرىمان يارىتىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات، جەمئىيەتتىن تۇغۇلغان ھېسسىيات بايلىقىغا تايىنىدۇ – دە، بەدىئىي تىل ياردىمى بىلەن ئىنسان قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان لىرىك قەھرىماننى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرگەن نەقلىمىز شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرىقى جەريانىنى بىسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا ناھايىتى ئۈچۈق، چوڭقۇر بايان قىلغان.

ئەمدى زەلىلى لىرىك قەھرىمانى سوپىلارچە تەڭرىگە مۇھەببەت ئەمەس، ياكى تەڭرى مەركەزلىك ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ئىنسان مەركەزلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىنسانىي ئىنسان قىلىدىغان مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن كۆيۈپ – پىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

دىل ئارامىغا كۆڭلۈم بولدى بۇلبۇل،
لەبى غۇنچە يۈزى چۈن خىرمانى گۈل.

شىكەستى بەرمەگىل جان رىشتەسىدۇر،
باشىڭدا ھەلقە ـ ھەلقە تارى كاكۇل.
سىپاھى چىنۇماچىن بىر بولۇپتۇر،
ھۇجۇم ئەيلەپ خەتتى موشكىنگە سۇنبۇل.
مېنىڭ ئىشقىم سېنىڭ ھۆسنىڭ نىگارا،
توشۇپتۇرلا جەرەم ھۆسنى تەقابۇل.
خۇمارى مەن يېتىپتۇرجان لەبىمگە،
قەنى جامۇ، قەنى ساقى، قەنى مول.

ياكى:

جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلۇمۇڭ داغىدىن باغرىمنى قان ئەيلەپ،
تەنىمنى تەختە بەندۇ دەرد قىلدىڭ ناتەۋان ئەيلەپ،
سىرىشكىمدىن سەخى مىژگانلىرىمنى خۇن پىشان ئەيلەپ،
چىمەن سەيرىگە چىقتىڭ يۈز بىلە زۇلفۇڭ ئەيان ئەيلەپ،
كەلامۇ ۋەززوھا ۋەل لەيلىنىڭ[1] شەرھىنى بايان ئەيلەپ.

ئېكىلىكتىك سوفىزم بولسا مۇھەممەت ئەل غازالى ۋە يەسەۋىچىلىك فېئوداللىق ئىستىبداتلىقنىڭ مەنىۋى تىرىكى بولۇپ تۇرغان: ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە، ئومۇمەن بۇ دەۋر مەنىۋىيىتىدە ئېكىلىكتىك سوفىزم ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولۇپ تۇرغان دەۋردە تەڭرى گۈزەللىكىگە ۋە ئۇنىڭ «ياراتقۇچىلىق» سېھىرلىك كۈچىگە قارشى ھالدا ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى قارشى قويۇش دۇنياۋى ئەدەبىيات (ئىنسان توغرىسىدىكى ئەدەبىيات) تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زور غەيرەت ـ جاسارەتلا ئەمەس، بەلكى فېئودالىزم تۈزۈمىگە ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى بولغان ئېكىلىكتىك سوفىزمغا ئۇرۇلغان

---

[1] قۇرئان 93 ـ سۈرىسىنىڭ باشلانمىسى.

ئۆتكۈر خەنجەر بولۇپ، بۇنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئاجايىپ زور قەھرىمانلىق دېيىشكە بولىدۇ.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىنسان گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى، «يار گۈزەللىكى» ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى ئەدەبىياتقا خاس تىپىكلىك ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق خاراكتېرلەردە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

چىقىپ شوخلۇقتىن مەھۋەشىم ئەزمى شىكار ئەيلەپ،
جەھاننى قەتل ئېتەرگە قاشىنى چون زۇلفىقار ئەيلەپ.
بەھادۇر كۆزلىرى كىرپىكلىرىنى نەيزىدار ئەيلەپ،
چۇ زۇلفى ئەنبەرىنى ھەلقە ـ ھەلقە مۇشكىبار ئەيلەپ،
سەراپا گۈلشەنى ھۆسنىنى سەرجۇش باھار ئەيلەپ.

ياكى:

شەبنەم ساچىلدى سۇبھى يۈزۈڭنىڭ زىياسىدىن.
كۈلگۈل ئاچىلدى غۇنچە لەبىڭنىڭ ھە ياسىدىن.
قاشىڭ قىيامەت ئەيلەدى پەيۋەستە ياسىدىن.
ئىشق ئەھلى ساقۇن ئالسە ئىزىڭ توتىياسىدىن.
قىلغىل تەرازۇ ئىككى كۆزۈمنىڭ قاراسىدىن.

گۈزەللىك چىنلىقى بىلەن ئېستېتىكىنىڭ بىر كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. رېئالىست ئەدەبىياتنىڭ تەسىرچانلىق ئېستېتىك كۈچمۇ چىنلىقتا. لىرىك قەھرىمان ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئەنە شۇ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ياسالما، سۈنئىي ئەمەس، بەلكى تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدۇ.

ئەسىر ئۇلمايدۇ ھەرگىز سۇرمەئى سۇنبۇل ئۇچۇن كۆڭلۇم،
بەھار ئۇلمايدۇ ھەرگىز ئۆمرىم ئىچرە گۇل ئۇچۇن كۆڭلۇم؛
گۇلىستانى ۋىسالى يارغە بۇلبۇل ئۇچۇن كۆڭلۇم،

تەرەننۇم ئەيلەدى ھەر ھەلقەئى كاكۇل ئۇچۇن كۆڭلۇم؛
چېكەرمەن رەگلەرىنى نالەئى ئاھۇ فىغان ئەيلەپ.

لىرىك قەھرىمان گوزەل يارنى دىنىي شەيخلەر ئاللاغا ئاشىق، ئاللا گوزەللىكىنى سۆيگەندەك ئەمەس. بەلكى رېئال ئادەمنىڭ ئىنسانىي گوزەللىكىنى، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ.

قىيا باقىشلەرىڭدىن ئەي سەنەم ھەر كوشەدە خۇندۇر.
بەسي قۇربانىڭ ئۇلغان تىيرەئى خاك ئىچرە مەدفۇندۇر؛
نەمازى ئىشق قىلماق مەزھەپى فەرھادۇ، مەجنۇندۇر،
قىرائەت قاشلەرىڭ سەھرايى ئىچرە سورەئى نۇندۇر؛
زىھى زۇلفۇڭ يۈزىڭنىڭ دەۋرىنى لەيلۇ ناھار ئەيلەپ.

زەلىلى لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى «زەلىلى دىۋانى» نىڭ نۇرغۇن غەزەللىرى ۋە بەزى مۇخەممەسلىرىدە خىلمۇ خىل تەرەپلەردىن تۇرلۇك تېما ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇنىڭدىن زەلىلى لىرىك قەھرىمانىنىڭ روھىي بايلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى رېئال ئادەم سۆپىتىدە ئۆزىنىڭ گوزەل يارىنى ئىسلام ئېتىقادىغا، مەۋھۇم جەننەت ھۆر - پەرىلىرىگە قارشى قويىدۇ.

سېنى ئەل ساھىبى سەججادە[1] ئىسلامدىن دەرلەر،
ئىنابەت ئەيلەمەككە مورشىدىم ئىلمۇل يەقىن دەرلەر.
تەبەررۇك ئاستانىڭ تۇپراغىنى كېمكى ياستاندى،
بەلاۋۇ فىتنەۋۇ ئاخىر زاماندىن ھەم ئەمىن دەرلەر،
ھەمىشە خانىقاھى مەرىفەتدە شەيخى كامىل سەن.

---

[1] جەينامار، سەجدە قىلىدىغان ئورۇن.

فەرىشتەدىن ھەنالىق ھەلقە رويى زەمىن دەرلەر.
.........

مۇئەييەن كۆرگەنىڭدىن ھەر نەزەردە جەننەتۇ دەۋزەخ،
كارامەت قولزۇمىنىڭ كىشتىسىدە دوربىن دەرلەر.

ھەتتا لىرىك قەھرىمان يار گۈزەللىكىنى ئىپكىللىكتىك سوپىلارغا قارشى ھالدا تەڭرى گۈزەللىكىگە تەڭ قويىدۇ:

باغبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
روخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.
تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گۈرۈستانغە،
قوپۇپ گوردىن بارى موردە ھەمە ۋا ھەسرەتا دەرلەر.

سادىقلىق، ۋاپادارلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قانداق فورماتسىيىسىدە ئەخلاق كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ ئەخلاقى ئۆلچىمى بولۇپ كەلدى. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانى مۇھەببەت تۇيغۇلىرى بىغۇبار - پاك، ئۇ ئۆز سۆيگۈسىنى گۈزەل يارىغا ئالىيجانابلىق ھېسسىيات ۋە سەممىي سادىقلىق بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

تەنىمنى تەختى تابۇتقا سالماغلىق نە ھاجەتتۇر،
كويۇڭدا نەچچە يىللاردىن ئاقارغان ئۇستىخان بولغاي،
كەفەنگە قان ساچىپ تاڭلا شەھىدلىك شۆھرەتى بەرسەم،
قىيامەت كاربەلا ياڭلىغ قىزىل قان ھەر يان بولغاي.

ياكى:

شەكەر لەبىڭگە بىھا جانۇ - دىل ھەۋالە قىلاي،
نەزەرگە كەلمىسە جانىم يەنە ھەۋالە قىلاي.

سىتارە شۇئلە كۆزىڭدىن ۋۇجۇدۇم ئۆرتەندى،
قەمەر يۈزۈڭگە قارا كاكۇلۇڭنى ھالە قىلاي.
يۈزۈڭ باھارى چىمەندەك ھەمىشە تازە ئۈچۈن،
كۆزۈمنى شىشەئى گۈلگۈن كۆڭۈل پىيالە قىلاي.
بەرەھمەنى سەنەمى سۈرەتى فەرەنگى مەن،
كى سومنات ئىشكىدە ھەمىشە نالە قىلاي.
ئاق ئۆي ئىچىدە سارىغ يۈزلەگە تەرەھھۇم قىل،
كى ھەلقەئى خەمى ھەر ساچىڭ رىسالە قىلاي.
نەھايەتكى بەلا يولىنى سورامىڭلار،
جەۋابىن ئەيتۇرىدە ئىبتىدائى نالە قىلاي.
خۇمار ئۇل لەب مەيگۇن خەراپ ئەتتى مېنى،
يۈرەك قانىنى زەلىلى مەي دۇسالە قىلاي.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ ئالىيجاناب قىياپىتى 18 -، 110 -، 145 -، 177 - غەزەللەردە ۋە 9- ھەم 17- مۇخەممەسلىرىدە خىلمۇ خىل تەرەپلەردىن گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ لىرىك قەھرىمان خىيال بايلىقى دۇنيامىكىسىنىڭ تەرەققىياتى لىرىك قەھرىمانى مۇنداق خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

مەردان ئەرۇسى دەھر نەزەر قىلسە باقماغاي،
يەئنى جەھاننى تودەئى زەر قىلسە باقماغاي؛
دەرياۋۇ دەشت تاشىنى گۆھەر قىلسا باقماغاي،
ھۇرى بېھىشت جىلۋە ئەگەر قىلسە باقماغاي،
ھەر ئاشىقكى ئايرىلادۇر دىلرەباسىدىن.

بۇنى لىرىك قەھرىمانىنىڭ تونۇشىدىكى مۇھەببەت مەسىلىسىدىكى ئەخلاقىي مەسىلىنىڭ پەلسەپىۋى خۇلاسىسى

دېيىشكە بولىدۇ. ھەر قانداق لىرىك ئەسەردە لىرىك قەھرىماننىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق، ئىجتىمائىي مەۋجۇدات زىددىيەتنىڭ ئىنكاسى بولغان لىرىك ھېسسىيات زىددىيىتىدە ئۇسۇپ يېتىلىدۇ. لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنىڭ كەڭ ۋە تار كەۋدىلەندۇرۇلۇشى لىرىك قەھرىمان چېتىلىدىغان ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي مەۋجۇداتنىڭ دائىرىسىگە باغلىق بولىدۇ. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ناھايىتى كەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. ئىنسانپەرۋەر، ئىنسان گۈزەللىكىنى «گۈزەل يار» ئىندىۋىدۇئاللىقىدا! چىن دىلى بىلەن سۆيگەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولغان زەلىلى لىرىك قەھرىماننىڭ تەقدىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ ماھىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆزى سۆيگەن «گۈزەل يار» ھىجرانىغا دۇچ كېلىدۇ:

گەھى گەردۇر يۈزىدە مەئىسىيەتدىن دودى ئاھ ئولدۇم،
گاھى زاھىدلار ئىچرە مەشئەلى فانۇسى ماھ ئولدۇم،
ئەگەرچە ئەۋۋەلۇ ئاخىر گەدالەر ئىچرە شاھ ئولدۇم،
فىغانكىم شوخلار سەر مەنزىلىدە خاكىراھ ئولدۇم،
قەدەم تۇفراغىم ئۈزرە قويمادىلەر يەئنى ئار ئەيلەپ.

ياكى:

كاشكى گۇلدەك يۈزۈڭنى كۆرمەگەي ئەردىم بۇگۇن،
بۇلبۇلى ئاشوفتە ياڭلىغ كۈيمەگەي ئەردىم بۇگۇن.
مەۋجى رەفتارى قەدىڭنى كۆرمەسەم ئەي سىمبەر،
جوشۇشى سىمافتەك كىم ئۈيمەگەي ئەردىم بۇگۇن.
ئىنتىزارۇ ۋەئدەئى دىدار ئەگەر ئەتمەم ئۇمىد،
ئىتلەرىڭ ئىزىغا كۆزۈم سۈرمەگەي ئەردىم بۇگۇن،
نوسخەئى تۇمارى غەم بەرسەڭ پەرىزادىم ماڭا،
تەۋق ئېتىپ جان پەردەسىگە يۈرگەگەي ئەردىم بۇگۇن.

ئەي زەلىلى نەبىر ئىتەلمەسلىغىنى ئاڭلاسام،
ھېچ ئادەمگە تونۇشمىنى ئۆزىمەگەي ئەردىم بۇگۈن.

بۇ ھىجران فېئودالىزم ئىستىبداتلىق قۇللۇقىنىڭ «ئاشىق»، «مەشۇق»لار مەيلىنى، ئازاد - ئەركىنلىكىنى ۋەھشىيلەرچە بوغقان ئىجتىمائىي ماھىيەتكە قارشى ھالدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ياشلارنىڭ ئاھ - زارىنىڭ تېپىكلەشتۈرۈلۈپ، لىرىك قەھرىمان ئىندىۋىدۇئاللىقى تەرجىمىھالىغا ئايلاندۇرۇلغان سۈرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

لېكىن زەلىلى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەتلىرىگە ئۈمىد بىلەن قارايدۇ ۋە ئۆز مەقسەتلىرى، ئارزۇ - تىلەكلىرى ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ:

چو تاراجى سەۋادى كوفرى زۇلفۇڭ ئەيلەدى ئاجىز،
نە قۇدرەتتۇر سىپاھى لەشكەرى دارانى يىغماقلىق.
زەلىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانىڭلار،
چو بۇتخانە ئىچىدىن كافرو تەرسانى يىغماقلىق.

ياكى:

قىيامەت قامەتا ئازادەلەر قەيدىڭدەدۇر بەندە،
ئاياغىم ئىستەرىڭدىن قالماغاي تاباش ئىرۇر تەندە؛
نە فىكرى گۇرى كۆڭلۇم نى پەرۋاي كەفەن مەندە،
گوزەر قىل قەبرىم ئۈستۈن ئەي شەھى خوبانىم ئۆلگەندە؛
يەقىن بار مەۋلى شەمئى مازارىم ئىمتىھان ئەيلەپ.

ياكى:

باھارى كەر بالارەڭ ئالماين گۈلگۈنە قانىمدىن،
سەدايى نەغمەئى ئىشقىڭ كۈلۈرمۇ خەستە جانىمدىن.
خەلايىققە نە بارى تاشلايىن دەلقى گەرانىمدىن،

زەلىلى تەرىك ئېتىپ ئالەمنى كەچتى خانە بانىمدىن ؛
بەلى، ئازادەلەرنى كۆڭلۈم ئىچرە مېھمان ئەتكەچ.

مۇھەببەت كونفلىكتى ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى كونفلىكتنىڭ نەتىجىسىدۇر. لىرىك قەھرىمان ئۆز دەۋرىدىكى مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ يىلتىزى فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. ئۇ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىتىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىنى كېزىپ جەمئىيەتنى تەكشۈرگەنىدى.

ھەقىقەت ئابستراكت چۈشەنچە شەكلىدە ماركستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ بىر كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ جەمئىيەتتە كونكرېت ۋەقەدۇر. ئۇ دانىشمەنلەر ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ھەقىقەت خەلقنىڭ ئىشلىرىدا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ زىددىيەتلىرىدە، قەھرىمانلىق ۋە ئاددىي مېھنەت كۈنلىرىدە، غەلىبىلەردە ھەم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەردە، يەنى ھاياتنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىرىدە، خىلمۇ خىل شەكىللەردە، چەكسىز ھالدا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ چىقارغان خۇلاسىسى تەرىقىسىدە:

ئەي زەلىلى بۇ نىچۇك سۆز دېبان ئەيىپ ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.

دەپ ھەقىقەتنىڭ كونكرېتلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىسە،

ھەقىقەت ئەھلىگە سەن تەئنە قىلماغىل ھەرگىز،
جاھان ـ جاھان غەم ئارا قالسا گەر ئۇلەر مەھجۇپ.

دېيىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ. لېكىن ھەقىقەت كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغىنىدەك، رېئال مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

ھەقىقەت جىلۋىگەردۇر دەرھەقىقەت يوشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەھلى زەللىلى تەلبەگە مۇنداق قىباپ ئېلەپ.

ئەمما زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھەقىقەتنىڭ خەلق بىلەن مەڭگۈ بىرلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنچ باغلايدۇ.

ھەققانىيى زەلىلى ئەھلى يەقىن دەلىلى،
يوق مۇندا قالوقىلى. تەڭرى گۇۋاھ ئەمەسمۇ؟

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «ھەقىقەت» توغرىسىدىكى ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن پەلسەپە قارىشى ئارقىلىق خەلق بېشىغا چۈشكەن تراگېدىيىنىڭ يىلتىزىنى جەمئىيەتتىن ئىزدەپ مۇنداق خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئالىمنى زالىم ئېلەدى پاسىقنى پەرسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەپ كارخەنەدۇر.

ياكى:

جاھان بىر بىشەدۇر ھەر تەرەپتە شىرو - ئەجدەرھا،
شەھى دۇلدۇل سوۋارى ھەيدەر كەررار بولغايمۇ؟

مانا بۇ زەلىلىنىڭ ياشىغان جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك، ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى. ئەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ چىرىك، فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈمى خەلقنىڭ بېشىغا ئېلىپ كەلگەن

بالايئاپەت مۇنداق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ:

گەنىچ پىنھانى دېمەك ئۈستىدە مارى بولمىسا،
ئەل ئەندىل ھەقدىن تىلىن ساقلارمۇ دارى بولمىسا:
ئادەم ئەۋلادى ئەمەس ھەر كىمكى يارى بولمىسا،
دا مەنى سەھرا دېمەسلەر لالىزارى بولمىسا؛
زىننەتى گۈلشەن بېرور مۇسەبزارارى بولمىسا.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى خەلق ئازادلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ بۇ جەرياننى مۇنداق ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

ھەم شۇئىلەئى فىغانىم ئالەمنى يارۇتۇپدۇر،
ھەم قان ياشىم چۇ دەريا مەۋج ئىلە بولدى جارى.

ئەمما ئۇنىڭ شەخسىي كۈرىشى، جۇملىدىن ھەتتا ناھايىتى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ بۇ شارائىتتا خەلقنى ئازادلىق، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرەلمەيتتى. ئەمما زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز كۈرىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇمۇمىي شوئارى:

مۇنافىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقار، ئەقلى دۇلدۇل.

ئىدى. زەلىلى بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئىچىدە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە فېئودالىزم سىياسىي تۈزۈمىنىڭ روھىي تىرىكى بولغان زاھىتلارنى ئەڭ ۋەھشىي دۈشمەن دەپ ساناپ، «تىل زۇلفىقار» نى ئۇلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى ئەجەللىك ساتىرا نەيزىسى ئاستىغا

ئالىدۇ:

بۇگۈن مېھراپ مۇنبەر ھەرپىدىن دەم ئۇرماغىل زاھىد،
سوجۇ داتىم سەنەم قاشىغە يەئنى تەركى ھۇش ئەتكەچ.

ياكى:

زەلىلى خانقاھى كۆڭلۈك ئىچرە ئەربە ئەيىن ئولتۇر،
مەجازى شەيخلارنىڭ سۆھبەتى ئۆجبۇ رىيا ئاخىر.

ياكى:

ئەربە ئەيىن ئولتۇردى بولغايكىم رىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولمىسا،
خەلفەئى ئاخىر زامانلارغا بۇ مىسرائىدۇر نىياز،
بەرگى سەبزى خانقا بىر باش پىيازى بولمىسا.

زاھىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا دادىل، ئۇزۇل - كېسىل مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

باشىڭ كېتەر دېمەگىل قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،
مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرمە تا ئاياغىم بار.

لىرىك قەھرىمان زاھىتلار ماھىيىتىنى مۇنداق ئېچىپ تاشلايدۇ:

مەغرور ناماز ئۇلماغىل ئەي زاھىدى خودبىن،
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تودەۋۇ خەستۇر.
ئەتلەسنى زەلىلى كۆزگە قىلمامۇ باھات،
پەشمىنە كولاھ بىلە بوخىرقەسى بەسدۇر.

ياكى:

شەبى ئىبرەتكەدۇر ئەيىن ناماز،
ئەيۋانۇ ئىمارەتكىچە كىم بۇتخانە يوق.

ياكى:

رىيايى شەيخلەردىن تاپماغاي بويى مۇسۇلمانلىق.

بەرەھمەن سومناتى ئىچرە گەبىرىيەن پەرەست ئولدۇم.

ياكى:

رىشتەئى تەسبىھى زاھىددىن نە خاسىيەت ماڭا،
سومناتۇ تەندە كۆرگىل قەيدى زۇننار ئولمىشىم.

ياكى:

شاراپخانەئى تەۋھىدنى ماقام ئەيلەپ،
كى زاھىدان رىيالارغا ئەدۇۋ بولدۇم.

لىرىك قەھرىماننىڭ يۇقىرىقىدەك قاراشلىرى 26 ـ، 69 ـ، 81ـ، 88 ـ، 91 ـ، 100 ـ، 106 ـ، 112 ـ بېيىتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز دەۋرى جەمئىيىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ ساھەسىنى كېزىپ ئۆتۈپ، رىيالىقنىڭ قېتى ـ قېتىغا كىرىپ بارىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ جەمئىيەتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان ئىبستېتىك غايىسىنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ. زەلىلى لىرىك قەھرىمانىنىڭ رىياكار شەيخلەرگە ئەجەللىك ئاتقان ئوقلىرىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن تۇتۇشىدۇ؛ بۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ ئەڭ ۋەھشىي سىياسىي ۋە مەنىۋى دۈشمىنى بولغان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ خائىنلارچە:

سەمەرقەند سەيقەلى روھىي زىمىنەس،
بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلامى دىناس.

(سەمەرقەند روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئۇزۇك كۆزى، بۇخارا ئىسلام قۇدرىتىنىڭ قورغىنى) دەپ كۆتۈرگەن چۇقانلىرىغا قارشى ھالدا زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى تولۇپ ـ تاشقان ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن:

جاھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۆن باغۇ ـ چەمەن ياخشى،
دەمى ئۆلپەت ئالۇرغا دىلبەرى شىرىن سۇخەن ياخشى.
سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،
بىزنىڭدەك تۈركى ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.

دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا زەلىلى لىرىك قەھرىمانى زاھىت شەيخلەر بىلەن مۇنىستىك ھالدا دۇنيا ھېساباتىنى مۇنداق روشەنلەشتۈرىدۇ:

سەبىز خەتتى دىلبەران شەھرى ماچىن بىزگەدۇر،
سىزگە جەننەت چار باغىدىن گۈلى رەيھان كېرەك.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى كەبە ـ قىبلىگاھلارنى چەتتىن، باشقا ئەلدىن ئەمەس بەلكى ئۆز ئانا تۇپرىقىدىن ئىزدەيدۇ:

دۇر ھەزرەتى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان،
مەشھەدىڭدەك قىبلە ئالەم جاھاندا يوق.
رەۋاقى تەندە ئەيلەيدۇر ھەمىشە بۇندا،
جەننەتول مەئۋادا ئەيلەر سۆھبەتى جانانە يوق.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز دەۋرىدىكى سوفىزم ئىس ـ تۇتەكلىرى ۋە فېئودالىزم سىياسىي زۇلمىتى بىلەن ئورالغان قاراڭغۇ زۇلمەت دۇنياسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ شۇنداق چوققىسىغا كۆتۈرۈلىدىكى، كەبە. تاۋاپىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تىكەنلىكىگە تەڭ قىلمايدۇ:

يول باشلاغۇچى كەئبە تاۋاپىغە نەھاجەت،
ھەر خارى خەسى دەشتى سەۋاد ھەرەممەدۇر.

دەيدۇ. بۇنى زەلىلى دەۋرى بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئاجايىپ زور قەھرىمانلىق، ياڭقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جاسارەت دېيىشكە بولىدۇ. تۆۋەندىكى مۇنۇ قۇرلار لىرىك قەھرىماننىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ:

ھاجى ھەرەم ئىچرە تەۋ ئەيلەمەك نەھاسىل،
ۋەيرانە ئى كۆڭۈلنى ئاباد ئەگەر قىلمىسا.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىستىبتىك قاراشلىرىنى 4 _، 59 _، 75 _، 88 _، 90 _، 105 _، 134 _ غەزەللىرىدە خىلمۇ خىل تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھەقىقەتەن ماھىيەتلىك ۋە كۆپ قىرلىق قەھرىمان، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرى تەبىئىي ھالدا خەلقچىللىق، خەلقپەرۋەر ئىدىيىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەندەك، بۇ ۋەتەنگە بايلىق ياراتقان، ئۇنى باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھايات بېغىشلىغان، شانلىق ماددىي ۋە مەنىۋى تارىخ ياراتقان، تارىخنىڭ ئىگىسى بولغان ئۆز خەلقىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان، مۇڭىغا مۇڭداش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىدۇ.

دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۈم؛
كۆزى ۋەقتى سەھەر سەييارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،

فەنا شەھرىدىكى ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم؛
جۇنۇن توغيان ئېتىپدۇر ھەر بىرىنى دەر بەدەر تەنھا.

خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان لىرىك قەھرىمان ئۆز كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ.

شەيخان رىيايىغە ۋەقىتكى مەساف ئەتتىم،
كۆڭلۈمگە غۇبار ئولماي ئاينە ساف ئەتتىم.
شەيدالىقىم ئەل بىلدى، تىل بىرلە يۈرەك تىلدى،
ئول قانچە جەفا قىلدى، مەن ئانچە مەئاف ئەتتىم.

بۇ دەۋردە خەلقنى جۇڭغار مۇستەبىتچىلىرىگە يەم قىلىپ بەرگەن چوڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ مۇھىمى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق مەزھەپلىرىنىڭ ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەللىرى، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ئىدى. لىرىك قەھرىمان خەلق بېشىغا ئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئامالسىزلىقتىن چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىدۇ.

كەلسە ھەيتاددۇ مىللەت فىرقەسىدىن قەۋملەر،
ئېتىرازۇ مەزھەبۇ ئايىن ئۈچۈن قىلماق جەدەل.
ئەي زەلىلى ئەھلى دۇنيادىن نە پەرۋا ئەيلەيىن،
ھەر نەسىھەتكىم قىلۇر كۆڭلۈمگە باغلارمەن غەزەل.

دەيدۇ. لىرىك قەھرىمان خەلقنى يۇقىرىقى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىردىنبىر يول بولغان «ئىتتىپاقلىشىش» ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. بۇ يولدا خېلىلا ھەرىكەت

قىلغان بولسىمۇ ئۇ چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىدۇ:

قەۋمى ھەيتاددۇ مىللەت كى زەلىلى سۇلھ ئۈچۈن،
ئاشىنالىغ ئەيلەگىل بىسار ناچار ئۆلمىشەم.

لىرىك قەھرىمان خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقى، خەلق ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خانىۋەيرانلىقىنى كۆرۈپ، بىئارام بولۇپ، يۈرەك باغرىنى قان قىلىپ ساقىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

باغى كۆڭۈل خەزانىدىن كىمكى چۇلالە داغ ئەمەس،
قومرى شاخ سەرۋە ئېرور ساھىبى چار باغ ئەمەس.
بولدى سۇ راھى سەرنىگۇن مەينى قۇيۇڭ دىماغىدىن،
ساغەر ئاتەشىن تۇتۇڭ ساقى چۇبىدىماغ ئەمەس.

خەلق بىلەن تەقدىرداش لىرىك قەھرىمان خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئازادلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن يول تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىرگەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا ئاساس سالغان ئۇيغۇر مىللىتىگە XI ئەسىردە قايتىدىن دۆلەت، مىللەت چۈشەنچىسى ئاتا قىلغان، ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئەل خاتىرىسىدە ئۇلۇغ مازارغا ئايلانغان سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرىدىن، سۇلتان سۇتۇق بوغراخان روھىدىن مەدەت تىلەپ،

يول ئىزدەپ كېلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال روھانىيەت پەلسەپىسى ئىدى.

ئايا سولتان ساتۇق ئالەمگە سىزنى شاھ دەپ كەلدىم،
خەلايىق ھالىدىن شامۇ سەھەر ئاگاھ دەپ كەلدىم.
كەرامەتلەركى سەندىن زاھىر ئولدى ھېچ تەڭ يوقتۇر،
كەمىنە ـ بۇ قۇلۇڭ مەئىندە ئەھلىللاھ دەپ كەلدىم.
ئۆتۈپ ئىت يولىدىن سۈرتۈپ كۆززۈمنى ئەت،
ئىنايەت كۆزلەرىن ئاچقايمىكىن ناگاھ دەپ كەلدىم.
ياتا يۇلدۇز كەبى ئارتۇشدا ھەر يان تورفە بوزۇرگلار،
ۋە لېكىن ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقنى ماھ دەپ كەلدىم.
بەھەققى ھورمەتى توغى ـ لىۋايى ئەھمەدى مۇرسەل،
زەلىلى يولىدىن ئازمىش يولغە سال گۇمراھ دەپ كەلدىم.

لىرىك قەھرىماننىڭ بۇ ھەرىكىتى «پۇتۇنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك «ئىجابىي» ئالقىشقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كونكرېت ھەرىكەتتە ھېچقانداق رولى بولمىدى. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھازىرقى زامان ئەقىل ئىگىسىگە مەلۇم.

بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان لىرىك قەھرىمان ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئۇسۇلى ئېتىقادى ئەبۇ ناسىر فارابىدىن باشلانغان، XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئېستېتىك غايىگە ئايلانغان «ئادىل شاھ»قا ئۇمىد باغلاش، ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل يوللار بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ ئۇنى «ئىنساب»قا دەۋەت قىلىش خام خىيالىغا ئۆتىدۇ ۋە شاھقا ئۇمىد باغلىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

سەيىد بىپەرۋا يۈرۈرگەر شەھبازى بولمىسا،
مەملىكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولمىسا.

دەپ خوجىلار دەۋرى ھاكىمدارلىرىنى مەملىكەت ۋەيرانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خوجىلار باشباشتاقلىقىنى چەكلەشكە چاقىرىدۇ. لىرىك قەھرىمان بۇ پىكىرنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۆز دەۋر ھاكىمدارىنى مېھرىبانلىق، ھىممەتلىك، ئادالەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئەي شاھ خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدىمىڭدە كى غۇبارىڭ بولسۇن.
بۇ سەلتەنەتۇ تۇغ - ئەلەم سەندە مۇيەسسەر،
ھىممەت ئىلكىڭدە زۇلفىقارىڭ بولسۇن.

لىرىك قەھرىمان ئۆز پىكىر لوگىكىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شاھقا ھايات دىئالېكتىكىسىنى ئېسىگە سېلىپ، بېسىم ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ.

دۇنيايىبى مادارا، تۇرماس كىشىدە يارا،
ئىسكەندەرۇ، نە دارا ئۆتتى نىقار[1] ئىچىدە،
ياكى:
ئۆمرىڭنى باقى دەرسە، دۇنيا غەمىنى يەرسە،
قالمايدۇ ھېچ كىمەرسە، بوگىرۇدار ئىچىدە.
دەم ئۇرمە رومى رەيدىن، تەخت ھەم تاجى كەيدىن،
كىمكى ئىچەر بۇ مەيدىن، رەنجى خۇمار ئىچىدە.

---

[1] نىقار — ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، جاڭجال.

ياكى:

قىش بولدى باھارۇ چىمەن قەنى،
مورغان سەھەر تىلىدە تەۋھىد قەنى.
شاھان جەھان، بوزىرى خاك ئۆلماسالەر،
كەي خىسراۋ، كەي قوباد، جەمشىد قەنى.

زەلىلى لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ كۆرەش ئۇسۇلىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ھاكىمدارىغا قىلچە تەسىر قىلمىغان، تەسىر قىلىشىنى مۇمكىن ئەمەس.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن خەلق بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىدىن ئەمەلىي نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن «كەمبەغەل». «مۇساپىر» شاھ مەيدانغا كېلىدىغان جەمشىيەتنىڭ سۈرىتىنى خىيالەن مۇنداق سىزغان:

ئىقلىمغە شاھ ئۇلسا ئەگەر مەردۇ مۇسافىر،
غۇربەت ئەلەمى كۆڭلىدە چۈن بۇلبۇلى دىلگىر.
خان ئەتىم پادشاھدىنكى ھەممە،
بىر نوقل نە باتنكى ئالۇر دانە ئى زەنجىر.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ خىيالىي رومانتىكىسى ئۆز دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئومۇمىي جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى بويىچە، شۇ قاراڭغۇ دەۋردە تۇرۇپ، نۇرلۇق كېلەچەككە قاراپ تەلپۈنگەن بىر ئۆلۈغوار ئىنتىلىشىنىڭ سۈرىتى سۈپىتىدە، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلغارلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەنە شۇ ئىلغار رومانتىك قاراشتا تۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ زۇلمەتلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى «باقىي

ئەمەس»، ئۇ ئۆزگىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

بىر مەرتىبەدە تۇرماس ئىمىش شاھ نە دەرۋىش،
بەس خىرقەنى كىدىم ئۆزۈم دەر بەدەر ئەتتىم.

ئۇنىڭ مانا شۇ نۇقتىئىنەزەرىدىن تۆۋەندىكى سوپىلارچە ئىسيانكارلىق تۇغۇلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەيى مەنسۇرىدىن مەستى ئەنەل ھەق بولمىغانىڭ ھاجەت،
سەراپا ئۇستىخانىڭ تەختە بەند جويدار ئەمەس.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشىدە سۆز سەنئىتى بولغان ئەدەبىياتنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر قورالى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ كۈچىگە ھەققانىي ھالدا ئىشىنىدۇ.

تىغى زەبانىم ئاتەشىن بولغاندىن زەلىليا،
سەفىھە يۈزىنى كۆيدۈرۈر شوئلەسىدىن نەي قەلەم.
ياكى:
مۇنافىقلەرگە بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقار، ئەقىل دۇلدۇل.

دەيدۇ. زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنى خەلق بەخت - سائادىتى، ئازادلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان قەتئىي ئىرادىلىك قەھرىمان بولۇپ، بۇ يولدىن قايتمايدۇ.

قەدەم بۇ مەرھەلەر ئۈزرە قويارمە، قورقۇتماڭ،
زەلىلى تەلبەسى باردى، كۆرمەدى خەتەرى.

ياكى:

باشىڭ كېتەر دېمەگىل قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،
مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرگە ئاياغىم بار.

زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئىجتىمائىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز ئۈمىدىنى دانىشمەنلەرچە كېلەچەك ئەۋلادقا باغلايدۇ.

ئەسلى جەھاندا قالمادى تەلبە زەلىلىنىڭ دېمەك،
ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈڭ ھەر غەزەلدۇر بىر ئوغۇل.

ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، خەلق بىلەن تەقدىرداش زەلىلىنىڭ لىرىك قەھرىمانى بىر ئۆمۈر كۈرەش يولىنىڭ تارىخىي تراگېدىيىسىنى ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپە روھ سىڭگەن ئىككىلا مىسرادا تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

سورما مەندىن نە دەپ قارا كىيدىڭ،
بۇ زەلىلى ھەمىشە ماتەمدە.

دەيدۇ. مانا بۇنى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر كۈرەش يولىنىڭ مۇقەررەر ھالدا يەكۇنلەنگەن خۇلاسىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«ئەگەر ئەسەر ئوقۇغۇچىنى ھاياجانغا سالالمىسا، ئۇنىڭ ئېستېتىك دۇنياسىنى بېيىتالمىسا، ئۇنىڭ ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا مۇناسىۋىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرەلمىسە، ئۇنىڭدا نېمىلەر ئېيتىلسۇن، قانداق ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئىنتايىن مۇھىم پىكىرلەر ئىزھار قىلىنسۇن، قانداق تېما ۋە مەسىلىلەر قويۇلسۇن، ئۇ ھەقىقىي سەنئەت ئەمەس.» (چىڭگىز ئايتماتوۋ) ئەسەردىكى ئەنە شۇ سېھىرلىك كۈچ بەدىئىيلىك

دېيىلىدۇ. بەدىئىيلىكنىڭ باش ئۆلچىمى ئىلغار دۇنيا قاراش، ئىستېتىك قاراشتىن تۇغۇلغان بەدىئىي چىنلىقتۇر. شۇڭا بېلىنسكى «شېئىرىي ئەسەرنىڭ قەدرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىككە توغرىلىقىدۇر» دېسە، ئېنگېلس ١١٨ ئەسىر رېئالىست رومانچىلىرىنىڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىنى كۆرسەتكەندە «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرەلىگەنلىكە-دىدۇر» دېگەنىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدىئىيلىكنىڭ باش ئۆلچىمى «بەدىئىي چىنلىق» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ماركسىتىك ئېستېتىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدۇر. بېلىنسكى: «مېڭە ۋە يۈرەكنىڭ شۇنداق جايلىرى باركى، ئۇلارغا پەقەت شېئىرىيەت ئارقىلىقلا كىرىش مۇمكىن» دەيدۇ. بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا قەلبىمىزنى تىترەتمەي قالمايدۇ. ئۇ كۈچ زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ تېماتىكىسىنىڭ كەڭ، خىلمۇ خىللىقى، ئۇنى شائىر ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار ئېستېتىك كۆز قاراش بىلەن كۆزىتىپ، يېتىلگەن بەدىئىي ماھارەت بىلەن ھەققانىي رېئالىستىك ھالدا لىرىك بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن.

زەلىلىنىڭ ھەر بىر لىرىك شېئىرى ئۆزىگە خاس بىر ئىجتىمائىي ماھىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن زەلىلىنىڭ ھەر بىر لىرىك شېئىرىدا كونفلىكت لىرىكىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېپىشماقنىڭ يېشىمى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

زەلىلىنىڭ ھەر بىر لىرىك شېئىرى رېئال ھاياتنىڭ شائىر قەلبىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن، يۈرەكلىرىنى زىلزىلىگە سالغان، ھاياجانلىق ئىچكى كەچۈرمە، بۇ ئىچكى كەچۈرمە ئۆز دەۋرىدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىسى بولۇپ، شائىر تەرىپىدىن يۇغۇرۇلغان، تەرجىمىھالىغا

ئايلاندۇرۇلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن، لىرىك قەھرىمان تەرىپىدىن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان ئىچكى كەچۈرمىشدۇر.

زەلىلىنىڭ ھەر بىر لىرىك شېئىرىدا پىكىر بىلەن ھېس، ياكى ئەقىل بىلەن ھېس مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، پىكىر سەزگۈ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ، ئەسەرنى بەدىئىي ئەسەرگە خاس چوڭقۇر خاھىشچانلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىقىلار زەلىلى شېئىرىيىتىنى بەدىئىي كۆچكە ئىگە قىلغان بەدىئىي چىنلىقنىڭ كونكرېت ئامىللىرىدۇر.

ئەسەر بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساسىي ئامىللارنىڭ يەنە بىرى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆز ئارا ماس كەلگەن بىرلىكىدىن ئىبارەت. شەكىل مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ. لىرىكىدا مەزمۇن رېئال ھاياتنىڭ شائىر تەپەككۇرىدا پەيدا قىلغان ئىنكاس بىلەن شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت. مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىل مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىپادە شۇنداق بولۇشى كېرەككى شېئىرىي شەكىل ئامىللىرى مىسرا، شېئىرىي مىسرانى تەشكىل قىلىدىغان رىتىم، تۇراق، قاپىيە، ھاجىب، رادىف، بەندلەر شېئىرىي مەزمۇننى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇشى كېرەك. مانا بۇنى شېئىردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى دەيمىز.

شائىر بەدىئىي تەپەككۇرغا خاس ژانىرلار بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ.

مەسىلەن:

مەغرۇر ناماز ئولماغىل ئەي زاھىد خودبىن، مىكرى ئىلە رىيادىن،
دىخان سەمەندەر قاشىدە تودەئى خەسدۇر ماناند پوچەك پۇل.

زەلىلىنىڭ بۇ مۇستەھزادىدا ئەكس ئەتكەن مەزمۇن 57 - غەزەلدە:

مەغرۇر نامەز ئۇلماغىل ئەي زاھىدى خودبىن،
دېھقان سەمەندەر قاشىدا تودەۋۇ خەسدۇر.

دەپ ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىرىي شەكىلدىكى مەزمۇننى سېلىشتۇرغاندا بىرىنچىسىدىكى مەزمۇن ئىككىنچىسىدىن كەڭرەك، بايراق ۋە كونكرېترەكلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ جايدا بايراق مەزمۇن مۇستەھزادشەكلىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسا، تارراق مەزمۇن غەزەل شەكلىنى بەلگىلىگەن. مەزمۇن شەكلىنى بەلگىلەيدۇ دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئەمدى شەكىلنىڭ مەزمۇنغا خىزمەت قىلىشى، ئۇنىڭغا ماس كېلىشى، يەنى شېئىر ئامىللىرىنىڭ مەزمۇننى ئىپادىلىشىگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن پرىنسىپىمىزغا ماس ھالدا ئىككىلا مىسالدا تولۇق ئەكسىنى تاپىدۇ. زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، تېمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، بەدىئىي تەپەككۇر قىلىشتا غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىدە، ساقىنامە قاتارلىق ژانىرلاردا ئىپادىلىشى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ماسلىقى جەھەتتىن، ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ ماھارەت چوققىسىغا كۆتۈرگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى غەزەل تەشكىل قىلىدۇ. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا غەزەل ئاساسەن 7 ـ 9 بېيىتتىن ئىبارەت بولۇپ، زەلىلى غەزىلىدە بەش بېيىتلىق خىلى ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. غەزەل ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسەن لىرىك ژانىر. لىرىك ژانىر ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لىرىك ھەجىم جەھەتتىن چوڭايغانسېرى قانۇنىي ھالدا لىرىك ھارارەت سۇسلىشىپ، لىرىك تەسىرچانلىق ئۆز كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شېئىردىكى ھەجىم كىچىكلىكى شېئىرىي مۇۋەپپەقىيەتنى تەمىنلەيدۇ. شۇڭا زەلىلى غەزەلىيىتىدىكى بەش

بىيىتلىق سالماقنى زەللى شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىك دېيىش كېرەك.

زەللى شېئىرىيىتىدىكى مۇزىكىللىقنىمۇ يەنە بىر بەدىئىيلىك دېيىشكە بولىدۇ.

ئومۇمەن، شېئىرىيەتتىكى مۇزىكىللىقنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاساسىي ئامىل ۋە ياردەمچى ئامىللار بولىدۇ. دائىمىي ئاساسىي ئامىللار: رىتىم، قاپىيە، بەند بۆلۈپ، ئۇلار زەللى شېئىرىيىتىدە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماھارەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، جۈملىدىن دائىمىي ئىشلەنمەيدىغان ئەمما ماھارەتلىك شائىر قوشۇمچە ئىشلىتىپ، شېئىرىي بەدىئىيلىكنى ئاشۇرىدىغان مۇزىكىللىقنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆز تەكرارى (باشلانغۇچ سۆز تەكرارى، ئاخىرقى سۆز تەكرارى، ھاجىپ، رادىف)، تەجنىس (ئومونىم) لارمۇ زەللى شېئىرىيىتىدە ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوللىنىلىدۇ. تەجنىستىن بىر مىسال كەلتۈرەيلى:

يۈزۈڭنى پۈركەگەچ ئول سۇنبۇلى سىياھ قارا،
سەھەر سىتارەنى ئەيلەيدۇردى ئاھ قارا.
قەلەم لەبىڭدەكى خالىڭنى نۇقتەئى خەت دەر،
كى ئىككى تىللىغىدىن تەلئەتى گۇۋاھ قارا.
نە كافىر، نە مۇسۇلمان، تالى ئاتتى زەررىن پوش،
كىيەر يەنە كېچىلەردە گەداۋۇ شاھ قارا.
چۈكەربالا تەرەپىدىن سەۋەد زاھىر دۇر،
گەھى قىزىل كۆرۈنۈر كۆزلەرىمگە گاھ قارا.
قارا كۆزۈم كولۇپ ئېيتۇر: زەللىنى كۆرگىل،
كۆڭۈل قارالىغىدىن جىندەۋۇ كۆلا قارا.

بۇ قارا سۆزنى شېئىر مىسرالىرىدا مەزمۇننى ئىپادىلەشتە

بەش بېيىتلىق بىر بەند غەزەلدە يەتتە ئورۇندا ئىشلىتىپ، ئىنتايىن زور ماھارەت كۆرسەتكەن «تەجنىس» نىڭ كلاسسىك شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ماھارەتنى ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىدە نەۋائىدىن باشقا شائىردا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئاخىر ئەسەر بەدىئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل بەدىئىي تىلدۇر. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان بەدىئىي تىل سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە شۇنداق كارامەت قورالكى، ئۇ ھېچ نەرسە بىلەن چەكلەنمەيدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردىكى مەزمۇن ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى. يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز خاراكتېرنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، نازۇك ھېس تۇيغۇلىرى، بىزنىڭ قەلبىمىزگە بەدىئىي تىل ئارقىلىق كىرىپ كېلىدۇ. ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز، خاراكتېر، پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىغا نىسبەتەن شەكىل بولسا، تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بەدىئىي ئوبراز خاراكتېرلىك ھۆججەيرىسىدىن تارتىپ، پۈتۈن گەۋدىسى پەقەت بەدىئىي تىل ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. يازغۇچى ياكى شائىر سەنئىتىنىڭ كىشىگە مەنىۋى تەسىر كۆچى شۇ سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي تالانتىنىڭ ئۆلچىمى دېگىنىمىزدىمۇ بۇنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى بەدىئىي تىل ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بەدىئىي چىنلىق پەقەت بەدىئىي تىل ئارقىلىقلا قايتا رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنى سۆز سەنئىتى دەپ ئاتايدۇ.

زەلىلىنىڭ بەدىئىي تىلى سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن سۆز سەنئەتكارىغا كۆتۈرۈلگەن ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي تىلدۇر. زەلىلىنىڭ بەدىئىي تىلى روشەن، يارقىن، رەڭدار تىلدۇر.

زەلىلى تىلىنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك تەرىپى شۇكى، كلاسسىك شېئىرىي تىلغا خاس يۇقىرى دەرىجىلىك ماھارەت بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چوڭقۇر مەنىلىك، قويۇق بەدىئىي بوياققا ئىگە، ئوبرازلىق تىلدۇر. مەسىلەن:

ھەر ئاھ چېكەر بولسام‌فەلەككە ھەزەرىم‌بار، ۋاقتى، سەھەر ئىچىدە،
كۆيگەي مەلەك ئالەمي ئوتلۇغ شەررىم بار، كۆڭلۇم خەتەر ئىچىدە.

ياكى:

باشىم ئەگەرچە گۇنبەزى ئەينە خا نەدۇر،
ياشىم مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مۇرغىغا دانەدۇر،
دەريايى ئەشك كۆز ئىچىدىن بى كەرانىدۇر،
ھەر شۇئلە ئىكى ئاھىم ئوتىدىن زەبانىدۇر،
ئەھلى جۇنۇنغە شۇئلى ئەمەس تازيانەدۇر.

ياكى:

ئىشق ئەھلى ئالىا ئىزىڭ توتىياسىدىن،
قىلغىل تارازۇ ئىككى كۆزۈمنىڭ قاراسىدىن.

ياكى:

ئەھۋالى كۆڭۈل ئەيغالى بىر مەھرەمى تاپماي،
زۇلمىڭنى قەرنداش، غەمىڭنى پەدەر ئەتتىم.

ياكى:

سىپاھى چىنۇماچىن بىر بولۇپتۇر،
ھۇجۇم ئەيلەپ خەتتى مۇشكىنىگە سۇنبۇل.

ياكى:

كۆڭۈل ھەرفىنى سەن تىغى زەباندىن ساقلاغىل زىنھار،
ۋەلى ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماقلىق.
قەلەندەر سەيرنى ۋەقتى سەپەردە كىمكى مەنئى ئەيلەر،
ئېرور زەنجىر ئىلە باشدىن ئاياغ دەريانى يىغماقلىق.

زەلىلىنىڭ شېئىرىي تىلىدىن ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان سىتىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىشقا بولىدۇ.

زەلىلى كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس «ھەرپىي ئوبراز» لاردىنمۇ كەڭ پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تىيرە ئاھىمدىن قەدىمنى ھەلقەئى نون ئەيلەبان،
ئىنتىزار ئەھلىنى ئاتماغلىققا يا كەلتۇرمىشەم.

سىدىنى: «شېئىر ھەممىگە تونۇلغان ئېسىل خەلقلەر ۋە تىللار ئارىسىدا نادانلىققا تونجى نۇر ۋە شادلىق بېغىشلىغان دەسلەپكى سۈت ئانىلىق (ئىمىكئانا) رولىنى ئوينايدۇ... شائىر ئەمەلىيەتتە ئاممىنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپى» دېگەنىدى. زەلىلى ئەنە شۇ يۇقىرىقى تەلەپكە لايىق شېئىر يازغان، خەلق قەلبىنى ئويغاتقان، ئەمەلىيەتتە خەلق ئېڭىغا ئايلانغان پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقىرى چوققىلاردىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

## زەلىلى تەزكىرىلىرى توغرىسىدا

تەزكىرە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇ «ئەسلىمە»، «يادىكارلىق» قاتارلىق مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت تەزكىرىلەردىن باشقا دىن، تارىخقا ئائىت تەزكىرىلەرمۇ كەڭ تارقالغان. ھەر قانداق پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن ماتېرىيال يىغىش، ئۇنى رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى مۇنداق ماتېرىياللار شۇ پەن تەتقىقاتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ تارقالغان تەزكىرىچىلىك كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

ئەدەبىي تەزكىرىلەرگە ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت

ماتېرىياللار، يەنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئايرىم شائىرلار ۋە ئەدەبىياتچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ تەزكىرىلەر ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتە بەزى دەۋر تارىخىي شارائىتىدا بىردىنبىر مەنبە بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ئۆتمۈشتىكى تەزكىرىچىلەر ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تەنقىدىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى مەلۇم.

بىرگە VIII ئەسىردىن مۇھەممەت ئاۋفىنىڭ «لوبوبول ئەلباب» تەزكىرىسى يېتىپ كەلگەن. بۇ تەزكىرىدە ئاۋفى شائىرلار بىلەن چەكلەنمەستىن، بەزى ئالىملارنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھەم مەلۇماتلار بېرىدۇ. ئاۋفى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ خېلى ئۇزۇن ساياھەت قىلىپ ماتېرىيال توپلىغان. ئۇ بۇ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «جەمىئۇل ھېكايەت» ۋە لاۋامىئول رىۋايەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ ئەسەرلەردە خەلق ھېكايە، لەتىپىلىرى ھەمدە تارىخىي ماتېرىياللار توپلانغان. بۇلاردىن باشقا مەيدۇنى نىشاپورى (1124 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەجمۇئال ـ ئامسال» ناملىق ئەسىرىدە ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن ئاپورىزملىرى توپلانغان. مەشھۇر ئالىم زەماھشارىمۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئۇ «رابىئول ئەبرار» (ياخشىلار باھارى) ناملىق ئەسىرىنى بىزگە يادىكار قىلىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ئەسەردە نۇرغۇنلىغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى قاتارلىق خەلق ھېكمەتلىرى توپلانغان. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي تەزكىرىلەر ئىچىدە نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىنى) نى ئەدەبىي تەزكىرىلەرنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەردە نەۋائى تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان 333 شائىرنىڭ تەرجىمھالى،

ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر ۋە ئۇلارغا قىسقىچە باھا بەرگەن.

بۇ ئەسەر نەۋائى دەۋرىدىكى تۈركىي تىلىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىردىنبىر مەنبە بولۇپ، ئەدەبىياتشۇناسلىق تارىخى ئۈچۈن ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

«زەلىلى دىۋانى»غا «تەزكىرى چىلتەن» ۋە «خوجا مۇھەممەت بۇزۇرۇكۋار تەزكىرىسى» كىرگۈزۈلگەن. «تەزكىرى چىلتەن» يېزىلىش شەكلى جەھەتتىن ۋە سۇژىت قۇرۇلۇش ماھارىتى جەھەتتىن بايان قىلىش ئۇسۇلى، شېئىرىي تىل جەھەتتىن خېلىلا ياخشى لىرىك ئېپىك داستان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما سۇژىتى دىنىي رىۋايەت ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ۋەقەلىك شائىرنىڭ نەقشىبەندىيە سوپىلارچە پەلسەپىۋى كۆز قارىشىغا تايانغان ئېستېتىك كۆز قارىشى بويىچە چىلتەنلەر ئوبرازى ئىلاھلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئىسلام رىۋايىتى بويىچە چىلتەنلەر جىن، ئالۋاستى، پەرى ئەمەس، بەلكى ئىنسان بولۇپ، جاپا، زۇلۇم چەككەن، خارلانغان ئىنسانلارغا ياردەم قىلىش جەھەتتىن خىزىردەك ھېكمەتكە ئىگە ئىكەنمىش.

بۇ تەزكىرىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى قاتتىق ئاغرىپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيغەمبەرنىڭ خۇداغا ئىلتىماسى بويىچە چىلتەنلەردىن ياردەم سورايدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتچىسى مۇختار جەبرائىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن يەتتە قات ئاسمان گۈمبىزىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە چىلتەنلەرنى تاپىدۇ. تەزكىرىدە شائىرنىڭ سوپىلارچە ئېستېتىك قارىشى بويىچە چىلتەنلەر سوپى قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

سەدىر بابادىن بىرى دەر جوش ئېرور،
رۇيى قىبلە بىرلەرى خاموش ئېرور.
سۆھبەتى گەرمىدە قىرىق ژۇلىدەمۇ،

يەتكۈزۈبان ئەرشىغە ئاۋازى ھو.
زىكرىغە مەشغۇل ئولۇپدۇرلەر بارى،
غەيرى ھەقدىن ئۆزگە يوق پەرۋالەرى.

ياكى:

زاھىرى قىرىق تەن ۋەلىيبىر تەن ھەمە،
زىنھار ئەي بىرگە ئىنكار ئەيلىمە.
ئەيدى ئول بۇ سۆزنى بۇزۇرۇكۋار،
ژەندە تىكەن يىگنەنى مەردانىۋار.
سانجىدى قوللىرى ئۆزرە ناگەھان،
بولدى قىرىق تەننىڭ قولىدىن قان راۋان.

خۇدا ئۇلاردىن يەتتىسىنى پەيغەمبەرنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن باتىمەننىڭ ئاغرىقىنى داۋالاشقا يەرگە ئەۋەتىدۇ.

بىر ئىشارەت بىرلە مەردانى خۇدا،
قىرىق تەندىن يەتتە تەن بولدى جۇدا.
ئەزبىرايى بەھرى ھاجاتى رەسۇل،
قىلدىلەر رويى زەمىن ئۆزرە نوزۇل.

يەتتە چىلتەن رەسۇلىللا ئۆيىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ ئۆز جايىغا قايتىش ئۈچۈن تەڭرىدىن رۇخسەت سورايدۇ.

خەتمى «تا - ھا» قىلدىلەر ئاندىن كېيىن،
قويتىلەر رۇخسەت تىلەپ مەردانىدىن.
تەڭرى بەردى سىھھەتى بىمارغە،
ئەيد: يانساق گۇنبەزى داۋۋارىغا.
ئەيدىلەر: يانماققا رۇخسەت يوقتۇرۇر،
لوقمەئى رويى زەمىن سىزلەرگىدۇر.

ئۆممەتىمدىن بولسا ھاجەتمەند ئەگەر،
ئاغرىقنيو يا گىرىفتارى سەپەر.
يا بەلايى نا گەھانغە ئۇچرىغان،
يا يەتمى، خەستائى زىھرى جىغان.
يا تەنى كىشتىنى دەريا قىلسە غەرق،
يا زىرا ئەتگاھىنى كۆيدۈرسە بەرق.
زالىمى مەزلۇمغە قىلسە ستەم،
تىغى باتىن بىرلە قىلغاي سىيەر قەلەم.
ھەر بالايى كەلسەرو ئەيلەپ ھونۇز،
كىمكى ئاجىزدۇر مەدەد ئەيلەپ ھونۇز.
قويماڭىز رويى زەمىندە بىر ئەدۇ،
ھەقتائالادىن سىلەرگە ئەمىر بۇ.

ئاخىرى ئاشۇ خۇدانىڭ «ئەمرى» بىلەن ئەرشكە چىقماي، يەر يۈزىدە خار- زار، زۇلۇم چەككەن، ئاجىز، مۇساپىر، يېتىم- يېسىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قالىدۇ...
خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەب يېرىدىن كېتىشكە رەسۇلىللادىن رۇخسەت ئالىدۇ.

نا گەھانى زاھىر ئۇلدى مۇستەفا،
بەردىلەر بۇ يەتتە تەنگە بىر ئەسا.
ئەيدىلەر: تەندە تا جانىڭلار بار،
بۇ ئەسا سىزلەرگە بىزدىن يادىكار.
قايدا كەچ بولسا مونى سانچىپ قويۇڭ،
سەبىزە بولغان يەر ئۇزە مەنزىل ئويۇڭ.
تور بەتىڭلار بولسۇن ئول يەردە مازار،
فەيزى ئالسۇنلار خەلايىق سەدھەزەر.

ئۇلار بىلەن ئەمدى ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولمايدۇ. ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر جاھان كېزىپ تۈركىستانغا يېتىپ كېلىدۇ.

خەلقنى ئەيلەپ بەلالەردىن ئىمىن،
ئاقىبەت يەتتىلەر تۈركىستان زېمىن.
مۇلكى تۈركىستان زېمىندە يەركەند،
پايتەخت ئەردى بارى يۇرتىدىن بەلەند».

ئۇلار بۇ تېررىتورىيىدە يېتىم - يېسىر، خارلانغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئىنسانغا باش پاناھ بولىدۇ. مۇستافا بەرگەن ھاسىنىڭمۇ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ھەر تەرەپ تىيرى كەرامات ئاتتىلەر،
شامۇ - خۇپتىنى ئۇقۇبان ياتتىلەر.
ئەرتەسى كۆردىلەركىم تىككەن ئەسا،
سەبىز خوررەم شاخۇ بەرگىدۇر رەسا.

دېمەك. يەتتە چىلتەن زۇلۇم - ستەم كۆرگەن، خار- زار بولغان ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇچۇن كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما ئۇزلىرىمۇ قانچە جاپا - مۇشەققەت چەكسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا تەييارتاپلىق بىلەن ياشىماي، ئۆز ئەمگەكلىرىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

شائىر ئۇلارنىڭ ئاددىي - ساددا، خالىس، دىنىي مەرىپەت ئىش ئىزلىرىنى ۋە ۋاپاتىنى سوپىلارچە نەقشىبەندىيە دۇنيا قارىشى بويىچە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مەئلۇم ئولدىكىم دەرەختىن تېرەك،
مۆجىزە بۇندىن زىيادە كېرەك.

سینەپۇر دەردى يۇرەكدىن خۇن چىكان،
ئەيدىلەر «بىزلەرگە بۇ يەردۇر ماكان»،
نەچە ۋاقتۇ نەچە سائاتتىن كېيىن،
رىھلەت ئەيلەپ بولدىلەر زىرو زەمىن،
بىلمەدى ھېچكىم بولار ئەھۋالىنى،
چىل چىمەننىڭ مورغى زەررىن بالىنى.

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىرنىڭ كۆز قارىشى تېخىمۇ ئوچۇق نامايان بولىدۇ:

گەۋھەرى قىممەت باھاى كىم تانۇر،
يەنى داۋۇد ئاڭلغاي ھەرفى زەبۇر.
بۇلبۇل بىچارە بىلگەي قەدرى گۇل،
ئاشىقى مەيخارە بىلگەي قەدى مول.
قوينى قويچىيۇ شوتورنى ساربان،
ئۇي سامانلىقنى تانۇر، ئىت ئۇستىخان.
فەرىق ئەيلەر باغبانى چار باغ،
نالەئى قۇمرى بىلەن غەۋغايى زاغ.

ئەمما بۇ چىلتەننىڭ قەبرىسىنىڭ يەكەندە قانغانلىقىنى 41 چىلتەن بىلىدۇ. ئۇ 41 چىلتەن شۇ دەۋرنىڭ دىنىي مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان مەدەنىيەتلىك تارىخىي شەھەر بۇخارادىن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئىشقىنىڭ مەيخانەسىدىن جورئەنوش،
مورشىدى گەنجى گوروھى جەندە پوش.
ئاتلەرى شاھ تالىب سەر مەست ئىدى،
ئەۋلىيالار ئىچرە بالا دەست ئىدى.

قىرىق بىر تالىپلىرىنى باشلاپان،
نەجدىھادەك ئاغزىدىن ئوت تاشلاپان.
قىلدىلەر شەھرى بۇخارادىن سەپەر.

تەزكىرىدە يەتتە چىلتەننىڭ تۈركىستانغا (شىنجاڭغا) كەلگەن ۋاقتى يەكەن، خوتەنلەر تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن چاغ ئىكەن.

مۇلكى تۈركىستان زېمىنىدە يەركەند،
پايتەخت ئەردى بارى يۇرتدىن بەلەند.
كافىرىستان ئەردى لېكىن سەربەسەر،
با ۋۇجۇدى قىلدىلەر ئاندا مەقەر.

دېگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەتتە چىلتەن بۇ جايغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىرىنچى مىسسىئونېرلا بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ھېچقانداق داغدۇغىلىق ھەيۋىسىمۇ يوق. تەزكىرىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىككىنچى قېتىم كەلگەن 41 چىلتەن ئىسلام دىنىي جەنۇبىي شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كەلگەن 41 چىلتەن بىرىنچى قېتىم كەلگەن يەتتە چىلتەننىڭ قەبرىسىنى تېپىپ ئۇنى ئىسلام ئېتىقادى بويىچە مازارغا ئايلاندۇرىدۇ:

بوي سالدىلەر بۇ قىرىق بىر ئەھلى ھال،
ئۇشبۇ مەنزىلدىن كېلۇر بۇيى ۋىسال.
ئەلگە ئەيدىلەر: بۇ ئەھلىللاھ ئۇلۇغ؛
باغلادىلەر ئۆزلىرى بىر نەچچە تۇغ.

يەتتە تەنگە يەتتە قەبرە ئەتتىلەر،
ئەلگە تەۋىق ئەيلەرنى ھەم ئۈركەتتىلەر.
خانە قاھۇ مەسچىدۇ كۆل سالدۇرۇپ،
كى تىلاۋەت بىرلەكى سۆھبەت قۇرۇپ.
ھاجەتى مۆئمىنلەرگە ئەيلەپ دۇئا،
ئولتۇرۇپ ئەردىلە شاھ ئەۋلىيا.

ئەنە شۇ يول بىلەن يەتتە چىلتەننىڭ «ئۇلۇغ» ئىشىنى ئەبەدىيلەشتۇرۇپ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك مۇنار تىكلىدى. مانا بۇ ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىنى سىڭدۇرۇشىنىڭ، ئۇنى ئەبەدىيلەشتۇرۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يەتتە چىلتەن مازىرىنى ھازىرمۇ يەكەن خەلقى، جۈملىدىن پۈتۈن ئىسلام ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان مۇسۇلمانلار «ئۇلۇغ» بىلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

«تارىخى رەشىدىيە» نىڭ مەلۇماتىدا يەكەننى پايتەخت قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئابابەكرى پەۋقۇلئاددە ئېگىز ھەم كۈچلۈك، ئۆزى زېرەك ھەم ئىنتايىن قۇۋ، ئىسلام دىنىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قورال ئورنىدا ئىشلىتىدىغان، كۆرۈنۈشتە ناھايىتى تەقۋادار، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتە ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى دېيىلىدۇ.

تەزكىرىدە ئابابەكرى بۇخارادىن كەلگەن ھېلىقى 41 چىلتەننىڭ يەتتە چىلتەننىڭ قەبرىسىنى مازارغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقنى ئەتراپىغا يىغىۋالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى تەقىب قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئامالسىز شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. لېكىن تەزكىرىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ سوپىلارچە نەقشبەندىيەچىلىك نۇقتىئىنەزىرىگە بويسۇندۇرۇپ، 41 چىلتەننىڭ باشلىقى شاھ تالىپنى ئەۋلىيا قىلىپ

كۆرسىتىدۇ. تەزكىرىدە تەسۋىرلىنىشىچە، ئابابەكرى شاھ تالىپنى سىناش ئۈچۈن ياساۋۇللىرىدىن بىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، بىر قارا مۈشۈكنى پىشۇرغۇزۇپ، ئىبىل داستىخانغا يۆگەپ شاھ تالىپقا ئەۋەتىدۇ. شاھ تالىپ ئۆز ئادەملىرى ئالدىدا بۇنى ئەۋلىيالارچە بىلىپ قالىدۇ. دە، ئۇنى «پەش!» دېسە ھېلىقى قارا مۈشۈك ئەسلىگە قايتىپ، بۇ چوڭ سورۇننى هاي- ھۇي ئىچىدە بۇسۇپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ شائىرنىڭ چىلتەنلەرنى يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سوپىلارچە ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن مىستىك ئېستېتىك غايىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمدى 41 چىلتەننىڭ بۇ جايدىن كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شاھ ئىنكار ئەھلىدىن تارتىپ ئىزا،
تۆرمايىن كەتمەككە بولدىلەر رىزا.

بۇ شائىر تەزكىرىسىگە ئاساس قىلىپ ئالغان دىنىي ئەپسانىنىڭ لوگىكىسىغا ماس ھالدا توقۇلغان بەدئىي توقۇلمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. توپ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كېتىشى ھۆكۈمدار ئابابەكرىنىڭ فېئودال ھەربىي دىكتاتورىسىنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گېرتسېن«... سىياسىي ئەركىنلىككە ئىگە بولالمىغان خەلق قولىدا ئەدەبىيات يېگانە مۇنبەر بولۇپ، بۇنىڭ چوققىسىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەب ۋە ۋىجدان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ»①. زەللىلى ئۆزىنىڭ نەقشىبەندىيەلىك سوپىلارچە نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، نەقشىبەند سوپىلارنىڭ

① گېرتسېن«رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەمگىكى توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 43- بەت.

ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ يەتتە چىلتەن بولسۇن، مەيلى قىرىق بىر چىلتەن بولسۇن ئۇلار ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان، ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ئىستىبداتلىق زۇلۇم - ستەملىرىگە قارشى تۇرىدىغان دىنىي دېموكرات زاتلار بولۇپ، خەلقنىڭ دىنىي تۇس ئالغان ئاھ - زارىغا مۇڭداش بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى ئىستەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى، شائىر تەزكىرىنىڭ باش قىسمىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي گۈزەل مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ قاباھەتلىك ھاياتىغا بولغان نارازىلىقىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

مەسنە دىدۇر پايتەخت - يەركەند،
نېكى نامۇ نېكى بەخت ياركەند.
ھاكىمى ئالىي نىشان ئاۋازەلىك،
تاپتى بۇ ئىقلىم ئۇلاردىن تازەلىك.
ھەزرىتى بەك ھاكىم ئولغاندىن بۇيان،
يۇرت ئابات ئولدىيو دارىلئامان.
ساياسى گويا دەرەختى مېۋىدار.
كافىرو مۇئمىن ئارا ئەئزاسى بار.
خەيرۇ ئېھسان ساخانىڭ سانى يوق،
مۇددەتى دەۋلەت كۆرۈپ ئەرمانى يوق.
با تەجەممۇل با تەھەممۇل ھۆشمەند،
با تەسەۋۋۇر با تەۋەككۇل دىلپەسەند.
ئەسرىدە ئالىملار نەۋئىل قەلەم،
سايەبانى دەۋلەتى تۇغۇ ئەلەم.
دايىما ئالىملەر بىرلە ھەمنىشىن،
قاراخانى مۇلكى تۈركىستان زېمىن.

تەزكىرىدە شائىر تەرەپتىن ئالغا سۈرۈلگەن يۇقىرىقى ئىككى خاھىشنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلغارلىق دېگىلى بولىدۇ.

تەزكىرىنىڭ خېلىلا پىشقان سۇژېت شەكلى، قۇرۇلمىسى، بايان قىلىش ئۇسۇلى راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە بەدىئىي بويىقى قېنىق، رەڭمۇرەڭ جىلۋىلىك بەدىئىي تىلى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا. ئۆز دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئېپىك ئەسەرلەر ۋە داستانلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، بۇ تەزكىرە شىنجاڭدىكى ئىلاھىيەتچىلىك ۋە سوفىزمنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ مەزھەپ، ئېقىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، تارىخىي تەتقىقات ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

## تەزكىرە ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت شەرىف بۇزۇرۇكۋار توغرىسىدا

بۇ تەزكىرە سەئىدىيە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمرانى ئابدۇرشىتخان دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ۋە زور تەسىرگە ئىگە، ھەتتا ھۆكۈمدار ئابدۇرشىتخان قول بېرىپ مۇرىت بولغان، پىر - ئۇستاز تۇتقان، ئۇنىڭغا ئابدۇرشىتخان كاتتا يەر، سۇ، ۋەخپە بەرگەن مۇھەممەت بۇزۇرۇكۋارنىڭ ھايات - پائالىيىتىگە بېغىشلانغان.

شائىرنىڭ:

نەزمە باغلانغان مەھەلدە ئەي ئەخى،
مەنىڭ يۈز ئەللىك بەش ئەردى تەرىخى.

بولمادى تارىخو نەزمە سىلسىلە،
ھېچ ۋەقتى فىكرو ئەندىشە ئىلە.
روزى شەنبە ئاخىرى ماھى سەفەر،
يەتتى ئەتمامىغە نەزمە موختەسەر.
يەتتى يۈز يەتمىش ئىدى يەتتى تەمام،
نۇسخە ئەيلەپ ئەزبىرايى خاسۇ ئام.
نەسرى ئەردى نەزمىدە تاپتى زۇھۇر،
تەرىخى مىڭ يۈز ۇ ئەللىك يەتتەدۇر.
قىلدى قەبرىستان ئىچىدە بۇ بەيان،
ئىلەرىدىن كىم زەلىلى ناتەۋان.
ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى،
پىرى مورشىددەك جەھانگەرد ئولمادى.
قىرىق يىلدىن تا بۇ دەمغە خىرقە پۇش،
چەشمە سارى باتىن ئەمدى قىلدى جوش.

دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ناھايىتى ئېنىقكى، ئەسەر 777 بېيىتلىق ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەر بولۇپ، ئۇ بۇرۇن نەسرى يېزىلغان. شائىر ئۇنى ھىجرىيە 1155 - يىلى شېئىرلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ، ھىجرىيە 1157 - يىلى ئىككى يىل ئىچىدە تاماملىغان، بۇ ۋاقىتتا قىرىق يىل دەرۋىشلىك ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن شائىر 70 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئەسىرىنى ناھايىتى قىيىن شارائىت ۋە غۇربەتچىلىكتە يېزىپ تاماملىغان.

تەزكىرىنىڭ سۇژىتى مۇھەممەت شەرىفنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىش تەرەققىيات جەريانىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەريان شائىرنىڭ سوپىلارچە ئېستېتىك قارىشى بويىچە ئىدېئاللاشتۇرۇلدى. نەتىجىدە مۇھەممەت شەرىف ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەسەر باشتىن ئاخىر مىستىك قاراش بىلەن چوڭقۇر سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئىلاھىيەتچىلىك

گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. بۇنى قىرىق يىل ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن شائىرنىڭ «تەقدىر چىلىك» كە چېكىنگەن ئىدىيە ھالىتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

تەزكىرىدە شائىر بىر ئۆمۈر ئۆز تەقدىرى ۋە خەلق تەقدىرىنى يېشىش ئۈچۈن يول ئىزدەپ، تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىلاھىيەتكە «سېغىنىش» تىن پەيدا بولغان، شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم ئىسلامىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، خەلققە ئىسلامىيەت ئېڭىنى بەرگەن سۇلتان سۇتۇق بوغراخان قەبرىسى «ئۇلۇغ مازار» غا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ روھى خەلق روھىيىتىدە «قۇتقۇلدۇرغۇچى» ئىلاھىيەت داھىيغا ئايلانغان ئومۇمىيەت شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىدە تېپىكلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئايلانغان مىستىك سوفىستىك غايىسى باشتىن-ئاخىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

تەزكىرە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللا ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بولغان تۆت چارىيارغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەت شەرىف سايراملىق بولۇپ، يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسى ئۇنى قىيىنچىلىقتا يىپ ئىگىرىپ شۇنىڭدىن كىرگەن خىراجەت بىلەن ئوقۇتىدۇ. بەختكە قارشى ئۇن ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قارا يېتىم بولۇپ قالىدۇ. ئىلاھىي تەقدىر بىلەن چۈشىدە بېشارەت بەرگەن بىر كالاننىڭ ھېكمىتىدە سەمەرقەندكە ئوقۇشقا بارىدۇ. سەمەرقەند مەدرىسىدە كەمبەغەل مۇساپىرلاردەك ھايات كەچۈرۈپ ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ بىر باي سودىگەرنىڭ غايىبانە چۈشىگە كىرىپ قالىدۇ. ئۇ باي ماددىي ياردەم ۋە ساخاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جايدا 30 يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىلگەن چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چۈشىگە مۇنداق ھادىسە ئايان

ياتمايىن ئوتتوز يىل ئىچىرە بىر كىچە.
جەھد ئەيلەڭ ئىش شۇ بۇدۇر ئۆلگۆچە.
هارماغۇ ئاچماڭ مۇشەققەت بىرلەسىز.
مۇنچە مىھنەت هەم رىيازەت بىرلەسىز.
سىزدە بىر ئىبرىقۇ خىشتو بوريا.
كۆڭلۆگىزدە قالمادى بويى رىيا.
بىز ئىككولەن جوملە ئالەم سەيىر ئىتىپ،
كون تۇغۇشتىن كون پاتىشقا يىتىپ،
تاپمادۇق سىزنىڭچە قابىل بىر كىشى.
ئاينە ساف ئەيلەگەن ئەركەك - چىشى.
ئىلگەرى كەلمەك كىرەك موللا شەرف،
بارچەغا مەقبۇل زىباۋۇ زەرىف.
نەفىس شەررىدىن بولۇڭ ئەمدى ئىمىن،
بەردىلەر ئىلكىگە بىر قۇر سۇ جەۋىن.
خوجا پەرياد ئىلە قىلدىلەر سوئال:
ئۆزلىرى كىم بولدىلەر ئەي ئەهلى هال.
ئول قارا قاشقا توپچاقلىق جوۋان،
ئەيدىلەر: بىل، مەن ساتۇقى بوغراخان.
كاشغەر مۇلكىنى ئىسلام ئەيلەگەن،
دىن دىيارىنى سەرانجان ئەيلەگەن.
مەنزىلىمدۇر قىبلە رويى كاشغەر،
سىر گوروھى غازىيانى بەھرۋەر.
بىرلەرى ئەيدىلەر: بىزنى بىلمىسەڭ،
سورەتىمدىن مەردۇ پىر هەيبەت دىسەڭ.
مەنكى سۇلتان خوجا ئەهمەد يەسەۋى،
هەم ۋىلايەت هەم كارامەتدە قەۋى؛

رەھنەمۇنى ئەسىرى مەن، يوق غالىبىم،
بار ئىرور يۈزىمنىڭ مەشايىخ تالىبىم.

تۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆزىنى يۇمىدۇ، كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى چۆل ـ باياۋاندا كۆرىدۇ. . .

قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەنلەر،
ئەيدىلەر: موللا شىرىن كەل ـ كەل بىرى.
گەرمىنى ئىستەرسە بارغىل كاشغەر،
مەقسەدىڭدىن ئاندا تاپقايسەن خەبەر.
ۋەر بولارنى ئىستەسەڭ بىئىختىيار،
تۇرماغايسەن مۇندا، تۈركىستانغە بار.
غايىب بولدىلەر بۇ بۇ سۆزلەردىن كېيىن،
مۇشكۇ ئەنبەرغا تولۇپ رويى زەمىن.

ئۈچ كۈن-مېڭىپ، بۇرۇنقى ھۇجرىسىغا كېلىدۇ. يەنە بۇرۇنقى غېرىبانە مۇساپىرچىلىق ھايات. . . ، ئاخىر يۇقىرىقى ئىككى ئەۋلىيانىڭ سۆزلىرى قۇلاقلىرىدا جاراڭلايدۇ-دە، قەشقەرگە كېتىشكە تەرەددۇت قىلىدۇ. . . دەل مۇشۇ چاغدا، دەسلەپتە غايىبانە چۈش كۆرۈپ، ياردەم قىلغان سودىگەر يەنە موللا شەرىفنىڭ يولغا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق غايىبانە ياردەم قىلىدۇ. داغدۇغىلىق خوشلىشىپ يولغا چىقىدۇ. . . ئۇنىڭ ئېتىقادى روھى داھىيسى:

فىكىر قىلدىلەر ماڭا ھادىيۇ راھ،
قارا قاشقا ئارغىماقلىق پادشاھ.
تەربىيەت قىلغان فەقىرنى ئول ئەزىز،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدە شەمشىرى تىز.

ئۇ قەشقەرگە كېلىپ «سۇلتان سۇتۇق بوغراخان» مازارىنى تاۋاپ قىلىپ، ئىستىقامەت قىلىشقا ئىنتىزار بولىدۇ. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە:

هەزرەتى سۇلتان نە مايان بولدىلەر،
ئەيدىلەر: هارماڭ، كېلىڭ سىز ئىلگىرى.
كوهسارى جەزبەنىڭ شىرى نەرى.
خوپ رىيازەت چەكتىڭىز مەردانە ۋەر،
ئەۋلىيا خەيلى بۇ خىزمەتدىن تاپار.
بىزنى ئىستەم كەلدىڭىز، خوش كەلدىڭىز،
تەربىيەت قىلغانىمىزنى بىلدىڭىز.
مۇندانى دەپ ئولتۇرۇرسىز بىقەرار،
بىز بىلۇرمىز سىزدە هەر ئەندىشە بار.
ئەيدىلەر: شاھ مۇبارەك قەبرىڭىز،
تەۋۋ ئىتىبان كەلدى بۇيى سەبرىڭىز.
تاپمادىم ئۈچ كۈن ئۆتۈپ هەيراندۇمەن،
گەردى بادۇ دەشتى سەرگەرداندۇمەن.
شاھ ئەيدىلەركى ئەي موللا شەرىف،
سائىتى بولغايسە بىزلەرگە رەدىف.
خوجە بىر نەچچە قەدەم مەهراھ ئىدى،
هەرنە تەلقىن ئاگاھ ئىدى.
مەنزىلىم بۇ يەردە دەپ كۆر كەتتىلەر،
كۆزلەرىدىن غەيىپ ئولۇبان كەتتىلەر.

موللا شەرىف ئۆيىگە چۈشكەن باي ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ بوغراخان قەبرىسىگە بېرىپ قىلغان ئىستىقامىتىنى مارايدۇ. ئەمما بۇنى موللا شەرىف بىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا بوغرا نامايان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوقتۇرۇپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈرىدۇ...

ئاخىر ئۇ مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

... سەندىن ئوردى مەۋجى دەريايى ئۇلۇم،
چىنىماچىن مۇلكىدىن تا ھەددى رۇم.
شۆھرىتىڭ پۇر شەھرى تۈركىستان ئارا،
ماجرا سالغان مۇغۇلۇستان ئارا.
خوجە بۇ نەسرى ۋەلىنىڭ تالىبى،
ھەم ۋەلىيۇ ھەم پىسەر خانى نەبى.
شەۋقى مەيدانىدا سەن شەمشىرى تىز،
كىچەلەر قەندىلى قەبرىڭ شوئلە رىز.
ئۆتتى مەندىن بى ئەدەد سەھۋۇ خەتا،
رەخمە ئەيلەپ قىل ماڭا لۇتىق ئەتا.
سۇلتان سۇتۇقنىڭ جاۋابى:
كەلدى ئاۋازى: بۇگۇن پەرۋاز قىل،
مەكە توللاھ تەۋفىغە ئاغاز قىل.
ئاشنا ئاشنانىڭ فەرقى بار،
باتىنىڭ روخسارىنى تۇتتى غۇبار.
ساف بولمايدۇر بارىپ ھەج قىلمىساڭ،
تىغى مىھنەت بىرلە تەننى تىلمىساڭ.

خوجا ئەنە شۇ بۇيرۇققا ئاساسەن زور تەييارلىق بىلەن ھاجىلارغا قوشۇلۇپ مەككىگە ماڭىدۇ. ئەمما شور دەريا (قىزىل دېڭىز) دا كېمە بورانغا ئۇچراپ قاتتىق پاراكەندىچىلىك بولىدۇ. . . . ھەممىسى «ئاللا! ئاللا!» بىلەن چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ساراسىمىگە چۈشكەن چاغدا، يەنە دەريا ئىچىدىن سۇتۇق بوغراخان مۇنداق پەيدا بولىدۇ:

ئات تاۋۇشى كەلدى ھەر يان باقتىلەر،
كوسى ئىسكەندەرنى قورقۇپ قاقتىلەر.
كۆردىلەركى خوجا بۇزۇرۇكۋار،
بىر قارا قاشغا توپچاقلىق سوۋار.
سەكراتىبان ئاتنى ئول ئەرجومەند،
بەرقەدى ئادەمچە دەريادىن بەلەند.
تۇغ چىقارتىپ سۇ يۈزىدىن نا گەھان،
ھەزرەتى سۇلتان ساتۇقى بوغراخان.
ئاتلەرى دەريا ئۈزە ئويناپ ئۆگۈن،
سويلار ئەردى ئەبرى ياغلىغ يا تۈتۈن.
يەتتىلەر مىيل ئۆزرە كەلدىلەر بىرى،
ھەم ۋەلى ھەم غازىلەرنىڭ سەرۋەرى.
ئەيدىلەر: ئەۋۋەلقى كۆرگەن شاھ مەن،
باتىنىڭدا ھەرنە بار ئاگاھ مەن.
قورقماغىل تەربىيەت ئەيلەرمەن ساڭا،
يۇم كۆزۈڭنىيۇ قولۇڭنى بەر ماڭا.
كۆزلەرىنى يۇمدىلەر، قول سۇندىلەر،
ئاتقە مىنگەشتۇردىلەر ئول راھىبەر.
باز ئۇن كەلدى: كۆز ئاچ، سەھرانى كۆر،
قالدى گىردابۇ لەبى دەريايى شور!
كۆز ئاچىبان كۆردىلەر بۇزۇرۇكۋار،
ھەزىرىتى سۇلتان ئات ئويناتىپ تۇرار.
ئەيدىلەر: ئاچ قالماغايسەن بەئدە زەيىن،
ئال، دىبان بەردىلەر بىر قورسى جەۋىن.
بارمايىن بىر نەچچە كۈن بۇ يەردە تۇر،
ئاڭلاغايسەن بولغاي ئەسرارى زوھۇر.

غافىل ئۇلماغىل لەبى دەرىيادە سەن،
تىنمايىن جەمئى ئەيلەگىل چەندان رەسەن.
تودە ـ تودە ئالەبان قويغىل بۇگۇن،
قوتقارورغا نەچچە يۈز بەختى نىگون.
ئاڭلا يەتكەيلەر جەمئىي كارىۋان،
تارتىبان بىر ـ بىر ئۇلارنى ئال بۇيان.
ئەيدىلەر بۇ سۆزنى غايىب بولدىلەر،
ئەمرى بىرلەن خوجەئى ساھىپ نەزەر.

خوجا سۇلتاننىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئىش كۆرۈپ كېمىنى قىرغاقتا كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاغامچا ئارقىلىق قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى قولىدىن بىر ـ بىرلەپ تارتىپ ئېلىپ، ھەممىسىنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بالا ـ قازادىن قۇتۇلغان بۇ ھاجىلار نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، تۈركىستانلىق خوجىنى ماختاپ شۆھرىتىنى ئالەمگە يايىدۇ ۋە «بۇزرۇكۋار» دەپ ئېقرار قىلىشىدۇ. ھەتتا ئۇلار مەككە تولىلاھقا بېرىپ «72 مىڭ» دۇنيادىن كەلگەن ھاجىلار بىلەن ھەج قىلغان دۇئاسى خوجا شەرىف رەھبەرلىكىدىكى «دۇئا» بىلەن ئاللا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ سۇلتان سۇتۇق بوغراخان ياردىمى بىلەن ئېرىشىدۇ. ئۇلار مەككىدىن مەدىنىگە بېرىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. قەدىر كېچىسى مۇستاپا پەيدا بولۇپ خوجىغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ:

ئەۋۋەل ئاخشام ئەردى ئاخىر مۇستافا،
گەۋھەرى رەخشانى دەرىيايى سافا.
رەۋزەدىن شۇل ھىندە پەيدا بولدىلەر،
شەمسىدىن رەۋشەن ھۇۋەيدا بولدىلەر.

لەيلەتۇل قەدىر ئەردى ئايا ئۇل كېچە،
خوجەغە تەلقىن قىلدىلەر نەچە.
ئەيدىلەر سۇلتان بىزنىڭ فەرزەندىمىز،
تۇتىغىل ئەمرىن سەن دەغى دىلبەندىمىز.
ھەرنە سۇلتان ئەيتۇر ئانداغ ئەيلەگىل،
ئەمرى سۇلتاننى خۇدا ئەمرى دېگىل.
پىرى گەر سەندىن رىزادۇر بىز رىزا،
تارتماغۇڭدۇر ئىككى ئالەمدە ئىزا.
بەئىدە روخسەت بەردىلەر غەيىپ ئولدىلەر،
خوجا دەريادەك لەبا لەپ تولدىلەر.

خوجىنىڭ مەككىدىن قايتىپ كېلىپ، مەشھەتتە يەتتە يىل تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشى، كېيىنكى شۆھرىتى، ھەتتا «ئەۋلىيالىق» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشلىرىنىڭ ھەممىسى يەنىلا سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ روھىنىڭ قوللىشى بىلەن بولدى.
تەزكىرىدە رېئال تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلتىپخاننىڭ ئەينى زاماندا رىشىتخان ھۆكۈمرانلىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلغان (قىرغىزلار توپىلاڭ قىلغان) چېغىدا، ئۇلارنى ئەدەپلەشكە بېرىپ، قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋەقەسى تەسۋىرلەنگەن، لېكىن بۇ ۋەقە زەلىلىدىن ئالدىن ئۆتكەن مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدىيە» سىدە ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ماخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدىيە» («زەيلى») دىمۇ بېرىلگەن، بۇ جەھەتتىن بۇ تەزكىرىدىكى بايانات يۇقىرىقى ئىككى ئاپتوردىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ جايدا بۇ ۋەقەلىك بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. تەزكىرىدە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلتىپخان

ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتى، ئەسكەر توپلاپ قىرغىزلاردىن ئۆچ ئېلىش . ئۇلارنى يەنە ئۆز ھاكىمىيىتىگە بويسۇندۇرۇش جەريانىمۇ بەدىئىي ھالدا تەسۋىرلەنگەن.

ئابدۇرېشىتخان قىرغىزلارنى بېسىقتۇرۇشقا ماڭغاندىمۇ، مەشھەتكە بېرىپ، سۇلتان سۇتۇق بوغراخان قەبرىسىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىسە، قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن غەلىبىنى تەبرىكلىگەندە يەنە سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ.

تەزكىرىدە باشتىن . ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن «سۇلتان سۇتۇق بوغراخان» مىللىي روھى ئىسلامىيەت ئېتىقادى بىلەن غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئەسىر شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى - مۇسۇلمانلىرىغا بەخت - سائادەت يارانقۇچى. ئۇلارنى قۇتقازغۇچى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ تەسىرنى ھېلىمۇ خەلق ئېغىزىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، دېگىلى بولمايدۇ. بۇنى تەزكىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. تەزكىرىدە مۇھەممەت شەرىفنىڭ مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئۆلىمانىڭ ئۆز قەبرىسىدە كۆزىگە تىكەن ئۈنۈپ چىقىپ 300 يىل جاپا چەككەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئازاد قىلغانلىقى؛ قاغىلىقتا بىر ئەۋلىيا قەبرىسىگە سېلىنغان خانىقاھنى تۆگىنىڭ ئۆرۈۋېتىشى، بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر بۆتىنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى بىلىپ، قەبرىنى ئېچىپ بۆتنى ئېلىپ تاشلاپ خانىقا قۇرغان. . . كارامەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى كارامەت ئىسلام ئەپسانىسى، ئەمما ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۆلەتلىرىدە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن كېلىۋاتقان، دۆلەت باشقۇرۇشتا ئىسلام تونىنى ئالغان خەلقنى

ئىستىپاقلاشتۇرۇشنىڭ تەدبىر - چارىلىرى بولۇپ كەلدى. پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ مۇتەۋەرلىرىنىڭ (دىنىي زاتلىرىنىڭ) ئەڭ ئىناۋەتلىك كاتىببىشى بولغان مۇھەممەت شەرىفنى قولغا كەلتۈرۈش ئابدۇرىشتخان دۆلىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرنىڭ بىرى ئىدى. تەزكىرىدە مۇھەممەت شەرىف بۇزۇرۇكۋارنىڭ «ئۇلۇغلۇقى»نى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن شائىر سوفىزم نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ قاچان «ۋاپات» بولىدىغانلىقىنىمۇ ۋەھىي ئارقىلىق ئۆزى بىلىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈم ماتىمىنى رىئال هالدا تەسۋىرلەيدۇ:

بولدى مەھشار گاھ يۇرتى يەركەند،
تۇردى ماتەمدىن خەلايىق بەندۇ بەند.
ھېچكىشى قالمادى سىياھ پۇش ئولدىلەر،
ئاتو، ئوشتورغە قارا كىيدۈردىلەر.

پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئەمدى ئابدۇرىشىتخان سىياسىي زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن يەنە بىر چوڭ ئۆلىماغا مۇرىت بولۇش كېرەك ئىدى، بۇنى تەزكىرىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

نەچچە سائەتتىن كېيىن خانى دەلىر،
ئەيدىلەر: بىزلەرگە بولغان ئەمرى پىر.
ئىتتىپاق ئەيلەپ تەمامى ئوڭۇ - سول،
بەردىلەر مۇھەممەت ۋەلى سوپىغا قول.

بۇنداق قىلىش ئابدۇرىشتخاننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياستىنىڭ مۇقەررەر هالدىكى ئايرىلماس زۆرۈر قىسمى

ئىدى. بۇ ھال ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە سوفىزمنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمما «تارىخى رەشىدىيە»نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا سوفىزم سەئىدخاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە بۇ خاندانلىقتا راسا ئەۋجىگە چىققانىدى. لېكىن ئابدۇرىشىتخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇ سوفىزمنى خېلىلا قاتتىق چەكلەپ، دىنىنىڭ سىياسىينىڭ تىزگىنىنى تۇتۇشىغا يول قويمىغانىدى.

تەزكىرىدە شائىر ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى مۇھەممەت شەرىف «كاراىمتى»گە باغلىسىمۇ، بۇ ئاۋاتچىلىقنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇز دەۋرىدىكى ۋەيرانچىلىققا ۋاستىلىك ھالدا قارشى قويىدۇ.

بىر نەزەر قىلغان بىلەن مەردان كار.
بولدى پەيدا ئۇز ئۆزىدىن جويبار.
ئۆتكەزىپ بازار ئىچىدىن قويدىلەر،
ھەم زىرائەت ھەم خەلايىق تويدىلەر.
نەچچە كەنت ئابات بولدى بۇ سۆزدىن،
كۆپ زىرائەت قىلدىلەر ئاندىن كېيىن.
قەريە ئۈچ يىلدا تەييار ئەتتىلەر،
ئافەرىن دۈشەنبە بازار ئەتتىلەر.

بۇ كىچىككىنە مەنزىرە ئابدۇرىشتخاننىڭ سىياسىي ئىقتىسادىنىڭ باي، باياشاتلىقىنىڭ تامچا سۇدا ئاسمان مەنزىرىسى ئەكس ئەتكەندەك تىپىك مىسالىدۇر.

تەزكىرىگە باشتىن - ئاخىر قويۇق سوفىستىك تۈس بېرىلسىمۇ، ئەمما تەزكىرىدىكى خېلىلا پىشقان سۇژىت ۋە ئەدەبىي كومپوزىتسىيە، ئۇنى بايان قىلىدىغان بەدىئىي ماھارەتتە، يېتىلگەن قويۇق بەدىئىي بوياققا ئىگە بەدىئىي تىل،

ئۆز دەۋرى ۋە كېلەچەك بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدا، ئېپىك ئەسەرلەر، ئېپىك قەھرىمانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

### «سەپەرنامە» توغرىسىدا

شائىرنىڭ سەپەر قىلىشىدىكى مەقسىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك:

سەيرى جاھان قىلماغىم تەركى جەھاندۇر غەر،
ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى ياماندۇر غەرەز،

مانا شۇ مەقسەت بىلەن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 18 يۇرتنى كېزىپ چىققان شائىر ئۆز ئەسىرىنى «سەپەرنامە» سىدە مەركەزلىك ھالدا بايان قىلغان. شائىر بۇ ئەسىرىدە:

نۇسخە ئىرۇر نۇكتەلەرى ئابدار،
كىمكى ئوقۇر يا ئىشىتۇر يادىكار.
مىڭ يۈز ئوتتۇز بىر ئىدى تەرىخى،
بېشى مىڭ ۋۇ ئوتتۇزو يۈز بىر تەخى

دەيدۇ. دېمەك بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1131 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەلۇماتى بويىچە شائىر بۇ چاغدا 40 ياشتا ئىدى. ئەسەر يېزىلىش جەھەتتىن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىش ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلانغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولغان تۆت چارىيالارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ ۋە

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ «مىراز» غا چىققانلىقىنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ ھەرىكەتنى خىلىلا كەڭ بايان قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە شائىرنىڭ سوپىلارچە پەل ،پەۋى ۋە ئەخلاقىي قارىشىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «نەقشىبەندىيە» كۆز قارىشىنى ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر كۆز قاراش دەپ ھىسابلايدۇ. ئۇ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەرەب خەلىپىسى ئۆمەرنىڭ «نەقشىبەند» ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلەندۈرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭ شاگىرتى ھىسابلايدۇ.

ئەدلى ئۆمەر بىلەن جەھان تازەلىك،
بابى ئادەلەتتە پۇر ئاۋا زەلىك.

..............................

دەرلەر ئانى سىلسىلەئى نەقشىبەند،
ھەق يولىدا بوينىمە ياخشى كەمەند.
بەند زەلىلى سەگى ئەسھاب ئىرۇر،
سىلسىلەسى بوينىمە قوللاپ ئىرور.

دەيدۇ. ۋە نەقشىبەندىيە ئىجادچىسى بۇخارالىق نەقشىبەند باھاۋدىننى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

كۆركى بۇخارادا شەھى نەقشىبەند،
مەئنى سىپھرىدە مەھى نەقشىبەند.
دائىرەنى نۇقتەئى تەۋھىدە ئۈچۈن.
پادشاھى ئالەم تەجرىد ئۈچۈن.
راھى نۇردان شەرىئەت بولۇپ،
سىلسىلە داران تەرىقەت بولۇپ.
قافىلە سالار جەمئىي ئۇمەم،
يەر يۈزىدىن ئەرشى ئاغا بىر قەدەم.

ئەينەئى مەئنى ئۇچۇن پاكۇ ساف،
خىرقەلەردىن قىلدى مەلائىك تەۋاف.
كىمكى بەلا ئىلكىدە بولدى ئەسىر،
قۇتبى باھاۋىدىن ئىرور دەستىگىر.
ۋەجىدى جۇنۇن ساغىرىدىن روز - شەپ،
ئەيلىدى سىراپ بارى تەشنەلەپ.

دەيدۇ. ئۇ ئۆزى نەقشىبەندىيە نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، ئادالەت، خەلق بەخت - سائادىتى، راستلىق، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

راس ئۈچۈن قامەتى سەرۋەبەلەند،
تىغىل تاشتىن ئاڭا توقتۇر گەزەند.
ئەگرى يۈرگەن سەبەبىدىن ئىلان،
خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بىگۇمان.
ئەگرىلىكتىن چىمەن ئىچرە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئۆزرە ۋەتەن.
تەلبە زەلىلى بەتامام ئەگرىدۇر،
دەرگاھى خاسىڭدىن ئانى قىلمادۇر.

شائىر ئۆزىنىڭ جەندە كىيىپ ھەقىقەت ئىزدىگىنىگە تارىخي ئىسپات ئۈچۈن نوھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاللا ئالدىدا گۇناھىنى تونۇپ، جەندە كىيىپ دەرۋىش بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شائىر جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ چىقىپ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:

دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۈم؛
كۆزى ۋاقتى سەھەر سەييارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،

فەنا شەھرىدە ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم:
جۇنۇن توغىيانئىپتىپدۇر ھەر بىرىنى دەربەدەر تەنھا.

بۇ شارائىتتا يەنى ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشنىڭ كورەش شەكلى ۋە ئۇنىڭ قورالى توغرىسىدا ئېنگېلس: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى» دېگەن.
بۇ مەسىلىنى ئاڭلىق چۈشەنگەنلەر تاكتىكا ئۈچۈن شۇ ھالدا قوللىنىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى ئاڭلىق چۈشەنمىگەنلەر ئۈچۈن سىتىخىيىلىك ھالدا پەقەت ئاللادىن، ئۇنىڭ يەردىكى ۋەكىللىرىدىن پاناھ تىلەش شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

كى ئەل ئارا گاھ چۇ ئۇز لەت بىلە،
تاقەت ئالالماي بۇ مۇھەببەت بىلە.

دەپ مۇراجىئەت قىلغان شائىرنىڭ مەقسىتىگە، خەلقنى تەكشۈرۈپ چىقارغان يۇقىرىقى خۇلاسىسىنى قوشساق، «سەپەرنامە» دىكى مەقسىتى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇ سەپەرگە چىقىپ خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى ئۈچ نۇقتىدىن يەنى شىنجاڭدىكى ئىسلامىيەتنىڭ روھىي داھىيسىغا ئايلانغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىدىن؛ ئىككىنچى، ئىسلام

غازاتچىلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھەممەت سىددىق جەپىرى ۋە سۇلتان سۇتۇقنىڭ شاگىرتى مۇھەممەت شەرىف مازارىدىن؛ ئۈچىنچى، ناھايەت ئىسلام دىنىنى تارقاتقىلى كەلگەن مىسسىئونىرلار، ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ئەۋلىيالار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن 41 چىلتەندىن. «ئىنسانلار ئېھتىياجىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن» بۆلۈنۈپ چۈشكەن يەتتە چىلتەن مازارىدىن روھىي مەدەت تىلەيدۇ.

ئايا سۇلتان ساتۇق ئالەمگە سىزنى شاھ دەپ كەلدىم،
خالايىق ھالىدىن شامۇ سەھەر ئاگاھ دەپ كەلدىم.
كارامەتلەركى سەندىن زاھىر ئۇلدى ھېچ تەڭ يوقدۇر،
كەمىنە بۇ قۇلۇڭ مەئىندە ئەھلىللاھ دەپ كەلدىم.
ئۆتۈپ ئىت يولىدىن سۈرتۈپ كۆزۈمنى ئەت،
ئىنايەت كۆزلەرىن ئاچقايمىكىن ناگاھ دەپ كەلدىم.
ياتار يۇلتۇز كەبى ئارتۇشدا ھەريان تورفە بۇزرۇكلار،
ۋە لېكىن ھەزرىتى سۇلتان ساتۇقنى ماھ دەپ كەلدىم.
بە ھەققى ھۆرمەتى تۇغۇ ـ لىۋايى ئەھمەدى مۇرسەل،
زەلىلى يولىدىن ئازمىش يولغا سال گۇمراھ دەپ كەلدىم.
......................................
ياكى:

مەن زەر ئېتىپ مەنزۇر ئۈچۈن بارمادىم،
بىر ۋەلىنىڭ ئىتەكىن قارمادىم.
زەرنى سىيەھ تابىدە زەرگە تانۇر،
ئەرنى تۇنۇر بولسا يەنە ئەر تانۇر.
ئەلغە زەر ئۇل تاغ توبىدىن ئويان،
سەرھەرى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان.
..............
سىدىقى بىلەن ھەربىرى ھاجەت تىلەپ،
ھەزرىتى سۇلتاندىن ئىجابەت تىلەپ.

ئارزۇيى ۋەسلى يىلەن ئىنتىزار،
ھەرنە تىلەر بولسا مۇرادىن تاپار.
ئۈچ يىلى ئۈچ ئاي زەلىلى غەرىپ،
ياتىپ ئىدىم مىسلى خەزان سارغىيىپ.
ژەندە بىمەنى كەفەن ئەيلەپ،
دەر بەدەر تەركى ۋەتەن ئەيلەپ.
خىرقەئى ئەھمەدىنى قىلىپ پەردە پوش،
رەئد كەبى ئەيلەر ئىدىم مەن خورۇش.
بەرقى سوپەت خەندە قىلىپ ھەر نەپەر،
بۇلبۇل گويىاكى ئەسىرى قەپەس.
ئېتىپ ئايا شاھ سۇتۇق بوغراخان،
رازدىلىم سەندىن ئەمەسدۇر نىھان.
ھەددىدىن ئاشىپ نالەئى ئاھىم مېنىڭ،
دە ئىۋى ئىشقىڭغا گۇۋاھىم مېنىڭ.
خەستە زەلىلىنى بوگۈن شاد قىل،
كۆڭلى بۇزۇغ كەلدى سەن ئاباد قىل.
سەن ماڭا گەر لۇتىپ ۋافا قىلمىساڭ،
يول تونۇتۇپ ئەھلى رىزا قىلمىساڭ.
.......................
كېتۇر كۆزۈم پەردەسىدىن خىرەلىك،
بەلكى كۆڭۈل لەۋھىدىكى تىرەلىك.
نەقش ئاڭا باغلا سوخالىڭ سىينىڭ،
جىلۋەگەر ئولسۇن بۇ جامالىڭ سىينىڭ.

ياكى:

ھەر ھەمەتى ئەيلەسەلەر نا گەھان،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بوغراخان.
سوردۇم ئۇلەر نەئىتىدە گوفتارىمەن،
شەۋق كەمەندىدە گىرىفتارىمەن.

تاپتى مەشايىخلار ئۇلاردىن مۇراد،
فەيزى ئىشكى قەمەدىن كوشاد.
روشەن ئىرور ممللەت ئايىنلىرى،
مۇلكى موغۇلىيە خەزايىنلىرى.
لەشكەرى كوفىر ئەتسە بىناكى سىتىز،
فەرقى ئەدۇ ئۈزرە چۇ شەمشىرى تىز.
ئۇمۇر تۇگەنگۈنچە قىلىبان غەزات،
بەزى دېمىشلەركى جەھاندا ھايات.
ئەۋۋەلىدىن جالەرىدۇر كاشغەر،
مەنزىلى مەئۋالىرىدۇر كاشغەر.

بۇ چاغدا خەلقنى قۇتقۇزغۇچى، بەخت ـ سائادەتتىن يول ئىزدىگۈچىلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەنئۇيىتى بولغان دىننى شەكىلدىن سىرتقا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازاردا ئۈچ يىل، ئۈچ ئاي ئىستىقامەت قىلىپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن شائىر ئەبەدىي تومىدىنى يەكەندىكى يەتتە چىلتەن ۋە سۇتۇق بوغراخاننىڭ شاگىرتى ھېسابلانغان مۇھەممەت شەرىپ بۇزۇرۇكۋار مازارلىرىغا باغلايدۇ.

يەتتە مۇھەممەتنى بايان ئەيلەگىل،
مەرقەدى پاكنى ئەيان ئەيلەگىل.
غافىل ئولۇپ يەتتە مۇھەممەت دېمە،
غەيىپ ئىرانلاردىن ئىدىلەر ھەممە.
بائىسى ئول ئەخمەدى مۇختارىدىن،
تۇشكەن ئولار گۇمبەزى دارۇلزىدىن.
كۆردى جاھاننى كەزىبان يەتتە تەن،
ئاقىبەت بولدى بۇ مەنزىل ۋەتەن.

رەۋزەنىڭ ئەترافى قۇمۇشلۇقدۇر،
فەيزىلەرىدىندۇر گۇرۇستانى نۇر.
جەمئى بولۇپ بارچە يېقىنۇ يىراغ،
جۇمئەۋۇ پەنجشەنبە ئىبەرەچىل چىراغ.
سومئە ھوجىرىلىرى ھەر قايان،
تۇغ - ئەلەم مەرقەند ئۈزە سايىبان،
فەيزى فوتو ھانلارى كەم ئەمەس،
كىمكى تاۋاپ ئەتمەدى ئۆمرى بەس.

ياكى:

شەھەر ئىدى شاھ نىشىن كانى رەخت،
بارچە موغۇلىيە ئارا پايتەخت.
مۈلكى موراسەئى شەھرى تازا،
ئاخىسۇ، كۈچانىڭ يۈزىگە غازە.
بىر تەرەپى ئابى رەۋانى مىشار،
جەزبە ئېلى بارسا قازاندەك تاشار.
ئالدىدەدۇر رەۋزەئى ئەھلى رىزا،
خوجامۇھەممەت شەرىفى ئەۋلىيا.
سەرۋەرى سەردار ئاشىقان،
تالىبى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان.
تازا ئۇلاردىن شەھرى ياركەند،
خوجائىي ۋالا گۆھەرى ياركەند.
پىرى ھەمە شاھ - گەدادۇر بىلىڭ،
ھامىيۇ مەردان خۇدادۇر بىلىڭ.
گۇمبەزى ئالىيۇ يەنە خانىقاھ،
ئاندا ئالۇر بارچە مۇسۇلمان پاناھ.
يەنى تويار ھەر كىشى كىم ئاچىدۇر،
پۇشەش ئالۇر كىمكى يالىڭاچىدۇر.
جۇمئەۋۇ پەنجشەنبە كۈنى كېچىسى،

خەلق زىيارەتكە بارغۇلەر بەسى.
تەزرەنىيا زىنى ئالىپ دەمبە دەم،
تۆرىك، تاجىكو ئەرەپ ھەم ئەجەم.

بۇ جايدىكى ئېتىقادنىڭ مەركىزى قۇتقۇزغۇچى «ئەۋلىيا» مۇھەممەت شەرىف بۇزۇرۇكۋار.

بۇ ئەسەردە يەنە بىر «تارىخىي قۇتقۇزغۇچى» نىڭ مەقبەرىسىنىڭ مەنزىرىسى ۋە ئۇنىڭ كارامىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

يۇقىرى باقتىمكى مازاراتدۇر،
تورفە قارا ساي كارامەتدۇر.
تەرزى قاراساي توشۇپ تەل كەبى،
ساي يۈزى چون قارا بەخمال كەبى.
تۇغ - ئەلەم بىھەدۇ بىسياردۇر،
مەقبەرەئى شاھ نەمەكزاردۇر.
ئالدىدا بىر نەھرى ئەزمى ئاقار،
ئول تەرىپى سومئەئى گوھنازار.
تۇبرۇكىدە خەتتى پۈلۈكلۈك ئىرۇر،
كىمككى بارىپدۇر ئېتىدىن بىلگۈرۇر.
تەئبىيەدۇر ھەم تەرەفى تۇغلەر،
كۈندە مەھەلكى نەمازى دىگەر.
چەنگى نە قارەۋۇدو ھول چالدىلەر،
دەشتى بەياباندە غىرەۋ سالدىلەر.
ئۇچماقدىن قالدىلەر پەرەندىلەر،
ئوتلاشدىن قالدىلەر چەرەندىلەر.
ھۆي چىكەر بارچە زە مانۇ زەمىن،
غولغە لەئى نەغمە كىبىلۇر غەيبىدىن.

شاھقا كىم ئاندا مەكان ئەرمىشا.
خەلق كۆزىدىن چۇ نىھان ئەرمىشا.
جەنفەرى سادىقدۇر شەھى بەھرۇ بەر،
كىرە ۋىلاياتىغادۇر ھۆددەگەر.
ھاجەتنى قىلسە كىشى ئىلتىجا،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە قىلۇرلەر راۋا.
چارە تاپار جۇملەئى بىچارىلەر،
يولنى تانۇر ئاجىزۇ ئاۋۋارىلەر.
قايداكى بار رەنجۇ بەلاغا ئەسىر،
جەنفەرى سادىقتۇر ئاڭا دەستىگىر.
قۇتۇبى جەھان ئارىفى بەرھاق ئىرۇر،
قارۇغۇۋۇ ساغىرۇغۇغە يول بىرۇر.
گوڭ ئەگەر بولسە زەبانى تاپار،
مۇردە تەۋەف ئەيلەسە جانى تاپار.
شۇكرى خۇدا ياكى تەۋاف ئەيلەدىم،
سىنەدىكى گىنەنى ساپ ئەيلەدىم.
بۇ نەكەرەم، بۇ نە ئىنايەت دۇرۇر،
بۇ نە مەدەد، بۇ نە ھىدايەت دۇرۇر.

يۇقىرىقىلار شائىرنىڭ سوپىلارچە پەلسەپىۋى «قۇتقۇزغۇچى» چۈشەنچىسىنىڭ ئىستىتىك ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى ئىدى. ئەمما شائىرنىڭ 40 يىللىق سەرگۈزەشتىلىرى، ھايات ھەقىقىتى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەھىمسىزلەرچە رەت قىلىدۇ. شۇڭا ئاخىر ئۆزىنىڭ سوپىلارچە قاراشلىرىنىڭ خاتا، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىسلام ئەپسانىلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدى:

چىنى تۈركىستان خەلقىغە ھەيبەم كېلۈر،
شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تاۋاپ ئىمامەن ئەيلىمەس.

شۇندىن كېيىنكى ئۆمرىنى يەكەندە ئۆتكۈزۈپ ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

يەتمىشكە يېتىپتۇرمەن ئاغزىمدا تىشىم توق،
ھەپتاددۇ ئىلىگە ئەمدى ئىشىم يوق.
ياران مۇساھىبان جاھاندىن كەتتى،
غەمكىن مەن مۇڭداشقىلى ھەيھات كىشىم يوق.
(مەزمۇنى: يېشىم يەتمىشكە يەتتى ئاغزىمدا چىشىم يوق،
يەتمىش ئىككى مىللەت خەلقى بىلەن ئەمدى ئىشىم يوق،
سۆھبەتلىشىدىغان دوستلار ئالەمدىن ئۆتتى،
ۋاي ـ دات، غەمكىن مەن، مۇڭداشقىلى كىشىم يوق).

«سەپەرنامە»دە سوفىزم تۇسى ئىنتايىن قويۇق. شائىرنىڭ سوپىلارچە ئېستېتىك قاراشلىرى بويىچە ئىسلام غازاتچىلىرى، ئىسلام دىنى ئەرbابلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلاردىن تاشقىرى، ئۇزاق سەپەر جەريانىدا رېئال كۆرۈنۈشلەر، رېئال ئوبرازلار ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مەقبەرىسى جايلاشقان مەشھەتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنزىرىسى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئەل غەرەز ئول تاغ توبىدىن ئۇيان،
سەرھەرى سۇلتان ساتۇق بوغراخان.
تۆت جەۋانىدە ھەمە تاغلار،
سەھنە گۈلۈستان يەنە باغلار.

يازۇ قىشىن مەشھەد ئىچىدە ئاقار،
چەشمەلەردىن جوي بە جوي ئاشار.
جۇمىئە كۈنى ئەرتەسىدىن تابەشام،
جەمئى بولۇپ تەۋف ئۈچۈن خاسۇ ئام.
خەلق قىلۇر رەۋزەلەرىغە ھۇجۇم،
سەف - سەف ئولۇپ مىسلى مەلەك يا نوجۇم.

يەكەن خەلق تۇرمۇشى:

كىردى نەۋابى سوسى بازارلەر،
ھەر تەرەفى جوش خىرىدا لەر.
نىئمەتى ئەلۋان فەراۋان ھەمە،
كۆلچەلەر چەچەكۇ دەندان ھە.
سانبۇسا، قاتلىما بىر يان بولۇپ،
بەش پۇلى بار ئادىمى سۇلتان بولۇپ.
باشتىدىن ئاياغ سوسىدە شەرپ قوروش،
يەتمىش ئۈچ تايىپە جوش خوروش.
زىننەتى بازار بۇ باققاللەر،
ئولتۇرۇبان نەچە كوھان ساللەر.
ھەر بىرسى ئەردى چو ساھىبى ھۇنەر،
بەر ئوغۇلى چۇ ئابى گۆھەر.
نەقلى گۇلى قەند سۆزىدىن خىجىل،
سىبىي سەمەر قەند يۈزىدىن خىجىل.
مىۋىلەرنى خونغە تىزىپ خىل - خىل،
بۇيى قەلەمفور، يىدى زەنجىبىل.
گوشە ئىدىن ئاچچىغ ئىتىپ فىياز،
فەررە كىچىنىڭ زەردەكى فىل - فىل دەراز.
سەيىر ئىتىپ باز دىلۇ جان بىلە،
كەيىپ فۇرۇشلۇق رەكىستان بىلە.
بار ئىدى يادىمدە مۇقەددەم سۆزى،
سەھنى رەكىستاندۇ شەھەرنىڭ كۆزى.

مانا بۇ ئەينى زامان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان يەكەن بازىرى خەلق تىجارەتچىلىكىنىڭ تىپىك سۈرىتى. ئەمدى شائىر خەلق تۇرمۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ۋە پسىخولوگىيىسىنىڭ تىپىك مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تەكيە قىلىپتۇرلەر غەريبان شەھەر،
گۇرۇسنە تەشنا فەقىران شەھەر.
بىرسى تىكىپ ژەندە بىرسى كولاھ.
ھەر بىرى بىر پادشاھى بى سپاھ.
كەلتۇرۇبان قۇرۇپ ئىشىگگە روي،
جەلىلى جالالىغە ئانىڭ ھەمد گوي.
جىم جەمالىدىن ئىچىپ بادىلەر،
«مىم» موجەررەد بىلە ئازادەلەر.
«قاپ» قەلەندەرگە قانائەت قىلىپ،
«لام»نى زىكرىغە دالالەت قىلىپ.
«نونى» نادامەت كۆنىدىن ئەسەرى،
«دال» ديانەت كۆنىدىن خەبەرى.
«ري»كى ريىازەتكە ئىشارەتتۇر،
بىلگۈچىگە تورفە بىشارەتتۇر.

شائىر خەلق ھاياتىنىڭ كۆرۈنۈشىنى، ياكى پسىخولوگىيە ئېتىقادىنى تەسۋىرلىسۇن، خەلققە تولۇپ تاشقان قىزغىن مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئىش كۆرىدۇ.

سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن يەكەن — بۇ تارىخي شەھەر جوڭغار خوجىلار دەۋرىدە زور بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەلتەنىتىنى بەلگىلىك ھالدا ساقلاپ قالغانىكەن. شائىر بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بىر تەرەپى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن پەزىلى گۈلىستانىدۇر.
ۋاقتى پىشىپ ئەردى ئىبادەت ئۈچۈن،
ئەھلى پەزىلەتنى زىيارەت ئۈچۈن.
كىردىم ئۇ شول مەدرەسەگە دەرد ئىلە،
ھويى چىكىپ يەئنى روخو زەرد ئىلە.
سالدىم ئۇ شول لەھزە بەھەر سۇ نەزەر،
مەدرەسە توق جەننەتى ئەلا مەگەر.
ھوجرەلەرى بىر ـ بىرىدىن دىل پەسەند،
پەنجىرەۋۇ لەنفەۋۇ تاقى بەلەند.
جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان،
روشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جەھان.
بىرلىرى ياش ئەردى بىرسى قارى،
بارچەسىدىن ئىككى ئەزىز يۇقارى.
پىر ئىدى گەرچە دەرەختى كۆھەن،
مېۋە بېرور ئەردى بىۋەقتى سىخەن.
خىزىرى سۇپەت تەڭرى يولىغا ئەسا،
ھاجى مۇھەممەت يۇسۇپ پارسا.
موتتەقىيو مۆئمىنو پەرھىزكار،
ئارىغا ھەم ئاشىق، شەپ زىنىدەدار.
شامۇ سەھەر ئارازىدە نۇر ئىدى،
سۇبھى ساقاللىردە كافور ئىدى.
..............................
ياشلارىكىم ئەردى ئۇلارغا يېقىن،
ئاخون موللا كىپەكى نازىنىن.
گەرەم موتلىئەدە ھەنگامە،
دەرس بېرور ۋەقتىدە ئەللامە.

بارچە موددەرىسنىڭ ئېرۇر زۇبدەسى.
مىمى مەلا ھەتتا جەمالى بەسى.
ئالىم ھەم ئاسىل ئاخون ئۈچۈن،
مەسنەدى ھېكمەتدە فىلاتون ئۈچۈن.
ئىلمىم بىلەن بەسكى ھايا پوش ئولۇپ،
موسھەفى رەببانى ھەم ئاغوش ئولۇپ.
مەنى ھەۋاسىغا ئىتىبار ئۇرۇج،
قىلدى موغۇلىيەدە ھەي - ھەي خورۇج.
مەسنەدى پەيغەمبەرنىڭ شەھلىرى،
روىي زېمىننىڭكى فەرىشتەلىرى.

مانا بۇ شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ روھىيەت دۇنياسىنىڭ رېئال تىپىك سۈرىتى ئىدى.

بۇ چاغدا گۇمىنىڭ بەزى چەت يېزىلىرىنىڭ تېخىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ۋاقتى، پىشىن ئەردى يېشتىم گۇما،
خەلق ھەمە قەلئەسىدە كۆچ ئىكەن،
كۆچكە گۆكۈرمەككە ئەجەپ ئۆچ ئىكەن.
ھەزرىتى سۇلتان سۆزىدىن بىگۇمان،
قالدى گۇما ئىچىدە دىدىلەر گۇمان.
بالكى موجى① ئەردى تەمامى كوفرى،
كىشۋەرى ماچىنىدە داۋامى كوفرى.

بۇنى كىشىنىڭ دىققىتىنى بۆلىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي مەلۇمات دېگىلى بولىدۇ. شائىر بۇنىڭغا ئۇلاپ،

---

① موجى — قارا قاش بىلەن گۇما ئوتتۇرىسىدىكى يەرنىڭ نامى.

گۈما بىلەن قارىقاش ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا قەد كۆتۈرگەن مازالارنى كۆرۈپ، ھەقلىق ھالدا مۇھەممەت سىددىق جەپىرىنىڭ غازاتچى ئىماملىرى خوتەننىڭ بۇددىست ھۆكۈمرانى چوكتى رىشىت بىلەن قىلغان جەڭدە «شەھىد» بولغانىكەن دەپ تارىخقا ئۇيغۇن گۈزەللىك بىردۇ. شائىر قاراقاش خەلقىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي گۈزەللىكىنىڭ سۈرىتىنى ئۈستىلىق بىلەن مۇنداق سىزىدۇ:

سىنەم ئۇزە داغ، كۆزۈم ئىچرە ياش،
بولدى ھەۋەيدا ئەسىرى قاراقاش.
نىمەت ئالىپ كەلدى خالايىق يىدىم،
ھەربىر ئانىڭ باغى بىھىشتى دىدىم.
خەلقىنى كۆردۈمكى ئەجەپ دىلرابا،
يارەب، ئۇلار كۆرمەسۇن ھەرگىز بەلا.
بىر - بىرىدىن خوپ چۇ پاكىزە دىن،
چىھرى تاماشە قىلىڭىز ياسىمىن.
غۇنچە ئى ماچىن گۈلى قاراقاش،
شوئلە بىرور چىن ئىلىگە چۈن قۇياش.
كەنتى داغى خانە ئۇزە خانە،
ھەر تەرەپى جىلۋەدە خانە.
خالى خەتتى زۇلفى بىنەقش نىكار،
مورغى كۆڭۈللەرنى قىلۇرلەر شىكار.
كاكۇلىنىڭ تارى دەغى دام ھەر،
كۆزلەرى گوياكى چۇ بادام ھەر.
شەھرى قاراقاش ئىچىدىن ياشلەر،
يىغىلىشىبان چىقسە قاراقاشلار.
ھەم قارا كۆز ھەم قارا قاشى ئەجەپ،
ھەم قارا زۇلفى - يۈزىدۇر روزى شەپ.

ئۇسما ـ ھىنا بىرلە قىيامەتدۇرۇر،
سۈرمەئى سۈمبۈلگە نە ھاجەتتۇر.
باقسا كۆزى گوشەلەردە قان قىلۇر،
جەمئى كۆڭۈللەرنى پەرىشان قىلۇر.
زاھىد ئەگەرچەند ئىررور پاك باز،
كۆرسە ئۇلار قاشىدا قىلغاي ناماز.
ھۈللەنىشىن شەيخ قاچار قاشىدىن،
گەرچە مەلەك ئايلانادۇر باشىدىن.

شائىر ھەر بىر يۇرتقا بارغاندا ئۇ جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، تارىخى، ھەتتا مەدەنىيەت ئىزلىرىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالىدۇ. خوتەن تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، خوتەن بۇددا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى، شائىر خوتەن بەگلىرىنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش قانۇن ـ قائىدىلىرىدە بۇددا دەھرلىك ئىزلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرىدۇ.

شەھەر موراسائى ئىكەن پايتەخت،
مەنزەلى مەئۋايى نەچە نىكبەخت.
ھەر بىرى شاھى مەئانى ئىكەن،
لاچىنى ماچىنى مەئانى ئىكەن.
............................
ئەيلەدىلەر ۋەسفى ئەمرانى چىن،
بەلكى ئەمرۇل ئۇمەرخانى چىن.
بەگ بورەك، شەھەر بۇ ياڭلىغ كىبرەك،
قائىدە ئى دەھرى بۇ ياڭلىغ كىبرەك.

دەيدۇ. لوپ خەلقىنىڭ ئەركىن، شىجائەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى مەغرۇرلىنىپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

چىرىيىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە بايلىقى مۇنداق بەدىئىي سۈرەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ:

ئۈشبۇ مەھەل نالە بولۇپ ئىستىخاپ،
چىرىيىگە كىم يەتتىم، ئىدى ۋاقتى خاپ.
چىرىيە چۇ نان مەۋزىئى نىكۇ سىرشىت،
ياد بىرۇر ئابى ھاۋاسى بىھىشت.
تۆت تەرەفى چىرە ھەمە باغلار،
كۆرمەگەن ئادەم يۈرەكى داغلار.
مىۋەسى ھەددىدىندۇر ئانىڭكى فوزون،
نەشفىتى، شاپتالۇ ۋە ئۈزۈم، قاغۇن.
قىش كونىدە ئالما، چىلان، قاقىدۇر.
جەننەت ئەگەر بولسا تەگىدە دۇرۇر.

تەبىئىي بايلىقى، گۈزەللىكى، ھاياتىي كۈچى جەننەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان بۇ جايغا ئىسلام مەدەنىيىتىنى خوتەنگە پاتمىغان ئىسلام غازاتچىلىرى مىرزا رشىد بىلەن مەشھۇر مۇھەممەت سىددىق جەپىرىلەر قاتتىق جەڭ، قىزىل قانلىرى بىلەن ئېلىپ كېلىپ يايغانلىقىنى شائىر سوپىلارچە قارشى بىلەن ئېستېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

ئەسەردە كىرىيە ۋە نىيەنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى خەلق تۇرمۇشى، ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، بۇ ماكانلارغا ئىسلام ئېتىقادى، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن مەشھۇر ئىسلام غازاتچىسى مۇھەممەت سىددىق جەپىرى باشلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئۇلارنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار، رىۋايەتلەر بايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ نىيەدىكى «قارا ساي»غا جايلاشقان مۇھەممەت سىددىق جەپىرى مەقبەرىسى ۋە ئۇ جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن

ئوبرازلىق سىزىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا لەڭگەرلەر تەبىئىي مەنزىرىسى چىرايلىق بەدىئىي سۈرەت ئارقىلىق سىزىپ بېرىلگەندىن تاشقىرى، لەڭگەرلەرنىڭ ئورنى، ئىسمى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان، بۇ كەلگۈسى شىنجاڭ فوتونومىيىسىنى ئىشلەشتە ناھايىتى ياخشى تارىخىي مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلىشى مۇقەررەر.

شائىر نىشانلىغان زىيارەتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان نىيەنىڭ قاراساي دېگەن جايىغا جايلاشقان مەشھۇر مۇھەممەت سىددىق جەپىرى مەقبەرىسى بولۇپ، بۇ جايىنى ئون كۈن زىيارەت قىلىپ قايتىپ كېلىپ، خوتەندە يەتتە يىل تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جايغا 70 ياشقا كىرگەن ئانىسىنى ۋە ئىككى بالىسىنى ئەكەلدۇرىدۇ. ئانىسى بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ، ئىككى بالىسى يېتىم قالىدۇ. مانا شۇ ۋەقەگە باغلىق ھالدا بېرىلگەن لىرىك چېكىنىش ئارقىلىق مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىملارغا قىلغان شاپائىتى رىۋايەت قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەت ئەخلاقىي كۆز قارشى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ.

ئەسەردە سوفىزم تۈسى خېلىلا ئېغىر، ئۇ شائىرنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىسلامىيەتنى قوغۇچى ۋە ئىسلامىيەت ئۈچۈن غازات قىلىپ قۇربان بولغانلارنىڭ مازارلىرىدىن مەدەت تىلەش پائالىيەتلىرىدە ۋە ئۇلارغا قاراش نۇقتىئىنەزەرلىرىدە نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلىنىشتىن تاشقىرى، ئەسەردىكى لىرىك چېكىنىش، ۋەقەلىك چېكىنىشلەردىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى لىرىك چېكىنىشنى ئالايلى:

نالە بىلەن ئەيدىم، ئايا، كىردىگار،
سەندىن ئىرور جۇملە جاھان ئاشكار.

رەھمىتى ئامگدۇ سىنىڭ بىھىساب،
قۇدرەتىڭ ئالدىدا فەلەكدۇر ھوباب.
سەندىن ئىرور بۇ ئەدەد قۇملەر،
بارچە قوم سەندىن مەر قۇملەر.
جانۋارانكى ۋۇھۇشى تەيۇر،
ئادمى بەلكى مەلەك بىرلەھور.
توفراغۇ سۇ، ئوتۇ شامالكى بار،
بەندەئى فەرمانىڭ ئىرور فەرۇ يار.
سىزدى تىنىم قالدى مۇشەققەتتە پوست،
بىزگە نەسىپ ئەيلە نامام شايى دوست.
كەلدى قۇلۇڭ تەۋاق ئىمام ئەتكەلى،
تەۋبە قىلىپ روخسەتى ئام ئەتكەلى.

مانا بۇ نەقشبەندىيەلەرچە دىنىي پانتېئىستىك، سوفىستىك قاراش شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدىن قارىغاندا سوفىزمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى مەزھىپى ئېكىلىكتىك ئەلغازالى يەسەۋىچىلىك مەيدانىغا ئۆتۈپ قالدىغان چاغلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشىنى سوفىزمنىڭ نەقشبەندىيە ئىدېئالىستىك پانتېئىزم پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىغا ئاساسلانغان ئېستېتىك قاراش ئىگىلەيدۇ. بۇ كۆز قاراش ئىنسان گۈزەللىكىنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت قويۇشنى رەت قىلمايدۇ. شۇڭا «سەپەرنامە» دىكى لىرىك چېكىنىشلەردە ئىنسان گۈزەللىكى، ئۇنى سۆيۈش «گۈزەل يار» ئىشقى بىر قانچە يەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بولدى خىرامان بارىدىن ئىلگەرى،
سەرۋى قەددىي سىيىم تەن دىلبەرى.
ئابى ھەۋاسى يۈزىنىڭ گۈل تۇشۇپ،

گۈل يۈزىگە تورراەئى سۈنبۇل تۇشۇپ،
ھەلقەئى زۇلفىغە پەرشان كۆڭۈل،
ھەم خەمى كاكۇلدە ھەزاران كۆڭۈل.
لەبلەرى گويا گۆھەرى ئابدار،
قاشى قىلىچلەرنى ئىدى زۇلفىقار.
جانغە چېكىپ كىرپىكى تىرى بەلە،
خالى بەلالى ھەبەشدىن قارا.
تىشلەرىنىڭ مەركەزى ھەم سىن كەبى،
خەتتى لەبى سۆرەئى ياسىن كەبى،
سۇبھى تولۇئى ئەتتى گىرىبانىدىن،
سائىدۇ بازۇلەرۇدۇر ياسمەن.
پەنجەلىرى شاخى گۈلۈ نەستەرەن.
سىنەدە پىستانى گۈل قەند ئۇلۇپ،
رەشتەئى ھەسرەتلەر ئاڭا بەند ئۇلۇپ.
قوببەئى نۇر ئەيلەپ ئىكەن كىردىگار،
خىرمانى گۈل ئۈزرەدۇ جۈپتى ئانار.
نازۇك ئىدى خومچەئى گۈلدىن كەمەر،
نوقرەئى خام ئەردى بەدەن سەر بەسەر.
قىلدى زەلىلىگە نىگاھى ئەجەپ،
چەكتى دىلۇ - جان بىلە ئاھى ئەجەپ.

ياكى:

كەلدى كۈنى تەۋىفكە بىر نازىنىن،
ئارەزى جەننەت گۈلىدىن ھەم مىھمىن.
ھەر كىشىكىم كۆردى پەرىدۇر دېدى،
رىشتە جائى پۇرخەم زۇلفى ئىدى.
خال مائانى خەتتىنىڭ نوقتەسى،
خەتتى ھەياۋۇ قىزنىڭ بەچەسى.
كۆزلىرى بادام سىياھدىن قارا،

كاكۇلىدۇر دەغى گۇنەھدىن قارا.
قامىتى سەمشەد پەرىزادە،
ئەلىنى ئەسىر ئەيلىگەي ئازادە.
جىلۋە سالىپ ئۆتتى بىيكبار ئول.
كۆرسەتىبات زەررەئى دىندار ئول.
ئىشقى جۇنۇن سەرى مېنى باشلادى،
ئەقىل هايا پەردەسىنى تاشلادى.

«سەپەرنامە» نىڭ خاتىمە تەرىقىسىدە بېرىلگەن خۇلاسىسىنى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىن چىقىرىلغان پەلسەپۋى خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ.

خىر تىمگەلىئە دەم ئۆمرۇ ئاز،
فىكىر بىلەن ئۆتتى چو ئۆمۈر داراز.
بۇلبۇل خامۇش بولۇپ تابەكەي،
بەند ئەسىرى غەزەلى چاڭۇ نەي.

دېگەن ھەسرەتلىك ئاۋازلار كەينىدە بىر ئۆمۈر بەخت-سائادەت ئىزدەپ تەمتىرىگەن شائىرنىڭ قەددى - قامىتى كىشىگە نامايان بولغاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز: «ئەگەر بەدىئىي ئەسەر يالغان، ئويدۇرما ئىدىيىگە مۇپتىلا بولسا، ئۇ ئاخىر ئەسەرنى شۇنداق ئىچكى قارىمۇ قارشىلىققا ئېلىپ كېلىدۇ، ئاقىۋەت مۇنداق ئەسەرنى ئېستېتىك مۇۋەپپەقىيەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.»[1]

يۇقىرىدا «سەپەرنامە»نى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا،

---

[1] پلخانوۋ: «ئىجتىمائىي هايات ۋە سەنئەت»، رۇسچە نەشرى، 150-، 158 - بەتلەر.

ئەسەردە سوفىزمنىڭ ئىغىرلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىرىنچى ئۆلچەم بەدىئىي چىنلىققا ئەسىر يەتكۈزەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

بىز يۇقىرىدا زەلىلىنىڭ ئىستىبتىك غايىسى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇنىڭ پەلسەپە قارىشى سوفىزمنىڭ ئۆز زامانىسىغە نىسبەتەن ئىپتىقادا ئىلغارراق بولغان مەزھىپى نەقشىبەندىيەگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىستىبتىك قارىشى ئەنە شۇ نەقشىبەند سوپىلارچە پەلسەپىۋى قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

نەقشىبەندىيە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خۇدانى، ئۇنىڭ يارىتقۇچىلىق قۇدرىتىنى باشقا سوفىزم ئېقىملىرىغا ئوخشاشلا ئىنكار قىلمايدۇ. بۇ دۇنيا قاراش جەھەتتىكى سوپىلارچە ئېتىقاد. ئەمما شائىرنىڭ ئىستىبتىكا نۇقتىئىنەزىرى جەھەتتىن ھاياتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇشكە رېئالىستىك مېتود جەھەتتىن ئۇنىڭ نەقشىبەند سوپىلارچە قارىشى كاشىلا قىلمايدۇ. چۈنكى رېئالىستىك مېتودقا ئاساسلانغان ئىستىبتىك جەريان، ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ھەتتا بەزەن ئۇنىڭ رېئالىستىك ئىستىبتىك نۇقتىئىنەزىرى ئىسلام ئېتىقادىنى رەت قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

شائىر «سەپەرنامە» دە يۇقىرىقى نۇقتىلار ئاساسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ سوفىستىك مەنىۋى مۇھىتىنىمۇ، ئۆزى سەپەر قىلىپ بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنىمۇ، خەلق تۇرمۇشىنىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىمۇ، ئىنسان گۈزەللىكىنىمۇ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەينەن، ئۆز شەكلى بىلەن تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئەسەردە رېئالىستىك ۋە خەلقچىللىق روھ ئۇنىڭ نەقشىبەندىيە دۇنيا قارىشىدىن ھالقىپ كەتكەن ھالەتنى

شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىكى ئاساسىي مەسىلىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزۈلمىگەن. شۇڭا ئەسەر يەنىلا ئۆز ئوبرازلىرى بىلەن تەسىرچانلىقىغا ئىگە. شۇڭا ئەسەرنى بۇ نۇقتىدا يەنىلا ئۆزىگە خاس بەدىئىيلىككە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەر سۆزىنىت قۇرۇلۇشى جەھەتتىن فابۇلا[1] شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بىرەر زور نۇقتىنى ئۆزىگە تۈگۈن قىلمايدۇ. شۇڭا كىشىدە زور ھاياجانمۇ تۇغدۇرالمايدۇ. سۆزىنىت بىر خىللا ھەرىكەت رىتىمى بويىچە داۋام قىلىدۇ. ئەمما مۇرەككەپ، قىزىقارلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە ئەمەس. ئەسەردىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاردا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان لىرىك چېكىنىشلەر سۆزىنىتتىكى سۇسلۇق، قۇرۇلمىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېپىپ ئەسەرگە نۇر بېرىپ جانلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

ساقى گۈلچېھرە ماڭا بەر ئاياغ،
كۆڭلۈم ئىرۇر لالە سىفەت داغ - داغ.
خار ئىستەم بىلەن ھەم ئاغۇش مەن،
غۇنچە سەۋسەن كەبى خامۇش مەن.
تەبەكى ئەي دوست چەككەي ئىزتىراپ،
مىسلى بىنەفشە سەھەرى پىچتاپ.
باش چىقاراي چون گۈلى رەئنا كەبى،
جان بېرەيىن سۆزىگە مەسىھا كەبى.

مۇنداق لىرىك چېكىنىشلەر ئەسەردە خېلىلا زور سالماقنى ئىگەللەپ، شائىرنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتقا مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى، ئەسەر سۆزىنىت بۆلەكلىرىنى بىر - بىرىگە ناھايىتى چىرايلىق ھالقىلار بىلەن

---

[1] فابۇلا — ئەگرى - توقاي ئەمەس، ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ تۈز ھەرىكەت تەرتىپى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى.

باغلاپ ۋەقە تەرەققىياتىنى راۋانلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى، ئەسەرگە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىستىبتىك جان بېغىشلاپ، ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ يادروسى بولغان تەسىرچانلىقنى ئاشۇرىدۇ.

ناھايەت ئەسەردە بەدىئىيلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، ئەسەردە ئاپتورنىڭ غايىسىنى توشۇيدىغان، بەدىئىي ئوبرازلارغا شەكىل بېرىدىغان، بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايەت قۇدرەتلىك، ھېچ نەرسە بىلەن چەكلەنمەيدىغان بىردىنبىر قورالى بەدىئىي تىل بولۇپ، بۇ بەدىئىي ئەسەردە غايە، ئۇنى ئىپادىلەيدىغان ۋەقەلىك ھازىرلانغاندىن كېيىن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ تىلى يېتەرلىك ھالدا روشەن، راۋان، يارقىن، ئۆزگە خاس ئورىگىناللىقتا، جۈملىدىن قويۇق بەدىئىي بوياقتا ئىگە. خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىكى ئاپوزىزمنى ئۆزگە يىققان، كۈچلۈك لاكانىزمغا ئىگە، پىشقان، ھەقىقىي سۆز سەنئىتىگە كۆتۈرۈلگەن تىل دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەر تىلىدا ھازىرقى ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى ئىخچاملاپ چىققان، شېئىردا ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغان ستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ جايدا ئاپتور تىلىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ پەقەت ئىككى خىلىدىنلا مىسال كەلتۈرەيلى.

شائىر ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھالىتىنى مۇنداق قىسقا ئاپورىستىك لاكانىزمدا ئىپادىلەيدۇ:

مەن دەغى بۇشەرتى تەۋەككۇل بىلەن،
بىرتە نان بەلكى نە بىر پۇل بىلەن.
بار گەران ھەمراھ ئاھىم تا باغ،
خۇن جىگەر توشە ئۇلاغىم ئاياغ.

ياكى سەپەر ئۈستىدىكى ئابھاۋانىڭ ئۆزگىرىشچان

ھالىتىنى:

تەرفا باياباني جەپپارول قەمەر،
تەتىر ئوي ئول سايدا ساۋۇقغە ھەجەر.
كۈندۈزى كۈيدۈردى ئەجەب ئافتاپ،
كىچىسى چالدۇردى ساۋۇقغە رەباپ.

شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ قىياپىتى ئارقىلىق ھەرپىي ئوبراز يارىتىش بولۇپ، بۇمۇ پەقەت شېئىرىي ماھارەتتە پىشىپ، يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن تالانتلىق شائىرلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان سۆز سەنئەت ماھارىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر زەلىلى ئىجادىيىتىدە بىز ئۇنىڭ تۈرلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

ساقى يەنە جۇرئەتى مەستانە تۇت،
گوشەئى كۆزلەردە كېلىپ خانە تۇت.
تا ئىككى كۆن بولۇبان ھەم نەپەس،
سىندۇرەلى بەند بۇ ئاھىن قەپەس.
جۇملە ئەزا ئەئزانى تۇتۇپدۇر جۇنۇن،
قەددىم «ئەلىف» ئەردى، بولۇپتۇركى «نون».

ياكى:

پەردە تارتىپكى بەسى قىيىر گۈن،
كەلدى ئەسىر ئەتكەلى خەيلى جۇنۇن.
ئاھىم ئوق ئەردى، قەددىم يا ماڭا.

ئالتۇن ئىدى مەنزىلى مەنۋا ماگا.
مەشئەلى داغ ئەردى يۇ فانۇس تەن
خىرقە تىنىم ئۇزرەچۇ دودى كىفەن.

ياكى:

كەلتۈرۈبان قۇرپ ئىشىككە روي،
جەلىلى جالالىغا ئانىڭ ھەمد گوي.
«جىم» جەمالىدىن ئىچىپ بادەلەر،
«مىم» مۇجەرەد بىلە ئازادەلەر.
«قاپ» قەلەندەرگە قانائەت قىلىپ،
«لام»نى زىكرىغە دالالەت قىلىپ.
«دال» ديانەت كۈنىدىن خەبەرى،
«رى»كى رىيازەتكە ئىشارەتدۇر.

ئەنە شۇ يۇقىرىقىلار ئەسەردىكى ھەرپىي ئوبراز ئارقىلىق يارىتىلغان بەدىئىيلىكنىڭ نۇقتىلىق ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت.

شائىر زەلىلىنىڭ ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ كەڭلىكى، رەڭمۇرەڭلىكى، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبرازلىرىنىڭ تىپىك، ئىندىۋىدۇئاللىق روشەنلىكى، ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرگەن بەدىئىي تىلىنىڭ بايلىقى، قويۇق بەدىئىي تۇسى، ئاپورىستىك لاكونىزملىقى، ئومۇمەن چۇڭقۇر بەدىئىي تىل قۇۋۋىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇلۇغ نەۋائىدىن كېيىنكى ئەڭ ئېگىز چوققىلارنىڭ بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

زەلىلى ئۆزىنىڭ ئىجادى بىلەن ئۆز دەۋرى ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ۋە رېئالىستىك ئېپىك قەھرىمانلارنىڭ يارىتىلىشىغا ۋە مەيدانغا كېلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

«تىل تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە نورماتىۋى ھادىسە بولۇپ،

ئېستېتىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. شېئىرىي تىل ئۈچۈن كۆرەش ھەردائىم ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆرەشنىڭ، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۈچۈن كۆرەشنىڭ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن.»①

گەرچە زەلىلى شەرق ۋە غەرب ئويغىنىش دەۋرلىرىنىڭ ۋەكىللىرى دانتى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر نەۋائىيلاردەك ئۆز مىللىي بەدىئىي تىلىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن ھەم نەزەرىيە، ھەم ئەمەلىي جەھەتتە كۆرەش ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئۆز بەدىئىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق كۆرەش ئېلىپ بارغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كونكرېت جەريانىدا ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەريانىغا سەپسالىدىغان بولساق، دەسلەپكى ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئەرەب، پارس تىللىرى خېلىلا ئېغىر سالماقنى تەشكىل قىلىپ، ئىجادىيەت - پائالىيەت جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئەرەب، پارس ئىبارىلىرى ئاساسەن تۈگەيدۇ. بۇ مەسىلىنى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىدىيىۋى دۇنياغا قارىشى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت، ئۇنىڭ مەھسۇلى بولغان بەدىئىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ھالدا زىددىيەت بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى شائىر ياشىغان ئىجتىمائىي رېئال ھاياتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ لوگىكىسى بىلەن ئىزاھلاش كېرەك. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەرزەنتىدۇر.

① م. گوركى: «ئىككى توملۇق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، 1 توم، 356 - بەت.

# نۆبىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

نۆبىتى شائىرنىڭ ئىسمى ئەمەس. ئۇ شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى، قەيەردە، قاچان ۋاپات بولغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان پاكىتلىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

ئۆمرۈم ئەللىككە يېتىپ قالدى ھەنوز مەن ئەل ئەمەس،
قىلمادىم ياخشى ئەمەل بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرەخ.

يېشىم 50 كە يەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئادەم بولمىدىم. ئىسىت، ياخشى ئىش قىلالمىدىم، ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، دېگەن مەلۇماتىغا ۋە دىۋانىنىڭ رەتلىنىپ توپلام قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى 31 - روبائىيسىدا:

ئى يارانلار بىز ئۆلۈرمىز، يادىكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈز ئاتمىش ئەردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ ھىجرىتى،
بۇ كىتابنى نۆبىتى سىنغى بولدى ۋەسسالام.

(ئەي دوستلار، بىز ئۆلىمىز، سۆزىمىز يادىكار قالىدۇ، كىشىدىن جاھاندا ياخشى نام، نىشانە قېلىشى كېرەك،

ھىجرىيىنىڭ بىرمىڭ بىر يۈز ئاتمىشىنچى يىلى، نۆۋىتى بۇ كىتابنى يېزىپ تۈگەتتى) . يۇقىرىقى ئىككى سانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھېسابلاپ چىقساق، شائىرنى ھىجرىيە 1110 - يىلى (مىلادى 1697 - يىلى) ئۆپچۆرىسىدە تۇغۇلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ھېچقانداق جايدا شەخسىي تۇرمۇشىدىن زارلانغانلىقى ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھاللىقراق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسا كېرەك. ئەمما غەزەللىرىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە ئۆزىنىڭ يېتىم ئىكەنلىكى تەكرار - تەكرار ئېيتىلغىنىغا قارىغاندا، ئەر يەتكىنىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز ھايات كەچۈرگەن بولسا كېرەك. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز يۇرتىدا (خوتەن تۇغرۇلۇق بازغان غەزىلىدە ئۇنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ) ئېلىپ، كېيىن يۇقىرى مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن يەكەن ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ قەشقەر مەدرىسلىرىدە خېلى ئۇزاق ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ مۇشۇ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىلا باشلانغانلىقىنى شائىر ئۆزى مۇنداق ئىسپاتلايدۇ:

بۇ ئەلەم قانىغە مەن كېلىپ گوزەر ئەتتىم،
تۆت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگەلى مەن سەپەر ئەتتىم.
بۇ ئىلمىي شەرىئەت يولىدا قالدىمۇ ھەيران،
بىر رەھبەرى تاپماي ئۆزەم دەر - بەدەر ئەتتىم.
تەۋپىق بولۇپ كەلدىمۇ ئۇستاد قاشىغا،
بىر نەچچە مەھەل تەھسىل ئىلىم ئىختىيار ئەتتىم.
يۈز شۈكرى ئىلاھىمغە، ماڭا قىلدى بۇ ئىنئام،
بىر زەررە ئىلىم تەھسىل ئېتىپ، بەھرەۋەر ئەتتىم .
ھەر باركى قەسد ئەتسە ماڭا لەشكىرى ئەدا،

ئاياتو ھەدىسلەرنى ئۆزۈمگە سوپەر ئەتتىم.
ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خوش فەھىمنى تاپسام.
بىر لەھزە ئاناڭ مەجلىسىدە مەن موقىر ئەتتىم.
كىم ئىلمى شەرىئەتنى ماڭا بەرسىلەر تەلىم،
گويا كى ئانى بىر تۇتۇپ مەن پەدەر ئەتتىم.
بىھۇدە كۆپ سۆزلەئى نۆۋبەتى ئاجىز،
شەرئى نەبىدىن ئۆزگەنى مەن مۇختەسەر ئەتتىم.

ئۇنىڭ شەرىئەت ئىلمىنى ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك چوڭقۇر، پۇختا ئۆگەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئىجادىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن شائىر مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئورگىنالىدا ئوقۇپ ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەنلىكمۇ ئىجادىيىتىدە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

مەشھۇر شائىرىمىزنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقىدىن ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋان نۆۋبىتى» ناملىق ئىككى توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، ھىجرىيە 1160 ـ يىلى تۈزۈلگەن، بۇ توپلام نۆۋبىتى شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 بەتلىك قول يازمىدىن ئىبارەت. يەنە بىرى، ھىجرىيە 1309 ـ يىلى خوتەننىڭ بامىيا يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق موللا ئەخمەت ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 1600 مىسرادىن ئارتۇق غەزەلدىن تەركىب تاپقان قولىازمىدۇر. بۇ ئىككى توپلامنىڭ مەنبەلىرى باشقا ـ باشقىدەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى بىرىنچى توپلامنىڭ ئاخىرىغا داڭلىق تەسەۋۋۇپ شائىر ھۇۋەيدانىڭ

(خوجام نەزەر) 69 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بۇ هال كىشىنى شائىرنىڭ تېخى بىز بىلمەيدىغان، خەلق قولىدا ساقلىنىۋاتقان، تېخىمۇ تولۇق بولغان «دىۋانى» بارمۇ دېگەن ئويغا سالىدۇ.

## نۆبىتىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە توپكى ئېستېتىك قارىشى

«ئىنسانشۇناسلىق» دېگەن بۇ پەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر يىغىندىسى بولغان ئادەمنى، ئۇنىڭ هاياتىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندىمۇ، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىش كۆرىدۇ. بەدىئىي ئوبرازلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئاساسىي ئىدىيىنى ماركس، ئېنگېلسلار «خاهىش» دەپ ئاتاشقانىدى. شۇ مەنىدە يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپىۋى قارىشى، ئوخشاشلا يازغۇچى تەرىپىدىن تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي ئوبرازلار، سۈرەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «دىۋان نۆبىتى»دە:

ۋەهىي كەلتۈردى نەبىگە ئەيدى ئۇلدەم جەبرائىل،
چۈن پەرىشتەلەردۇرۇر، ئەيدى سالام رەببى جەلىل.
هەقتە ئالا پەرھىز قىلدى ئۇممەتىڭغا ئى رەسۇل،
بەش نامازۇ روزەئى، هەج ۋە زاكاتىدوركى، بىل.
ئەمرى هەقنى هەر كىشى بەرپا تۇتۇپ، تەرك ئەتمەسە،
جەننەتى فىرداۋس ئىچىدە نوش ئەيلەر سەلسە بىل.
قەسىد ئىلە هەر كىم نەمازۇ-روزەنى تەرك ئەيلەسە،
قەبىز ئەيلەر مالى ئۇقۇبەت بىرلە جانىن ئەزرائىل.
سەكسەن ئوقۇبە بولغۇسىدۇر كىم گىرىپتارى جەهەم،
يىمى زوقغۇمى بولۇرلەر ئىچكۈچى زەهرى قەتىل.

تەڭرىدىن قورقۇپ مەگەركىم ئىچمەسە شەربەت - شاراپ،
ھەق غەمىدىن پەرھىز ئەيلەپ، قىلسە تائەت مۇتتەسىل.
ھەقتە ئاللا رازى بولغاي بەندەسىدىن ھەم رۇسۇل،
داخىلى جەننەت بولۇرغا باردۇرۇر ئايەت دەلىل.
رەڭ - بەرەڭ ھوللا كىيىپ، تاجى مۇراسسەئى باشىغا،
خىزمەتىدە ھۆرلەر ئالدىدا تۇرغاي خەيل - خەيل.
ئىلتىپات ئەيلەپ خۇدا ھەر بەندەگە تۇرلۇك تائام،
ھەر نەچە قىلسا تەتەۋۋۇل، كەلمەگەي ھەرگىز سەقىل.
نۇر بولغاي ئول تەئامى بەۋلىر - غايەت بولماغاي،
يوقتۇر ئۆلمەك، قېرىماق ھەم بولماغاي ھەرگىز كېسەل.
لوقمەئى داۋۇر ئەيلەپ مېھمان قىلغاي خۇدا،
بەندەلەرگە ئاخىرى دىدار بەرگەي ئەل ۋەكىل.
پاسىقى كىرمەس تومۇغقە، ئول ساخاۋەت ئەيلىسە،
ئەفۋى ئەيلەر ھەق، گۇناھىنى ئالۇر، رىزۋان كەفىل.
ئاقىل ئىرسەڭ تائەت ئەيلەپ ھەم ساخاۋەت پىشە قىل،
بولماغاي جەننەتكە داخىل، ئابىدى بولسا بېخىل.
مىڭ ندامەتلەر بىلەن گۇناھىڭ ياد ئېتىپ،
ھەر سەھەرلەر زار يىغلاپ، تەۋبە ئىستىغپار قىل.
روزى مەھشەر نېتىكا سەن بىچارە - ئاجىز نۆبىتى،
جورمى ئىسيانىڭ تولادۇر، خەيرى ئېھسانىڭنى قىل.

مانا بۇ تەرجىبەندىدە شائىرنىڭ سوپىلارچە مىستىك پەلسەپۋى دۇنيا قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇنى ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى سوفىزم مەزھەپلىرىنىڭ تىپىك، نەقشبەندىيە گۇرۇھىغا تەئەللۇق دىنىمىستىك پەلسەپۋى قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

چۈنكى شائىر ئۇ دۇنيا — باقىي دۇنيا ھالاۋىتىگە شەرىئەت نىزاملىرى ئارقىلىق يېتىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئېكىلىكتىك

سوپىلاردەك تەركىدۇنياچىلىق، ياكى جىسمانىي خارلىق «جاننى تەن قەپىسىدىن ئازاد قىلىش»، جىسمانىي بەربات بولۇش يولى بىلەن ئاللاغا ۋاھىدات بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. ئەكسىچە بۇ دۇنيانىڭ ماددىي نېمەتلىرىدىن ھالال ئەمگىكى بىلەن پايدىلىنىپ، زاكات، خەيرى - ئېھسان يولى بىلەن ئۇ دۇنيا راھەت - پاراغىتىگە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

سەنئەتكارنىڭ ئېستېتىك قارىشى ئاساسەن پەلسەپىۋى قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، شائىر ئىجادىيىتىدىكى مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ خېلى ئېغىر سالمىقىنى يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان شېئىردەك دىنىمىستىك روھىدىكى شېئىرلار ئىگىلەيدۇ.

ئەمما سەنئەتكار ئېستېتىك قارىشى بىلەن پەلسەپىۋى قارىشى ئارىسىغا باراۋەرلىك ئالامىتىنى قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئېستېتىك قاراش دېگەن نېمە؟

ھاياتىي ماتېرىيال ئەدەبىياتقا ئۆز - ئۆزىدىن شۇنداق ئاددىيلا كىرىپ كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرگە شائىر ياكى يازغۇچى ئېلىپ كىرىدۇ. ھاياتىي ماتېرىيال سەنئەتكار ئەسىرىدىن ئورۇن ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ «شېئىرىي ئادىل سودىيىسى»[1] سوتىدىن ئۆتىدۇ. «سەنئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تۇرمۇشتا. كىشى ئۈچۈن قىزىق بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىشتىدۇر. ناھايىتى ئورغۇن ھاللاردا بولۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرلەردە تۇرمۇشنى بايان قىلىپ بېرىش، تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ھەم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.»[2]

سەنئەتكارنىڭ «شېئىرىي ئادىل سوتى» ۋە «تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈمى» قايسى ئومۇمىي قانۇنغا

---

① ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1. توم 509 - بەت.

② چېرنىشېۋسكى: «تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۆزبېكچە نەشرى، 408 - بەت.

ئاساسلىنىدۇ؟

سەنئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنى، ھەر قانداق ھاياتىي ھادىسىنى ئېستېتىك باھالاش يەنى گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرىدىن بەدىئىي تەتقىق قىلىشتۇر. ھايات سەنئەتكە (شۇ جۈملىدىن ئەدەبىياتقا) گۈزەللىك «ئەگلىكى» دىن ئۆتۈپ كىرىدۇ. چۈنكى ئىنسان «گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق»① ئىجاد قىلىدۇ.

گوركىنىڭ پىكرىچە، ئىنسان ئۆز تەبىئىتى جەھەتتىن سەنئەتكاردۇر. ئۇ ھەممە جايغا قانداق قىلىپ بولسۇن، گۈزەللىك ئېلىپ كىرىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنساننىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي بولىدۇ. ئەمما گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ ئۆتۈۋېرىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز دائىما بىرىنچى نۆۋەتتە ئادەمنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە تەئەللۇقتۇر. جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە كىشىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىدە نەمۇنە بولارلىق ئادەمنى «گۈزەل ئادەم دەيمىز»، گۈزەللىك ئەخلاقنىلا ئەمەس، جىسمانىي مۇكەممەللىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز ئاساسىدا ھاياتقا مېھرىمىز يېتىدۇ، شۇڭا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام بولمىغان ئادەم بىز ئۈچۈن گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ. گۈزەللىك ناھايىتى كەڭ چۈشەنچە، ئۇنىڭغا ئىنسان شەخسىيىتىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئادىل، مۇكەممەل شەكىللىرى ئوبيېكتىپ تەبىئەت گۈزەللىكلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ھەم كىرىدۇ. ئادالەت ۋە ئەقىلگە ئاساسلانغان جەمئىيەت ئەسىرلەردىن بېرى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ گۈزەل جەمئىيەت

① ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1 - توم، 150 - بەت.

ھەققىدىكى ئارزۇ بولۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارغا مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئارزۇلارلا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت رېئاللىقنى مۇكەممەللەشتۇرۇش جەريانىدىكى ئارزۇلارمۇ كىرىدۇ. ھەر بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىلغار تەپەككۇرىدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى تۈزۈلۈشى ۋە ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە تۇغۇلغان تەسەۋۋۇرلار «ئىجتىمائىي غايە» دەپ ئاتالدى. ھەر دەۋرنىڭ «ئىجتىمائىي غايىسى» شۇ دەۋرنىڭ سەنئىتىدە ئۆز ئىنكاسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت غايىسىز ياشىمايدۇ. بالزاك «ئىنسان كومېدىيىسى» نىڭ كىرىش سۆزىدە «روماندىن پەرقلىق بولغان تارىخ (پەن) ئالىي غايىگە ئىنتىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، تارىخ قانداق ياكى قانداق بولۇشى لازىم بولسا، شۇنداقتۇر. ئەمما رومان بولسا ياخشىراق ئالەم تەسۋىرى بولۇشى كېرەك» دەپ يازغانىدى.

سەنئەت ئىجتىمائىي غايىنى ئۆزىگە خاس ۋاستىلەر — كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ۋە روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ (شۇ مەنىدە گوركى ئېيتقان، ئىنسانشۇناسلىق تەرىپى مەلۇم دەرىجىدە سەنئەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئائىت دېيىشكە بولىدۇ). سەنئەتتە ئۆزىگە خاس ئىپادىسىنى تاپقان ئىجتىمائىي غايە يېڭى بىر پەزىلەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغىلا ئەمەس، بەلكى ھېسسىيلىرىغا، قەلبىگە ھەم قاتتىق تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇلارغا ھوزۇر، زوق، لەززەت بېغىشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سەنئەتتە ئىنكاس قىلىنغان ئىجتىمائىي غايە ئېستېتىك غايە قاراش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىدە ھايات ئەنە شۇ ئېستېتىك غايىگە تەققاسلىنىپ ئۇنىڭ غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تاسقىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئېستېتىك غايە ئىمتىھانىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ

تەسۋىرلەنگەن ھايات ھادىسىلىرى بىزدە ئۆز گۈزەللىكى بىلەن زوق قوزغايدۇ. شۇنى ھەم ئەستە تۇتۇش كېرەككى، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە ئەخلاق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئىلغار ئەدەبىيات بىلەن ھازىرقى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئارىسىدا پەرق بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن: نەۋائى زامانىسىدە «گۈزەل كىشى» چۈشەنچىسىگە دىندارلىق ھەم كىرەتتى. ئەمما ھەممە دەۋردە ھەم ئىلغار ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك غايىسىدە ئىنسانغا ئادىل مۇناسىۋەت، ئىنساپەرۋەرلىك سىياسىي ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى تۇپەيلى، ئۆتمۈشتىكى ئېستېتىك غايە مەلۇم دەرىجىدە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ھەم قەدىرلىك ۋە ئۆز قىممىتىگە ئىگە يۈكسەك ئېستېتىك غايە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆلمەس قىممەتكە ئىگە. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھاياتنىڭ سەلبىي ھادىسىلەرنى تەسۋىرلىگەندىمۇ شائىر، سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ئاساسلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئاشۇ غايە نۇقتىسىنەزىرىدىن تورۇپ باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلبىي ھادىسىلەر تەسۋىرى ئىچىدە ياتقان ئېستېتىك غايە ئۆزىنىڭ جارىبدارلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدۇ. يازغۇچى ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنى يورۇتقاندا ھەم ئىجابىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇشنى يەنى ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك غايىگە ئەمەل قىلىشنى لېنىننىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىنمۇ چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ «تولستوي تولۇپ تاشقان نەپرەتنى، ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلىشنىڭ يېتىلگەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئارزۇ - خىياللارنىڭ خاملىقىنى، سىياسىي تەربىيىسىزلىكىنى،

ئىنقىلابىي بوشاڭلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ»[1]. چېخوۋنىڭ «6 ـ نومۇرلۇق پالاتا» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن ھايات مەنزىرىسى ئىنتايىن دەھشەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزدە ئېستېتىك زوق ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۈچلۈك نەپرەت ـ غەزەپ تۇغدۇرىدۇ. ئەمما بۇ غەزەپنىڭ ئۆزى ئالىيجانابلىق ھېسسىيدۇر، چۈنكى ئۇ بىزنى ھاياتنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇنى ئەقىل ۋە ئادالەت ئاساسىدا قايتا قۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

چېخوۋدا ئويغانغان ۋە ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ماھارىتى نەتىجىسىدە بىزدە ھەم ئويغانغان ئەنە شۇ بىئارامىلىق، غەزەپ ۋە گۈزەل ھاياتنى سېغىنىش ھېسسىيسى يازغۇچى ئىجادىدىكى ئېستېتىك غايىنىڭ نەتىجىسىدۇر. رېئالىزمدا ئېستېتىك غايىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چېخوۋ: «رېئالىستلار ھايات قانداق بولسا شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. ئەمما ھەر بىر قۇر مەقسەتنى چۈشىنىش شارائىتى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك سىز مەۋجۇت ھاياتنى سىزىشتىن تاشقىرى، يەنە بولۇشى لازىم بولغان ھاياتنى سېزىپ تۇرىسىز ۋە بۇ ھال سىزنى مەپتۇن قىلىدۇ.» دېگەنىدى، شۇڭا ساتىرادا «كۆلكە» يازغۇچىنىڭ غايىۋى پوزىتسىيىسىنى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى توشۇغۇچى «قەھرىمان» سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. خولاسىلىگەندە، ئەسەرنىڭ ئالاھىدە تەسىرچانلىق كۈچىگە ئىگە بولۇشىدىكى توپ سەۋەب ئەڭ ئالدى بىلەن خاراكتېردە ھايات ھەقىقىتى بىلەن ئېستېتىك غايىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئەنە شۇ ئېستېتىك غايە ئارقىلىق رېئال ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ناھايىتى مۇرەككەپ جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېئالىستىك ئېستېتىك غايىدىن تۇغۇلغان ئەسەر

---

① لېنىن: «مەدەنىيەت ۋە سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 85 ـ بەت.

مەزمۇنى (بولۇپمۇ ئۆتمۈشتە) يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىدىن كەڭ، باي بولۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىققا سادىقلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى، دىنىمىستىك قارىشىغا قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ رېئالىست سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاھىشىدۇر. ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئالغاندا نۆبىتى دۇنيا قاراش جەھەتتىن سوفىزىمنىڭ نەقشىبەندىيە گورۇھىغا كىرىدىغان ئۇنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيا قاراش جەھەتتىن دىنىمىستىك شائىر، ئەمما رېئال ھاياتقا ئىستېتىك مۇناسىۋەت جەھەتتىن خەلقچىللىققا، ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن يەنىلا بەلگىلىك ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە لىرىك قەھرىمانلار يارىتالىغان. ئۇنىڭ سوفىستىك نەقشىبەندىيە دۇنيا قارىشى ئۆز ماھىيىتى بىلەن شائىر ئىجادىيىتىدىكى سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىك قانۇنىيىتىنى رەت قىلىشقا ئىمكانىيەتسىز قالغان. ئاخىرقى ھېسابتا سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىپتقاندا، رەت قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇ زىددىيەت ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈم شارائىتىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇستقۇرۇلما بىلەن بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن ئىزاھلىنىدۇ ۋە ئىزاھلىنىشى كېرەك.

## نۆبىتىنىڭ لىرىك قەھرىمانى توغرىسىدا

لىرىك قەھرىمان كۆپىنچە «مەن» — بىرىنچى شەخس شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا بىز نۆبىتى شېئىرلىرىدىكى «مەن» شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان لىرىك قەھرىمانىنى شائىر شەخسىيىتىدىكى «مەن» ئەمەس، بەلكى ئۇ ياشىغان دەۋر

ئادەملىرى تىپىكلەشتۈرۈلگەن، ئىندىۋىدۇئاللاشقان خاراكتېردە مەيدانغا چىققان، شۇ دەۋر ئادىمىنىڭ شۇ جىنسقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەم، ئارزۇلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە لىرىك قەھرىمان ھېسابلاپ، ئۇنى شەرتلىك ھالدا نۆۋەتىنىڭ لىرىك قەھرىمانى دەپ ئاتايمىز.

«دىۋان نۆۋەتى» مەزمۇنەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئالغاندا، شەرق مۇسۇلمان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ «دىۋان» تۈزۈش ئەنئەنىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئالدى بىلەن، يارانقۇچى ئاللا ۋە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تونۇشتۇرۇشچە، ئاللانىڭ ئەڭ سادىق ۋەكىللىرى بولغان تۆت چاھارىياغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزۈن ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ.

شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىلاھىيەت ئىلمىنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ زات، خۇدانىڭ بەندىلىرى ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى بولغان ئۆز دەۋر مۇسۇلمانلىرىغا «باقىي دۇنيانىڭ ھالاۋەتلىرى» دىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئىسلام - شەرىئەت قانۇنلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇلارنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى بەزەن مۇراجىئەت، بەزەن بۇيرۇق شەكلىدە داغدۇغىلىق، سۈرلۈك قىلىپ ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

بۇ ھال «دىۋان» نىڭ غەزەل بەندىلىرى ئارىسىدا شائىر ئاللا ئالدىدا «گۇناھ» ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك، پۈتۈن غەزەل بەندىلەر بىلەن ساپ مۇناجات شەكلىدە باشتىن - ئاخىر تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك لىرىك قەھرىمان «مەن» ئارقىلىق مەيدانغا چىقىپ، شائىرنىڭ ئىلاھىيەت بىلىمىگە خېلىلا كامىل ئىكەنلىكىنىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرىگە خېلىلا چوڭقۇر ئۈچرىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

بىز شائىر ئىجادىغا تەنقىدىي قاراپ، مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ دۇنياۋى ئەدەبىياتقا قوشقان ھەسسىسىنى ئىجابىي تەرەپتىن تەھلىل قىلىشقا ئۆتىمىز.

نۆبىتىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتلىك ئادىمى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، دانالىقنى مەدھىيىلەپ، نادانلىقنى سۆكىدۇ:

ئاقىل ئەرسەڭ ئى بىرادەر قىلما نادان بىرلە بەھس،
خاتىرىڭنى جەمئى ئەيلەپ قىلما نادان بىرلە بەھس.
جەھد ئەيلەپ ئەھلى دانا بىرلە بولغىل ھەمنىشىن،
ئەھلى ناداندىن يىراق بول، قىلما نادان بىرلە بەھس.
ھەر نەچە مۇشكۇل سوئالىڭ بولسە دانادىن سورا،
بىھۇدە زېھنىڭ كېتۈرمە، قىلمە نادان بىرلە بەھس.
ئەقىل - پەھمۇ دانىشىڭنى ئالىمىي دانا بىلۇر،
بىلمەگەي قەدرىڭنى ھەرگىز، قىلما نادان بىرلە بەھس.
چۈنكى زەرنىڭ قىممىتىن زاھىر قىلۇر سەڭگى، مەھەك،
جاھىلى مىسلى قاراتاش، قىلما نادان بىرلە بەھس.
ئەھلى دانالارغە ياخشى سۆز دۇرى ناياپ دۇر،
مۇختەسەر قىلغىل سۆزۈڭنى، قىلما نادان بىرلە بەھس.
بۇ نەسىھەتنى ئۆزۈڭگە ئەيلەگىل ئى نۆبىتى،
ئۆزگە بىرلە نە ئىشىڭ بار، قىلما نادان بىرلە بەھس.

ياكى

ۋەھ نە ياخشى دۇركى ئالىم سۆھبىتىدە بولسا پەيز،
شۇكرى قىلغىل كىم خۇدانىڭ رەھمەتىدۇر بولسە پەيز.
ۋاجىبى ئىمان بىرىسى سۆھبەتى ئالىم ئىرۇر؛
ھەر زامان ئولتۇركى ئالىم سۆھبىتىدە بولسە پەيز.
ھەر كىشى ئولتۇرسا ئالىم سۆھبەتىدە بىر زامان،

مەغپىرەت قىلغاي گۇناھىنى بىناگاھ بولسە پەيىز.
بى رىيا تائەت ئىرور بىلگىلكى ئالىم سۆھبەتى،
جۇملەئى قىلغان گۇناھقا كەفارەت بولسە پەيىز.
رەھمەتى ھەقتىن ئۈمىد ئەتسەڭ كېچە بىدار بول،
نە ھالاۋەتتۇر كىشىگە ھەر سەھەردە بولسە پەيىز.
نەۋبەتى ئاجىز جەھاندا دوست تۇتقىل ئالىمى،
تا تىرىكدۇرسەن گۇناھىڭنى پىتماس بولسە پەيىز.

شەرىئەت ئىلمى بىلەن «ئالىم خىسلىتى» نى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان لىرىك قەھرىمان نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتى بىرلەشمىگەن سەپسەتىچى ئەقىدىچىلەرنى مۇنداق تەنقىد قىلىدۇ:

ھەر كىشى ئالىم بولۇپ، ئىلمىغە چۈن قىلمىسە ئەمەل،
ئاسى دەڭلاركىم ئانى سۆزەتدىن ئۆزگە جانى يوق.

ئەنە شۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى بىلىمنى نەگە، قانداق ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى جەمئىيەتتىكى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ:

دانىشىڭ باردۇر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جۇيانى بول،
خىزمەتىن ئەيلەپ ئاياغى ئاستىدا بولغىل پەتەك.
نەۋبەتىكىم ئۇشبۇ ئەھۋالىڭغە سەن شۈكرى ئەيلەگىل،
ئىلىم بېرىپتۇركىم ساڭا، مۇندىن زىيادە نە كېرەك.

ياكى

ئاشقلارنىڭ قەدرىنى بىلۇر ئەھلى سەلەف،
قەدرىن نە بىلۇر ئىچىدىكى زەرنى سەدەف.
جاھىل نەبىلۇر فەزىلەتى ئالىمنىڭ،

ئەرقەدرىنى ئەر بىلۇر يەنە ئەھلى سەلەف.
خوش دەۋلەت ئىرور كىشىگە ئالىم بولماق،
نە شەئىندە ئىرور كى زالىم بولماق.
ئالىم بولۇپ ئىلمىغە ئول قىلسە ئەمەل،
مەشھەر كۈنىدە بىغەمۇ سالىم بولماق.

ياۋروپا بۈيۈك ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان لىئوناردو داۋىنچى: «ھەر قانداق نەرسىگە بولغان مۇھەببەت، بىلىمدىن پەيدا بولىدۇ. بىلىم قانچە چوڭقۇر بولسا، مۇھەببەتمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ» دېگەنىدى.

مەرىپەتپەرۋەر لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق خىسلىتى بىلەن ئىنسانغا مۇھەببەت قويغىنىدا ئەڭ ئالدى بىلەن «يار» نىڭ سېھرىلىك كۆچىگە تولغان «گۈزەل» لىكىگە مۇپتىلا بولىدۇ:

كۆرۈپمەن ئولتۇرۇپتۇر ھۆسنى باغى ئىچرە بىر دىلدار،
يۈزى ئايۇ، كۆزى چولپان، فەرىشتە خوي گۈلى رۇخسار.
تاشى مىھراب يا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋى يا ئەر ئەر، يۈرۈشى كەبىك خۇش رەپتار.
يۈزىدۇر بىر مەھى تابان، لەبىدۇر لەئلى يا مەرجان.
بولۇپمەن ۋەلەئى ھەيران، سۆزى شىرىن خۇش گوفتار.
تولۇن ئايدەك جامالىغە كۆڭۈل قەيد بولدى ھالىغە،
قاچان يەتكۈم ۋىسالىغە، كۆڭلىنى ئالدى ئول مەككار.

ياكى:

چىقتى ناگاھ مەھۋىشى، تورپا نىگارى ئۆزگىچە،
ئاچىلىپ چۇن لالە ئەھمەر گۈلئۇزارى ئۆزگىچە.
ئىككى شەھلا كۆزلەرى كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد،
موپتىلا ئەيلەپ مىنى يارى نىگارى ئۆزگىچە.

ياستانىپدۇر ماھى تابان چېھرەسىن پىنھان ئېتىپ،
ئەژدىھا يەڭلىغ ئىككى زۇلفى نىگارى ئۆزگىچە.
مۇددەئى قويماس ئانىڭ ھۆسنىن تاماشا قىلغالى،
ئىككى سەپ لەشكەر تۇرۇپتۇر، سەد ھەزارى ئۆزگىچە.

مۇنداق گۈزەل يار ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆچى شائىرنىڭ يەنە باشقا غەزەللىرىدىمۇ نۇقتىلىق ھالدا تەسۋىرلەنگەن.

شائىر ياشىغان دەۋردىكى مەنىۋىيەت دىنغا قوشۇۋېتىلگىنى ئۈچۈن، ئەلغازالى، ئەخمەت يەسەۋى ۋەكىللىكىدىكى ئېكىللىكتىك سوفىزىم بەدىئىي تەپەككۇرى ۋەقەلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەدەبىياتتا «مەۋھۇم خىيالىي ئىسلام ئويدۇرمىسى بولغان»، «تەڭرى مەركەزلىك» نى ئاساس قىلىپ، ئوبيېكتىپ رېئال مەۋجۇت بولغان تەبىئەت، ئىجتىمائىي ۋە ئىنسان گۈزەللىكىنى رەت قىلىپ، ئۇنى تەڭرى گۈزەللىكىنىڭ تەجەللىسى — شولىسى دەپ قاراپ، شېئىرىيەتتە پەقەت تەڭرى گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭ ياراتقۇچىلىق، «بەلگىلىگۈچى» قۇدرىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەدەبىياتنى ھاياتنى بىلىش، ھاياتنى قايتا قۇرۇش قوراللىقىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنى فېئودالىزم تۈزۈمىنى مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەپ تۇرىدىغان، خەلق ئېڭىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ئۇ دۇنيا — باقىي ئالەمگە بۇرۇۋېتىشنىڭ سوفىستىك دىنىي خۇراپات قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ دىنىمىستىك ئەدەبىيات بەرپا قىلغانىدى.

ماركس ئوتتۇرا ئەسىر پىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى «باقىي ئالەم ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر غايىب بولۇش بىلەن پەنىنىڭ ۋەزىپىسى پانىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنى بەرپا قىلىش ئىدى» دەپ كۆرسەتسە، ئېنگېلس: «بەلگىلىك ۋاقىتتا، بەلگىلىك شەكىل ئېلىش لازىم

ئىدى» . «خەلق دىن ۋە ئىبادەتخانىلار باقىي ئالەمگە يۈتكۈۋەتكەن ئەرسىلەرنى ئالەمگە قايتۇرۇپ كېلىشنى خالايتتى» دەپ تەكىتلىگەنىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىنسانپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىك شائىرلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىمىز فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئېكىلىكتىك سوفىزمنىڭ «تەڭرى مەركەزلىك»كە قارشى «ئىنسان مەركەزلىك» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەڭرى گۈزەللىكىگە قارشى ھالدا ئىنسان گۈزەللىكى، «گۈزەل يار» ئوبرازىنى يارىتىشى دەل يۇقىرىدىكى ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پەنگە قويغان تەلىپىنىڭ ئەدەبىيات تەرىپىدىن ئورۇندىلىشى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ۋەقەلىككە (رېئاللىققا) ئايلىنىشىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان دۇنياۋى ئەدەبىيات (ئىنسان ھەرىكەت پائالىيىتىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەدەبىيات) نىڭ داۋامى ئىدى. شائىر نۆۋبىتى ئەنە يۇقىرىقى ئىلغار پىكىرلىك ئىنسانپەرۋەر شائىرلارنىڭ جۇڭغار خوجىلار دەۋرىدىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

شۇڭا ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى «گۈزەل يار» ۋە ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىنسانىي مۇھەببىتىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى ۋاپادارلىقنى تۈۋەندىكىدەك گەۋدىلەندۈرىدۇ:

دىلبىرىم سەندەك يەنە ئارامى جانىم يوق مېنىڭ،
تال بويۇڭدەك يەنە بىر سەرۋى راۋانىم يوق مېنىڭ.
بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى ئى نازىنىن،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، شىرىن زەبانىم يوق مېنىڭ.
رەھمى قىلغىل مەن يېتىم بىچارەگە ئى نازىنىن،
سەندىن ئۆزگە ھېچ يەردە مېھرىبانىم يوق مېنىڭ.
ئۆرۈلۈپ پەرۋانەدەك شەمئى جەمالىڭ شەۋقىدە،

كۆيدى بۇ جىسمى زەئىپىم، پەرۋ بالىم يوق مېنىڭ.
ئىشكىڭدە، ياستانىپ ئۆلسەم نە ئارماندۇر ماڭا،
يادى - پىكرىم سەندەدۇر، ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.
دادىخاھلىق ئەيلەدىمەن، ئەرزى ئەھۋالىمغە يەت،
تاپمادىم سەندىن بۆلەك بىر شاھسۇۋارىم يوق مېنىڭ.
نەۋبەتى سەريارىنىڭ ئاستانىسىدا بول مەدام،
تا تىرىكمەن، ياردىن ئۆزگە خىيالىم يوق مېنىڭ.

ياكى:

دېمەڭلار ئى يارانلار ياردىن بۇ نۆۋبەتى ناگاھ،
تاپىپدۇر خاكسارىنى كۆزىگە توتىيا قىلدى.

ئۆز يارىغا سەممى بولغان لىرىك قەھرىمان ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولۇشقىمۇ تەييار:

قولىنى سالىپ كېلەدۇر خۇاج بەرالىغ،
مىژگانى بىلە سىنەنى قىلدى يارالىغ.
موشتەق ھۆسنى جەمالىغە ئانىڭ،
يوزنى كۆرۈپ جانىمنى بەرسەم ئارالىغ.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز يارىغا بولغان ھەممىگە تەييار، سادىق، سەممىي، ۋاپادار، ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتكە خاس خىسلەت ھالىتىنى بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇنچە غەزەللىرىدىمۇ ئۇچۇق كۆرەلەيمىز.

شائىر ئۆزى ياشىغان، ھىيلە - مىكىرگە تولغان، ئىنسانلار بىر - بىرىگە زىت، ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان، ئىككى سىنىپ، ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىلگەن زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە «گۈزەل يار» نىڭ چىن ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاشىقى — مەرد يىگىتنىڭ ئۆز يارىغا بولغان چىن ئىنسانىي مۇھەببىتىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى بولغان سادىقلىق، ۋاپادارلىق، سەممىيلىك قاتارلىق خىسلەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۆز دەۋر كىشىسىنى

ئەخلاقىي كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئەمدى لىرىك قەھرىماننى ئەخلاقىي ئۆلچەمنىڭ سەلبىي تەرىپى بولغان يالغانچى، ئالدامچى، ۋاپاسىزلىققا قارشى قويىدۇ.

خەندەئى قىلۇر ھەرەم، كىم ئاڭا بولۇر ھەمدەم،
كۆڭلىنى ئۇرار بەرھەم، بىۋاپا ئۇ يالغان قىز.
مىكرى بىرلە ئول ئەتجاز نەچچە كۈن بولۇر ھەمراز،
بولماغىز ئاڭا دەمساز، ئۆلتۈرۈر ئەلامان قىز.
ئەقلىي بولسا ئى ياران بولماغىز ئاڭا مەغرۇر،
كۆرسەتۇر جوۋان ئۆزىنى، زىشت دوقەرىغان قىز.
دوست تۇتتى شەيدۇللا، بولدى ھەققىي غەيرۇللا،
مەن - مەن دىگەن ئەرلەرنى باغرى بىرلە چالغان قىز.
كىمكى ھەرسى دۇنيادۇر، بولغۇسى خۇدا بىزار،
شاد بولغۇسى شەيتان غارەتگەرى ئىمان قىز.
نۆۋبەتى كۆڭىل بەرمە، تائەتى خۇدا ئەيلە،
ئاخىرى نەسىپ ئەتكەي جەننەت ئىچرە، چەندان قىز.

ياكى:

ئى يارانلار كۆرسەتۇر ئۆزىن بۇ دۇنيا ئۇچۇن ئەرۇس،
بولماغايمەن جەھمىرىش كۆڭلى ئالاغا مۇپتىلا.
گىردىگارا دەھرى رون مىھرىنى كۆڭلۈمدىن چىقار،
يادىي - پىكرىم ئەيلەگىل دارىل - بەقاغە موپتىلا.
رەھمى ئەيلەپ ئاسراغىل ھەقىرى ئامانىڭدا مىنى،
قىلماغىل بىچارەنى ئول بىۋاپاغا مۇپتەلا.
ئاقىل ئەرسەڭ نەۋبەتى، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز بەرمەگىل،
بولماغىل مەغرۇر سەن كاتى جەپەغا مۇپتەلا.

زۇلۇم - ستەم بىلەن تولغان فېئودالىزم ئىستىبداتلىقىنىڭ ئىنسانغا ۋاپا قىلمايدىغان ماھىيىتىنى شائىر

ئۆز لىرىك قەھرىمانىنىڭ مۇنۇ ھەرىكەتلىك ئوبرازى بىلەن مۇنداق ئىچىپ تاشلايدۇ:

ناگىھان چىقتى ھەرەمدىن جىلۋە ئەيلەپ دىلبەرى،
شوئلەئى تۈشتى جاھانغا شەمسىدۇر ياموشتەرى.
يۈگۈرۈپ باردىم بىنا گاھ، مەن ئاڭا قىلدىم نەزەر،
ماھى تاباندەك كۆرۈندى ھۆرۇ ياڭلىغ دوختەرى.
مەن ئەيتتىم «ئۆلگىچە بەندەڭ بولاي ئى نازىنىن،
رەھمى ئەيلەپ سەن ماڭا بولغىل كى يارى ياۋەرى.»
شىۋە نازۇ - كەرەشمە بىرلە ئەيدى ئول سەنەم -
«بولماغاي ھەرگىز مۇناسىپ، سەن بەشەر سەن، مەن پەرى».
«ئەۋەلىدە كۆرمەگەي ئەردىم سىنى ئى ماھ روي،
سائەتى ھەمدەم بولالى، رەھمى ئەيلەپ كەل بىرى.»
خەندە ئەيلەپ ئەيتتىدۇ «پەرزەندە ئادەم بىۋاپا،
بىھۇدە كۆپ سۆزلەمە، ئەمدى كۆزۈمدىن كەت نېرى.»

يوقىرىقى شېئىرىي دىئالوگدىكى «پەرزەندە ئادەم بىۋاپا» دېگەن سۆز ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر بولۇپ، بۇ «بىۋاپا ئادەم» نى ئۆستۈرگەن فېئودال ئىجتىمائىي سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى بازىسىنىڭ ناھايىتى ئىخچام، ناھايىتى ئاچچىق، چوڭقۇر ھەسرەتلىك، ساتىرىك ئوبرازدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شائىرنىڭ بۇ خىلدىكى قاراشلىرىنى «دىۋان» نىڭ باشقا غەزەللىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز.

مۇھەببەت كونفلىكتى — مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى كونفلىكتنىڭ نەتىجىسىدۇر. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ شەكىل ئەينى زامان فېئوداللىق ئىستىبداتلىقىنىڭ ئىنسان ئەركىنلىكىنى بوغۇش، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىشىنى «مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق، فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە

نارازىلىق بىلدۈرۈش، ئۇنى پاش قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ رول ئويناپ كەلدى. بۇ تېما — مۇھەببەت تېمىسىدا فېئوداللىق ئىستىبداتلىقنى باتۇرلۇق بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا پاش قىلىش تۈسىنى ئالسا، بەزەن ئۇ ئاللېگورىيىلىك، ئايلانما يول بىلەن خاھىشچانلىقى ناھايىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ھالدىكى شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھال شۇ چاغدىكى فېئوداللىق، ئىستىبداتلىقنىڭ جاللاتلىق خاراكتېرىنىڭ دەرىجىسىگە، ئىلغار پىكىرلىك شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئىمكانىيەت، ئېھتىياجلىرىغا باغلىق ھالدا خىلمۇ خىل شەكىل، خىلمۇ خىل تۈس ئالدى. «گۈزەل يار» ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، ئەمما ئۇنىڭغا يېتەلمەي ھىجران ئازابىنى ئىچ - ئىچىدىن زورۇقۇپ تارتىش قاتارلىقلارنى ئەنە شۇ فېئودالىزم دەۋردىكى ئىنسان ئازادلىقىنىڭ يوشۇرۇن خاھىشلىق كونفلىكتىنىڭ ناھايىتى نازۇك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ھالدا چىن ئىنسانىي ئاشىق - مەشۇقلارنى ھىجران ئازابىغا سالغان، ئۇلارنى داغدا قالدۇرغان ئاچچىق ھەسرەتلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان شائىر ئۇنى شېئىرىي مىسرالار ۋە پۈتۈن شېئىرىي ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈش خاھىشچانلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

ئەمدى نۆۋىتى لىرىك قەھرىمانى بۇ ھىجران ئازابىنى ناھايىتى نازۇك، ئىنتايىن چوڭقۇر ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن مۇنداق كېچىنىپ ئۆتىدۇ:

خۇدايا ئۇشبۇ كۈندە رەھمى ئەيلەپ يار كەلگەيمۇ،
ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ كى ئول دىلدار كەلگەيمۇ.
نەچە يىلدۇر ئۇ شول ئەھدىگە باغلاپ ئىئتىمادىمنى،
ۋاپا ئەيلەپكى ئول ئەھدىغە كىم غەمخار كەلگەيمۇ.
تۇتۇپ كۆز، مۇنتەزىردۇرمەن جەمالىڭ كۆرگەلى مۇشتاق،

نە بولغاي لۇتپى ئەيلەپ، كۆرگەلى دىدار كەلگەيمۇ.
كېچە - كۈندۈز پىراقىدا بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا،
مېنىڭ ھالىمنى پەرىش قىلغالى ئەييار كەلگەيمۇ.
بىناگاھ ئۇشبۇ كۈندەمۇژدەئى ئول مېھرىبان يەتسە،
ھەزىن كۆڭلۈمنى مېھمان قىلغالى ئەييار كەلگەيمۇ.
جاھانغا كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكار،
ئانىڭ ھۆسنى جەمالىدەك گۈلى - گۈلزار كەلگەيمۇ.
مېنىڭ شورىدە ئى ھالىمنى كىم ئول مېھرىبان بىلسە،
كەمىنە نۆبىتىدەك مۇپتەلايى زارى كەلگەيمۇ.

ياكى:

ئى سەبا بەرگىل خەۋەر، ئول شەھسۋارىم كەلدىمۇ،
لۇتىپ ئېيتىپ ھالىم سورارغا ھەمدىيارىم كەلدىمۇ.
كەلسە يارىم ھەر زامان غەمكىن كۆڭۈل تاپقاي ئارام،
خەستە كۆڭلۈم شاد ئېيتىپ ئول نەۋ باھارىم كەلدىمۇ.
كەلسە ناگاھ بولغۇسى گويا ماڭا پەسلى باھار،
ئاچىلىپ چۈن لالە ئەھمەر گۈلئۇزارىم كەلدىمۇ،
پۇرقەتىدە ئۆرتەنىپ، جىسمىم زەئىپ ئولدى نتەي،
بولغۇسىدۇر دەردىما دەرمان يارىم كەلدىمۇ.
كەيىپ قىلدىكىم مېنى ئىشقى - مۇھەببەت بادەسى،
توتتى شىرىن زەبان كۆزى خۇمارىم كەلدىمۇ.
سىدىقى بىرلە جوستىجۇ قىل يارنى ئى نەۋبەتى،
قالمادى سەبرۇ تەھەممۇل، ئول نىگارىم كەلدىمۇ.

شائىر لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ ھالىتىنى «دىۋان» نىڭ يەنە باشقا غەزەللىرىدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۇچرىتىمىز.

لىرىك قەھرىمانىنىڭ «يار» ۋەسلىگە يېتىش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش يولىدىكى ئازابلىرى، ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە - پارە قىلغان ھىجرانىنىڭ تولغاقلىرى، ئۇنىڭ

لوگىك تەرەققىياتى لىرىك قەھرىماننى قەتئىي ئىرادىگە ئىلىپ كېلىپ، كۈرەشكە ئاتلاندۇرىدۇ:

نەۋبەتكىم ياركويىدا كىم موجاۋىر بولدى كىم.
مالنى ھەم باشنى، جاننى ئىسار ئەيلىگەچ.
ياكى:
ھەممىشە يار ۋەسلىنى تىلەيدۇ نەۋبەتى يارەب،
ئانىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك بېھىشتى تەھتىھەل - ئەنھار.
ياكى:
دىلبەرىم.تۇردۇم يولۇڭغە تەلمۈرۈپ،
كەلسە سۇمبۇل ساچىنى توققۇز ئۆرۈپ.
مۇنتەزىر دۇرمەن جامالىغە ئانىڭ،
جاننى بەرسەم ئاي جەمالىنى كۆرۈپ.
ياكى:
جانان ئۈچۈن بىر، ئىككى مالىمنى گەراۋ،
گەر قىلسا قەبۇل خانە - مانەمنى گەراۋ.
دىدار ئەگەر بىزگە مۇيەسسەر بولسە،
يولىدا بىرەي ئەزىز جانىمنى گەراۋ.

لىرىك قەھرىماننىڭ يۇقىرىقى ئىرادىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى فېئودالىزم مەنئۇيىتىنىڭ غالچىسى بولغان زاھىتلارغا ئۆز مەقسىتىنى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېيتىپ، دىنىي نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

شول كۈنكى يارىم جەمالىدىن ئالسا نىقاب،
خۇش راھەتدۇر ئاردە بولمىسا ھىجاپ.
ئاشىق جەمال، زاھىد تىلەكى بېھىشت،
دىدار كۆرەر كىم بى رىيا قىلسە سەۋاپ.

ياكى:
ئاشىق كىشىگە جەمالى جانانە كېرەك،
زاھىدلارغا باغۇ ـ بوستانە كېرەك.
باغ بىرلە ماڭا نى زاھىد بەرمە فەرىپ،
باغى ساڭا بولسە، ماڭا باغبانە كېرەك.

دېگەن چوڭقۇر پەيلاسوپىيلىك پىكرىنى تاشلاپ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىرنىڭ تۇغۇلغان زامانى شىنجاڭنىڭ ئەڭ زالىم ھۆكۈمرانىغا ئايلانغان رابدان چىۋاڭ دەۋرىگە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىجادىيەت جەريانى جۇڭغار خانلىرىدىن رابداننىڭ ئوغلى غالدان چېرىن دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. غالدان چېرىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى بىرلىكى بۇزۇلۇپ، ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ناھايىتى جىددىي تۈس ئالىدۇ. يۇقىرىدىكى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك تۆت قەبىلە ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ چىقىدۇ. قويۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، غالدان چېرىنىنىڭ كۈيئوغلى ئامۇرسىنا ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان دورجىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئەمما ئىنتايىن تەشكىلاتچى چېرىن دوندۇپنىڭ ئەمەلدارى داۋجى (داۋانس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چېچىلغان قەبىلىلەرنىڭ بېشىنى قۇراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، 1753 ـ يىلى ئامۇرسىنانى يېڭىپ، جۇڭغار خانلىقىنى يەنە تىكلەيدۇ. بۇ چاغدا، يەنى غالدان چېرىنىنىڭ دەۋرىدە ھاكىمىيەتكە چىققان قارا تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى خوجا جاھان (مەشھۇر شائىر ئەرشى) يۇقىرىقى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، جەمئىيەتنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن

ۋاقىتلىق بولىشمۇ خېلىلا ياخشىلايدۇ. ئەگەر بىز ھازىرقى قولىمىزدا بار بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە شائىر نۆبىتىنىڭ ۋاپاتىنى 1760 - يىلى بولغان دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا شائىر ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولىدۇ. بۇ ھالىنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىدا ئىز قالدۇرغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەمدى شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى شائىر ئىبتىبتىمك غايىسىنىڭ لوگىك تەرەققىياتى بويىچە شەخس «گۈزەل يار» نىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ھالقىپ، پۈتۈن خەلقنى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا ئۆتىدۇ.

رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى.
خوجە ستە خاكى رەھمەت سۆرمىسى،
كۆزۈڭگە توتىيا خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بوسەسى تورپا شېرىندۇر،
ھۆرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خورشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىغا ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمىن ئافاق، بىنىش سۇخەنگوي،
تىفلىگە دەرسى، ماقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلەرى گۈلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرداش ئىتسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نۆبىتى سىياھ روي ئىبلىگە،
رەقىبلەر كوزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.

ئۆز ۋەتىنىگە چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، ئۇنىڭ ھارارىتى چىن قەلبىدىن يانار تاغ لاۋىلىرىدەك ئېتىلىپ چىققان

لىرىك قەھرىمان ئۆز ۋەتىنىنى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك غالچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قانداق چىداپ تۇرالسۇن؟ شائىرنىڭ نەقشبەندىيەلىك سوپىلارچە قارىشى بويىچە «ھەممىنى يارىتقۇچى، ھەممىنى قۇتقۇزغۇچى بىر ئاللا بولغىنى ئۈچۈن» ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئاللاغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

بۇ مەھەلدە ھەممە زالىملار يۇرۇر راھەتتە،
مۆئمىن ئەل زۇلمى سىتەم بىرلە بولۇر دەربانلىق.
كەرەمىڭ بىرلە مۇسۇلمانلارغە بەرگىل ئامان،
ۋەرنە كوفر ئەھلى ۋىلايەتنى قىلۇر ۋەيران.
گەردىكارا دوستۇڭ ھۆرمەتىدىن ئەيلە خالاس،
بۇ مۇسۇلمانلارغا مۇشكۇل، ساڭادۇر ئاسانلىق.

ياكى:

كوفر ئەلى تۇتتى جاھاننى ئەيلەدى زۇلمى سىتەم،
ئەنبىيالار ھۆرمىتى زالىم، جاپادىن قىل خالاس.
ئاجىز بىچارىلەرغە رەھمى قىلغىل ئى ئىلاھ،
بارچە مۆئمىنلەرنى ئول قىزىل جۇلادىن قىل خالاس.

ئۆبىتىنىڭ لىرىك قەھرىمانى شائىرنىڭ ئىستىبتىك غايىسىنىڭ لوگىك تەرەققىياتى بويىچە جۇڭغار خانلىرىنىڭ ئاخىرىدا خەلقنى بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ مىللىي ئازادلىقىغا ئېرىشتۈرگەن خوجا جاھان (1757 ـ يىللىرى جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ قۇربان بولغان مىللىي قەھرىمان) نىڭ ئىشلىرىنى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭ ئىشى ھەققانىي بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئاللامۇ قوللايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئۈمىدنى باغلايدۇ.

نىمچەئى زەيتۇن تۇۋار كىيگەن ئەمرىنىڭ ياسى بار،
بېلىدا بىلغارى ساغداق، باشىدا دوبۇلغاسى بار.

باشىدا تاجى مۇرەسسە شانۇ ـ شەۋكەت ئۈزرە كۆر،
لەشكەرى كوففارنى ئىسلام ئاچاردە ئىۋاسى بار.
مەھدىنى ئاخىر زامان ئۈشبۇ مەھەلدە چىقسىلەر،
ئەھلى كوففارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن غەۋغاسى بار.
سىدىقى بىرلە ناگىھان بولسە مۇسۇلمان كاپىرى،
كىم ئاڭا قىلسە ئىتائەت كۆڭلىدە ئىخلاسى بار.
ھەر زامان كىم رەھمەتى دەريايى ھەق مەۋج ئەيلەسە،
كوفرى زۇننارىغە ئىمان گەۋھەرى كىمياسى بار.
نەۋبەتى ئاسىغا ئىمان گەۋھەرىدىن قىل نەسىپ،
نا ئۈمىد بولمە خۇدانىڭ رەھمەتى ئىماسى بار.

ئىنسانغا ئازادلىقنى نە خۇدا، نە شاھ بېرەلمەيدۇ. جۇڭغار باسقۇنچى ھاكىمدارلىرىنىڭ بىرى بولغان داۋجى 1753 ـ يىلى ئامۇرسانانى يېڭىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئېلىپ، خوجا جاھا ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، ئۇنىڭغا شائىر ئېتىقادىدا خۇدا رەھمەت قىلىپ ساقلاپ قالمىدى. ئەكسىچە ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ ئاشىقلىرى، خۇدانىڭ بۇ دۇنيادىكى تەجەللىسى — شۇلىسى دەپ يۈرگەن خەلق خائىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەك باسقۇنچىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ كىرىپ، دەريا ـ دەريا قان ئاققۇزۇپ، كىشىلەرنىڭ تاغدەك دۆۋىلەنگەن جەسەتلىرىگە دەسسەپ، ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ئاق تاغلىق خوجىلار ۋەكىلى ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ خائىنلارچە داۋجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خوجا جاھان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ھۇلىنى كولاپ، قوراللىق ھالدا داۋجى بىلەن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە خوجا جاھان مىللىي ھاكىمىيىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاكەتكە ئۇچراپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ داۋامى ئاخىرقى ھېساپتا دۇنيادىن غايىب بولدى. بۇ ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن تارىختىكى ئەڭ چوڭ تارىخىي تراگېدىيىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما خوجا جاھان شائىر سۆيۈپ تەسۋىرلىگەن خەلقىمىڭ ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە، خەلق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، تارىختا ھېچقانداق قۇدرەتلىك كۈچ ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدىغان بىر نۇرلۇق ھەيكەل سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ قالدى.

شائىرنىڭ سوپىلارچە ئەخلاق قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ جايدا نۇبىتىمىزنىڭ لىرىك قەھرىمانى دىداكتىك، نەسىھەتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قىلماغىل گىنە ۋە ئاداۋەتنى،
كىشىگە ياخشى خۇيدۇر ناياپ،
كىشى ھەققىدىن ئىيلەگىل پەرھىز،
ئاخىرەتتە ئىچ تەھۇر شاراب.

ياكى:

بەندەگە لۇتپى ئىنايەت بولسا ھەقتىن زەررەئى،
ھەر مۇرادى ـ مەقسىدى رومى، خۇرا سەندىن كىلۇر.
ياخشىلىق ئىيلە كىشىگە ھەم ساخاۋەت قىل مادام،
ئەنھەمە قۇۋۋەت، بەرىكەت خەيرى ئىھساندىن كېلۇر.

لىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ نەقشىبەندىيەلىك سوپىلارچە ئەخلاق قارىشىنىڭ خاھشلىق تەرەققىياتىدا ئۆز دىداكتىكىسىنى خەلقىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ:

بىھۇدە غەم يېمەگىنىز، جان بولسە جاھان تاپىلۇر،
ھايات بولسە كىشى تۈرلۈك ئاش ـ نان تاپىلۇر.

ياكى:

كىشىگە يەتسە قازا، يەنچىلۇر چۈ كوزا كەبى،
باھانە بىرلە كوزە تاشقە ناگىھان چاقىلۇر.
ئۆزەڭگە نەفسنى كۆرۈپ، خاھلاما كىشىگە زەرەر،
چۇقۇرنى كىم قازسە ئول چۇقۇرغە شۇل تىقىلۇر.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ سوپىلارچە ئەخلاقىي قارىشى بىلەن زاھىتلارنى ساتىرىك قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

دەۋزەخ ئىچرە كىرمەگەي دائىم ساخاۋەت ئەيلىسە،
ھەق ئاتالا بىرگە ئون بەرگەي بېھىشت ئىچرە مەئاش.
جەننەت ئىچرە كىرمەگەي ھەرجان بولسا زاھىدى،
ئاڭلا قىلغايلەر بېخىللەرنى تونۇغ ئىچرە تالاش.
بىر يېتىمنى ئاتىۋانىغە تەرەھھۇم قىلماغان،
ئەھلى دوزاختۇر، بېخىلى كۆڭلى قاتىغ باغرى تاش.

ياكى:
مۆئمىن ئەرمەس، بى ئۆزرى يالغان سۆزلىسە،
ئول خۇدانىڭ دۈشمەنى دۈركىم، يۈزىدە قانى يوق.
كىرمەگەي جەننەت ئىچىگە زاھىدى بولسا بېخىل،
بىئەقىل ئەل دۈرۈر ئول، ساماندىن ئۆزگە دانى يوق.

يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز شائىر نۆبىتىنىڭ نەقشىبەندىيە سوفىستىك قارىشى ئاساسىدا يارىتىلغان لىرىك قەھرىمانىنىڭ شائىرنىڭ سوپىلارچە خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئۆزىدە بەدىئىي ھالدا ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ قىسقىچە تەھلىلىدىن ئىبارەت.

نۆبىتىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن بىز تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن دائىرىدە ئىجتىمائىي چىنلىقنى شائىر ئېستېتىك غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەدىئىي رېئاللىققا

ئايلاندۇرۇپ، بەدىئىي چىنلىق نۇقتىسىدا بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەنلىكى ئۈچۈن بەدىئىيلىككە ئىگە دەيمىز. نۆۋىتى لىرىك شېئىرنىڭ ھەر بىرى مەلۇم ئىجتىمائىي ماھىيەتكە ئىگە رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ شۇ لىرىك شېئىر مەيدانغا چىقىرىدىغان كونفلىكتكە ئاساس بولۇپ، ئۇ لىرىكىدىكى تېپىشماق يېشىلىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ ـ دە، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم بولغان زامانىۋىلىكنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن بەدىئىيلىككە ئىگە بولالايدۇ. جۈملىدىن شائىر ھەر بىر لىرىك شېئىرىدا ئۆز زامانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىماقچى بولغان ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىر، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۆز تەرجىمىھالىغا ئايلاندۇرۇپ، يەنى تىپىكلەشتۇرۇپ، «مەن» ئارقىلىق ئىندىۋىدۇئاللاشقان خاراكتېردە بەدىئىي ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا شائىر نەۋائىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، لىرىك شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆز جەمئىيىتىدىكى خاس ھال، خاس مەنىنى بەدىئىي ئوبرازلاردا تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. ئەنە شۇ يۇقىرىقىلارنى بىز نۆۋىتى لىرىكىسىدىكى مەزمۇننىڭ بەدىئىيلىكى دەپ ئاتايمىز.

نۆۋىتى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك شېئىر شەكلى بىلەن مەزمۇننىڭ زىچ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى شېئىرىي شەكىللىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بۆلەكلەر ـ رىتىم، تۇراق، قاپىيە، بەند قاتارلىقلار شېئىرىي مەزمۇنغا تولۇق خىزمەت قىلىدۇ، سۇنئىيلىك، شەكىلۋازلىققا يول قويۇلمايدۇ. نۆۋىتىنىڭ شېئىر شەكلى مەزمۇن بىرلىكىدە ئىنتايىن مۇستەھكەم بىرلىك تەشكىل قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شېئىردىكى تەسىرچانلىقنى كۈچەيتىدىغان ئامىللار دائىمىي ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي ئامىللار ۋە دائىمىي ئىشلىتىلمەيدىغان ئاساسىي ئامىللار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دائىمىي

ئىشلىتىلىدىغان ئامىللارغا رىتىم، تۇراق، قاپىيە، كۆپلىگەنلار كىرىدۇ. دائىمىي ئىشلىتىلمەيدىغان ئاساسىي ئامىللارغا سۆز تەكرارى (باشلانغۇچ سۆز تەكرارى، ئاخىرقى سۆز تەكرارى، ھاجىب، رادىف)، تەجنىس (ئومونىم) لار كىرىدۇ. شائىر بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ناھايىتى پۇختا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. بۇ يەردە پەقەت تەجنىسكە مىسال كەلتۈرىمىز:

ئالما دەيدۇر ئالۇر ئالمىنى،
قوينىغا ئىلدام سالۇر ئالمىنى.
ئالمىغا مەيىل ئەتسە ھەر كىم ناگىھان،
شاخىدىن ئىگىپ ئالۇر ئالمىنى.
ھېچ مېۋە ئالمىدەك مەرغۇپ ئەمەس،
زوق ئىلە جانىم شورارلەر ئالمىنى.
نازىنىن روخسار يەڭلىغ رەڭمۇ رەڭ،
تاختىغا تىزىپ قويۇرلەر ئالمىنى.
تورفە خۇشخۇيلۇق بولۇر ئۆي زىننىتى،
پۇل بېرىپ سېتىپ ئالۇرلەر ئالمىنى.
كەلسە نورۇز پەسلى ئەييامى باھار،
دىلدارلارغا تۆھپە قىلۇرلەر ئالمىنى.
ھەسرەت بىرلە ئۆتتى ئۆمرۈڭ نۆبىتى،
جوسىت چۇ قىلسا تاپۇرلار ئالمىنى.

بۇنىڭدا «ئالما» سۆزى تەبىئىي ئالما، مېۋە؛ ئىككىنچى، بىر نەرسىنى ئالماسلىق، يەنى بۇيرۇق پېئىل؛ ئۈچىنچى، گۈزەل يار مەنىلىرىدە ناھايىتى سەنئەتلىك ھالدا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن.

شائىر شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا خاس ھەرپى ئوبرازلاردىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئانىڭ ئىشقى ـ مۇھەببەت بادىسىنى نوش ئەيلەرگە،
كەتور جىسمىم «ئەلىف»، «مىم» نى كى ئى ساقىيا ھەجەت.

شائىر ئۆزىنىڭ ئىستىتىك غايىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كلاسسىك شېئىر شەكىللىرى غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي قاتارلىقلاردىن مەزمۇنغا ماس ھالدا ئۇنۇملۇك ماھارەت بىلەن پايدىلىنىدۇ. كلاسسىك شېئىرىيەت ئۆلچىمى بويىچە غەزەل بەندلىرى 5 بېيتتىن 9 بېيتقىچە بولغان بېيتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرجىبەند 28 بەندتىن ئاشمايدۇ. بۇ كلاسسىك شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر لىرىكىلىرىدا غەزەل بەندلىرى ئۆلچەملىك ھالدا 9 بەندتىن، تەرجىبەندلىرى 19 بەندتىن ئاشمايدۇ.

لىرىكىدا بەندنىڭ كىچىك بولۇشى لىرىكىدىكى ئوتلۇق ھارارەتنى تەمىنلەيدۇ. نۆبىتى غەزەللىرىدە 9 بەندلىك كىچىك ھەجىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئوتلۇق تەسىرچانلىقنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شېئىرىيەتتە پىكىر ۋە ھېس ئىتتىپاق تۇزمىسە، ئۇ ھېچقاچان ئىجتىمائىي مەنىۋى دۈشمىنىنى يېڭەلمەيدۇ.

نۆبىتى غەزەللىرىدە ھەم شېئىرلىرىدە پىكىر ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، پىكىر ھەمىشە سەزگۈ ۋە تۇيغۇلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدىكى تۇپكى تەلەپ «خاھىشچانلىق» تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. شۇڭا ئۇنىڭ غەزەللىرى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە. مانا بۇلارنى نۆبىتى شېئىرىيىتىدىكى شەكىل مەزمۇن بىرلىكىدە ئىپادىلەنگەن بەدىئىيلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئوبرازلارنىڭ ھۆجەيرىسىدىن تارتىپ

پۈتۈن گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان بىردىنبىر قورال بەدىئىي تىلدۇر.

نۆبىتىنىڭ تىلى ئىسمى جىسمىغا لايىق بەدىئىي تىلدۇر. ئۇنى سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق تىل تاۋلىنىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەقىقىي سۆز سەنئىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي تىل دېيىشكە بولىدۇ.

نۆبىتىنى تىل ساپلىقى ئۈچۈن ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن كۆرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى ئۇ شېئىرىيىتىدە قوللانغان بەدىئىي تىل ھازىرقى زامان بەدىئىي تىلدىن ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

نۆبىتى شېئىرىنىڭ بەدىئىي تىلى روشەن، راۋان، يارقىن، رەڭدار، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، قېنىق بەدىئىي بوياقاا ئىگە ئاپورىستىك، لاكونىزملىق، ئوبرازلىق تىلدۇر.

مۇددەئى قويماس ئانىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلغىلى،
ئىككى سەپ لەشكەر تۇرۇپتۇ، سەد ھەزارى ئۆزگىچە.
ياكى:
ئانىڭ ھۆسنى جەمالىغە بولۇپمەن ۋە لەئى شەيدا،
تۆتۈنسىز خىرمەنى ئاتەش قوروغ جىسمىنى ياقىلدى.
ياكى:
يۈرۈرمەن دەر بەدەر ھەيران كويىدا زار ئەھۋالىم،
جامالىڭ شەمئىغە دوركۈم قاراڭغۇ بۇ يارۇق ئالەم.

ۋە باشقىلار ...

نۆبىتىنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ خېلىلا نۇرغۇن قىسمىدا سوفىزم مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر ھالدا ئورۇن ئالغان.

مۇشۇنداق ئەكسىيەتچى شېئىرلارنى ئوقۇغاندىمۇ كىشىدە بەلگىلىك تەسىرات پەيدا بولىدۇ. بۇ تەسىرات ئۇنىڭ بەدىئىي تىلىنىڭ كۈچى ئارقىلىقلا كىشى قەلبىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئەڭ ئەكسىيەتچى ئېكلېكتىك سوفىزمنىڭ ئەدەبىي ۋەكىلى ئەخمەت يەسەۋىنىڭ، سوپى ئاللا يارنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئۇلار تىلىدىكى بەدىئىيلىك كۈچىنىڭ تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئىدىيە جەھەتتىن ئەكسىيەتچى بولغان ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى قانچىلىك ئۈستۈن بولسا ئۇ خەلقنى شۇنچىلىك زەھەرلەيدۇ. بۇ بەدىئىيلىكنىڭ سېھىرگەرلىك قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتتۇر.

تىلدىكى ستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بەدىئىي ئەسەردە بەدىئىيلىكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر.

بەدىئىي ئەسەردە پەقەت بەدىئىي تىل ئارقىلىق تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتىنى يەنى ئادەمنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تىل تاپقان شائىر ياكى يازغۇچىلار ھەقىقەتەن سەنئەتكار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ. بۇ يەنىلا يۇقىرىقى ستىلىستىك ۋاستىلەرنى جايىدا ئىشلىتەلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ئەي سەبا، مەندىن دۇئا ئۇلشۇخى يارىمغا ئېيت،
شەمسى تەلئەت، ئاھۇ كۆز نازۇك نىھالىمغا ئېيت.
بىرگىنە ھالىڭ نېچۇك دەپ سورىمادى ئول سەڭگىدىل،
فۇرقەتىڭدە كۆيدى دەپ زالىم نىگارىمغا ئېيت.
پەرھىز ئەيلەپ لەبلىرى شاپتالۇسىنى ئۈزمەدىم،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز شېرىن زەبانىمغا ئېيت.
جىلۋە ئەيلەپ كۆڭلۈم ئالدى ئول پەرى نا مېھرىبان،

ھەسرەتىدە قان يۇتارمەن بويى تالمىغا ئېيت.
ئەۋۋەلىدە كۆرمىگەي ئىردىم سىنى ئى ماھىروي،
رەھمى ئەيلەپ مەن يېتىم ھالىنى يارىمغا ئېيت.
شۇم رەقىبلەر جەھتىدىن كۆرمەك مۇيەسسەر بولمادى،
ئەرزى ھالىم ئول شەھى ساھىپ قىرانىمغا ئېيت.
تەشنا لەبدۇر يارنىڭ كويىدا دائىم نەۋبىتى،
بادەئى لەئلى لەبى ئارامى جانىمغە ئېيت.

ياكى:

كۆڭۈللەر خاھىشى رەئنا جەمالىڭ ناگىھان كۆرگەچ،
قەددي شەمشات توبىدەك نىھالىڭ سايەبان كۆرگەچ.
فىراقىڭدا قىلىپ شامۇ ـ سەباھ بۇلبۇل كەبى پەرياد،
لەئلىدەك غۇنچە ئى خەندان لەبىڭنى گۇلىستان كۆرگەچ.
مۇرادىم ئول جامالىڭ خىرمەنىدە ئەيلىسەڭ ۋاسىل،
كۆڭۈل مۇرغى ئاتىلۇر نۇقتەئى خالىڭنى دان كۆرگەچ.
كى ئول مىھراپ ياڭلىغ سەبزەئى پەيۋەستە قاشىڭغە،
ھەمىشە سەجدە ئەيلەپ ئاستانەڭنى ئامان كۆرگەچ.
ھەمىشە ئافىيەت تۇت پىتنەئى ئاخىر زاماندىن،
تىلايدۇرمەن پەناھى شۇم رەقىبلەردىن زىيان كۆرگەچ.
ئۇمىد بىرلە كېلىپمەن پادشاھىم ئاستا نەڭغە،
بۇ ئاجىز نەۋبەتى ئەلدىن سىنى ساھىپ قىران كۆرگەچ.

بۇقىرىقى يەتتە بېيىتتىن تەشكىل تاپقان ئىككى غەزەلدە لىرىك قەھرىماننىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىلىرى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئىككى پارچە گۈزەل رەسىمدەك سىزىپ بېرىلگەن. بۇ غەزەللەردە پىكىر شېئىرىي مىسرالارغا سىڭدۈرۈلگەن، شائىرنىڭ ئېستېتىك قارىشى بىلەن لىرىك قەھرىمان ئوبرازى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، شەكىل بىلەن مەزمۇن ناھايىتى ماس ھالدا بىرلەشكەن،

بۇنى تالانتلىق شائىرنىڭ پىشقان ماھارىتى دېمەي بولامدۇ؟!

يۇقىرىقى ئىككى غەزەلنى ئوقۇغىنىمىزدا لىرىك قەھرىماننىڭ دەرد. مۇڭ بىلەن تولغان ئىچكى ھېسسىياتى قەلبىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ - دە، كۆز ئالدىمىزدا لىرىك قەھرىماننىڭ مۇڭلۇق ئەمما سۆيۈملۈك ئوبرازى پەيدا بولىدۇ ۋە بىزنى ھاياجانغا سالماي قويمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا تاۋلىنىپ. پىشىپ يېتىشكەن بەدىئىي تىلنىڭ كارامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شائىر يۇقىرىقى بەدىئىي سۈرەتنى يارىتىش ئۈچۈن شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتا قوللىنىدىغان سىتىلىستىك ۋاستىلەردىن تولۇق ۋە چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان. يۇقىرىقى ئىككى غەزەلدىن مىتافورا، مىتونومىيە، كىنايە، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سۆز تەكرارىنىڭ خىللىرى، ئىنۋېرسىيە قاتارلىق خالىغان سىتىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپالايمىز.

شائىر نۇبىتىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تىل ماھارىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئېگىز چوققىلارنىڭ بىرىنى ئىگىلىگەن. لىرىك ئوبراز يارىتىش سەنئىتى تەرەققىياتىدا ئۆزگە خاس زور تۆھپە قوشقان شائىر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە سوفىزمنىڭ ئېغىر سالماقنى ئىگىلىشىنى ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ ئىنكاسى دەپ ھېسابلايمىز.

# سالاھى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

بۇ مەسىلىگە توختاشنىڭ ئالدىدا سالاھىنىڭ بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى بولغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» توغرىسىدىكى گۇمانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ماجىرا مۇنداق، «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىلى 3 - سانىغا موللا ئەلەم شاھيارى[1] نىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» دېگەن داستانى بېسىلدى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ «بۇلاق» نىڭ 1985 - يىل 15 - سانىغا سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» دېگەن داستانى بېسىلدى. بۇ ئىككى داستان سۇژېت قۇرۇلۇشى، قەھرىمانلىرى، ھەتتا قەھرىمانلار ئوبرازىنى ئىپادىلىگەن بەدىئىي تىل، شېئىرىي مىسرالىرىغىچە ئوخشاش. زادى بۇ ئەسەر قايسى شائىرغا مەنسۇپ؟

سالاھىنىڭ داستانى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ئېلان قىلىنغۇچە، «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى شاھيارىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلدى، بۇ ھەقلىق ئىدى. چۈنكى بۇ چاغدا سالاھىنىڭ داستانى «گۈل ۋە بۇلبۇل» تېخى يورۇق دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەنىدى. لېكىن سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، بەزى ماتېرىياللاردا بۇ داستان ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئەسەر تەرىقىسىدە ھەر ئىككى شائىرغا مەنسۇپ ئەسەر دەپ قارىلىۋاتىدۇ، بۇ ھەقلىق ئەمەس. چۈنكى «گۈل

[1] تۆۋەندە موللا ئەلەم شاھيارىنى قىسقارتىپ شاھيارى دەيمىز.

ۋە بۇلبۇل» ئۆز ئورىگىناللىقىغا ئىگە ئىككى ئەسەر ئەمەس، بەلكى پەقەت مەتبۇئاتتا ئىلگىرى - كېيىن ئىككى شائىر نامىدا ئېلان قىلىنغان بىر ئەسەر. ئەمدى خاتالىششقا يول قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەمدى بىز بۇ ئىككى ئەسەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ھەق - ناھەقچىلىقنى ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىبىز. «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى شاھيارىنىڭ ئەمەس، بەلكى سالاھىنىڭ ئەسىرى. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايمىز.

1) پەقەت ماۋزۇلار ئۆزگەرتىلگەن، مەسىلەن: شاھيارى سالاھىنىڭ «گۈلگە سەبانىڭ ھېكايىتى ۋە بۇلبۇلنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغىنى» دېگەن ماۋزۇچاقنى «سەبا گۈل قاشىغا بارغانى» دەپ ئۆزگەرتكەن.

ماۋزۇنى بايان قىلىدىغان مىسرالاردا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش يوق. مەسىلەن: سالاھىنىڭ مىسراسى مۇنداق باشلىنىدۇ:

سەبا چۈن گۈل ھەرەمگە ئولاشتى[1]

شاھيارىنىڭ مىسراسى:

سەبا چۈن ھەرىمىغا ئولاشتى[2]

ياكى:

سالاھىنىڭ:

گۈل سەبانى ئېۋەتىپ بۇلبۇلنى كەلتۈرمىگى

شاھيارى:

گۈل سەبانى يىبارىپ، بۇلبۇل كەلتۈرغانى

لېكىن سەبا بىلەن بۇلبۇل دىئالوگىدا بۇلبۇلنىڭ گۈلگە

---

(1) سالاھى: «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «بۇلاق»، 1985 - يىل، 15 - سان، 271 - بەت.

(2) موللا ئەلەم شاھيارى: «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «بۇلاق»، 1981 - يىل، 3 - سان، 152 - بەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ  مۇبالىغىلىك  ئۆلچەملىرىنى  سۆزلەپ،  تۇرمۇشتىكى  ئاددىي  سۆزلەرنى  ماۋزۇ  قىلغان  «سالاھىنىڭ  غەزىلى»  يەتتە  ئۈچ  كىلاسسىكلارنىڭ  ھۆنەرىنى  بىر  قاتار  چۈشەندۈرۈپ

ئەۋەتكەن غەزىلىگە «غەزەلــى بۇلبۇل» دېگەن ماۋزۇچاق قويۇلغان، بۇ ماۋزۇچاق سالاھىدا يوق. ئەمما بۇلبۇلنىڭ غەزىلى ئوخشاش.

سالاھىنىڭ:

بەھەمدۇللا ئەگەرچە زار بولدۇم،
مۇھەببەتتىن پاروردا يار بولدۇم.
قىزىل گۈل فۇرقەتىدىن زارۇ ناچار،
تاڭ ئاتقۇنچە كېچە بىدار بولدۇم.
مېنى بىچارە ئى مەۋزۇن مىسكىن،
غەمۇ دەردى بەلاغە يار بولدۇم①

شاھيارنىڭ:

بى ھەمدۇللا ئەگەرچە زار بولدۇم،
مۇھەببەتدىن رە ئول يار بولدۇم.
قىزىلگۈل فۇرقەتىدە زار، ناچار،
تاڭ ئاتقۇنچە كېچە بىدار بولدۇم.
مېنى بىچارە ئى مەھزۇنى مىسكىن،
غەمۇ دەردى بالاغا يار بولدۇم②.

بۇنداق ھالنى شاھيارى داستان ئىچىدىكى چوڭ ماۋزۇلار ئاستىغا قويغان «غەزەلــى گۈل»، «بۇلبۇل سەباغا ئېيتقانــى»، «بۇلبۇلنىڭ قوشقاچلارغا ئېيتقانــى»، «بۇلبۇل ھومايۇنغا ئېيتقانى»، «بۇلبۇل تاۋۇسقا ئېيتقانى»، «بۇلبۇل تۇتــغا ئېيتقانى»، «بۇلبۇل كەپتەرغا سۆزلەغانى»، «بۇلبۇل قۇمرىغا سۆزلەغانــى»، «بۇلبۇل فاكتەكغە ئېيتقانــى»، «بۇلبۇل سوفىياغا ئېيتقانى»، «بۇلبۇل ھود ھودغا سۆزلەغانــى»، «سەبانىڭ بۇلبۇلغا ئېيتقانــى» دېگەن ماۋزۇچاقلاردىمۇ

① سالاھى: «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «بۇلاق»، 1985 ـ يىل 15 ـ سان، 232 ـ بەت.
② شاھيارى: «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «بۇلاق»، 1981 ـ يىل 3 ـ سان، 154 ـ بەت.

ئۇچرىتىمىز. بۇ ماۋزۇچاقلار داستان مەزمۇنىغا ھېچقانداق ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى بايان قىلغان شېئىرىي مىسرالاردا يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك قىلچىمۇ ئۆزگىرىش يوق. سالاھى مىسرالىرى بىلەن ئوپئوخشاش.

ئەگەر شاھىيارى بۇ ئىشنى ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان دەپ پەرەز قىلىنسا، پەقەت شېئىرىي دىئالوگلاردىكى شەخسلەرنى ئوقۇغۇچى كىتابخان ئايرىۋېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر غەرەزلىك دېگەن پەرەزگە كەلسەك. داستانغا قۇرۇقتىن قۇرۇق شەكىل ئۆزگىرىش بېرىپ. سېھىرگەرلىك بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆزىنى بوياپ داستاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان دېيىشكە بولىدۇ. تارىختا ئۆتكەن بۇ ئىككى شەخس ئارىسىدا قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرگىنىنى بىزگە ئۇقتۇرىدىغان تارىخىي پاكىتلار ھازىرچە بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما شاھىيارنىڭ «داستان» نىڭ بەزى جايلىرىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سالاھى نامىنى يوقىتىشقا قىلغان ھەرىكەتلىرى كىشىنى شاھىيارنىڭ يامان غەرىزى بارمىكىن دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

شاھىيارى سالاھى داستانىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن: سالاھىنىڭ داستانىدىكى كىرىش سۆزى غەرەزلىك چىقىرىپ تاشلانغاندەك قىلىدۇ. سالاھىنىڭ كىرىش سۆزى:

ئىكەۋلەن ئەي كۆڭۈل ھەمدەم بولالى،
سىفاتىڭ گۈل بىلەن بۇلبۇل قىلالى.
نە ياڭلىغ بولدى ئاشىق گۈلگە بۇلبۇل،
بايان قىل ئىشقى بۇلبۇل قىسسەئى گۈل.

باياﻥ ئەيلەي ئۇلار ئىشقىنى بىر ـ بىر،
قىلايىن قىسسەسىغا نەزىم تەقرىر.
كى گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل بىناۋادۇر،
فىراقىدا دەردى بىرلە مۇپتىلادۇر.
قىلۇر ئىردىم كېچە كۈندۈز تەپەككۇر،
نىچە تۈرلۈك ھېكايەتلەر تەسەۋۋۇر.
مەگەر نەزىم ئەيلىسەم بولغاي سازاۋەر،
دېبان دۇرلارنى ساچسام مەن بەياكبار.
بۇ سۆز ئىردى نادايى ئاسمانى،
كى «نەزىم ئەت بۇلبۇلى گۈل داستانى».
بولۇپ مەشۇقۇ ئاشق بۇلبۇلۇ گۈل،
بۇ نەزىم ئاتى ئىرور ھەم بۇلبۇلۇ گۈل.
باياﻥ ئەيلەي كى بۇلبۇلۇ گۈل،
ئىشتىكىل داستانى بۇلبۇلۇ گۈل.
دېيۇر بۇلبۇلكى مەن مەھزۇن مىسكىن،
باياﻥ ئەيلەي سىلەرگە چەرخى دوندىن:
فەلەك چەرخى مېنى سەرگەشتە قىلدى،
نىگارىمدىن يەلۇز ئاشۇفتە قىلدى.
دە مادەم قان ئاقادۇر كۆزلارىمدىن،
ۋافاسىز دىلرابا فۇرقەتىدىن[1].

داستاننى يېزىشقا سەۋەب بولغان، شائىرنىڭ بۇ چوڭقۇر پىكرى باياﻥ قىلىنغان ئابزاسنى شاھيارى چىقىرىپ تاشلىغان. سالاھى يۇقىرىقى كىرىش سۆزىدىن كېيىن «سەبا قىزىل گۈلنى تەرىپ قىلغانى» دېگەن ماۋزۇنى قويۇپ، داستان ۋەقەلىكىنى باياﻥ قىلىدىغان مىسرالىرىنى مۇنداق باشلايدۇ:

[1] «بۇلاق»، 1985 ـ يىل، 15 ـ سان، 229 ـ بەت.

چۇ بۇلبۇل ھەر سەباھى سايرار ئېردى،
سەبا ئول مەجلىس ئىچرە ھازىر ئېردى.

چوڭ ماۋزۇ «سەبا بۇلبۇلغا قىزىل گۈلنىڭ تەرىپىنى قىلغانى» ھەر ئىككىسىدە ئوخشاش. باشلىنىش مىسرالىرى:

ئەگەرچە ھەسر گاھى سايرار ئىدى،
سەبا ئول مەجلىس ئىچرە ھازىر ئىدى.

دېمەك، ھەر ئىككىسىدە ئوخشاش، جۇملىدىن ھەر ئىككى شائىردا يۇقىرىقى ماۋزۇنى بايان قىلغان بۇ چوڭ باب شېئىرىي مىسرالىرىدا قىلچمۇ پەرق يوق، ئوپئوخشاش.

داستاندىكى قۇشلار سۆھبىتىدە شاھيارنىڭ كىچىك ماۋزۇچاقلارنى پەيدا قىلغاندىن باشقىسى ھەر ئىككى داستاندا مىسرامۇ مىسرا ئوخشاش، ئەمما شاھياردا قۇشلار سۆھبىتىدىن كېيىنلا داستاننىڭ مەزمۇنىغا ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ھالدا «مۇناجات بىدەرگاھ قازىلھاجات» ماۋزۇسى ئاستىدا تۆۋەندىكى مۇناجات ئەتەيلەپ قوشۇپ قويۇلغان.

ئىلاھى مەغپىرەتلىك كىردىگارا،
رەھىمارەھىم قىل پەرۋەردىگارا.
خۇداۋەندە گۇناھكار ئاسىدۇرمەن،
گۇناھكار ئەھلىنىڭ رەسۋاسىدۇرمەن.
ئىلاھى مەغپىرەت قىلغىل گۇناھىم،
كەرەملىك پادشاھىم سەن ئىلاھىم.
كەرەم ئەيلەپ گۇناھىمنى كەچۈرگىل،
ماڭا بىر جام ۋەھدەتتىن ئىچۈرگىل.
قىيامەتتە مېنى شەرمەندە قىلما،

ئىككى ئالەم ئەھلىگە خەندە قىلما.
مېنى ئۆزرە ھەممەتىڭغە تارتىپ ئالغىل،
مۇھەببەت ئوتىنى جانىمغا سالغىل.
كەرەم ئەيلەپ ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىڭدىن،
ھەبىبىڭدۇر مۇھەممەت ھۆرمىتىدىن.
خۇداۋەندە سالاھى ئاسى بەندە،
ئاتا يۇ مەغپىرەت ھەم لۇتق بەندە.

شائىرنىڭ سوفىستىك ئېستېتىك قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ مۇناجات ئەسەرنىڭ يا ئالدىنقى قىسمى، ياكى كېيىنكى قىسمى بىلەن باغلانمايدۇ. پەقەت بۇنىڭ ئىچىدە «خۇداۋەندى سالاھى ئاسى بەندە» دېگەن بىر مىسرا ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردىكى «سالاھى» شاھيارنىڭ تەخەللۇسىمىدۇ؟! مۇنداق دەپ ئويلاش بىرچە مەنتىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ باشتا داستاننىڭ ئاپتورى سۈپىتىدە ئېلان قىلغان ئىسمى «موللا ئەلەم شاھيارى» ئەمەسمۇ؟! «شاھيارى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە شائىرنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقلىما ھەم شائىرنىڭ تەخەللۇسى ئورنىدا كەلگەن سۆز بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرىغا «سالاھى» تەخەللۇسىنى قوشقىلى بولمايدۇ. ماقۇل، شاھيارنىڭ «سالاھى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بار بولۇپ، «گۈل ۋە بۇلبۇل» شاھيارنىڭ ئەسىرى ئىكەن دېگەن ئۇيغىمۇ كېلەيلى. ئۇنداقتا ئۇ داستاننى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئىپادىلەيدىغان، داستاننىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن لوگىك باغلانغان «كىرىش سۆز» تەرقىسىدىكى بايانىنى ياكى ئەدەبىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، داستان ئېكسپوزىتسىيىسىنى نېمىشقا چىقىرىپ تاشلايدۇ؟ نېمىشقا بۇرۇن يوق ئەھمىيەتسىز نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ماۋزۇلارنى پەيدا قىلىدۇ؟!

بىرچە شاھىيارنىڭ يوقىرىقى ھەرىكىتى كىتابخانىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىنى يەنە بىر «سالاھى» بار ئىكەن دېگەن ساختا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان «ھىيلىسى» دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇ. شاھىيارنىڭ بۇ «ئويۇن» ى داستاننىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھايىتى ئوچۇق پاش بولۇپ قالىدۇ.

يوقىرىقى مەقسەتلىك كىرگۈزۈلگەن «مۇناجات» تىن كېيىن سالاھىدا ماۋزۇ «بۇلبۇلنىڭ سەبانى ئالدىغا چىرلاغانى» مۇنداق باشلىنىدۇ.

قاشىغا چىرلادى بۇلبۇل سەبانى،
دېدى. — دەردىمغە قىلغىل داۋانى.

•

ماۋزۇنىڭ بايانى باشتىن - ئاخىر ئوپئوخشاش، قىلچىمۇ پەرق يوق (پەقەت سالاھىدا يوق «سەبانىڭ بۇلبۇلغا ئېيتقانى» دېگەن سۇئىي ماۋزۇدىن باشقا). داستاننىڭ مۇشۇ قىسمىدىن ئاخىرىغىچە، يەنى سالاھىدا:

ئۆزۈڭ سۆزۈڭگە ھېچ بولدۇڭمۇ قايىل،
نە پايدا جورىمۇ ئىسيانىڭگە بىلگىل.

شاھىياردا:

ئۆزۈڭ سۆزۈڭغە ھېچ بۇ دىسەڭ قابىل،
نە پايدا جەرىم ئىسيانىڭغا بىلگىل.

دېگەن جايغىچە نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ سۆز تاللىشىدىكى ئانچە، مۇنچە سۆزلەرنىڭ مىسرالاردىكى ئوخشاشماسلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق.

داستاننىڭ يۇقىرىقى مىسراسىدىن كېيىن داستاننىڭ خاتىمە قىسمى سالاھىدا

ئوقۇبان سەير قىلسۇنلەر بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلىستان.
ئىشىت تارىخنى بۇلبۇل نەبى ئۈچ،
بولۇپ بىر مىڭ بىر يۈز ئەللىكى ئۈچ.
تامام ئەيلەپ گۈلۈ بۇلبۇل بىلەن بۇ مەنتىقۇتتەيىر،
بايانى ئىشق بۇلبۇل بىرلە گۈلدۇر تەممەتولخەيىر.
«سالاھى»غە ئىلاھى رەھمەت ئەيلە،
كىتابىن كىمسە كۆرسە رەھمەت ئەيلە.
جاھان ئەزدىم كۆرەلمەي دەشيارى،
مەگەر خوش سۆزكى قالسا يادىكارى.

دېگەن ئەلفىن بىلەن تۈگەيدۇ. دەل داستاندىكى مۇشۇ ئەلقىس شاھيارنىڭ جېنىغا تېگىدىغان جاي بولۇپ، داستاننىڭ قاچان يېزىلغان. كىمگە مەنسۇپلۇقىنى ئايرىيدىغان نۇقتا بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئەلقىسنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، داستاننى مۇنداق تاماملايدۇ:

قېنى رۇستەم ئول مالىك ئىران؟
قېنى ئول لەشكەرى جورجانى كۆرگەن؟
قېنى خىسراۋ، قېنى جەمشىدى جەمھۇر؟
قېنى ئىسكەندەر ئول ئالەمغە مەشھۇر؟
بۇ دۇنيانى بىلىڭكىم بى ۋافادۇر،
ئانىڭ راھىتى جانغا جاپادۇر.
گۇناھلىكمەن، ئەمەل ھېچ يوق مەندە،
مېنىڭدەك بولماغاي شەرمەندە بەندە.

ئىلاھى يوقتۇردۇر بىر مەندەك گۇناھكار،
يامان ئىشلار قىلىپ بولىدۇ تۆبەكار.
ئىلاھى، رەھىمدۇر، لۇتفىڭدۇر بى ھەد،
ئىجابەت ئەيلە يارەب قىلماغىل رەد.
ئوقۇبان قىلسۇنلەر بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلىستان.
بۇ كىتاب تارىخ قۇنىگاسىن فوچ،
بولۇبان بىرمىڭ يۈز ئەللىككۇ ئۈچ.
تامام ئەيلەپ گۈل بۇلبۇل قىلىپ تەيىر،
بايان ئىشق بۇلبۇل تەمھە تول خەيىر[1].
تەلقىنىدىكى:
ئوقۇبان سەيىر قىلسۇنلەر بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلىستان.

دېگەن ئىككى مىسرا سالاھى خاتىمىسىدىكى مىسرالارنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، قالغان مۇناجات روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان قۇرلارنى شاھيارى ئىجادى دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ داستاندا شاھيارنىڭ ھەسسىسى بار دېيىلسە، شاھيارنىڭ بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن غەرەزلىك ھالدا داستانغا كىرگۈزۈلگەن ئىككى مۇناجاتى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇنى ئۆزىنىڭ غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋاستىسى دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن باشقا، شاھيارى ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان يۇقىرىدا بىز مىسال كەلتۈرگەن ئىككى مۇناجات شاھيارنىڭ سوفىزمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى مەزھىپى - گورۇھى ئېكىلىكتىك سوفىزم ئەلغازالى، يەسەۋى گورۇھىغا تەئەللۇقلۇقىنى ئىسپاتلاپ،

---

[1] شاھيارى: «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «بۇلاق»، 1981-يىل، 3-سان، 206-بەت.

داستاندا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىنى رەت قىلىدۇ.
ئەنە شۇ يۇقىرىقى پاكىتلار «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى شاھىيارىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
«گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى سالاھىنىڭ باشتىن- ئاخىر ئىزچىل داۋاملاشقان ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي ئىستىلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سالاھىنىڭ داستانىنىڭ خاتىمىسىدە خاتىرىلەنگەن داستانىنىڭ يېزىلىپ پۈتكەن يىلنامىسى ۋە ناھايىتى ئوچۇق يېزىلغان «سالاھى» تەخەللۇسى داستانىنىڭ شاھىيارىنىڭ ئەمەس، بەلكى «سالاھى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ ئىكەنلىكى بىزدە ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. شۇڭا بىز «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى سالاھىنىڭ دەپ قارايمىز.
شائىرنىڭ نەدە تۇغۇلغان، قاچان، قانداق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، بىلىم ۋە تەربىيىنى قەيەردە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ھازىرچە ئىگە ئەمەسىمىز. بۇ مەسىلىدە پەقەت داستانىنىڭ ئۆزىدىكى ماتېرىيالغىلا تايىنىشقا مەجبۇرىمىز.
شائىر داستانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا:

ئىشىت تارىخنى بۇلبۇل كەبى ئۈچ،
بولۇپ بىر مىڭۇ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۈچ.
تامام ئەيلەپ گۈلۇ بۇلبۇل بىلە بۇ مەنتىقۇتتەيىر،
بايانى ئىشق بۇلبۇل بىرلە گۈلدۇر تەممەتولخەيىر.
«سالاھى»گە ئىلاھى رەھمەت ئەيلە،
كىتابىن كىمسە كۆرسە رەھمەت ئەيلە.
جاھان كەزدىم كۆرەلمەي دەستىيار،
مەگەر خوش سۆزكى قالسا يادىكارى.

دەيدۇ.
داستاندىن ئالغان بۇ تەلقىندىن بىز شائىرنىڭ ھىجرىيە

1153 - يىلى ( مىلادى 1740 - يىلى ) ئۆز داستانىنى يېزىپ تاماملىغانلىقىنى. شائىرنىڭ تەخەللۇسى «سالاھى»[1] ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالىمىز. شائىرنىڭ شېئىرىي يىل خۇسۇسىيىتىدىن ئۇنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

شائىرنىڭ داستانىدا خېلى نۇرغۇن يەرلىرىدە قۇرئاندىن ئېلىنغان شېئىرىي قۇرلىرى ئىلاھىيەت ئىلمىدە خېلىلا يۇقىرى كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە، ئۇنىڭ ئېستېتىك غايىسى دەرىجىسىدىن قارىغاندا. دۇنياۋى بىلىملەردىنمۇ ئۆز دەۋرىدىكى خېلىلا مەلۇماتلىق ئادەملەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ داستانىدىكى بۇ سەۋىيە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇپ، ئوقۇش جەريانىدا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىگىلەپ، بۇ تىللار ئارقىلىق ئۆزىدىن ئالدىن شەرق مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلمىي ئوتتۇقلاردىن يېتەرلىك پايدىلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىر شائىر سالاھىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغىنى بىرلا ئەنە شۇ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى. داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، بۇ مەسىلىلەرنى ئىپادىلىگەن ئوبرازلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، بۇ ئوبرازلارنى يارىتىشتىكى ئېستېتىك قاراش ۋە بەدىئىي تەپەككۇر ھەم ئۇلارنى ئىپادىلىگەن يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي تىل شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلىنى شەكىللەندۇرگەن. ھەر قانداق شائىر مۇنداق پەللىگە خېلى ئۇزاق بىر دەۋر ئىجادىي مەشىق ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوتتۇقلىرىدىن كېيىنلا ئىگە بولالايدۇ.

بۇ ھال بىزگە شائىرنىڭ بۇ داستاندىن باشقا نۇرغۇن

---

1 سالاھى — سالاھىيەتلىك، يارامىلىق (ياخشى ئىشلارغا مەنسۇپ)

بەدىئىي ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلگەن دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار بىلەن تېخىچە يۈز كۆرۈشەلمەيۋاتىمىز. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى مەنبە ئېقىمىغا قارىغاندا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە شائىرنىڭ قالغان تەۋەررۇك بەدىئىي يادىكارلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قىلىشقا ئۈمىد زور.

## «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ ئىبستىبتىك غايىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

شائىر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى 1740- يىلى تاماملىغان. بۇ چاغدا شىنجاڭغا جۇڭغار ھۆكۈمدارلىرىدىن رابدان چىۋاڭنىڭ ئوغلى غالدان چېرىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئۈستىدە قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىن دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى خوجاجاھان — مەشھۇر شائىر «ئەرشى» تەختتە ئولتۇرغان چاغ ئىدى. ئۇزاقتىن بېرى دىنىي نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ھاكىمىيەت كۈرىشى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق كۈرىشى ئىچكى جەھەتتە ھېلىمۇ جىددىي ئىدى. مۇنداق كۈرەش جۇڭغار خانلىقىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغدىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدا قايسى چاغدا، قايسى مەزھەپنىڭ كۈچى غالىب كەلسە، ئۇنىڭ ۋەكىلىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىپ، مەغلۇپ بولغىنىنىڭ ۋەكىلىنى ئىلىغا ئاپىرىپ «تورغاق» تا تۇتۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى، غالىب چىقىپ

ھاكىمىيەت تەختىگە ئولتۇرغانلارنىڭ بالىلىرى ياكى مۇھىم ئادەملىرىنىمۇ ئىلىدا «تورغاق»تا تۇتۇپ تۇراتتى.

جۇڭغار ھاكىمدارلىرى ئۆز سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى شاخمات ئورۇقلىرىنى ۋەزىيەتكە قاراپ ۋاقتى - ۋاقتىدا يۆتكەپ تۇراتتى. 1727 -، 1728 - يىللىرى قاراتاغلىقلار غالىب كەلگىنى ئۈچۈن، ئىلىدا تورغاقتا تۇتۇپ تۇرغان قارا تاغلىقلار ۋەكىلى دانىيال خوجىنى ھاكىمىيەتكە چىقارغانىدى. دانىيال خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا، ئوغلى خوجا جاھاننى چىقارغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئاپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بورھانىددىن بىلەن كىچىك خوجا ئىلىدا تورغاقتا ئىدى.

جۇڭغار ھاكىمدارلىرى بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك، ئىنسانپەرۋەر شائىر ئەرشىنىڭ خەلق بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ۋەيران بولغان خەلق ئىگىلىكىنى تىكلەپ، خوراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىدىن بەك ئەنسىرەپ، يوشۇرۇن ھالدا ئىچكى جەھەتتىن ئەڭ ئەكسىيەتچى ئاپاق خوجا سوپى مۇرىتلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيىتىگە قارشى قويۇپ، ئىلىدىكى بورھانىددىن بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى جاھان خوجىنى (كىچىك خوجىنى) جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ گۇماشتىسى قىلىشقا ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى، بىرنەچچە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت كۈرىشىمۇ جىددىيلىشىپ پارتلاپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭ جۇڭغار ھامىيلىقىدا ئىدى، خوجا جاھان ھاكىمىيەتكە چىقىپ جەمئىيەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بەلگىلىك ھالدا تەرەققىي

قىلدۇرۇپ، ئۇستىقۇرۇلمىدا ئىلىم - پەن، مائارىپنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچەپ ئورۇنغان بولسىمۇ، ئۇزاقتىن بېرى يىلتىز تارتقان فېئودالىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن تەرىقەتچىلىك، تەسەۋۋۇپ ۋە سوفىزمنىڭ ئېغىر توسقۇنلۇقىنى يېڭەلمىگەنىدى. چۈنكى بۇنىڭ جانلىق كۈچلىرى ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىت - ئىشانلىرى ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك جۇڭغار ئاق سۆڭەك ھاكىمدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن يۆلەپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ چاغ مەنىۋىيىتىدە يەنىلا تەسەۋۋۇپ - سوفىزم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

شائىر سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى ئەنە شۇ يۇقىرىدا بىز قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەن مىللىي، سىنىپىي زىددىيەتكە تولغان، خەلق قوش زۇلۇم — يەرلىك فېئودال ھاكىمدارلىرى ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەك ھاكىمدارلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىسمى جىسمىغا ماس سالاھىيەتلىك بەدىئىي ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ.

داستان شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىسى «گۈل ۋە بۇلبۇل» نىڭ مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ تېما تارىختىن بېرى فېئوداللىق ئىستىبداتلىقىنىڭ خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىكىنى قاتىللارچە بوغۇشىغا قارشى ھالدا خەلقنىڭ ئازاد، ئەركىن ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ مەڭگۈلۈك تىلىكىنى مۇھەببەت كونفلىكتى شەكلىدە سىمۋوللۇق بەدىئىي ئوبرازلاردا ئىپادىلەپ كەلگىنىدەك، شائىر سالاھى بۇ تېما ئارقىلىق ئۆز دەۋرى، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئەركىنلىككە ئىنتىلىش كۈرەشلىرىنى ئۆزىگە خاس ئاھاڭ، ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن ئىپادىلىدى. داستانىنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ

ھەممىسى سىمۋول خاراكتېرگە ئىگە. بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىغا قارايدىغان بولساق «سىمۋول» ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

گرېك خەلقى قۇللۇقتا ياشاۋاتقاندا مەسەلچىلىك ئەدەبىي ژانىرىنىڭ ئاتىسى، ئۆزى قۇل بولغان ئىزوپ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق مەسەللىرى بىلەن قۇلدارلارنى ئالاق - جالاق قىلىۋەتكەنىدى. ئاخىر قۇلدارلار ئىزوپنى بۇ «جىنايىتى» ئۈچۈن قەتل قىلدى، بۇ قۇلدارلارنىڭ چىرىك مەنىۋىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

١١ ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە ئېستېتىك غايىسىنى «قۇتادغۇبىلىك»تا سىمۋوللۇق ئوبراز بىلەن ئىپادىلىسە، ١١ ئەسىر كلاسسىكلىرى ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىيلار ئەدەبىياتتىكى سىمۋولدىن ناھايىتى كەڭ پايدىلاندى.

ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي سىمۋول خەلق سىياسىي ئەركىنلىككە ئېرىشمىگەن، زۇلۇم - سىتەم ئىستىبداتى ئاستىدا ياشاۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغان شائىر قولىدا خەلق ئاۋازىنى، ۋىجدانىنى ئىپادىلەشكە، شائىرغا ئەركىنلىك بېرىدىغان ئەڭ ياخشى قورال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر سالاھى خەلق جۇڭغار - خوجىلار دەۋرىدە سىياسىي ھوقۇقسىز، فېئودال زۇلۇمىنىڭ ئىستىبداتلىقى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان مەزگىلدە، ئەنە شۇ ئۇلۇغ قورال سىمۋول ئەدەبىياتى ئارقىلىق خەلقنىڭ جاندىنمۇ ئەزىز سىياسىي ئازادلىق، ئەركىنلىك، تىلەك - ئارزۇلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا باتۇرلۇق بىلەن خەلقى ئالدىغا جاكارلىغان.

«گۈل ۋە بۇلبۇل» تېمىسىنى شۇ دەۋردە ياشىغان شائىر ھىرقەتىمۇ يازغان، سالاھى يازغان «گۈل ۋە بۇلبۇل»

داستانىنىڭ سۇژېتى، سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ خېلى بىر قىسمى ھەرقەتى داستانىنىڭ سۇژېتى ۋە سۇژېت قۇرۇلمىسىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ سالاھى ئەسىرىنى تەقلىدىي ئەسەر دېگىلى بولامدۇ؟

— ياق!

بىرىنچىدىن، سالاھى داستانىنىڭ سۇژېتىنىڭ بىر قىسمى ھەرقەتى داستانىنىڭ سۇژېتىغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما شائىرنىڭ ئاساسىي ئىستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان قىسمى ھەرقەتى داستانىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئورىگىنالىققا ئىگە.

ئىككىنچىدىن، ھەرقەتى داستانى شەكىل جەھەتتىن لىرو - ئېپىك داستان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن رومانتىك داستان. شائىر ئېستېتىك غايىسىنى رومانتىزم مېتودى بويىچە سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان، سالاھى داستانىمۇ شەكىل جەھەتتىن لىرو - ئېپىك داستانغا كىرىدۇ. ئەمما داستاندا شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى سىمۋوللۇق ئوبرازلاردا تەنقىدىي رېئالىزم يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. زامانىۋىلىك جەھەتتىن، ئۆزىنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ۋە ئېيتالمىغان پىكىرنى شائىر سالاھى ئېيتالىغان.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەدەبىيات ھاياتنى ئۆگىنىش، ھايات ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ھاياتنى قايتا قۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ يەنە بىر يېڭى خۇسۇسىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت زامانىۋىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر كونكرېت باسقۇچىدا كىشىلەرنىڭ ھايات شارائىتىنى ياخشىلاش، ئادەملەرنى مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا پەيدا بولغان مۇھىم سىياسىي،

ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە باشقا مەسىلىلەردە كىشىلەرنىڭ چاققاق ئېھتىياجىنى سېزىپ، بىلىپ ئىلىشقا ئىنتىلىش ۋە ئېھتىياجلارغا جاۋاب ئىزدەش ھەم جاۋاب تېپىش زامانىۋىلىك دېيىلىدۇ. بۈيۈك يازغۇچىلارلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ھادىسىلەرنى ۋە يېڭى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئېھتىياجلارنى ئىپادىلىگۈچى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئېنگېلس ئالگىر دانتى (1265 ـ 1321) نى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى شائىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ بىرىنچى شائىرى» دەپ كۆرسىتىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ «ئىلاھى» كومېدىيىسىدە ئىتالىيە ۋە پۈتۈن جاھان تارىخىدا باشلانغان يېڭى دەۋر ئۆز ئەكسىنى تاپقانىدى. بۇ دانتى ئەسىرىدىكى ئەڭ زور زامانىۋىلىك ئىدى. دېمەك، زامانىۋىلىك ھەر قانداق چاغدا زامانغا ماسلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەلگىلىك دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى غايىلەرنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. بۇنداق يېڭى غايىلەر شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئېڭىدا ھۆكۈمران بولغان ئىدېئولوگىيىگە ماس كېلىۋېرىشى ناتايىن.

ھەقىقىي زامانىۋىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە يېڭى سۆز بولۇپ قالىدۇ. لېنىننىڭ «تولستوي ۋە پرولېتارىيات كۆرەشى» دېگەن ماقالىسىدىكى تەرىپ بويىچە ئېيتقاندا، تولستوي ھۆكۈمران سىنىپلارنى ناھايىتى زور كۈچ ۋە سەمىمىيەت بىلەن تەنقىد قىلدى، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەممە مۇئەسسەسەلەرنى: چېركاۋ، سوت، مىلىتارىزم، «قانۇنىي» نىكاھ، بۇرژۇئازىيىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق، روشەن ھالدا ئېچىپ تاشلىغانلىقى بايان قىلىنغان. مانا بۇلار شۇ چاغ رۇس

جەمئىيەتنى ئۇچۇن بۈيۈك سەنئەتكارلىق بىلەن ئېيتىلغان يېڭى سۆز ئىدى. زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچ ۋە غايىلىرى بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ھەر قانداق يازغۇچى ياكى شائىر ئىجادىنىڭ چوڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى، زامانىۋىلىكىنى تەمىنلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ جايدا سالاھىنى، تولستوي بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. پەقەت شائىرنىڭ زامانىۋىلىكتە نىمە ئۇچۇن زاماندىشلىرىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەش ئۇچۇنلا مىسال كەلتۈرۈلدى، خالاس.

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى چېخوۋ: «كىمكى ھېچ نەرسە ئىزدىمىسە، ھېچ نەرسىدىن ئۇمىدۋار بولمىسا، ھېچ نەرسىدىن خەۋپ - خەتەر ھېس قىلمىسا، ئۇ سەنئەتكار بولالمايدۇ»① دېگەنىدى. شائىر سالاھىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى، ئازاد - ئەركىنلىكى ئۇچۇن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى، بۇ كۈرەشتە خەلق بىلەن چوڭقۇر ئالاقە باغلىغانلىقى، خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىكىنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى فېئودالىزم تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى، بۇ كۈرەشتە خەلق تېخى ئويغانمىغان شارائىتتا فېئودال قارا كۈچلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، تېنەپ - تەمتىرەپ ئېغىر جاپا چەككەنلىكى ئۇنىڭ داستانىنىڭ خاتىمىسىدىكى مۇنۇ مىسرالاردا ئۇچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ:

ئىلاھى غۇربەتىمدە رەھىم قىل،
مۇھەببەت ئوتىدىن بىر زەررە بەرگىل.
غەرىبۇ خەستە مەن لۇتفۇڭ بىلەن باق،

---

① چېخوۋ ئەسەرلەر توپلىمى، رۇسچە نەشرى، 147 - بەت.

قۇرۇق جانىمغا ئىشىق ئوتىنى ياق.
جاھان كەزدىم كۆرەلمەي دەستىيارى،
مەگەر خوش سۆزكى قالسا يادىكارى.

بۇ سوپىلارچە ئېيتىلغان ئاھ - زار كەينىدە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا شائىرنىڭ جاھانى كەزگەن خار - زار، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى كېلىدۇ. مانا بۇ ھايات شائىرغا فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرغاندەك، ئۇنى ئۆز ئېستېتىك غايىسى بويىچە چوڭقۇر پاش قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن. بۇ مەسىلىدە ئۇنى بەدىئىي غايىۋى جەھەتتىن زامانداشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ھەر قانداق شارائىتتا ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە گەپ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە باغلىق بولغان ئىككى تەرىپىگە دۇچ كېلىمىز. بۇلار بىلىش ئوبيېكتى ھەم تەسۋىرلەش ئوبيېكتىدۇر. ئىنسانىي ئوراپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ ئالەم، چەكسىز ئوبيېكتىپ مەۋجۇدات ئەدەبىياتنىڭ بىلىش، ئۆگىنىش ئوبيېكتى. ئەمدى ئەنە شۇ ئىنسانىي ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئۇنىڭ تۈرلۈك، تۈمەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئىنسان ھاياتى بولسا ئۇنىڭ - ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەممە ئەدەبىيات تۈرلىرى ئۈچۈن ئومۇمىي قانۇنىيەت. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن نۇقتىئىنەزەر تۈزۈلۈشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، زامان، ماكانىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە نېمىلەر تەسۋىرلەنسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بەدىئىي

ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى كىم، نېمە بولۇشىدىن — ئۇسۇملۇكمۇ، ھايۋانمۇ، قۇشمۇ، كائىناتمۇ، يەرمۇ، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولغان ئىنسانلارنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پسىخىكىسى (روھىي ھالىتى) نى ئاچىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردىكى قەھرىمان كىم، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى بەدىئىي گەۋدىلەندۈرگۈچى، ئىپادىلىگۈچى، ئۇنى باشقىلارغا يۇقتۇرغۇچى. يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ھاياتنى قايتا قۇرۇش ئېستېتىك غايىسىنى توشۇغۇچى لىباس — ۋاستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تولستوي: «... سەنئەتكار كىمنى تەسۋىرلىسۇن، ئىلاھىي شەخسلەرنىمۇ، قاراقچىلارنىمۇ، شاھنىمۇ ياكى خىزمەتكارنىمۇ بىز بۇنىڭدىن پەقەت يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيمىز. ئۇنىڭ قەلبىنى، روھىنى كۆرىمىز» دېگىنىدە ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ يۇقىرىقى قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مانا شۇ مەنىدە شائىر سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى سەبا، گۈل، بۇلبۇل، قۇشلار ... ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەسەردە سىمۋوللاشتۇرۇلغان ئىنسان ئوبرازى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، زىددىيەتلەر، بۇ زىددىيەتلەر ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان خۇلاسىلەر شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر شۇ جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر بولۇپ، ئۇ زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن تراگېدىيىلىك ئاقىۋەت شۇ سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جۈملىدىن ئەسەردىكى ھەر بىر سىمۋول خاراكتېرىنى ئالغان، ئەسەردىكى ھەر بىر تىپىكلەشكەن ئىندىۋىدۇئال

خاراكتېرىنى ئالغان ئوبرازلار شائىرنىڭ ئىستېتىك غايىسىنىڭ خىلمۇ خىل تەرەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان لىباس ـ ۋاسىتىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەنە شۇ مەنىدە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانىغا شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك غايىسىنىڭ باش ۋەزىپىسى يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەردىكى باش قەھرىمانىنى يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئىستېتىك غايىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلەيدىغان، ئۇنى كىتابخانغا «خاھىشچانلىق» بىلەن ئۆتكۈزىدىغان خاراكتېر دەيمىز.

يۇقىرىقى مەنىدە سالاھى داستانى «گۈل ۋە بۇلبۇل» دىكى باش قەھرىمان بۇلبۇل بولۇپ، شائىرنىڭ ئاساسىي ئىستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر سالاھىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئومۇمىي پەيلاسوپىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پانتېئىزملىق دۇنيا قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

ئېنگېلس: «پانتېئىزمنىڭ ئۆزى دۇنياغا ئەركىن، ئىسيانى نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ھارپىسى خالاس» [1] دېگەنىدى.

ئەمما شائىرنىڭ ئىستېتىك قارىشى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنى سوفىزمنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار مەزھىپى ياكى ئەڭ ئىلغار گورۇھى بولغان نەقشبەندىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىسلام شەرقىدىكى ھەر قانداق ئوتتۇرا ئەسىر شائىرىنى سوفىزمنىڭ ئۈچ مەزھىپىدىن بىرىگە تەئەللۇق قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نەقشبەندىيە سوفىزم پەلسەپە نۇقتىسىدىن «دۇنيانى ئاللا ياراتقان» لىقىنى ئېقرار قىلسىمۇ، يامان ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن شەرىئەت قانۇن ـ قائىدىلىرىگە ئاساسەن بويسۇنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى تەرەپلىرىنى رەت قىلاتتى. ئۇلار

---

[1] ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 440 ـ بەت.

ئىسلام شەرىئەت قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئىنسان مەنپەئىتى، ئىنسان سالامەتلىكىنى ئۆلچەم قىلاتتى. مەسىلەن: روزا تۇتۇشنى، نەفى ناماز (بەش ۋاخ نامازنىڭ سىرتىدا ئوقۇلىدىغان ناماز) نى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشنى توغرا ھېسابلايتتى، جۈملىدىن ئۇلار رېئال ھايات مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش، ئىلىم - پەننى ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەكسىچە خەلقنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش، خەلقنى ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا قارشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلار سىنىپىي مەيدان جەھەتتىن ئەمگەكچىلەر مەيدانىدا تۇراتتى. شۇڭا بۇ مەيداندا تۇرۇپ ئىجاد قىلىش رېئالىزمىنى رەت قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىلغارلىقىمۇ مانا مۇشۇ نۇقتا ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. ئوتتۇرا ئەسىر ئەزەربەيجان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مىرزا پەتتال ئاخوندوۋ سوفىزمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى قانىتى بولغان ئېكلىكتىك سوفىزم ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى مۇھەممەت ئەلغازالى، ئەخمەت يەسەۋىچىلىك ئىدىيىلىرى بىلەن كۆرەش قىلغان چاغلىرىدا، ئۇلارغا قارشى نەقشبەندىيچى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن رەددىيە بەرگەنلىكىنى خۇددى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مەسىلىلەرنىڭ تەستىقى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر سالاھى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى فېئودالىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان قىسمىنىڭ بىرى بولغان فېئوداللىق ئەخلاق سىستېمىسىنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئېلىپ ساۋايدۇ. بۇنى بىز داستانىنىڭ سۇژېت تەرەققىياتىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇلبۇل سەبانىڭ يېتەكچىلىكىدە قىزىل گۈلنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇزاق باياۋان - چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر

چىمەنزارلىقتا دۈج كېلىپ، چىمەنزارلىقتا قونغاندا بۇ جاي قۇشلار ۋادىسى ئىكەنلىكى سېزىلىدۇ-دە. قۇشلار بىلەن خېلى ئۇزاق دىئالوگلۇق سالام - سائەت. تونۇشۇشلاردىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇلبۇل ئەڭ ئالدى بىلەن هومايۇن[1] بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇلبۇلنىڭ سورىغان سوئالىغا هومايۇن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

دېدى بۇ قۇش ئىشىم جاهاندا،
ئېتىم مەشھۇردۇر، مەن ئاسماندا.
ئەگەر سورساڭ مېنى دەرلەر هومايۇن،
قانائەتتىن يۇيۇپ جانۇ - تېنىم خۇن.
بۇ ۋادىنى قىلىپ مەن سەيرىگاهى،
ئېرۇرمەن جۇملە قۇشلار پادشاهى.
ئىشت مەندە يەنە بىر خاسىيەت بار،
ئۇنى بۇلبۇل ساڭا مەن ئەيلەي ئىزهار:
ئەگەر هەركىم باشىغا تۈشسە سايەم،
جاهاندا پادشاھ بولغاي ئۇ شۇلدەم.
جاهان خەلقى مېنىڭ سايەمگە مۇھتاج،
چۈ سايەم تۈشسە باشىغە كىيەر تاج.
هومايى سايە بەخشى رەھنامامەن،
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا پادشاھ مەن.
ئىشتكىن ۋادىگە شاهى تەيۇرمەن،
نىچۇك هۆكىم ئەيلەسەم ئانداق قىلۇرمەن.
قىلىپ نەفسىمنى مەھبۇسى قانائەت،
سىتەم بەردىم جانىمغا يوقتۇر راھەت.
يىدىم قانائىلىغىمدىن ئۇستىخۋانىنى،

---

[1] هومايۇن ئەپسانىۋى بەخت قۇشى.

كەرەمدىن قىلمادىم ئازۇردە جاننى.
پەرىۋەش ئەھلى ئەيلەر ئارزۇلار،
پەرىمدىن بىر نىشانە تاپماغىلار.
كىيبان نازىنىنلار تاج ئالتۇن،
قوبالار باشىغا پەررى ھومايۇن.
جىغە لەرزان قىلىپ زىبا پەرىمنى،
سوقۇرلار باشلارىغە شەھ پەرىمنى.
ھومايۇن كىم بايان ئەتتى ئۆزىنى،
تامام ئەتتى لەتافەتلىك سۆزىنى.
ئىشىتتى بۇلبۇلۇ بولدى دېگەن گۇن،
دېدى شاھ سەن ياكى ھومايۇن؟
ماجازى ئالەمىغا پادىشاھ سەن،
بۇگۇن سەن پادىشاھ تاڭلا گادا سەن.
ئەگەر شاھ قىلمىسا ئەدلى بىرلە ئېھسان،
قىلۇر تاڭلا شاھلىقتىن پۇشايمان .
ئۆزۈڭگە بولماگىن زىنھار مەغرۇر،
بىناگاھ يەتمەگەي ئەلگە شەرۇ شۇر[①]
غىجىرسەن ئىت كەبى ئەسكى سۆيەكنى،
چاراھەتلەر قىلۇر جانۇ - يۈرەكنى.
يېمەكلىك بولسا ئەسكى ئۇستىخۋانى،
دېمە مەن شاھ موراغانى جاھانى.
ئىكەنسەن پەست ھىممەت، پەست نىيەت،
ئۆزەڭنى بەرمەگىن شەھلىققە نىسبەت.
بولۇرلار ئالىي ھىممەت پادىشاھلار،
ئۇلار ئىشىكىدا بولغايلار گادالار.
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا پادىشاھلىغ،

---

① شۇر — يامانلىق، توپىلاڭ، پاراكەندىچىلىك.

قىلۇردىن ياخشىراق بولغاي گادالىغ.
كى ساڭا بار ئىكەن بىر ياخشى گىردار،
قانائەت قىلۇچى نەفسى سەبوكبار.
ھەزەر قىل بارما نەفسىڭ خۇاھىشىغە،
قانائەت خەنجىرى چاپقىل باشىغە.
بۇ ۋادى ئىچرە نەفسىڭدىن كېچىپسەن،
قانائەت ئەيلەمەككە ئولتۇرۇپسەن.
سىنى شاھ ئەيلەگەن بۇ ياخشى نىيەت،
ھەمىشە ئەيلەگىن سەن شۇكرى نىئمەت.
ھوما كەچكىن بۇ دۇنيا دۆلىتىدىن،
خالاس بولغىل قىيامەت مىھنەتىدىن.
ۋاپاسى يوق بۇ دۇنيا بى ۋافادۇر،
ئۇنى كىم سۆيسە جانىغا جاپادۇر.

شائىرنىڭ نەقشبەند كۆز قارىشى ئۇنىڭ ئىپىك قەھرىمانى بۇلبۇلنىڭ ھومايۇننىڭ ياخشى - يامان پەزىلەتلىرىنى كۆرۈشىگە، باھالىشىغا كاشىلا قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى تەقلىدتە تاۋۇس بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە ئۆزىنى سىرتقى گۈزەللىكى بىلەن بۇ ۋادىنىڭ شاھى ھېسابلىغان تاۋۇسقا مۇنداق تەنقىد بىرىدۇ:

لىباسقا بولماغىل مەغرۇر چەندان،
كىيەر ئەگنىگە فەخرى ئەتكۈچى نادان.
لىباسىڭنى كۆزۈڭگە سالما چەندان،
فەلەك ئەيلەر ئۇنى يەر بىلەن يەكسەن.
لىباسى شاھلىغنىڭ بىل ئارىيەتتۇر،
ساڭا تاڭلا گادالىق مەنسەبەتدۇر.
دېدىڭ ئالتۇن ئەلەمسەن قۇيرۇغۇڭنى،

قايۇ قۇش تۇتقۇسىدۇر بۇيرۇغىڭنى.
ئەمەس ئالتۇن ئەلەم بويلاق سۇپۇرگى،
تامىپ ھەر تۇرلۇ رەڭ ئۇستىدە رەڭگى.
سۇپۇرگىل مەرد بولساڭ راھى ھەقنى،
ئىگەم يادىغا بول يادئال ساباقنى.

شۇ تەقلىدتە تۇتى قۇشنى:

ئاجايىپ خۇد پەسەندۇ خود نامە سەن،
ھەمىشە لاف ئۇرار خود بىن گادا سەن.
قاچان ئاقىل ئۆزىنى ئەيتىپ ئۇرار لاف،
قىلۇرمۇ تالىبى ھەق ئۆزىن ئەۋساف.
كىشى ھال ئەھلىدۇر سىر ئەيلە مەس فاش،
قىلۇر پىنھان كۆزىدىن قەترەئى ياش.
تىشىڭ زەڭگەر ئىرور ئىچىڭگە ھەمرەڭ،
ئىچىڭ تىشىڭ بىلەن بولدى بىيەكرەڭ.
ئايا تۇتى سۆز قىلدىڭ ھىكايەت،
ماڭا قىل ئەھلى مەئنىدىن ھىكايەت.
دىدىڭ ھەرنە سۆزۇڭ ئەفسانەئى دۇر،
كى سىررى مەئنىسىدىن بىگانەئى دۇر.
......................................

ئايا تۇتى جاھاندا بى رىيا بول،
ئەگەر ئەيتساڭ ھەق ئەيتقىل بى ئىبا بول.

دورامچى، يالغانچى، سۇخەنچى تۇتىنىڭ ئەپتى - بەشرىسىنى يۇقىرىقىدەك ئىچىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى«شىجائەتلىك، باتۇرمەن، فەرىدۇن ھەممە تو، ساھىبقىران مەن.» دەپ لاپ ئۇرغان كوبكىنى:

دىدى بۇلبۇل كى ئەي كوبكى قىزىل كۆز،
كىشى كۆپ سۆزلىسە يالغان بولۇر سۆز.

مەگەر دىۋانە سەن ئۈستۈڭدە جەندە،
نە سۈرەتتىن يىمەكنىڭ سەڭگى مەيدە.
نېدۇر كۆپ سۆزلىمەك ئەي كوبكى تاغلىق،
كىيىپ ئەگنىڭگە تون جەندە ياماغلىق.
قىزىل باچە ئېرورسەن كۆتە قۇيرۇق،
قىلۇرسەن بىخەبەر مۇنچە ئۇلۇغلۇق.
توشۇپ، نەفسىڭ ئۈچۈن دائىم تۆزاقا.
يىمىش بولساڭ ھەمىشە تۆش ئۆزاقا.
ئۆزۈن كۆن يورغىلاپ دائىم پۆرەرسەن،
تىلەپ نەفسىڭگە دائىم ئاھ ئۇرارسەن،
باھادۇرلۇغ قىلىبان ئۇرماغىل لاپ،
چىن ئۇرماس سۆزنى يالغانچى كازراپ.

شائىرنىڭ ئېپىك قەھرىمانى دانا بۇلبۇل يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا قۇمرى، پاختەك، سوپىسوپىياك (سوفىيا) لار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۆتۈپ، قۇمرىنى نادان شەيخ، پاختەكنى شەيخلەرنىڭ مۇرىتى، سوپىسوپىياكنى رىياكار سوپى تەرىقىسىدە ساتىرىك نەيزىسى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خەلق، جەمئىيەت ئالدىدا نىقاپلانغان ئەپتى - بەشىرىسىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ.

بۇلبۇلنىڭ ھۇدھۇد بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە شائىرنىڭ رىياكار زاھىتلارنىڭ چىرىك مەنىۋىيىتىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەقشبەند كۆز قارىشى ناھايىتى ئوچۇق تۈس ئالىدۇ.

دېدى بۇلبۇلغا ھۇدھۇد سورۇدۇڭ ئەھۋال،
ساڭا ئەيتاي ئىشىت مەندىن بۇدۇر ھال.
دېدە ھۇدھۇد مېنىڭ رەختىم بەلەندۇر،
تىلىمنىڭ تاتلىغى مانەندى قەندۇر.

مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەيىن نوش،
ئىچىم باغرىم ئۇرادۇر ھەر زامان جۇش.
كى خوش گوفتارۇ ھەم شىرىن زابانمەن،
كى خوش بۇيلۇقدا مۇشكۇ زەئفىرانمەن.
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا مۇئتەبەرمەن،
ھەقىقەت سىررىگە ھەم با خەبەرمەن.
قىلىپتۇر ھەق مىنى پەيكى سۇلايمان،
بولۇپدۇر مەن جاھان مورغىگە سۇلتان.
قىلىپ باشىمغا مەن شانە تاجىم،
بۇ تاجىم شاھلىقىمغادۇر راۋاجىم.
باشىمدا تاج ئىرۇر ئەگنىمدە زەركەش،
ئۇچار قۇشلار ئارا دۇرمەن مونەققەش.
ئۇچار قۇشلارغا پىرۇ پىشىۋا مەن،
شەرىئەت ئىچرە كامىل باساپامەن.
ساناۋۇ ھەمدە ئەيتۇرمەن ئۇنىڭغە،
دۇرۇدى بىئەدەد ھەم ئول باساپاغە.
كىچە - كۈندۈز ئىشىم تەسبىھ ئوقۇماق،
قىلىپ تائەت ئۇنىڭغا زىكرى ئەيتماق.
دىدى ھۇدھۇد قىلىپ ئۇنىڭغە تائەت،
ھەمىشە ئىش ماڭا قىلماق ئىبادەت.
ئۇنىڭ يولىغە مەن زاھىدۇ ئابىد،
ئىبادەتنى قىلىپ، ھەر كۈندە زايىد.
ئۇچار قۇشلار ئىمامۇ پىشىۋاسى،
بۇ ۋادى ئىچرە پىرۇ رەھنەماسى.
ھۇدا قىلىپ تەقۋانى ئانداق موتتەقىمەن،
كى پىرۇ رەھناماۋۇ مونتەھىمەن.
مىنىڭدەك يوقتۇ ناسىھ پىشە سالىھ،
ئىرۇر مەن ھەرنە مۇشكۇل بولسا پاتىھ.

ئىگەم لۇتپۇ ئەيلىسە كىرسەم بېھىشتىگە،
كۆرەي دىدارىن ئول ئەنبەر سىرىشتىگە.
دېدى بۇلبۇلكى سەن زاھىد ئەمەس سەن،
ئىگەم تائەتىدىن بوي ئالمىغانسەن.
كىشى قىلسا نىيازنى خالىس ئەيلەر،
نامازنىغە قاچان ئول تەكيە ئەيلەر.
نامازىڭغە ئىشەنىپ تەكيە قىلما،
نىيازىڭغە ئىنانىپ نوكتە قىلما.
نامازىڭ بىرلە گەرچە تائەتىڭ بار،
ماتائىم باردۇر دەپ ئەيتما زىنھار.
ئىشەنمەگىلىڭ نامازۇ تائەتىڭگە،
قاراغاي تەڭرى بەندە نىيەتىگە.
نامازغا قىلما ھۇدھۇد ئېئتىمادى،
ئۇنىڭكى رەھمەتىدىن قىل ئۈمىدى.
مۇسۇلمانلىغ بۇ دۇر خەۋفو رەجادا،
ئۈمىدۇ خەۋق كۆپ بولغاي ئارا.
رەجال ئولدۇر ئۈمىد ئەتكەن ئۇنىڭدىن،
نامازىڭغە ئىشەنمە تەۋبە قىلغىن.
ئايا ھۇدھۇد زىيادە خودنىما سەن،
كى خود بىنلىق ئىلە زاھىد نامە سەن.
كىياباب گاھى قالپاق، گاھى دەستار،
ئەبەس سۆز قىلماغىن سەن ئەي تەبەھكار.
ئايا ھۇدھۇد ئىشتكىن سەن بۇ گوفتار،
ئۈمىد ئەتكىن ئۇنىڭدىن سەن ئۈمىدۋار.
ئۇنىڭكى رەھمەتىدىن ئەيلە ئۈمىد،
گۇناھىڭ كۆپ ئىسە ھەم بولما نەۋمىد.
ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە كىرمەك بەندەلىكدۇر،
ئۇنىڭ تەقدىرىگە بىچارەلىقدۇر.

دېدى بۇلبۇل كى ئەر سەن سوفى خۇش،
مەيى ھەق ھالىڭ ئىچرە باردۇر جۆش.
مېنى سالىھ دېسۇنلەر دەپ ئىبادەت،
قىلىپ زوھدۇ، رىيا بىرلە ئىبادەت.
ئەجەپ بولماس غورۇر ئىلە نامازىڭ،
نامازىڭگە ئىشەنىپ كۆپتۇر نازىڭ.
كىشى تائەت قىلىبان زوھد قىلسا،
كى تائەت شەرتلىرىنى كۆرسە بىلسە.
ھوزۇرى دىل بىلە قىلساڭ نامازى،
ئۇمىد ئولدۇر قەبۇل ئەتسە نىيازى.

فېيېرباخ «كەلگۈسى پەلسەپىنىڭ قائىدىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «پانتېئىزم تېئولوگىيىلىك ئاتېئىزم، تېئولوگىيىلىك ماتېرىيالىزم بولۇپ، تېئولوگىيىنىڭ تېئولوگىيە مەيدانىدا تۇرۇپ ئىنكار قىلىشى بولىدۇ» دېگەنىدى.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مىساللىرىمىزدا شائىر رىياكار سوپى، شەيخ، زاھىتلارنى نەقشبەند سوپىلارچە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ تەنقىد قىلىدۇ. ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ماددا بىرىنچىمۇ؟، ئاڭ بىرىنچىمۇ؟ دېگەن نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوخشاشلا ماددىنىڭ ئورنىغا ئاللانى قويۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇلارنى سىياسىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەنقىد قىلغاندا، ئۇنىڭ نەقشبەند كۆز قارىشى شائىرغا كاشىلا قىلمايدۇ. نەتىجىدە، چىن ئىنسانىي ئەخلاققا يات، فېئودال ئەخلاق سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولغان يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، قىزىلكۆزلۈك، كاززاپلىق، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى ۋە فېئودال مەنىۋىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان شۇ زاماننىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىغىمۇ يات بولغان شەيخ، سوپى،

زاھىت، تەقۋادار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان رىياكار تەقۋادارلار شەيخ، سوپى، زاھىتلارنىڭ نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، نەقشىبەندىيە پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خەلققىمۇ، خۇداغىمۇ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ.

شائىرنىڭ نەقشىبەند نۇقتىئىنەزىرىنىڭ لوگىكىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى مەنىۋى دۈشمەنلىرىنىڭ خۇداغا قارشىلىقى، ئەمەلىيەتتە خەلققە قارشىلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يالغان ناماز بىلەن خۇدانى ئالداش ئەمەلىيەتتە يالغان تەقۋادارلىق بىلەن خەلقنى ئىشەندۈرۈپ، خەلقنى ھەم روھىي، ھەممادديي جەھەتتىن قاقتى- سوقتى قىلىدۇ. فېئوداللىق ئىستىبداتلىقنى ئاقلايدىغان ئىسلام ئېتىقادىنى نەقشىبەند نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى شەكىل بويىچە تەنقىد قىلىش ئۆز زامانىسىنىڭ تارىخىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا ئىلغارلىق، ناھايىتى زور جۈرئەت، باتۇرلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ نەقشىبەند كۆز قارىشى بۇلبۇلنىڭ تەربىيىچىسى دانا سەبادىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇلبۇل سەبانى «پىرىم» دەيدۇ، سەبا بۇلبۇلغا نەسىھەت قىلىپ:

سەبا ئەيتتىكى بۇلبۇل بولما غەمناك،
بۇ ۋادىنى كۆرەر كىمسە ھەۋەسناك.
ھەۋەسلىك ئەھلىنى ئاشىق دېمەسلەر،
تەرقى ئىشقىدا سادىق دېمەسلەر.

دېسە، شائىر ئۆزىنىڭ ۋەقەلىككە مۇناسىۋىتىنى بىۋاسىتە بىلدۈرىدىغان شەكىل قىستۇرما بايانىدا:

تەرىقى ئىشىدە ئۇل بولغاي ئەشرەف،
جامالى يارغا بولغاي مۇشەررەف.
كى بولسا ئىشقىدىن سەر مەستۇ شەيگىر،
يەنە يول باشلاغۇچى بولسا ھەم پىر.

دەيدۇ. ئەمما شائىرنىڭ نەقشبەندىيچە پەلسەپۋى قارىشى ئۆز ماھىيىتى بىلەن چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە، ئىجتىمائىي سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ۋەھشىي سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى پاش قىلىشقا كاشىلا قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ماھىيىتى بىلەن ئىپادىلەشكە ئىمكان بېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن، سەبا بىلەن بۇلبۇل ئارىسىدا مۇنۇ دىئالوگلارغا قاراڭ:

سوئالىم بار قىلاكۆر كۆڭلۈڭ ئاگاھ،
كى ئىشقىڭ بولسا بول ئۆزۈڭدىن ئاگاھ.
دېدى بۇلبۇل سوئالىڭ بولسا سورىغىل،
بېرۇر شايەد جۇۋابى تاپسا بۇ تىل.
سەبا بۇلبۇلغا ئەيتتى ئەي شەكەر خۇاھ،
نە بائىسىدىن چىكەرسەن نالەۋۇ ئاھ.
دېدى بۇلبۇل كى قىلسا ئىشق توغيان،
قىلۇرمەن ئول زامان پەريادۇ ئەفغان.
سەبا ئەيتتى ماڭا ئىشقىڭ بايان قىل،
دېدى بۇلبۇل باياڭغا ھەددى يوق تىل.
سەبا ئەيتتى نېدۇر ئىشقىڭ كامالى؟
دېدى بۇلبۇل يېتەر كۆرسەم جامالى.
سەبا ئەيتتى نېدۇر ئىشقىگە كۆيمەك؟
دېدى بۇلبۇل كۆيۈپ ھىجرىدە ئۆلمەك.
سەبا ئەيتتى نە كۆڭلۈڭ مۇددىئاسى؟
دېدى بۇلبۇل ئۇنىڭ بولسام پىداسى.

سەبا ئەيتتى ئەزىز جاندىن نە ئەرمىش؟
دېدى بۇلبۇل ئەزىز جانانە ئەرمىش.
سەبا ئەيتتى بۇ ئىشقىڭدىن نە ھاسىل؟
دېدى بۇلبۇل ۋىسالى بولسا ۋاسىل.
سەبا ئەيتتى قاچاندىن زار ئىمىش سەن؟
دېدى بۇلبۇل ئەزەلدىن زار ئىمىش مەن.
سەبا ئەيتتى كى ئەيتغىل ئىشق قايدا؟
دېدى بۇلبۇل كى جاقىلىمىش بۇ دىلدا.
سەبا ئەيتتى نەدۇر ئىشق «ئەھلەن ئەلام؟»
دېدى بۇلبۇل ئىلدىن ئىشق ئىلھام.
سەبا ئەيتتىكى ئايغىل ئىشق قايسى؟
دېدى بۇلبۇل ئۇ مەشۇقۇم ئاتاسى.
سەبا ئەيتتى قىزىل گۇل يادىغا بول،
دېدى بۇلبۇل كۆكۈلدە ئول قىزىلگۇل.
سەبا ئەيتتىكى سايراپ بول غەزەلخۇان،
دېدى بۇلبۇل قىلۇر مەن ئاھۇ ئەفغان.
دېدى بۇلبۇل ماڭا ۋەسفىن ئايان قىل.
سەبا ئەيدى نە ياخشى سايرادىڭ خوش،
دېدى بۇلبۇل مېنىڭ ئىشقىم قىلۇر جوش.
سەبا ئەيدى قىغانىڭ ھەددىدىن ئاشتى،
دېدى بۇلبۇل بۇ جانغا ئوت تۇتاشتى.
سەبا ئەيدىكى سەن كۆپ قىلما زارى،
دېدى بۇلبۇل ماڭا يوق ئىختىيارى.
سەبا ئەيدى زامانى ئەيلە راھەت،
دېدى بۇلبۇل نېتەي جانىم جاراھەت.
سەبا ئەيدى بۇ دەردىڭگە داۋا قىل،
دېدى بۇلبۇل بۇ دەردنى بى داۋا بىل.
سوئال ئەيلەپ سابا، بۇلبۇل ھاۋادا،

تۆكۆپ كۆز ياشىنى ئاھۇ ناۋادا.
فەلەك ئىنرادى بۇلبۇل كۆز ياشىدا،
يېتىشتىلەر قىزىل گۈللەر قاشىدا.

مانا بۇنى شائىرنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچىنىڭ خىسلىتى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قارىشىنىڭ ئېپىك ئوبرازلاردا رېئالىستىك ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەيمىز.

داستان سۇژېتى تەرەققىياتىدىكى مۇشۇ بابتا زىددىيەت ئىچىدە بۇلبۇل خاراكتېرى پىشىپ ۋايىگە يېتىدۇ. ئۇز مەشۇقىغا چەكسىز سادىق بولغان بۇلبۇل خاراكتېرى ئەمدى شائىرنىڭ تۈپكى ئىستېتىك غايىسى بولغان جۇڭغار خوجىلار دەۋرىدىكى فېئودال خانلار خەلق ئازادلىقىنى ساتقۇچى خائىن (بىدىيانەتلىك كىشى)، ئۇنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئىنسان ئازادلىقىنى بوغۇپ ھالاك قىلغۇچى قاتىل دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ ھال بىزگە جۇڭغار خانلىقىنى يەنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى مۇرتلىرى بىلەن مەنىۋى ۋە قوراللىق قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، دەريا - دەريا ئاققان قانلار، تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئازادلىق جەڭچىلىرىنىڭ جەسەتى ھېسابىغا قورچاق ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان خائىن ئاپاق خوجىنى ۋە خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئاخىر قولغا چۈشۈپ ئىلىغا ئېلىپ كېتىلگەن - سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسە؛ تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك تەسىراتى جەھەتتىن ئۇلۇغ لېنىن چېخوۋنىڭ «6 - نومۇرلۇق پالاتا» نى ئوقۇپ «روسىيە دۇنيا خەلقىنىڭ ژاندارمىسى» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەندەك ھېسسىياتنى تۇغدۇرىدۇ.

داستاندا شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئىستېتىك غايىسى مۇنداق ۋەقەلىك ۋە ئوبرازلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

سۇژېت تەرەققىياتىدا بۇلبۇل سەبا بىلەن ئۇزاق يوللار — تاغ - دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىزىل گۈل ئۈسكەن باققا چۈشۈپ، ھاردۇق يەتكەندىن كېيىن سەبانىڭ سۆزىگە ئېتىبار بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ھوشسىز ئۇخلاپ كېتىدۇ.

سەبانىڭ ئول سۆزىگە ئەيلىمەي گۇش،
غېرىب بۇلبۇل ئۇزالىپ كەتتى بىھۇش.

مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «بىدىيانەت» باغۋەن بۇلبۇلنى تۇتۇپ قەپەسكە سولاپ ئالىدۇ.

كۆرۈپ بۇلبۇلنى بىر مەردى جاھانى،
تۇرۇپ كەلدى قاشىگە بىر زامانى.
كېلىپ سوردى بۇلبۇلنى ساتارسىز؟
باھاسى قانچە تەئىيىن ھەم ئېتارسىز؟
دېدى بۇلبۇل قەفەس بىرلە ئون ئالتۇن،
بىرەھەر كىم ئون ئالتۇن بەرسە ئالسۇن.
سۆيۈندى ئول جاۋان ئالدىغا قالدى،
ئون ئالتۇن بىرىبان بۇلبۇلنى ئالدى.
چۇ بولدى بۇلبۇل ئول ھالەتتىن ئاگاھ،
ئۆزىنى كۆردى قەپەس ئىچرە بىناگاھ.
ئۆزىنى كۆردى ئاندا بولدى غەمكىن،
دېدى قايداغ گۇناھ ئۆتتى مەندىن؟
كى بۇ يەڭلىغ بولۇپتۇرمەن گىرىپتار؟
مېنى بىچارە ئى مەھزۇنۇ ئەفگار.
دېدىيۇ چەكتى بىر ئاھى جىگەر سۆز،

قارا بولدى مىسالى كىچەكۈندۈز.
سەبا كەلدى سىناگاھ ئۇل نەفەسىدە،
كۆرۈندى كۆزگە بۇلبۇل قەفەسىدە.
كىربان سورىدى بۇلبۇلدىن نە يەتتى؟
كىرىپتار قەفەس سىزنى كىم ئەتتى؟
دېدى ئۇل باغبانى بى دىيانەت،
قەفەس ئىچرە سالىپ قىلدى ئامانەت.
سەبا بىرلە قىلىپ رەفئى مالالەت،
نەكەللۇم باشلابان كۆرسەتتى ھالالەت.
ساغىندى گۇلىيۇ پەرياد قىلدى.
قەفەسدە بۇ غەزەل بونياد قىلدى.

ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكەن بۇ ئازادلىق جەڭچىسىنىڭ ناخشىسى كىشىگە گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى»نى ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلىتىدۇ.

مۇھەببەت ئوتىغا كۆيدۈم نىگارىم،
رەقىبلەر ئىلكىگە تۇشتۇم نىگارىم.
قەفەس ئىچرە قىلىبدۇرلەر مېنى بەند،
سېنى ئىستەرگە يوقتۇر ئىختىيارىم.
سېنىڭ ئىشقىڭغا ئەخكەر بولدۇم ئەي گۇل،
ئەدەم[1] بولدى ۋۇجۇدۇمۇ دىيارىم.
رەقىبلەر ئىلگىدە بولدۇم چۇ ھەيران،
ئۆزۈمگە قالمىدى بىر ئىختىيارىم.
فىراقىڭ ئوتىگە كۆيدۈم توگەندىم،
ساۋۇردى بارى غەم بۇ جىسمىم زارىم.

---

[1] ئەدەم — يوقلىش، يوقلۇق.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يارىغا بولغان ساپ مۇھەببەتلىك يۈرىكى يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشتىن قىلچە پۇشايمان قىلمايدۇ. پەقەت ۋاقىتسىز قەپەسكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ خالاس...

بۇ ئازادلىق جەڭچىسى مەنىۋى جەھەتتىن فېئوداللىق ئىستىبداتلىققا تەسلىم بولۇپ يېڭىلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى يېڭىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ قەھرىمانى — ئازادلىق جەڭچىسىنى پەخىرلەنگەن ھالدا فېئودال ئىستىبدات بىلەن مۇنداق سېلىشتۇرما ھالدا تەسۋىرلەيدۇ:

ماڭا راۋىي رىۋايەت قىلدى مۇنداغ،
ئاجايىپ بىر شىكايەت قىلدى مۇنداغ.
كى گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل چەكتى بىر ئاھ،
كى ئول ئاھ ئىلە جانى چىقتى ناگاھ.
كۆرۈپ مۇنى ساتىپ ئالغان جاۋانى،
ياقاسىن يىرتىبان قىلدى فىغانى.
ئەگەر بىلسەم ئىدى مۇنداق ئۆلۈمنى،
قاچان زايە قىلۇر ئىردىم پۇلۇمنى.
ئۆزىنى مۇشت بىرلە مەردى ئەخمەق،
چۇنان ئۇردىكى جانى چىقتى مۇتلەق.

بۇ جايدا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر - بىرىگە تۈپتىن - ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى قەھرىمان گەۋدىلىنىدۇ. بىرى ئازادلىق، ئەركىنلىكنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بولغان ئۇلۇغۋار ئالىيجاناپ، گۈزەل، يېڭى دۇنيانىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان قەھرىمان. يەنە بىرى، پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى

ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن، روھىي جەھەتتىن ئەڭ پەسكەش، ئەڭ خۇنۇك، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىك، فېئودال ئىستىبداتنىڭ ۋەكىلى.

مۇنداق قەھرىمانلار سىيلىشتۇرمىسىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا، شائىر زاماندا شلىرىنىڭ تارىخىدا ھېچكىم يارىتالمىغان.

تېخى شائىر ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار قەھرىمانلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار روھىغا مەدھىيە ئوقۇپ، فېئودال ئىستىبداتىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆز خەلقىنى، ئۆز زاماندا شلىرىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ:

كۆرۈڭ بۇلبۇل بىلە گۈلنى ئىككەۋلەن،
مۇھەببەت ئوتىدىن كۆيۈپ توگەنگەن.
ئۇلاردىن ئىبرەت ئالىڭ ھەمنەفەسلەر،
مۇھەببەت يولىدا ئەيلەڭ ھەۋەسلەر.
تىرىكلىكتە قىلىڭلار ئىشقبازى،
ھەقىقەت بولمىسا بارى ماجازى.

كونكرېت ھەقىقەت بولغان ئازادلىق، ئەركىنلىكنى پەقەت كۆرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى سەزگەن، ئازادلىق، ئەركىنلىكنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانىنى سىمۋوللار شەكلىدە يارانقان بۇ شائىرنى ئۆز دەۋرىنىڭ زامانىۋىلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلاردا خېلىلا چوڭقۇر ئىپادىلەپ، ئۆز زاماندا شلىرىدىن بەدىئىي غايە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۆزاپ كەتكەن، بەدىئىي تەپەككۇر ئاسمىنىدا ھەممىدىن ئېگىز ئۇچقان شۇڭقار دېيىشكە ھەقلىقمىز.

داستان ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى

سىمۋوللۇق قەھرىمانلار ئارقىلىق تىپىكلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بەدىئىي خاراكتېرلەردە. تىپىك شارائىتتا. خاسىيەتلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىنى ئۈچۈن يۇقىرى تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان. بۇ تەسىرچانلىق ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ يىلتىزى ھايات چىنلىقى بىلەن ناھايىتى زىچ تۇتاشقان. قەھرىمانلىرىنىڭ رېئال جەمئىيەتتە (ئەينى زاماندا) قاراتمىلىقى بولۇپ، بۇ دەۋر روھى، زامانىۋىلىكىنىڭ ئالاھىدە يىرىك مەسىلىسى بولغان ئىنسان ئازادلىقى - ئەركىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرگىنى ئۈچۈن ئەسەرنى بەدىئىيلىكىنىڭ يەنە بىر ئۆلچىمى بولغان كۈچلۈك سالماققا ئىگە قىلغان.

ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ھاياتتىكى ھەر قانداق شەيئى شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكىدىن ئىبارەت. تەبىئەتتە ۋە جەمئىيەتتە شەكىل شەيئىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇننىڭ ئىچكى ئۇيۇشمىسىدۇر. ئۇ شۇنداق نەرسىكى، مەزمۇننىڭ ئامىللىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ ۋە ئۇنىڭسىز مەزمۇننىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. شەكىل ماھىيەتلىكتۇر. ماھىيەت شەكىللەنگەندۇر. بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىقلا پەملەيمىز. يەنى ئۇنىڭ مەزمۇنى پۈتۈن مەزمۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شەكىل ھېسابلانغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئوبرازچانلىق بەدىئىيلىك بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاستىسى شەكلىدۇر.

ئوبرازچانلىق بەدىئىيلىك ئەسەردە خاراكتېرلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنيا ئىچىدىكى دۇنيا. ئۇ بەدىئىي

خاراكتېرلەر دۇنياسى بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلەر يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلەر بولسا مەلۇم ژانىردا يېزىلغان كونكرېت ئەسەردە تىل، سۇژېت، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ ۋە يارىتىدۇ. لېكىن شەكىلسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان مەزمۇنغا شەكىل ماس كېلىشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەكىل نىسپىي مۇستەقىللىككىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە مەزمۇنغا شەكىلنىڭ ماس كېلىشى توغرىسىدا چېرنىشېۋسكى مۇنداق تەرىپ بەرگەنىدى: «پەقەت ھەقىقىي ئىدىيىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرلا، ئەگەر شەكلى ئىدىيىسىگە مۇتلەق ماس كەلسە، بەدىئىي بولىدۇ.»[1] ئەمدى ئەسەرنىڭ شەكلى غايىسىگە ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭچە: «ھەقىقەتەن ھەم ئەسەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان - چىقمىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش لازىم. مەلۇم تەپسىلات — سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت، ئۆز - ئۆزىچە قانچىلىك قىزىقارلىق ياكى گۈزەل بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئىپادە قىلىشقا خىزمەت قىلمىسا، ئۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە زەرەر يېتىدۇ.»[2]

بىز سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ شەكلىنىڭ مەزمۇنغا ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرسەك، مۇنداق مەنزىرە مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەسەرنىڭ كونفلىكتى سىمۋوللۇق ھالدا ئەسەرنىڭ تۈپكى

---

① چېرنىشېۋسكى ئەسەرلىرى، رۇسچە نەشرى، 3 - توم، 363 - بەت.
② چېرنىشېۋسكى ئەسەرلىرى، رۇسچە نەشرى، 3 - توم، 363 - بەت.

ئېستېتىك غايىسى بولغان ئىنسان ئازادلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كورەش ئېمىسىنى گەۋدىلەندۈرگىنى ئۈچۈن سۇژىتى سىنىپىي زىددىيەت كونفلىكتى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. سۇژىت شائىرنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېپىزوت، ئېكسپوزىتسىيە رولىنى ئوينايدۇ - دە، ئاندىن كېيىنلا ۋەقەلىك تۈگۈنى باشلىنىپ ئەسەر سۇژىتى ئەگرى - توقاي باسقۇچلارنى يەنى بەدىئىي ئەسەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئېكسپوزىتسىيە، تۈگۈن، راۋاج، كۇلمىناتسىيە، يېشىم باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىسقا مەنىلىك ئېپىلوگ بىلەن تۈگەيدۇ.

بىرچە، ئەسەردە سۇژىت بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە ھەتتا داستاندا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ ئەسەر ئىدىيىسىنى توشۇغۇچى قەھرىمانلار خاراكتېرىگە خىلمۇ خىل يوللار بىلەن تولۇق خىزمەت قىلىدۇ.

بەدىئىي سۇژىت توپ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەسەر قەھرىمانلىرى خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت.

داستاندا ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى سىمۋوللۇق قەھرىمان بۇلبۇل ئوبرازى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر ئىچىدە قەدەممۇ قەدەم شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋايىغە يېتىدۇ. بۇلبۇل ئوبرازىنىڭ ۋايىغە يېتىشىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجابىي قەھرىمان يارىتىشىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولغان سەبانىڭ ناھايىتى چوڭ رولى بار.

بىلىنىسكىنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ئۆز پىكرىنى ئاممىدىن، خەلقتىن ئېلىپ، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلاردا مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنە ئاممىغا قايتۇرىدۇ. داستاندا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ سالماقدار، ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سەبا ۋە

بۇلبۇل ئوبرازلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى يىلتىزلىرىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەك باسقۇنچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزىدىن، خەلقىنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سەبا ئۆزگە خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى، كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يىققان، تىپىك ۋە ئۆزگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە دانا بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، سىمۋوللۇق بەدىئىي ئوبراز — ئازادلىق جەڭچىسى بۇلبۇلنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ. شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، سەبا بۇلبۇلنىڭ «پىرى» — ئۇستازى، ئۇ بۇلبۇل قايمۇقۇپ يول تاپالماي، تېنەپ قالغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، توغرا يولغا باشلايدۇ. مەسىلەن: دۇنيانى كېزىپ ھەممىنى كۆزىتىپ يۈرگەن خالىس نىيەت، ئادالەتپەرۋەر، دانا سەبا گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىقىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئۇلارنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولىدۇ.

بۇلبۇل داستانىنىڭ بېشىدىلا ئاق - قارىنى پەرق قىلالماي، مۇھەببەت ئىشقىدا چاڭىلداپ سايراۋاتقان چاغدا، بۇ باغقا سەبا يېتىپ كېلىپ، بۇلبۇلغا مۇنداق يول كۆرسىتىدۇ:

بېرىپ گۈللەرگە كۆڭلۈڭ لال بولما،
يامان - ياخشى قاشىدا خار بولما.
موھىپلەر ئارىسىدا بىر موھىپ[1] بار،
گادايى ئول قىلۇر بولساڭ گىرىپتار.
ئاتى ئىرور قىزىلگۈل ئول چىمەندە،

---

[1] مۇھىپ — دوست.

سىپاتىنى قىلۇرلەر ئەنجۇ مەندە.

..........................

تىلەر ئۇل ھەم ئۆزىگە يار دائىم،
كى بولساڭلار ئىكەۋلەن يار دائىم.

سەبا بۇ خىل دانا ۋە غەرەزسىز پىكىرنى قىزىلگۈلگىمۇ قىلىدۇ. ئۇلار سەبا ۋاستىسى بىلەن بىر - بىرىگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئاخىر بۇلبۇل بىلەن گۇل بىر - بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن يارىتىپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى بۇلبۇل كۆكرەكلىرىگە سانجىلغان گۇلنىڭ تىكىنىگە رەشقى كېلىپ گۇلنى تاشلاپ قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر باغدا سۇمبۇل، گۇلقەھقەلەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا باشلايدۇ. جاھاننى كېزىپ ھەممىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەن بۇ مويسىپىت دانا سەبا قىزىلگۇل قېشىدا بۇلبۇلنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى چۈشۈپ، قىزىلگۇل قىشىغا كېلىپ، سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇپ، قىزىلگۇلگە تەسەللى بېرىپ قويۇپ، دەرھال بۇلبۇل چۈشكەن ھېلىقى باغقا يېتىپ كېلىدۇ - دە، بۇلبۇلنىڭ يوقىرىقى ئەھۋالىنى كۆرۈپ، دەرغەزەپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كىملىكى بۇ دانىشمەنگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇلبۇلغا چىن قەلبىدىن ئېچىنىپ مۇنداق ئاچچىق نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ دوست تۇتماقچى بولغان ئوبيېكتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

سالام ئەيدى ساڭا ئۇل نازەنىن گۇل،
كېلىپ كۆرسۇن دېدى سەرگەشتە بۇلبۇل.
تۇتۇپ گۇل ئىتەكىن قىلغىل ناۋا سەن،
بۇ ياڭلىغ يەردە بولما مۇپتىلا سەن.
يامانلار سۆھبىتىدە بولما ھەرگىز،

يامانلار سۆھبىتىدۇر پىتنە ـ ئەڭگىمز.
ئىشىت، ئى جىنس بىرلە قىلما سۆھبەت،
يېتەر ئاندىن ساڭا كۆپ رەنجۇ ـ مېھنەت.
يامانلار سۆھبىتىدە تۇرما، قاچقىل،
ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدۇر زەھىرى قاتىل.

بۇ مەنىلىك، ئېغىر سالماققا ئىگە نەسىھەتتىن بۇلبۇل ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئويغانسىمۇ، ئەمما قىزىلگۈلنىڭ تىكىنىدىكى رەشقىدىن ئەنسىرىگىنىنى سەباغا ئېيتقاندا، سەبا ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

تىكەندىن سەن دىلىڭنى رىش قىلما،
تەۋەككۇل قىل تولا ئەندىشە قىلما.
تەۋەككۇل ئەيلەگىن ھىممەت بىلەن بول،
تەۋەككۇل ئەيلەسەڭ بوستان بولۇر چۆل.
تەۋەككۇل ئەيلەبان تۇشسەڭ بۇ يولدا،
نىگارىڭ لۇتفىدۇر كىرسەڭ بۇ يولدا.
تەۋەككۇل ئەيلەگەن ھىممەت بىلە ئىر،
مۇرادى مېۋىسىدىن بولغۇسى سىر.
.................................
تەۋەككۇل پىشە قىلغان ئەرنىڭ ھالى،
ئۇچاردا ھىممىتىدۇر ئىككى بالى.
تەۋەككۇل شىرنەر، ئەندىشە مادە،
تەۋەككۇلغە يارماس بولسا لادە.
ئىگەمگە قىل تەۋەككۇلنى ھەمىشە،
قىلىپ ھىممەت تەۋەككۇل ئەيلە پىشە.
تەۋەككۇل قىل، تەۋەككۇل قىل، تەۋەككۇل،
تەۋەككۇلدىن تىكەنلەر بولغۇسى گۇل.

ئايا بۇلبۇل تەۋەككۇل بابىدا بول،
تىكەن دەردىنى تارتىپ كۆر قىزىلگۈل.
تىكەن دەردى بىلەن ئەيشۇ فەراغەت،
جاپاۋۇ جەۋر بىرلەن بولدى راھەت.
ئەگەر يۈزمىڭ جاپا يەتسە تىكەندىن،
بارۇ كۆر گۈلسارى ئايرىلما ئاندىن.
كىشى يارى ئۈچۈن كۆرسە جاپانى،
ئۇنىڭ ئورنىغا يار ئەتكەي ۋافانى.
جاپاسىدىن قاچىپ ئاشىق بولۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جاپادىن قاچقۇسىدۇر،
جاپا قوفلۇ ۋاپانىڭ ئاچقۇسىدۇر.
جاپا مەشۇقلارنىڭ شىۋەسىدۇر،
سۇ يۇغەكدە غەرەز مەرغۇلەسىدۇر.
سەبەپ مەشۇقدۇر ئەھدۇ ۋافادىن،
قاچار چۈن بولھەۋەس جەۋرۇ جاپادىن.
ئايا بۇلبۇل چەك ئەمدى گۈل جاپاسىن،
كى ئاخىر كۆرگۈسەن مىھرى ۋافاسىن.
ئايا بۇلبۇل كۆڭۈل قىلما پەرىشان،
قىزىلگۈلدۇر ساڭا ھەم يارۇ ھەم جان.
..............................
بەلەند پەرۋاز بول ھەر گۈلغە باقما،
سۇ يەڭلىغ ھەر شەجەر تەھتىگە ئاقما.
كۆڭلنى جەمئىي قىلغىل ئىككى بولما،
ھەۋەس بىرلە يۈرۈپ ھەر گۈلنى سورما.
كۆڭۈلنى بىر قىلىپ، بىر گۈلنى تۇتقىل،
يەنە ھەر جاي بولما بىرنى سۆيگىل.
تىكەنغە سالما كۆزنى گۈلسارى سال،

تىكەندىن رەنج يەتسە گۈل بىرۇ بال.
بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
ساچىپ بالىن كۆزىدىن قويدى ئەشكىن.

بۇلبۇلغا دانا سەبانىڭ نەسىھىتى يول كۆرسەتكۈچى چىراغ بولۇپ قالىدۇ. بۇلبۇل ئەنە شۇ سەبا كۆرسەتكەن يول بىلە كۆرەشكە ئاتلىنىپ، ئەمدىكى ئالدىدا ئۇچرىغان توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىقلارنى بۇسۇپ ئۆتەلەيدىغان قۇدرەتلىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىزىلگۈل ۋەسلىگە يېتىش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەس مۇقىملىققا كۆتۈرۈلىدۇ. بۇلبۇل ئوبرازلىرىدىكى بۇ كامالەتنى بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن قۇشلار ۋادىسىدا سەككىز قۇش بىلەن قىلغان مۇنازىرىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.
ئەمدى بۇلبۇلنىڭ قۇشلار مۇنازىرىسىدىن كېيىنكى قىياپىتىدە بۇرۇنقى ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان، ئاق - قارىنى ئايرىيالمايدىغان، كورەش نىشانىسى شەكىللەنمىگەن بۇلبۇلنى ئەمەس، بەلكى كۆز قارىشى ئوچۇق، ئىرادىسى مۇقىم، كورەش نىشانىسى ئوچۇق، پىشىپ يېتىشكەن جەڭگىۋار ھالەتنى كۆرىمىز:

بۇ سەككىز قۇش بىلەن سۆھبەت ئولدى،
كى بۇلبۇل كۆڭلى دەردۇ غەمگە تولدى.
بۇ سەككىز مورغدىن بىگانە بولدى،
قىزىلگۈل ئىشقىغا دىۋانە بولدى.
چۇ بۇلبۇل ئۆزىگە تاپمادى مونىس،
دېدىكىم يوق ئىكەن ھەم دەردۇ ھەم جىنس.
قىلىپ پەرياد بۇلبۇل ئۇردى ئەفغان،
قىزىل گۈل فۇرقەتىدە بولدى نالەن.

چۇ تەرھى ھال بولدى مەنتىقۇتتەيىر،
تامام ئۇلدى سوئالۇ ھەم جاۋابى تەممەتولخەيىر.

بۇلبۇل سەبا ياردىمدە زىددىيەت توقۇنۇشلار تاۋلىنىشىدىن قەدەممۇ قەدەم ئۆتۈپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ. خاراكتېرى شەكىللىنىپ پىشىپ يېتىشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاخىر ئۆزىنى ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن، ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا قۇربان قىلىش كىشىگە تاسادىپىيلىق ھېس قىلغۇزمايدۇ. بۇلبۇلنىڭ ئۆلۈمى كىشىگە ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش ئەمەس بەلكى خۇددى شائىر ھېسسىياتىدەك بۇلبۇلنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇش ھېسسىياتىنى ئويغىتىدۇ. كىشىدە بۇلبۇلدەك روھتا كونا دۇنياغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ...

كىشى قەلبىگە ئەنە شۇ ئېستېتىك تۇيغۇ ئەسەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىمانلار سەبا، بۇلبۇل، گۈل ئارقىلىق كىرىپ كېلىدۇ. ئەسەردە گۈل بۇلبۇلغا ئەڭ سادىق. ئاق كۆڭۈل. ئىرادىسى ئەڭ مۇستەھكەم گۈزەل يار قىياپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يۇقىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسەر مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەردىكى سۆزۈت بۆلەكلىرىنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا خىزمەت قىلمايدىغان بىرەرمۇ ئېپىزوتى كۆزگە چېلىقمايدۇ.

ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ بىر ئالامىتى شۇكى، سىمۋوللۇق خاراكتېرنى ئالغان سەككىز قۇشنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ئىجتىمائىي، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى شۇ تىپتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە ئاجايىپ ماس چۈشكەن. ئۇلارنى شائىر بۇلبۇل بىلەن مۇنازىرە قىلغۇزۇش شەكلى ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىنى ماھارەت بىلەن ئېچىپ تاشلىسا، ئۇلار ئارقىلىق بۇلبۇلنىڭ خاراكتېرىنى بىر بالداق يۇقىرى

كۆتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنى بىز شائىردىكى يېتىلگەن بەدىئىي ماھارەت دېيىشكە ھەقلىقمىز. داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلاشتا شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يېتەرلىك ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن مەسىلەن، قۇشلار مۇنازىرىسى ۋە بۇلبۇل بىلەن سەبا مۇنازىرىسى، سەبا بىلەن گۈل مۇنازىرىسى ۋە باشقىلار...

بىز كومپوزىتسىيە دېگىنىمىزدە، ئەسەردە ئىجادكارنىڭ دىققەت مەركىزىنىڭ روشەنلىكى، بەدىئىي غايىسىنىڭ ئېنىقلىقى، شۇنىڭغا ئاساسەن ئەسەردىكى چوڭ - كىچىك قىسىملار ھەمدە ئوبرازلارنىڭ جاي - جايىغا قويۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەسۋىرى ئۆلچىمى ۋە مەقسەتكە مۇۋاپىقلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەسەردە يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسى ناھايىتى روشەن بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن قەھرىمانلارنى جاي - جايىغا توغرا قويالىشىدىن تاشقىرى، ئۇلارنى قانچىلىك تەسۋىرلەش ئۆلچىمىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلمىغان. ئاپتور نەزىرىنىڭ مەركىزىدە ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى توشۇغۇچى بۇلبۇل تۇرىدۇ. قالغان قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتى، سۇژېت لىنىيىسى باش قەھرىمان بۇلبۇلنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشكە ناھايىتى زىچ ھالدا ماسلاشتۇرۇلغان، نەتىجىدە ئەسەر كومپوزىتسىيىسى پۇختا، پىششىق بولۇپ، ئەسەر بەدىئىيلىكىنى كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بەدىئىي تىل بىلەن ئۆلچىنىدۇ. چۈنكى ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى، ياكى خۇنۇكلۇكى ھەممىسى بىزگە بەدىئىي تىلنىڭ ياردىمى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردە ئاپتورنىڭ غايىسىنى توشۇغۇچى ئوبرازلار ھۆجەيرىسىدىن تارتىپ، پۈتۈن

گەۋدىسىگىچە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى
بولغان سۇژېت، كومپوزىتسىيىگىچە ھەممىسى تىل ياردىمى
بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تىل
ماھارىتى ئۇ تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتى ۋە ئادەمنىڭ ئەڭ
نازۇك ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەشتە مۇۋاپىق تىل تاپالىغانلىقىدا
كۆرۈنىدۇ. سالاھىنىڭ بەدىئىي تىلىنى ئۆز زامانىسىغا
نىسبەتەن ساپ، روشەن، راۋان، يارقىن، ھەممە
چۈشىنەلەيدىغان، يېنىك، قويۇق ئەدەبىي تۈسكە ئىگە، رەڭدار،
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بەدىئىي تىل دېگىلى بولىدۇ.
ئۇ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى، ئىچكى
دۇنياسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە يېتەرلىك تىل تاپالايدۇ. ئۇ
بەدىئىي تىل ئوبرازلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ستىلىستىك
ۋاسىتىلەردىن كەڭ پايدىلىنالىغان.

بۇلۇر يۈز دەرد ئاشىق ئۆزگەلەردىن،
ئەگەر ئاھ ئەتسە قان تۆكەر جىگەردىن.

ياكى:

كى جوشى ئىشق ئىلە ئارتار فىغانى،
كى ئۇنىڭ ئۇچقۇنى ئۆرتەر جاھاننى.

ياكى:

تۆكۈپ كۆز ياشىنى ئاھۇ ناۋادا،
فەلەك تىترادى بۇلبۇل كۆز ياشىدا.

شائىرنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت يەنى
ئۆزىنىڭ بەدىئىي تىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەرەب، پارس
تىللىرى ئامىللىرىدىن تازىلاشقا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز تىلىنى
خەلق تىلى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشقا، ھەممە ئادەم
چۈشىنەلەيدىغان قىلىشقا تىرىشقانلىقى داستاندا ئوچۇق بىلىنىپ

تورۇپتۇ. ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن قارىغاندا شائىر شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرنى ئاللاغا ۋە تۆت چارىياغا ھەمدۇ سانا ئوقۇشتىن باشلاشتەك كونا قېلىپنى بۇزۇۋەتكەن. بۇنىمۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. سالاھى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىۋى يۈكسەكلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بولۇپمۇ، جۇڭغار خوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئېپىك قەھرىماندا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە زور قىممەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

# شائىر مەھزۇن

يول تاپماي ئىزىپ كۆز قارارىپ ھەيرەتتە،
غەم دەشتىدە نى تىندىم ۋەنى ئۇيقۇ لازىم.
يۈز مەرتىۋە جان لەپكە يېتىپ ئۇشبۇ سىتەمدىن،
ئۈمىد ۋىسال ئىلە بەدىنگە سولادىم.
ئۆمر ئىچرە خوتەن دەشتىدىن تۈن - كۈن يىغلاپ،
ئاقنى قاراغا، قارانى ئاققا ئۇلادىم.

دەپ يازغانلىقىدىن لىرىك شائىر مەھزۇننىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس.

شائىر «دىۋانى مەھزۇن» نىڭ كىرىش سۆزىدە:

دوردى بى ھايات موستاپاغا،
يەنە ئەۋلادى ئەسھابى ساباغا.
خوسۇسدىن خۋاجەئى ئىسھاق ۋەلىغە،
مەيى ۋاھىدتنى ئىچكەن پوردىلى.

شائىرنىڭ يۇقىرىدىكى شېئىرىي كۇپلېتىدا بايان قىلىنغان ئىسھاقنىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە ھايات كەچۈرگەن مەشھۇر شەخس ئىكەنلىكى بىزگە باشقا تارىخىي

ماتېرىياللاردىن مەلۇم. شۇڭا بىز يۇقىرىقى مەلۇماتقا ئاساسەن شائىر مەھزۇننى XVII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا تەئەللۇق شائىر دەپ پەرەز قىلىمىز.

ئۇ يەنە:

نە ئۇچۇنكىم ئاندا باراي، مۇندا مەن قالماق بولاي،

ئۆمۈردىن ئەللىككە يەتتىم بولدى كۆپرەق ھەسرىتىم.

ئەسرو مەھزۇن مەن ئىلاھا رەھىم ئېتىپ قىلغىل كېرەم،

يوز غۇلاچتىن كۆپ گۇناھىم، بىر غېرىچ يوق تائىتىم.

دېگەن ھەسرەتلىك مىسرالىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرىيەت سەۋىيىسىگە ۋە بەدىئىي تەپەككۇر يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلىرىگە قارىغاندا ئۆز يۇرتىدا، ئۆز زامانىسىگە نىسبەتەن ئالىي مەلۇماتلىق، ئىلغار زىيالىي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر «دىۋان»ىدىن ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى بويلاپ ساياھەتكە چىققانلىقى مەلۇم، ئېھتىمال ئۇ ئۆز يۇرتىدا «مەدرىس»نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈشكە چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، چۈنكى «دىۋان»دىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ شۇ ساياھەت قىلغان چاغلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنى جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بولغان يەرلىك ھاكىملىرىنىڭ فېئودال زۇلۇمى، سوفىزم ئىس - تۈتەكلىرى قاپلىغان بىر چاغ بولغاچقا، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە قارشى ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىپ:

مېنى مەھزۇن ئېتاي بۇ غۇربەت ئىچرە،
خوتەن مۇلكى مېنىڭ ئىردى دىيارىم.

دەپ يازغانىدى.

بىزنىڭ زامانىمىزغا شائىرنىڭ باش - ئاخىرى زىيانغا ئۇچرىغان، تولۇق بولمىغان «دىۋان مەھزۇن» ناملىق ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ بۇ دىۋانى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 1 - سان، 1982 - يىل 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. بىز تەھلىلىمىزنى ئەنە شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئېلىپ بارىمىز.

## شائىر مەھزۇننىڭ لىرىكىسى ۋە لىرىك قەھرىمانى

لىرىك قەھرىمان يۇقىرىقى بابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىرىنچى شەخس «مەن» ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھازىرقى زاماندا سۆزلەيدۇ. لىرىكا ئالەمنى — ئىجتىمائىي مەۋجۇداتنى ئەنە شۇ شەخس ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۇ شەخس ئادەتتىكى ئاددىي شەخس ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي شەخسدۇر.

سوۋېت مەدەنىيەت ئەربابى لوناچارسكىي: «شائىر ئىجاد قىلىدىكەن، ئۇ تەنھا نىكولاي ئالېكسېۋىچ بولۇپ قالمايدۇ. ئۇ ئەمدى ناھايىتى نۇرغۇن ئىنسانلار ئاممىسى پىكرى، تۇيغۇسى، كەچۈرمىلىرىنىڭ جارچىسىغا ئايلىنىدۇ. شائىر ئىجاد قىلىدىكەن. يۈزمىڭلار، مىليونلار ئۈچۈن سۆزلەۋاتقانلىقىنى، مۇنبەر ئىكەنلىكىنى، ۋەتەنداشلىرى بىلەن ئېھتىمالكى، ئەدەبىيات بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. خۇددى ئەنە شۇ ئورۇندا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي شەخسى ئۈستۈن

كېلىدۇ، ئۇ قايتا تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ قەلب قوڭغۇرىقىدا ئەڭ ياخشى، ئەڭ تازا مېتال جاراڭلاپ سادا بېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك غايەت مۇھىم بىر شەرت مەۋجۇت بولۇشى لازىم، يەنى مانا شۇ قايتا تۇغۇلغان زات، مانا شۇ ئىجتىمائىي ئادەم، مانا شۇ ئىنسان ئۆز شەخسى بىلەن بۈيۈك بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئۇ بۈيۈك شائىر بولالايدۇ»①

شائىر شەخسىنىڭ بىرىنچى پىلانغا چىقىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ئالەمنىڭ ئەكس ئېتىشى، لىرىكا قىياپىتىنى بەلگىلىگۈچى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەنە شۇ بەلگىلىگۈچى خۇسۇسىيەت لىرىكىدا ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۆزىگە خاس رەۋىشتە ھەل قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداقلار جۈملىسىگە بىرىنچى نۆۋەتتە خاراكتېر ۋە كونفلىكت مەسىلىسى كىرىدۇ. ئۇنداقتا لىرىكىدا خاراكتېر دېگەندە نېمىنى چۈشىنىمىز؟

زامان ھەم ماكاندا چەكسىز بولغان ماددىي ئالەم ھەمىشە ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، خىلمۇ خىل قىياپەتلەردە تاۋلىنىپ، ئۆز ماھىيىتىنى رەڭمۇ رەڭ شەكىلدە نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئالەمنىڭ بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ چەكسىزلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكى بىلەن ھەم ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چەكسىز رەڭمۇ رەڭ ماددىي ئالەمنىڭ ھاياتىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالەم ئىچىدە ئۆزىنى يەنە بىر ئالەم ھېسابلىغۇچى ئادەم ئەنە شۇ چەكسىز ماددىي رەڭمۇ رەڭلىك قارشىسىدا ھېچقانداق تەسىرسىز، تىمتاس، جىم تۇرۇپ قالمايدۇ. ئادەم ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكىنى

---

① لۇناچارسكىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 256 ـ بەت

ناماييش قىلىدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇ رەڭمۇ رەڭلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇ مەنىدە خاراكتېرلەرنى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ چەكسىز رەڭمۇ رەڭ دۇنياسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. خاراكتېرلەر ئىنسان مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئەنە شۇ چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ (ئىپادىلەپ) شۇنىڭ بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە خاس ئىزچىل ئۈزۈلمەس مۇتاناسىپلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

ئەدەبىياتنى ھايات دەرسلىكى، ئىنسانشۇناسلىق پىنىگە ئايلاندۇرغان ئاساسىي نەرسە ئۇنىڭ خاراكتېرلەر دۇنياسى. لىرىك خاراكتېر بولسا ئىجادكارنىڭ مەلۇم بىر غايىنى ئىدراكىي ھېس قىلىپ بىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس قارىشى، ئۆزىگە خاس مۇناسىۋىتى، ئۆزىگە خاس قىياپىتى دېمەكتۇر. ئەنە شۇ ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەت، ئەنە شۇ سۇبيېكتىپ چۈشىنىش بولمىغان جايدا لىرىك خاراكتېر مەۋجۇت بولمايدۇ.

لىرىك شېئىرىيەت پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى يۇقىرىقى ئەنە شۇ بىرلىك ۋە چەكسىزلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ۋەقەلىك ۋە ئىنساننى ئۆزىگە خاس بىرلىك ۋە چەكسىزلىكتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لىرىكا پىكىر ۋە ھېسسىياتلار دىئالېكتىكىسىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان خاراكتېر جىلۋىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن لىرىكا زۆرزۆر بولغان ئىمكانىيەت ۋە ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ ئىنسان خاراكتېرىنى يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ.

چېرنىشېۋسكى «شېئىرىيەت ھايات دراممىسى» دېگەنىدى، بۇ — ئەدەبىيات ھاياتنى ئۇنىڭدىكى قارىمۇ قارشىلىق خاھىشلار كۈرىشى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېگەن سۆز.

لىرىك شېئىرىيەت ھەم ئەنە شۇ پرىنسىپقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. قارىمۇ قارشى خاھىشلار كۈرىشى ھاياتنى، لىرىك

خاراكتېر، لىرىك ماھىيەتنى پۈتۈن يارقىنلىقى بىلەن ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر ئاجايىپ مەيداندۇر.

شائىرنىڭ «دىۋان مەھزۇن»دا ئۇنىڭ ئىجادىنى لىرىك غەزەللەر تەشكىل قىلىپ، شائىر ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى لىرىك خاراكتېرلەردە ئىپادىلەيدۇ. ئەنە شۇ لىرىك خاراكتېرلەرنى بىز مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانى دەپ ئاتايمىز.

مەھزۇن ئىجادىيىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان لىرىك قەھرىمان شۇ دەۋردىكى شائىرلارنىڭ ئىجادىدىكى سوفىزم تەسىرىدىن ئالاھىدە خالىي، ئاجايىپ يارقىن رېئالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شائىرنىڭ ئىلغار ئىستىبتىك قارىشى ۋە شۇ ئىستىبتىك قارىشى ئارقىلىق ھايات ھەقىقىتىنى بويىماي ئۆز ماھىيىتى بىلەن بەدىئىي چىنلىقتا ئايلاندۇرۇشتا، رېئالىست بەدىئىي مېتودقا تايانغانلىقى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى بويلاپ قىلغان تەكشۈرۈشىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانى شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىنى مەدھىيىلەش ئەدەبىياتى يارىتىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شۇ چاغ ئەكسىيەتچى — ئېكلېكتىك سوفىزمنىڭ تەڭرى مەركەزچىلىكىگە قارشى ھالدا، ئىنسان مەركەزچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەڭرى گۈزەللىكىگە قارشى ھالدا ئىنسان گۈزەللىكىنى قويۇپ، گۈزەل يار ۋە ئۇنىڭ رېئال سېھىرلىك كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىستېتىك ئىجتىمائىي تەسىر بەرپا قىلىپ، ئۆز ئىنسانپەرۋەرلىكىنى فېئوداللىق ئىستىبداتلىقتا ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىي خارلايدىغان ماھىيىتىگە قارشى قويۇپ، مۇھەببەت ئەركىنلىكى شەكلى ئارقىلىق ئىنسان ئەركىنلىكىنى

چىقساڭ ئەي گۈل باغ تاماشاغە «كۆجان»نى نەيلەيسەن.
تولدى قان بىرلە كۆڭۈل جامى خۇمارىم رەنجىدىن،
ساقىيا مەي بەرمىسەڭ يۇتماي بۇ قاننى نەيلەيسەن.
دەرگىھىڭدىن سۈرمە مەھزۇننى يىراق، رەھىم ئەيلەگىل،
ئاندا بىر ئىتدۇرمەن ئۆزگە ئاستاننى نەيلەيسەن.

ياكى:

سەدىقە ئەيلەيكىم ئاياغىغە ساچارمەن دەمبەم،
كۆزلارىمدىن دانا - دانا دوررى غالتەن مەن بۇگۈن.

ياكى:

كويى توپراغىن كۆزۈمگە سۈرمەدەك يەتكۈزمىسەڭ،
تىرەدۇر ئالەم قارارغان روزىگارىمدىن ماڭا.

لىرىك قەھرىماننىڭ ئۆز يارىغا مۇنداق چەكسىز، غۇبارسىز، پاك مۇھەببەت سەممىيىتىنى 2 -، 9 -، 10 -، 12 - غەزەللىرىدە ناھايىتى چوڭقۇر ھىسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى مەركەزلىك ھالدا كۆرەلەيمىز.

ئىنساندا بىر - بىرىگە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئويغىتىپ، ئۇنىڭدا سەممىيلىك، ۋاپادارلىق تۇيغۇلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنساننى ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكۈزۈپ، شۇنداق ئىنسان ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىكى ئەدەبىيات قەھرىمانلىرىدا ۋاپاسىزلىققا ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغىنىدەك، مەھزۇن ئىجابىي قەھرىمانمۇ ۋاپاسىزلىقنى ھەسرەت بىلەن ساتىرىك قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

نە دەپ ئۆزۈڭگا مېنى ئەۋۋەل ئاشىنا قىلاسەن؟
كى سوڭرە ھىجران غەمى بىرلە مۇپتىلا قىلاسەن؟

بۇ ھىجىر غەم بىلەن جان كۆڭۈلگە رەھىم ئەتمەي،
پىراق ئوتىغا سالىپ كۆيدۈرۈپ ئادا قىلاسەن؟
ئەسىر، زار مۇساپىر قىلىپ غىرىبلىقدا،
ۋىسالدىن مەنى مەھرۇم ئېيتىپ جۇدا قىلاسەن؟
ھەمىشەم باشىم ئىدى دەرگىھىڭدا ئىت يەڭلىغ،
باشىمغە سەڭگى بالا ياغدۇرۇپ جاپا قىلاسەن؟
ياپىپ يۈزۈڭگە قارازۇلپىنى نىقاپ ئەيلەپ،
كۆزۈمگە شۇنچە جاھان مۇلكىنى قارا قىلاسەن؟
بۇ جەۋىر بىرلە سىتەم - زۇلۇم ئىماستۇرۇر ھەرگىز،
قىلاي دېساڭ ماڭا مۇنچە كۆپ، يانا قىلاسەن؟

«دىۋان» دىكى شېئىرلىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، شائىر جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن رابدان چىۋاڭ، غالدان چىرىن چىۋاڭ دورجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شىنجاڭنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە يەم قىلىپ بېرىشكە سەۋەبچى بولغان ئىجتىمائىي سەۋەب — ئاق تاغلىق، قاراتاغلىقلارنىڭ قانلىق ۋەقەلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادىدا سىمۋوللۇق تۈس بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ.

شائىرنىڭ دىۋاندىكى بىرىنچى غەزىلىگە «كېسىلگەن باشىم ئۆزرە يۈز پارە» دەپ قويۇلغان ماۋزۇنىڭ ئۆزىنى جۇڭغار خوجىلار دەۋرىنىڭ قانلىق تراگېدىيىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ساباغا:

ئى سەبا بارساڭ ئاڭا دۇشمەندەك ئەيلەپ ئېھتىيات،
زارى پىنھانىمنى ئەيتۇر چاغدا ھەر يانغا قارا!

دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ بىر بېيىت غەزەل بىزگە ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت سىياسىتىنىڭ ۋەھشىيانە تېررورلۇقىدىن ئۇچۇق دېرەك بېرەلەيدۇ. مۇنداق شارائىتتا مەھزۇنغا خەلق ئازادلىق - ئەركىنلىك تىلەكلىرىنى پەقەت مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تۇرغان «يار ھىجران» ى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن باشقا يول يوق ئىدى. شۇڭا مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ گوزەل يارغا بولغان ئوتلۇق ئىنتىلىش، مەيلىنى بوغۇپ تۇرغان ھىجران دەردى، ئاھ - پىغانىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

باشىمغە ياغىپ پىراق تاشى،
تاش باشقا تېگىپ ھەمە ئۇشالغان.
قەددىم خەم ئولۇپ چېكالمادىم ئاھ،
غەم خەنجىرى باغرىمە قادالغان.
ھىجىر ئوقلارىدىن تېنىم ئاق ئويدەك،
كۆڭلۇم قۇشغە قەپەس باسالغان..

ياكى:

بارمۇدۇر ئالەمدە مەندەك بىر غەرىبى ناتۇۋان،
ۋەسل ئۇمىدى بىرلە ھىجىر ئەندۇھىدىن ئازۇردە جان.
ژالە يەڭلىغ ياغدۇرۇپ باشىمغە گەردۇن لالەدەك،
سەڭگىبارانى بىلە ئۇريان تېنىمنى قىلدى قان.
سەبىر تۇخمىن كۆڭلۇم ئىچرە ئانچە ئىكتىم ئۇنمىدى،
نى ئۇچۇنكىم ھەر زامان غەم قۇشلىرىغا بولدى دان.
ھىجىر خەيلى زۇلۇم قىلدى بى ناھايەت ۋايكىم،
بىر زامان بەرمەي ئامان يۈز قاتلادىم ئەل ئامان.
ئىشق دەشتىدە ئاقارغان ئۇستىخانىم كۆرگەن ئەل،
سىر - سەرى ھىجران ئارا دەرلار قويۇن بىرلە سامان.
كۆرگەچ ئوق دەيىر پانادا مەھرۇم ئۇلدۇڭ دەپ ماڭا،

زالىدا تەئىن ئەيلەمە مەندىن ساڭا يوقتۇر زىيان.
سەلتەنەت دەپ پەقىر ئېلىدىن ئۆزىنى پىنھان تۇتماقىم،
تەڭ بولۇر شاھۇ - گادا تۇپراغ ئارا بىر كۈن ناھان.
ئۆلگۈدەك دۇرمەن خۇمارىم رەنجىدى ئەي پىر دەيىر،
رەھىم ئېتىپ ئاغزىمغا قەترە مەي تامىز چىقماستا جان.

بۇ ئاجايىپ زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن مىليونلار قەلبى ساداسى ئەمەسمۇ؟

مەھزۇن لىرىك قەھرىمانىنىڭ تىپىكلەشكەن مۇنداق روھىي ھالىتىنى 1 -، 6 -، 7 -، 9 -، 13 -، 14 - غەزەللىرىدە مەركەزلىك ھالدا كۆرەلەيمىز.

مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ھىجران ئازابىغا يولۇققاندا «تەقدىرگە تەن بېرىپ» خۇداغا نالە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇ ئۈمىدۋار. ئۇ ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۆرەشكە ئاتلىنىپ، ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىدۇ.

كۆلبەم ئىچرە شەمئى يوق دەپ بولما مەھزۇن ناگىھان،
رەھىم ئېتىپ كەلسە ئول ئاي ئەيلەر مۇنەۋۋەر ئاقىبەت.

ياكى:

كېسىلسۇن ھىجرى تىغى بىرلە باشىم گەر مېنى مەھزۇن،
كى سەندىن ئۆزگەنىڭ زىكرىنى كەلتۈرسەم زابانىمغە.

ياكى:

ھىجرىدىن خالاس ئىرمان ئاھكىم كېچىپ جاندىن،
ۋەسلىگە يېتەر ئەرمىش قىلسا جان پىدا دەرلەر.
شىكۋە ئەيلەمە ھەرگىز ئەي كۆڭۈل جۇدالىقدىن،
ۋەسلى قەدرىنى بىلمەس بولمىغان جۇدا دەرلەر.

ياكى:

ئىكىم خىيال ئەيلەپ شەپەق خورشىد تابىدىن دېمە!
گەردون يۈزىدىن ساچرىغان قۇربانلاردىن قان ئىرور.
زەبھ ئەيلە ئىسمائىل كىبى قىلغىل قەبۇل رەھىم ئەيلىبان،
جانىنى پىدا ئەيلەپ بۇگۈن مەھزۇن ساڭا قۇربان ئىرور.

زۇلمەتلىك زامانغا، ئۇنىڭ ئەزرائىلدەك ۋەھشىي سەلتەنىتىگە، ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە ھۇدۇقماي قاراپ، زور جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ بۇ جەڭگىۋار قىياپىتىنى 2-، 3-، 4- ۋە 18- غەزەللىرىدە تولۇق كۆرەلەيمىز. ئەمما مەھزۇننىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى جەڭگىۋارلىقىنىڭ جەمئىيەت كۈچ سىيلىشتۇرمىسىدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان شارائىتتا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن كېلەچەك ئەۋلادلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان ئېغىر بۇرچ خىجالەتچىلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئالىيجانابلىق پەزىلىتىنى مۇنداق ئاجايىپ نازۇك تۇيغۇ بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەيدۇ:

كۆز تۇتارمەن يار قەبرەمگە بىر ئوق ئاتارمۇ دەپ،
سۇ سېپىپ پەيكانىدىن ئويقۇمدىن ئويغاتقايمۇ دەپ.
يىغلادىم ئۇ شوخ ھالىمغە نەكەللۇم قىلماغاچ،
كۆزلەرىمدە ئوينىغان ياشىمغا سۆز قاتقايمۇ دەپ.
ھىجىر خەيلى خەستە جانىنى قىلىپ بىر كۈن ئەسىر،
يار ئۈمىدىم ئىشق بازارى ئارا ساتقايمۇ دەپ.
ئاھكىم يۈز مەرتىبە قىلدىم ساباغا ئىلتىجا،
كويى توپىراغىغا جىسمىم خاكىنى قاتقايمۇ دەپ.
توپىراغىم باشىغا سالغان گۇلخانىمغە ئاغنىتىپ،

مۇنتەزىر مەن ياد ئېتىپ كۆيي ئەتلارى ياتقانمۇ دەپ.
بىر ۋەسىيەتنۇر ساڭا ئى دوستلار ئۇلىيارىنىڭ،
كۆيىنى ئايلاندۇرۇپ نەشىمنى توختاتقايمۇ دەپ.
مەھزۇنا بۇ دەردلىغ نەزمىڭنى كۆپ پاش ئەتماگىل،
ئوقۇماي پىنھان قىل، ئەمدى ئېلىنى يىغلاتقايمۇ دەپ.

بۇ ئالىيجاناپ ئاجايىپ چوڭقۇر تۇيغۇنى شائىر مەھزۇنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ گىنىئاللىقى دېمەسكە نېمە چارە بار؟!

شائىرنىڭ بۇ ئۇلۇغ تۇيغۇسىنىڭ دىئالېكتىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانىنى ئۆز دەۋرىنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىقىنى يۈزمۇ يۈز پاش قىلىش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

يەلەك سەھەردە كۆلۈپ مېھرىنى ئايان قىلادۇر،
بىرەۋنى يىغلاتىپ ئاخشام ئۇنى ناھان قىلادۇر.
كۆڭەلنى باغلاما مېھرىغە ئۇل ئىرۇر بەد مېھر،
دىمى بۇزال نىچە ئېلىنى ناتاۋان قىلادۇر.
ھىلال مېھرى ئەمەس تىغى دەشنە ئىرۇر ھەرشام،
شەپەق ئىماس تۆكۈپ قانىنى راۋان قىلادۇر.
نە يەردە ئەھلى ۋاپا بولسە ئىستەپ ئۇنى تاپىپ،
بالا ئوقىنى ئاڭا ياغدۇرغالى نىشان قىلادۇر.
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئۇنىڭ يوق شۇئارى ھەر سائەت،
يامانىنى ياخشى قىلىپ، ياخشىنى يامان قىلادۇر.
بۇ دەھىر باغىدا ھەر غۇنچە كولماكىن ئاڭلاپ،
سەبا يارىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تورفە قان قىلادۇر.

ياكى:

ئۇنىڭ جەۋرۇ - چاپاسى بىرلە يۈزمىڭ پارەدۇر كۆڭلۈم،
ئۇنى ئىستاردا گويا سابىتى سەييارەدۇر كۆڭلۈم.
ھەمىشە دەھىر ئىلىنىڭ كۆلپىتىدىن چارائى تاپماي،
زەھىپۇ ھەم نەھىپۇ ئاجىزۇ - بىچارەدۇر كۆڭلۈم.
نىتەي يۈز ئاھ چەككەن بىرلە يەردىن ئۆرلىمەس ھەرگىز،
مالامەن تاشىدىن تۇپراق بىلەن ھەمۋارەدۇر كۆڭلۈم.
ئۇرۇج ئەيلەر پەلەككە زارلىقىدىن يىغلاغان ياشىم،
تاماشا قىلغالى تەبىئىي ئەھلىگە پەۋۋارەدۇر كۆڭلۈم.
غۇبار ئەيلەپ ئۇچۇرغاندىن ھاۋادىس سەر - سەر ھەريان،
بالاتاشى ئارا مەجنۇن كەبى ئاۋارەدۇر كۆڭلۈم.
نىچە دىۋانەلىقدىن سەرزىنىش قىلما ماڭا بائىس،
سىنىڭ مەجنۇنلىغىڭغە ئول پەرى رۇخسارىدۇر كۆڭلۈم.
قۇتۇلماسلىقغە قالدۇق چەرخى كەجرەپتار زۇلمىدىن،
ساڭا ھەم خەستە مەھزۇنغا سىتەم، ھەر بارەدۇر كۆڭلۈم.

مەھزۇنىنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئۇچۇقتىن ئۇچۇق ئىسيانكار دېموكراتىك روھنى 8 - غەزەل ۋە «چىراقى نىشى بىرلە باغرى قان بولدۇم» قاتارلىق غەزەللىرىدىمۇ ئۇچۇق كۆرەلەيمىز.

مەھزۇنىنىڭ لىرىك قەھرىمانى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە بىۋاستە نارازىلىقىنى قەھرىمانلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ بايان قىلغان چېغىدا، ئۇ فېئودال مەنۋىيىتىنىڭ تىرىكى بولغان زاھىتلارنىمۇ ھەقىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇچۇقتىن ئۇچۇق ئەيىبلەيدۇ.

يامان دەپ زاھىدا يول بەرمەدىڭ مەيخانەگە كەلدىم،
نەخوشتۇر دەيرى پىرى باقمادى ياخشى ـ يامانغە.

ياكى:

سىنى بىزدەك قىلىپ، بىزنى سىنىڭدەك قىلسا ھەم تاڭ يوق،
خاتا ئۇرمىش مەلۇمات قىلما ـ ئى زاھىد تولا بىزگە.

مەھزۇن لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئەركىنلىك باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ھەققانىي پىكىرىنىڭ دىئالېكتىكىسى ئەمدىلا ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىيات خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن خەلقچىل ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىۋاتقان خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ، سىنىپىي ئاڭ باسقۇچىغا قەدەم تاشلاپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا باي، كەمبەغەل سىنىپىي تەبىقىنى ئېغىزغا ئالىدۇ.

قانائەت پىشە قىل ئىستەسەڭ كەۋنەيىن ئارا ئىززەت،
تەمەيلاپ زامانە بايلىرىدىن ئۆزەڭنى خار ئەتمە.

خەلققە ئىشەنگەن، خەلقنىڭ يارىتقۇچى كۈچىگە ئىشەنچ قىلغان ئىجابىي قەھرىمان ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ ئىشەنچ باغلاشقا جۈرئەت قىلىدۇ.

بۇ غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلگەن كۆڭۈل تاپماس ھايات،
ناگىھان ئىسسە نەسىمى ئۆز دىيارىمدىن ماڭا.

دەپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.

مەھزۇن لىرىك قەھرىمانىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن غايىۋى تەرەققىيات يولى بىزگە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ خەلقچىللىققا

كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، مېتود جەھەتتىن تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى شائىر ئەنە شۇ دېموكراتىك خەلقچىل روھىنى لىرىك قەھرىمانلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئېپىك قەھرىمانلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۆرۈنۈپ كۆرگەن. بۇنى شائىر ئىجادىنىڭ يەنە بىر باسقۇچى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

شائىرنىڭ «دىۋان»نىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن ماۋزۇسىز كىچىك داستانى بۇنىڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ. بۇ داستاندا يەرلىك فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمەتلىك ماھىيىتى ۋە سوپىزمغالىق ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ كائىناتتىن تارتىپ، پۈتۈن ماددىي مەۋجۇت ئۆگىنىش ئوبيېكتى بولسا، ئەمدى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ پسىخىك ئىچكى دۇنياسىنى ئىنسانشۇناسلىق دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئەدەبىياتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر. ئەدەبىي ئەسەردە ھايۋانلار، ئۇسۇملۇكلەر، قۇرت-قوڭغۇزلار نېمە يېزىلسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى توشۇغۇچى بەدىئىي ئوبراز بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

شائىرنىڭ داستاندا ئۆز خىسلەتلىرى بىلەن ھۆرمەت تالاشقان قوغۇنلار ئۆزئۆزىنى مۇنازىرىدىن كېيىن ئۆزلىرىگە پادىشاھ مانارىخنى مۇنداق تەختكە چىقىرىدۇ:

قوغۇنلار مەسلىھەتنى قىلدى چەندان،
يېتىپ كۆڭلىگە بىر سۆز قوپتى مىژگان.
دىدىكىم تەخت تاجۇ پادىشاھلىق،
ياراشۇرھاشىمغا چۈنكى لايىق.
قوغۇنلاردىن بېرىسى تەدبىرلىكتۇر،

ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى تەسىرلىكتۇر.
تەرىقبۇل ئەقىلدىن ئەقلى زىيادە،
دىلاۋەرلىكدە رۇستەمدۇر پىيادە.
قوغۇنلارغە بۇ سۆزنى قىلدى ماقۇل،
بىرىپ ھاشىمغا تەختۇ - تەجەممۇل.
قوغۇنلار ھاشىمنى قىلدىلەر شاھ،
قوغۇنلار بولدى ئەنجۇم، ھاشىمى ماھ.
چالىپ ئۈچ كۈندۈز شادىيانە،
مۇبارەك باد باھكى بادىيانە.
قوغۇنلار ھاشىمغا كەلتۈرۈپ تەخت،
تۇشاپ ئول تەختنىڭ ئۈستىگە رەخت.
چىقىپ ئولتۇردى بۇ تەخت ئۆزرە ئول شاھ،
پەلەك تەختى ئۆزە ئانداغكى ئولماھ.
قويۇپ باشىغە تاجى خۇسرۇ ئايىن،
كىيىپ ئەگنىگە تون دىبايى زەررىن.
شىجائەت بىرلە دارايى زامان ئول،
ئادالەت بىرلە ھەم نۇشىراۋان ئول.
ئىسنەندەر ھەشمەتۇ جەمشىد شەۋكەت،
فەرىدۇن فىتروتۇ مىررىخ سالابەت.

ئەمدى ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ئىچكى كابىنىتىنى تۈزۈپ، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمنى يۈرگۈزۈپ، خەلق بېشىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

يىغىپ بارچە قوغۇننى ئەيلەدى جەم،
ئۇلار پەرۋانەدەك بولدى ئۇزى شەم.
يېقىنراق چىرلىدى مىڭگانىنى ئول شاھ،

كۆرۈپ بارچە قوغۇندىن ئۇنى دىلخاھ.
ئاڭا بەردى ماماللىك ئىچرە دەستۇر،
زىمىن بوس ئەيلەدى ئول بولدى مەمۇر.
ۋەزىرى جۇملە تۈلمۈلىك بولدى مىژگان،
كېلىپ ئولتۇردى ئول چۇن ماھى تابان.
خوتەنگە قىلدى ھاكىم نەي شەكەرنى،
ساخاۋەت بابىدا ھاتەمدەك ئەرنى.
ئۆزى ھەم ئاقىل ئەردى ھەم باھادۇر،
سۆزى ئانداغكى ئەردى بى باھادۇر.
بىشەكتىبرىن خوتەنگە بولدى ئەلەم،
زىيادە بارچەدىن ئەللا مەدىن كەم.
خوجە دەستارنى قىلدى خەلىپە،
دۇئاگۇيلۇق بىلە يەيدۇر ۋەزىپە.
قىلىپ لوبىيانى ئىشكاغا رول ئول شاھ،
ھاكىم بەگنىڭ ياندا بۇيرىدى جاھ.
قارىقاش شەھرىگە ئەركانى ھاكىم.
بولۇپ ئول شاھقا بىسيار قىلدى تازىم،
كىلىبان كۆك ناۋات ئەرز ئەيلىدى ھال.
دېدى ئول كەريەنى بەردىم ساڭا ئال!
كېلىپ ئەرز ئەيلىدى خەلقى يورۇڭقاش،
يورۇڭقاشقا «جورە قەند» بولسۇن دەپ باش،
يورۇڭقاشقا جورە قەند بولدى ھاكىم.
ناۋازۇ بىرلە قىلدى شاھقا تەسلىم،
بولۇپ چۆمەن ھېكمى ھەندى ناۋات.
قىدىر شاھ بەگ دەپ ئاڭا قويدىلار ئات،
كېلىپ تەزىم قىلىبان تۇردى جاغدا.
ئاڭا مەنسەپ بۇيۇردى گۈنجۇ تاغدا،
خەزانەچى بولۇپو نەشفاتى قوغۇن.

يىغىپ ئۇل شاھقا نەقدىن قىلدى مەمنۇن،
باسىپ ئالدى كېلىپ شاڭ بېگى بولدى.
نى كۆزى تويدى، نى ئۆزى تويدى،
خوتەنگە بەرگى نەيكى قازى بولدى.
خوتەنگە قازا بولدى رازى بولدى،
نىقىپ ئاق تورنا بولدى ئالدى ئىنئام.
تاۋازۇ بىرلە قىلدى شاھقا ئىكرام،
بىلىڭلار ئاقچەنى كىم قاش بېگىدۇر.
دېمەكىم قاش بېگى ئوتاش بېگىدۇر،
قىلىپ دىۋان بېگى تورلۇغ قوغۇننى،
دېدى سەن ئىلغاغىل ئوبدان زەبوننى.
تۇمەن بېگى قىلىپ كۆك تۇرنانى شاھ،
دېدى ئالبانچىلارغا باشلاغىل راھ.
مىراپ ئابىھايات بولدى كۇجانغا،
ئۇنىڭدىن سەبزەلىك بولمىش جاھانغا.
خوتەنگە بولدى تاربوز شەيخول ئىسلام،
كىشىگە بىر زامان بەرمەيدۇ ئارام:
«ئوقۇغىل كۈندە دەپ بەش ۋاقىت ناماز»نى،
«ماڭا بەرگىل دىبان نەزرو نىياز»نى.
نە ئوبداندۇر مۇسۇلمانلىقتا بۇ ئىش،
«مۇنى قىلغان كىشى جەننەتكە كىرمىش.»
سېرىغ ھرنى قىلدى پادشاھ شەب،
كېچە ھېچكىم يامان ئىش قىلماسۇن دەپ.
بولۇبان ئاق ناۋات مونىشى دانا،
قونۇن روقىئىغە يازماقتا تاۋانا.
شاقاۋۇل بورنا يوق ئەردى خوتەندە،
ئاجايىپ دىلجەم ئەردۇك ئۆز ۋەتەندە.
كى بولدى ئابدۇغاپپارى شاقاۋۇل،

ۋەتەندە تىنغالى قويمايدۇرۇر ئول.
ئۆزىنى ئەرز قىلدى كەلدى بەدرەڭ،
چىرايى سارغايىپ يىگەن كەبى بەڭ.
ئىشتكىل خۇلقى بەدرەڭ مىرغەزبدۇر،
جازا بەرگەن كىشىگە بى ئەدەبدۇر.
شەھەرگە توچى تويماس دورغا بولدى،
ئۇلۇس ئالدىدا ئانىڭ يورغا بولدى.
باكاۋۇل پاشاھغە پەركەچىدۇر،
بىلىپ دىۋانغە ئىش يەتكۇرگۇچىدۇر.
ياساۋۇل شاھقا خامانچى بولدى،
تىلاكى بار ئىدى يوز ئانچە بولدى.
.......................................

مەدەت بەردى بىشەك شىرىنغە چىلگى،
مونىڭ تۇتتى ئۇنىڭ قولىغە ئىلكى.
ھەمىشە چىلگىلەرگە ئەيتادۇر دەرس:
«مۇنىڭدە ئالىم ئەمدى يەنە كەلمەس.»
ئوقۇتۇپ چىلگىلارنى مۇللا قىلدى،
خەلىپە كىسىۋەتىنى مەللە قىلدى.
كىيىپ ئەگنىگە مەللە تون خەلىپە.
ئېلىپ يەيدۇر رىيا بىرلە ۋەزىفە.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن نەقلىمىزدە خوجىلار دەۋرىدىكى يەرلىك فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ فېئودال خاراكتېرى، ھاكىمىيەت مېخانىزمىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىكى، ئېكسپىلاتاتسىيە ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت شەكلى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان سۈيۈرغاللىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى، ئۇلار تۈپەيلى خەلق ئۈستىگە چۈشكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي زۇلۇم

ناھايىتى تەپسىلىي ھالدا ئوبرازلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلانغان. بۇ ھالنى شائىر دەۋرىدىكى فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق سىياسىي تۈزۈمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا. شائىر مەھزۇن ئۇچۇن بىلىم جەھەتتىن خېلىلا يۇقىرى سەۋىيە، سىياسىي جەھەتتىن ئاجايىپ زور جۈرئەت، قەھرىمانلىق، جاسارەت دېگەنلى بولىدۇ.

مەھزۇن ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى بەدىئىي ئوبرازلاردا تېپىكلەشتۈرۈپ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە خاراكتېرلەردە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، بۇ بەدىئىي رېئاللىق خەلقنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ئازادلىق مەسىلىسىنى ئوچۇق، ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە دۈشمىنى بولغان فېئوداللىق چىرىك ئىستىبداتلىق تۈزۈمنى ئوچۇق، ئاشكارا رەھىمسىزلەرچە پاش قىلىش ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ زامانىۋىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، بەدىئىي سالماقدارلىق ئېيتىپتىك قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەيلى غەربتە بولسۇن، مەيلى شەرقتە بولسۇن، ئىنسانىي رۇھلىك باسقۇچىدا مۇنداق ئۈچ خۇسۇسىيەتكە، يەنى ئىنساننى ئەزىزلەش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنسانى خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلەش؛ ئەدەبىياتنى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى (ئادالەت، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنساننىڭ ئەركىن پىكىرلىك بولۇشىغا ھەقلىق ئىكەنلىكى ...) نى ھەل قىلىشقا يېقىنلاشتۇرۇش؛ ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى — بىرىنچى نۆۋەتتە تىلىنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش ...قاتارلىقلارغا ئىگە. ئەدەبىياتتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك باسقۇچ غەربتە شېكسپىر دەۋرىگىچە، روسىيىدە ھەتتا گوگول دەۋرىگىچە داۋاملاشقانىدى. بۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ زور ئاجىزلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنى

سىنىپتىن ئۈستۈن قويۇپ، خەلقتىن ئايرىلىپ قالاتتى. چۈنكى بۇ ئەدەبىيات سىنىپي زىددىيەتلەر تېخى كەسكىن تۈس ئالمىغان دەۋرنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

سىنىپي زىددىيەتلەر بىرقەدەر كەسكىن تۈس ئالغاندا ئەدەبىياتتا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەبىياتتىن بىرەر بالداق يۇقىرى بولغان خەلقچىللىق پەيدا بولدى.

ئەدەبىيات خەلقنىڭ چېچىلاڭغۇ پىكرىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ ئۇنى يەنە خەلققە قايتۇرىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئەدەبىياتنى خەلق ئېڭىنىڭ ئەينىكى دەيمىز. ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئېڭىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە خەلق ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان دەۋردە ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى شەكىللەنگەن بولىدۇ. خەلق مەنپەئىتىنى ئوچۇق هالدا ئۇ ياكى بۇ يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئەدەبىياتتا خەلقچىللىق دېيىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىقنىڭ باش ئۆلچىمىدۇر.

شائىر مەھزۇن ئىجادىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ئوچۇق - ئاشكارا هالدا باي، كەمبەغەل دېگەن سىنىپي ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ ۋە فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈمى بىۋاستە ئوچۇق، ئاشكارا پاش قىلىنىپ، خەلق مەنپەئىتى قوغدىلىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك باسقۇچىنى ئۇزاق بېسىپ ئۆتۈپ خەلقچىللىق باسقۇچىغا قەدەم قويۇۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر مەھزۇننى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىرلىك شائىرلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا سوفىزم تەسىرى ناھايىتى ئاجىز، ھەتتا يوق

دېيەرلىك. شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن لىرىك غەزەللىرىدە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئىلمىي قانۇنلۇق ئۆلچىمىگە لايىق 7 دىن 9 غىچە بېيىتلىك بولغان بەندلىك لىرىكىغا ماس غەزەل شەكلى ئىشلىتىلسە، ئاخىرىدىكى كىچىك داستانىدا ئېپىك قەھرىمان يارىتىشقا ماس كېلىدىغان مەسنەۋى شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ھال شائىر ئىجادىدىكى شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي ژانىر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ھەر بىر شېئىرىدىكى شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان رىتىم، تۇراق، قاپىيە بەندلەر ناھايىتى مۇستەھكەم بەدىئىي قانۇنىيەتكە ئىگە، مەزمۇن ئېھتىياجىغا قەتئىي بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ، كۈچلۈك ماھارەتكە ئىگە، ھېچقانداق جايدا شەكىلۋازلىق ئۇچرىمايدۇ.

شائىرنىڭ غەزەللىرىدە 7، 9 بېيىتلىك بەندلەرنى قوللىنىشى غەزەللىرىنى لىرىكىنىڭ ئۆچمەس ھارارىتى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، غەزەللەردىكى شېئىرىي بۆلەكلەر غەزەل مەزمۇنىغا تولۇق خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىدىن ھەر بىر غەزەلدىكى كونفلىكت لىرىكىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن جەريانىدا يېشىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر بىر غەزەلدىكى لىرىك كەچۈرمە ئۆزىگە خاس يېرىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ زامانىۋىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەر بىر غەزەلدىكى لىرىك كەچۈرمە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ۋە شائىر تەرجىمىھالىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئەدەبىي قانۇنىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر چوڭ ئالاھىدىلىك شۇكى، ھەر بىر مىسرادىكى پىكىر سەزگۈلەر كەينىگە يوشۇرۇنغان ۋە

پىكىر ھېسسىيات بىلەن ناھايىتى زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، شېئىرىي خاھىشچانلىقنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، شېئىرىي تەسىرچانلىقنى ئىنتايىن زور ئېستېتىك كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقىلارنى مەزمۇن شېئىرىيىتىدىكى شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىيلىك دەيمىز.

ئەمدى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان بەدىئىي تىلغا كەلسەك، شائىر مەھزۇن تىلىنىڭ ساپلىقى، ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا يېقىنلىقى، تىلىنىڭ تاۋلانغان دەرىجىسى، روشەنلىكى، راۋانلىقى، بەدىئىي بوياقدارلىقى، ئاپورىستىك ئاممىلارغا بايلىقى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن سۆز سەنئەتكارلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتا سىتىلىستىك ۋاستىلەردىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىشتىن باشقا، شېئىرىي مىسرالىرىدا باشلانغۇچ سۆز تەكرارى، ئاخىرقى سۆز تەكرارى، ھاجىپ، رادىفلاردىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقىنى ئاشۇرۇپ، شېئىرىيەتتىكى ئېستېتىك تەسىرچانلىقنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شائىر مەھزۇن كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس ھەرپ ئوبرازلاردىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ.

گويا جىنندەتكە دەۋزەختىن چىقىپ كىرگۈنچە بار،
ئۆز دىيارىمغە ئەگەر يەتسەم بۇ غۇربەت شەھرىدىن.

ياكى:

سۇنبۇل ئۆرتەندى تۇتۇندەك چىرماشىپ،
ساچىلارىدىن كۆردى مەگەر ساچباغ ئارا.

ياكى:

يۈزۈڭدىن بەرق يەڭلىغ تۇشتى بىر ئوت ھىجرانىمغە،

ۋۇجۇدۇم خىرمىنىن ئۆرتەپ تۇتاشتى خانىمانىمغە.

ياكى:

يول شىددىتىدىن بولسا ساۋۇق، ھىجىر ئوتىدا،
بىر - بىر سۆڭىگىم سوك، سوك ئوتۇندەك قالادىم.

ياكى:

قان ئاقار ھىجىر ئوقلىرى بىرلە تېشىلگەن زەخمىدىن،
قەتلى گاھى ئىشق جالادىغە ناۋاداندۇر تىنىم.

شائىر مەھزۇننى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا رېئالىزمنى شەكىللەندۇرۇش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىدىن خەلقچىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىغا ئۆتۈشكە باتۇرلارچە يول ئېچىش قۇتلۇق قەدىمى بىلەن، ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنى بېيىتىش ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئېپىك ئوبراز يارىتىش قاتارلىق ناۋاتورلۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر بەدىئىي تەپەككۇر مۇنبىرىدىن پارلاق ئورۇننى ئىگىلەشكە ھەقلىق شائىر دېيىشكە بولىدۇ.

# شائىر موللا پازىلنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شۇنداق ئەنئەنىسى باركى، بىرىنچىدىن، شائىر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرى، ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەرەبچە «ئەبجەد» ھېسابىدا شۇ سانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرەر سۆزنىڭ قېتىغا سىڭدۈرۈپ، يوشۇرىدۇ ـ دە، ئۇنى «پالانى» سۆزنى «تارىخ» قىلدىم دەپ ئەسكەرتىدۇ. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بۇ «تارىخ» ئاتالغۇسىنى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەدەبىي ژانىر دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئەسىر شائىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىگە مەخسۇس تەرجىمھال يېزىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. تەرجىمھالىنى يازغان ئەسىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزى لايىق كۆرگەن ئورۇنغا قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تەرجىمھالىنى تېپىش ھەمىشە قىيىنغا چۈشىدۇ. شائىر موللا پازىلدىمۇ ئەنە شۇ ھالنى ئۇچرىتىمىز.

كىتابىم تەئرىخى قايغۇدا ئىردى،
دېمەك غەم ـ غۇسائى قايغۇدا ئىردى.

دېمەك، شائىر كىتابىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى «قايغۇ» سۆزىنىڭ قېتىغا يوشۇرىدۇ. «قايغۇ» سۆزىنى ئەبجەد ھېسابى بىلەن ھېسابلىغىنىمىزدا ھىجرىيە 1117 ـ يىلى، مىلادىيە 1705 ـ

يىلى يازغانلىقى ئېنىقلانسا، ئەسىرنىڭ خاتىمىسىدە:

شود بتەۋفىقى خۇدايى لايە نام،
ئىن كىتابەت روز پەنجشەنبە تەمام.

ئەمدى شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، شائىر ئۆز ئەسىرىنى 1705- يىلى روزا ئېيىنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى يېزىپ تاماملىغان. كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

ئۆزۈمنىڭ سىن سالىم ھەمد ئىردى،
دىلۇ، جانىم، خەيالىم غەمدە ئىردى.[1]

بۇ جايدا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى يېشىغا «ھەمد» سۆزىنى «تارىخ» قىلىدۇ. ئەبجەد ھېسابىدا «ھەمد» سۆزى «52» نى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ شائىر پازىل ئۆز ئەسىرىنى 52 يېشىدا 1705- يىلى روزا ئېيىنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن رابدان چېۋاڭ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان بولۇپ، يەرلىك قورچاق ھاكىمىيەت بېشىدا ئاق تاغلىقلار گورۇھىنىڭ، يەنى ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، خەلق سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا قوش زۇلۇم دەردىنى چەكسە، مەنىۋىيەت ئاسمىنىنى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىنىي - شەرىئەت، سوفىزم ئىس- تۈتەكلىرى قاپلىغان، ئىلىم - مەرىپەت ئاق تېررورلۇق چاڭگىلىدا ۋەيران بولغان زامان ئىدى.

شائىر «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالى بايانى» دېگەن بابىدا:

---

[1] «بۇلاق» ژورنىلى، 1988- يىل 1- سان، 12- بەت.

ئاتىم «پازىل» ئىدى بولدى «كىچىك» نام،
«كىچىك» دەر ئىردى بارچە خاس ئام.

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئىسمى، خەلق ئارىسىدا تارقالغان لەقىمىنى بىلىپ ئالساق، يەنە شۇ بابتىكى:

كۆڭۈلدە بار ئىردى كۆپ دەردۇ غەملەر،
ئۆيۈمدە بار ئىدى كۆپ كۈس كەملەر،
بار ئىردى باشىمە يۈزمىڭ سەۋدا،
ئىجارەدار ئىدىم هۇۋلۇمدا غەۋغا.
سابۇن خانە مېنىڭ قولۇمدا ئىردى،
تولا تەرجى مېنىڭ هولۇمدا ئىردى.
بېرشىم كۆپ كىشىگە بار ئىردى،
كى هەجەتمەندلارىم ئەغيار ئىردى.

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ هۈنەرۋەن - كاسىپ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قورۇ- جايىغىمۇ ئىگە ئەمەس، كىشىلەرگە هەتتا «ئەغيار» لارغا قەرزدار، ئېغىر هاياتتا، ئەمما ئۆز مېهنىتى بىلەن هالال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، ئالىيجاناب ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئۇنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ:

ئۆزۈم بىر نامرات ئىردىم ئايالمەند،
يەنە هېچنەرسە يوقتۇر غەيرى فەرزەند.
يېقىلغاندا قوپارغا يوق مەجالىم،
ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇ هالىم.

ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ يۇرتى، كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا ئۆز ئەسىرىدىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەمما تارىخىمىزنىڭ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ خەلقىمىز بېشىمىزدىن كەچۈرگەن شۇنچە دەھشەتلىك، قاباھەتلىك ئەسىر شىۋىرغانلىرىغا قالقان بولۇپ، ئۇلارنى يېڭىپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئەسىرىمىزگە چەكسىز باي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يەتكۈزۈپ كېلىپ بىزگە تەقدىم قىلىۋاتقان بۇ چاغدا، شائىر پازىلغا تەئەللۇق مەلۇماتلارمۇ بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ھازىرقى مۇقەددەس نۇرلۇق دۇنيايىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مۇمكىن.

شائىر پازىلنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزغا 254 بەت، 5592 مىسرا ھەجىمگە ئىگە بولغان يىرىك داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن» يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ داستاننىڭ «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1988- يىل 1- ۋە 2- سانىدا ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشۇلغان ناھايىتى زور قىممەتلىك گۆھەر بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر كلاسسىك داستان ژانىرىنى تەتقىق قىلىش، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات يوللىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ زور ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. خەلق ئېپوسىغا تايىنىپ يارىتىلغان شائىرنىڭ بۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن 221 يىل كېيىن، ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن بىر ئەسىر ئالدىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، شائىرنىڭ داستانى ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى خاھىشقا، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىستىلغا، ئۆزىگە خاس زامانىۋىلىككە، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىستېدات، ئۆزىگە خاس ماھارەتكە ئىگە.

شائىرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەسىرى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تەرجىمىھالىغا دائىر ماتېرىياللاردا شائىر ھاياتىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنىلا كۆرىمىز. شائىرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ

تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە پۈتۈن ئىجادىيىتىنى يورۇتىدىغان پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ھازىرچە ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ھازىر شائىرنىڭ قولىمىزدىكى يىرىك ئەسىرى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ غايىۋى، بەدىئىي سەۋىيىسىگە، بەدىئىي ماھارەت ئىستىپداتىغا، ئىشلەتكەن بەدىئىي تىلىغا قارىغاندا ئۇز دەۋرىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى توگەتكەن، ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ داستانىدىن ئۇنىڭ ئەرەب - پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى، ئەنە شۇ تىللار ئارقىلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئەينى ئوقۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆز سەۋىيىسىنى ئاشۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

شائىرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەسىرى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ غايىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىدىن شائىرنىڭ مۇشۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگۈچە خېلى ئۇزۇن مۇشەققەتلىك ئىجادىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مانا شۇ ئىجادىي جەريانىنىڭ ئۆزى شائىرنىڭ ئاز بولمىغان ئەسەرلەرنى ياراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇلارنى ئىزدەپ تېپىش، قېزىش، نۇۋەتتىكى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇندەرىجىسىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. بۇ كېلەچەك ئىشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر بىر ئاڭلىق گراژدانىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى.

## شائىرنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى توغرىسىدا

مۇھەببەت تېمىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا، يالغۇز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك تۇس بىلەن ئىنسان ئازادلىقى

ئۇچۇن كۆرەشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇپ كەلدى.

داستان پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ بۇرۇن تۇغۇلغان ئەنئەنىۋى ئېپىك ژانىر. ھاياتنى ئۆز قىياپىتى بىلەن كەڭ سۈرئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىككىنچى تەبىئەت، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ياراتقان ئىنساننى جانلىق، ماھىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەڭ قەدىمى بولغان خەلق ئېپوسلىرىدىن يازما ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا داستان (بۇ جايدا يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنكى يازما داستانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) غايەت زور رول ئوينىدى.

ئەدەبىياتتا ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى، ئەركىنلىكى، ئازادلىقىنى پەلسەپىۋى سىمۋولىستىك ئوبراز يارىتىپ كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈش XI ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى، شەرق ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر كلاسسىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» تا دۇنيا مىقياسىغا چىقتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەنئەنىسى تۆمۈرىلەر دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يەنە بىر بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» لىرى بىلەن تۇتۇشۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىك يەدئىي غايىلىرى، نەۋائىي «خەمسە» لىرىدە ئۇ ياكى بۇ يول بىلەن تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ۋە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋى ۋە ئەدەبىي چوققىلىرىغا كۆتۈرۈلدى.

جۇڭغار خوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان موللا پازىل مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىنسان ئازادلىقىنى كۈيلەش، ئۇنىڭغا قارشى بولغان

ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆچلەرنى پاش قىلىش، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش، ئالىيجاناپ ئىستېتىك روھ ئويغىتىش ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى سىمۋولىستىك ئوبرازلاردا ئەمەس، بەلكى رېئال ئىنسان ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇردى. شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇ ھال ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئەدەبىي مېتودنىڭ ئالغا قاراپ سىلجىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا رېئالىزمنىڭ شەكىللىنىشى ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىر موللا پازىل ئۆز داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى يېزىشتا بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى خەلق ھاياتى ئىكەنلىكىنى خېلىلا چۈشەنگەن ھالدا جاھان كېزىپ ئۆز ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كىرىپ مەن رەستەئى بازار ئىچرە،
كى گويا نافەئى تاتار ئىچرە.
كىرىپ سەير ئەيلەدىم شەھىرى جاھانى،
كۆرۈپ فەھىم ئەيلەدىم ياخشى - يامانى.

ئەدەبىيات ھەممىگە ئايانكى، تىل سەنئىتى. ئۇنىڭ شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ بىرلىكى بولغان ئوبراز يارىتىش، ئوبرازنىڭ تولۇق، جانلىق بولۇپ چىقىشى يازغۇچىنىڭ ھاياتنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدىن تاشقىرى ئۇنىڭ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ئۈچۈن ھەقىقىي بەدىئىي تىلغا ئىگە بولۇش تۈپكى ئالدىنقى شەرت. بۇ مەسىلىنىمۇ شائىر پازىل چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۇ بەدىئىي تىلنى يالغۇز شەرق ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات كلاسسىكلىرى ھەم خەلقتىنلا ئۆگىنىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تىلىنىڭ كانىدىن ئۇنىڭ دۇردانىلىرىنى تاللاپ تېرىپ ئالغانلىقىنى مۇنداق بايان

قىلىدۇ:

تاپسا ئىزدەپ بارى تاغلار ئاراكان،
تاپسا ئول كاندىن لەئلى بەدەخشان.
بۇ كۆڭلۈم قۇشلارى قۇشلاردا بۇلبۇل،
بارى گۈللەر ئاراسىدىن قىزىلگۈل.
قوشۇلۇپ ئەرز ئول دەريايى ئۇممان،
ئالسا دەريا تەھىدىن دۇررى غەلتەن.

شائىر ئەسەر يېزىشتا ھەل قىلغۇچ يۇقىرىدىكى ئىككى زۆرۈر ھالقىنى ئىگىلەپ، تولۇق شەرت ھازىرلاپ ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭ يېزىقچىلىققا خېلىلا يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئاڭلىق ھالدا كىرىشكەنلىكى، بەدىئىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئىگىلىگەن ئادەم ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ.

خەلق ئېپوسى يازما داستانچىلىقتا مەنبە بولۇپ كەلگەنلىكى يالغۇز شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا، ھەر قانداق مىللەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورتاق قانۇنىيەتتۇر. داستانچىلىق ئۆز تەرەققىيات جەريانىدا سۇژىتىنى خەلق ئېپوسلىرىدىن ئالسا، لىرىكىنى شېئىرىيەتتىن ئالدى.

شائىر موللا پازىل ئۆزىنىڭ لىرىك ئەسىرى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى يارىتىشتا ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن كلاسسىكلارغا ئوخشاشلا خەلق ئېپوسى «لەيلى ۋە مەجنۇن» دىن سۇژىت ئالدى. بۇ ۋەقەنى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن كلاسسىكلارغا ئوخشاشلا، ئەرەب چۆللىرىدە ياشايدىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما قەھرىمانلىرىدىكى مىللىي تۈس، ئوبرازلاردىن تۇغۇلىدىغان

خاھىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋەتىنى، ئۆز يېرى، ئىجتىمائىي تۈزۈم، رېئال ھاياتتىن تۇغۇلغان ئېستېتىك قاراتمىلىقىغا ئىگە بولۇپ، شائىرنىڭ ئەينى زامان ئەكسىيەتچى سىياسىيدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ۋەقەلىكنى باشقا جايدا پەيدا بولغان قىلىپ كۆرسىتىش تەدبىر - چارىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شائىر داستان سۈژىتىنى بايان قىلىشتا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

داستاننىڭ كىرىش قىسمىدا ئاللاغا ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بولغان تۆت چاريار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ. ئەسەرنىڭ بەدىئىي غايىسى سىڭدۈرۈلگەن خاراكتېرلەرنىڭ تارىخى ھېسابلانغان بەدىئىي سۈژىتنىڭ باش تېمىسىنى ئۇششاق تېماتىكىلارغا بۆلۈپ ئىزچىل بايان قىلىپ، باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا ئۇ ئاساس قىلغان ئەسلى خەلق ئېپوسى «لەيلى ۋە مەجنۇن» نىڭ ئېپوسلۇق خاراكتېرى خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئەسەر باش قەھرىمانلىرى قەيس ئەرەب ئامىر قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەرى ۋە سەركەردىسى، ئۇمۇر بويى پەرزەنت كۆرمىگەن ئائىلىدە؛ ئاللاغا سېغىنىش ۋە ئاللانىڭ ئاشىقى بولغان ئادەملەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، يىراق بىر بوستانلىقتا ئاللاغا ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قانداقتۇر ئۇلۇغۋار خىسلەتكە ئىگە، «غايىبنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ تىلەك-ئارزۇلىرىنى ئاللا دەرھال بەجا كەلتۈرىدىغان» دەرۋىش شەيخنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنياغا كەلسە، لەيلى ئەرەبلەرنىڭ بەنى قەبىلىسىنىڭ مۆتىۋەرى باي ھۈنەرۋەن زەرگەر نوغمانىنىڭ ئائىلىسى، ئۇمۇر بويى پەرزەنت كۆرمىگەن، سەراقە ئائىلىسىدە

(قەيس دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن سىراقە نوغماننى تەبرىكلەپ كېلىپ، نوغماننىڭ مەسلىھەتى بويىچە خوددى يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق) دۇنياغا كېلىدۇ. جۈملىدىن خوددى خەلق ئېپوسلىرىدا ئېيتىلغىنىدەك ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ۋە خاراكتېرلىرى چۈشلىرىدە ئۇچراشقان «خىزىر»لار تەرىپىدىن بېشارەت بېرىلىپ، «قەيس» ۋە «لەيلى» دەپ ئات قويۇلىدۇ.

ئەسەر قەھرىمانلىرى خەلق ئېپوسلىرىدەك ئىلاھىيلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىنچىل گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ئالدى بىلەن دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان قەيسنىڭ تاشقى قىياپىتى تۆۋەندىكىدەك سۈرەتلىنىدۇ:

قاشىنىڭ تەرزى گويا بىر ھىلالى،
قەدىنىڭ نازۇكى نەخلى نىھالى.
لەبى غۇنچە ئىدى ياقۇتۇ مەرجان،
بەنى ئامىرلاغە ئول كەلدى مېھمان.
خىجىل ئىردى كەۋاكىپ زۆھرە بىرلە،
كى ئۇينار ئىردى ئولخەر موھرە بىرلە.

قەيس تېخى بۆشۈككە سېلىنماستىنلا خۇنۇكلۇك، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق، پەسلىك، زالىملىق، مېھرىبانلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

قەيسنىڭ ئانىسى مەككار زالىم خوتۇن ئىدى.

قىلۇر ئىردى تۇمەن تەئزىم ئاناسى،
كى ئىكرام ئىچرە يوق ھەرگىز خەتەسى.
ئاڭا قىلدىلار دائىم بىر قوش ئاندا،
تايانۇر ئىردى ئۇرنىدىن قوپاردا.

ياشى ئۇتتۇرا، چىرايى قوخلۇق ئىردى،
ھەمە خاتۇنلار ئىچرە مەخلۇق ئىردى.
جىلا چەككۈش ئىردى قار ئاۋاز،
بارى مىكرۇ ھىلەلەرئىچرە تەنباز.
كۆمۈر سۇرتۇپ قاشىغە ئۇسمە يەڭلىغ،
يۈزى ئىردى ئائىنگكى باسما يەڭلىغ.
بۇ فەند بابىدا شاكىرد ئىردى ئىبلىس،
ھۈنەر ئىردى ئاڭا بۇ مىكىر تەلبىس.
ئۇجۇبە ئىردى ئول ئۇگرە پىشانە،
بىرور ئىردى جەۋانلىقىدىن نىشانە.
يانىدا قامچىيۇ ئىگنە قولىدا،
خوتۇنلارغە يەمان سۆزلەر تىلىدا.

ئەنە شۇ زوراۋان، زالىم ئانا ئوغلى قەيسنى قولغا ئالغاندا تىخى بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈلمىگەن قەيس مۇنداق قارشىلىق قىلىدۇ:

بەناگاھ قەيسنى قولىغە ئالدى،
كى گويا باغرى بىرلە يەرگە چالدى.
كۆزىنى ئاچتى كۆردى بۇ قەرىنى،
مەگەر زىندانغە سالدى بۇ پەرىنى.
يىغى سالدى بىر ئوق چىمدىلاغاندەك،
جاراھەت بولدى باغرى تىرماغاندەك.
ئاچىپ ئاغزىن يۇمۇپ سالدى كۆزىنى،
بۇ يەڭلىغدۇر دىبان دۇنيا يۈزىنى.
خەيەل ئەتتى بۇ ئالەمغە ئۇجۇبە،
ئاناسى ئىردى گويا ئەسكى جۇبە.
يىغىدىن بىر زەمان ئولتۇرماس ئىردى،

كۆزىن ئاچماي يۈزىنى كۆرمەس ئىردى.
نادامەتلەر قىلىپ بۇ كەلگەنىگە،
ئاناسىنىڭ يۈزىنى كۆرگەنىگە.
خىيالىغە بۇ كەلدى چىقسە جانى،
قۇتۇلسە بۇ قەرىدىن بىر زەمانى.
زىيادە قىلدى ئول سائەت بەسائەت،
بۇ نۇئماندىن ئۆچۈپ كۆككە فەراغەت.

قەيسىنىڭ بۇ يىغىسى پەرزەنت تەشنالىقىدىن ئەمدىلا يېشىلگەن نۇغماننىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر قايغۇ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. ئاتا يۈرەك پارىسى بولغان، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ ئوغلىنى ئۆز زامانىسىنىڭ تېۋىپلىرىدىن تارتىپ، داخانلىرىغىچە ھەممىنى چاقىرتىپ داۋالىتىدۇ، نەزىر-چىراغلارمۇ قىلىدۇ ئەمما ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

شائىرنىڭ ھاياتقا ئىستېتىك مۇناسىۋىتى بويىچە قەيس قەلبىنىڭ ئاچقۇچى ئالىيجاناب، مېھرىبان ئىنسان قولى ئىكەنلىكى داستاندا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

قۇچاقىغە ئالىپ بىر ھۆرۋەش قىز،
ئانىڭكى كۆلكىسى ئىردى شەكەر رىز.
چىرايى ئىردى بىر ماھى دىلئارا،
مۇنىڭكى بۇنچەسى بولدى دىلئاسا.
كۆلۈپ - ئويناپ بۇ قىزغا تىكتى كۆزىن،
ئاچىلغان لالە يەڭلىغ ئاچتى ئاغزىن.
قىلىپ بۇ قىز ئەۋۋەل ئىڭگاھ- ئىڭگاھ،
قاتىپ سۆز بولدى ئول گوياكى بىر شاھ.
خىيال ئەتتىكى بىر ھۆرى بېھىشتى،
مۇنىڭ ئىردى بۇ سۇرەت سەر نەۋىشتى؛

بۇ قىزنىڭ يۈزىگە ئەيلەپ تاماشە،
بولۇر ئىردى كۆڭۈللەرگە دىلاسا.
يىغىسى پەست بولدى بۇ بەلادىن،
قۇتۇلدى خاجە نوئمان مىڭ جەفادىن.

شائىر قەيس بۆشۈككە سېلىنغاندىن كېيىن ئەھۋالنى تېخىمۇ مۆجىزىلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. قەيسنىڭ تەبئىي ئىنسانىي، ئۇنىڭ مۆجىزىلىك خىسلىتىنى سۆيۈش سەزگۈسى ئۇنى «ئەللەي» ئورنىدا تەربىيىلەيدىغان چاك، ئود، بەرباد سادالىرى ئارقىلىق تەربىيىلەپ ئۆستۇرىدۇ.

قەيس تۆت ياشقا كىرگەندىلا ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغىنىدۇ. . . . ئەدەبىي قەھرىمان يارىتىشتا فولكلور — ئېپوسلىرىدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىنى شائىر ئۆزىنىڭ ئىكستانچى سوپىلارچە پەيلاسوپىيىلىك كۆز قارىشى بويىچە بۇ ئاللانىڭ «تەجەللىسى» ئىدى دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. شۇڭا زاكىسىدىلا قەيسنىڭ قەلبىدە:

زەكاسىدا بار ئىردى ئىشق مەيلى،
كى ئاخىر بولغۇسى مەھبۇپ مەيلى.

قەيسنىڭ مانا شۇ تەرىقىدە، تۆت يېشىدىلا قەلبىدە مۇھەببەت ھېسسىياتى ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئۇنىڭ بۇ تارىخىي شارائىتتىكى قىسمىتىنى سېزىشكە باشلايدۇ.

كى گويا قەيس بىر قىران ئىردى،
بۇ يەڭلىغ ئەيش ئىلە تۆت ياشقا كىردى.
سورار ئىردى كىشىدىن ئىشق سۆزى،
يانار ئىردى ئانىڭ شەمئى فىروزى.

........................

مۇھەببەتلىك كىشىلەرنى قاشىدىن،
يىراتماس ئىردى ئۈزۈلۈپ باشىدىن.
بۇ ئىشق ئەھلىگە ئىردى ئارزۇ مەند،
قىلۇر ئىردى بۇ ئىشقا ئەۋج خۇرسەند.
سوراپ فەرھاد ـ شىرىندىن ھېكايەت،
ئۇلار ئەۋسافىنى ئەيلەپ ھىمايەت.
يەنە يۈسۈپ ـ زىلەيخەدىن سوراپ سۆز،
قىلىپ ئۇممان كەبى ئىككى قارا كۆز.
يەنە ۋامۇق بىلە ئۇزرا ئىشىنى،
كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارنىڭ ئەندىشىنى،
بۇلار ھالاتىغە ھەسرەتلەر ئەيلەپ،
بۇ ئاشىق ئەھلىگە ھەيرەتلەر ئەيلەپ.
بۇلاردىن ئەيلەبان ھەر بىر نىشانى،
قىلىبان نالەۋۇ ئاھۇ فىغانى.

داستاندا ۋەقەلىكنىڭ باياناتى كەڭ، تارماقلىق، تەپسىلى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، قەھرىمان خاراكتېرى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. قەيسىنىڭ ئاتىسى نوغمان باتۇر، قەيسەر، ئوقۇمۇشلۇق، ئەقىدار مۇسۇلمان ئىدى... ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرى پات ـ پات توپلىنىپ تۇراتتى. بۇنى قەيسىنىڭ كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تېپىك مۇھىتىنىڭ بىر قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن قەيس مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغاندا باشقا باللاردەك ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەيدۇ، ئىلىم دەرياسىغا شۇڭغۇيدۇ. نەتىجىدە مەكتەپتە ئۇزاق ئۆتمەي داڭقى چىقىدۇ... شائىر ئۇنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى تەرىپىنى، نوغماننىڭ دوستى لەيلىنىڭ ئاتىسى سەراقەنىڭ نوغماننى

تەبرىكلەپ كەلگەن چېغىدا نوئمان ئاغزىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

دېدى نوئمانكى : «ئەي جانىم بەرادەر،
فىدا ئەيلەيكى مەن ھەم جان ئىلەزەر.
بالام زاۋقى ئىرور كۆڭلۇم كەلامى،
ئاڭا مەكتەپ ئىرور بۇ فەتىھ بابى.
كى تورفە زاۋقى باردۇر بۇ ئوقۇشقە،
مۇئەللىمدە رىزا يوقتۇر سوقۇشقە.
بولۇپ كۆڭلى ئانىڭ مەكتەپتە رەۋشەن،
ئىرور مەكتەپ ئاڭا چۈن باغى گۈلشەن.
مېنىڭ ھەم بۇ كۆزۈم ئىچرە قاراغىم،
جاھان ئىچرە ئىرۇر خاتىرە فەراغىم.
كۆيەر جانىم ئەگەر ئايرىلسە بىر دەم،
ئىرور ئول مۇنىسى جانىمغە ھەمدەم.
مېنىڭ ئالدىمدا ئول جاندىن ئەزىزدۇر،
جاھانىڭ ياخشى شاھى باتەمىزدۇر.
خۇيىنىڭ ياخشىسى رىزۋاندىن ئارتۇق،
قەدىنىڭ ياخشىسى تۇبىدىن ئارتۇق.
كۆزىنىڭ تەرزىدۇر ئاھۇيى مۇشكىن،
فەقىرلىق بابىدا ئابدالۇ مىسكىن.

دېمەك، قەيس ئوبرازى تېخى «لەيلى» تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

داستاندا قەيس مەكتەپتە ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى جەۋلان قىلىشقا باشلىغان مانا مۇشۇ پەيتتە، لەيلىنىڭ ئاتىسى سەراقەنىڭ سەرگۈزەشتە «سەۋەبلىرى» تۈپەيلىدىن لەيلى دۇنياغا كېلىپ، قاراڭغۇ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ.

مۇنىڭدەك ياخشى بىر كۈن، سائەت ئىچرە،
تۇغۇپتۇر سەئد كەۋكەب تالىئى ئىچرە.
كېلىپ بۇ دايەلەر كۆردىلەر قىزدۇر،
بۇ ئالەم ئىچرە شاھى بانەمىزدۇر.
نە كۆردىلەركى بىر زۆھرەئى چىنى،
بارى قىز ھەلقەسىدۇر، ئول نىگىنى.
كۆزى زۆھرەسىكەبى، يۈزى رەڭگى لالە،
قىلۇرلەر جەمئى بۇلبۇللار نەۋالە.

لەيلىمۇ خۇددى قەيستەك تېپىك شارائىتتا ياخشى تەربىيە ئېلىپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ بەش يېشىدىلا خاراكتېرى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ مەرد، قولى ئوچۇق، سېخىي، مېھماندوست، خۇش خۇي، پەزىلەتلىك، گۈزەل قىز بولۇپ يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ۋە خاراكتېرىنى شائىر ئاجايىپ زور يېتىلگەن ماھارەت بىلەن مۇنداق سىزىپ چىقىدۇ:

كى بىر رەئنا ئىدى لەيلىئى مەھۋەش،
قەدى زىبا ئىدى يا سەرۋى دىلكەش.
خىجىل ئىردى بۇلار بارچە قەدىدىن،
بويۇنلارنى ئۈزارتىپ مەنزەرىدىن،
قارا كاكۇل ئاڭا ھۆسىن چىن ئىردى،
كە مەندى ھەلقەسىن چىن دەرچىن ئىردى.
قاراسىدىن رەڭ ئالدى سەيىر زاغى،
يەدىدىن مۇنفەئىلدۇر ئەتىر باغى.
مىسالى قاشى مىھرابى مۇئەززەم،
ھىلال ئىدىيا ماھى مۇھەررەم.
ئانىڭدا كەملىكى گوياكى بىر يا.

بولۇپ قەۋسى قوزەھ ئالدىدا گويا.
كى ھەر كىرپىكلىرى بىر خەنجەرى تىز،
كۆزى مەردۇملارى جەللادى خونرىز.
كۆزى زۆھرە ئىدى يا مۇشتەرى فام،
قىدا ئەيلەر ئىدى كۆب جان نىكۇ نام.
ۋە يا نەرگىس ئىدى يا ۋەھشى ئاھۇ،
بۇ لەيلى ئىشقىدا دەر ئىردى ياھۇ.
كۆزى بىر جادۇ ئىردى ئۆزى ئەييار،
كۆڭۈل ئالماققەدۇر ئەييار تەييار.
قەراغى ئىككى تىيرەنداز ئىردى،
ئۇلارغا سەيد كۆپ شەھباز ئىردى.
كۆزى ئوتلۇق قەمەر تەلئەت نىگارى،
پەرۋىش ھۇر سۇرەت گۇل ئۇزارى.
خۇيەنىڭ ياخشىسى رىنزۋاندىن ئارتۇق،
نە رىنزۋان بەلكى تەندە جاندىن ئارتۇق.
يۇزىدىن مونغە ئىلىندۇر شەمس ئىلە ئاي،
گەھى لەيلىنى كۆرسە دەيدۇلار «ۋاي».
رۇخى زىباسىغە ھەم تەڭ يوق ئىردى،
ئانىڭكى رەڭگىگە ھەم رەڭ يوق ئىردى.
ئەزەلدە ئىردىلەر رەئنايى دىلكەش،
كى ئاخىر بولدىلار بىر- بىرىگە پىشكەش.
گۇلىستاندا ئاچىلدى لالەئى گۇل،
بۇلار ھەم قورقۇبان بولدىلا ھەم قۇل.
كى خۇشھال بولدىلار ئۇلدەم كۇلۇشۇپ،
كى ئاخىر بولدىلار مەزرەئدە تۇشۇپ.
بۇلار ھەم لەيلى ئىشقىدا بىرىپ جان،
كى ئاخىر بولدىلار يەر بىلە يەكسەن.

بۇنى ماھارەت بىلەن سىزىلغان سىرتقى قىياپەت ۋە خاراكتېرىستىكا دېيىشكە بولىدۇ. داستاننىڭ بىرا پۈتۈن ۋەقە ئېقىمىدىن قارىغاندا، شۇ جايغىچە بولغان ئۇزۇن ئېكسپوزىتسىيىسىدە نوغمان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى، جۈملىدىن سەراقە ئۇنىڭ قەبىلىسى، ئۇلارنىڭ ئۆز قەبىلىلىرىدە تۇتقان ئورنى، سىرتقى قىياپىتى، خاراكتېرىستىكىسى ۋە پەرزەنتلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى: شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى كۆز ئالدىمىزدا ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ.

ئەسەر قەھرىمانلىرى ئەمدى ئېپوسلۇق ئىلاھىي تۇسلەردىن قۇتۇلۇپ رېئاللىققا قەدەم تاشلايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىغا، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىدىكى تۈپكى مەقسەت بولغان — ئادەم قەلبىدىكى ئادەمنى ئويغىتىش، ئۇنىڭدا پاك ئىرگۇ ۋە گۈزەل ھېسلارنى يېتىشتۈرۈش ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن، ئۇلارنى قۇللۇققا چۈشۈرىدىغان ماددىي ۋە ئەخلاقىي نەرسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش، نادان ھايۋانىي ھېسلارنى قوزغىتىدىغان، ئادەمگە نەپرەتلىنىدىغان، ئادەمنى قەلبىگە داغ سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق نەرسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا بۇرۇلىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىكنىڭ تۈگۈنى لەيلىنىڭ مەكتەپكە كېلىشى، قەيس بىلەن تونۇشۇشى، بىر-بىرىگە مۇھەببەت قويۇشى بىلەن باشلىنىدۇ.

ئەمدى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى خاراكتېرلەر تارىخىنىڭ جەريانى بولغان سۆزىنىڭ ۋە سۆزىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان زىددىيەت تەرەققىياتى جەرياندا قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

قەھرىمان خاراكتېرىنى ئېچىش ئامىللىرىنىڭ بىرى سىرتقى تونۇشتۇرۇش. سىرتقى قىياپەتلىرىدىن كېيىن قەھرىماننىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش ئۇچۇن قىلغان ھەرىكىتىدىن تاشقىرى، ئەنە شۇ رېئاللىققا بولغان ئىچكى مۇناسىۋىتى قەھرىمانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەش خاراكتېر يارىتىشنىڭ تۈپكى ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېزىقچىلىقتىكى بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسىنىڭمۇ تۈپكى ئامىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەيس، لەيلى مەكتەپكە كېلىپ، بىر- بىرى بىلەن تونۇشۇپ، خېلىلا ئۇزاق بىر جەريان ئۆتكەندىن كېيىن يەنى ياشلىق مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى ھەر ئىككى ياشنىڭ يۈرەكلىرىنى لاۋۇلداپ يانغان گۈلخانغا ئايلاندۇرغان تەبىئىي رېئاللىقنىڭ جەريانىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قەيس ئۆزىنىڭ لەيلىگە بولغان ساپ ئىنسانىي مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

دەر ئىردى قەيس: «ئەي جانان لەيلىم،
جاھان ئىچرە ساڭا تۈشتى بۇ مەيلىم.
سىنى مەن بارچە قىزلار ئىچرە سۆيدۇم،
بارىدىن بىر يولى كۆڭلۇمنى ئۈزدۇم.
بارىدىن سەن ماڭا دىلخاھ ئىرۇرسەن،
ئۇلار بىر يۇلتۇزۇ سەن ماھ ئىرۇر سەن.
كۆيەر جانىم ساڭا ئەي لەيلى دائىم،
كېچىلەر ئۇيقۇ يوق كۈندۈز بۇ ھالىم.
تۇتاشۇر ئوت ئاياغىمدىن باشىمغە،
تۇشەر گەر ئاش يىسەم ئەكسىڭ ئاشىمغە.
كۆرەرمەن ئەكسىڭنى ئاشدىن قالۇرمەن،
غۇلۇپەريادىن باشدىن سالۇرمەن.
كۆڭلۇم كۆككە ساۋۇردى بىر خەيالىڭ،
يەنە ئەسلىڭگە كەلتۇردى ۋىسالىڭ.
مىنىڭ دوستۇم ئىرۇر بۇ روزى رەۋشەن،
بۇ ئالەمدە باڭادۇر كېچە دۇشمەن.

قولۇمدىن كەلسە يۈزمىڭ چارە قىلسام،
يۈرەك باغرىمنى پارە-پارە قىلسام.
نە قىلغۇمدۇر ئانى ئۆلگە ئالالمام،
ئانىڭ دەردىگە ھېچ چارە تاپالمام.
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە مىڭ قان يۇتارمەن،
ئۆزۈمنى تاسەدەر ئويغاق تۇتارمەن.

بۇ پارچىدا قەيسنىڭ لەيلىگە بولغان چىن ئىنسانىي پاك مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنلۇق سۈرىتى سىزىپ بېرىلگەندىن تاشقىرى، بۇلارنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تۇرغان قارا كۈچلەرمۇ ئىنچام گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. داستاننىڭ «قەيس ھالىنى بايان قىلغانى» دېگەن بابىدا قەيسنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە 112 مىسرا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ بابنى قەيس ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ. داستاندا قەيسكە جاۋابەن لەيلىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە 106 مىسرا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنۇ پارچىسىلا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا لەيلىنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پەزىلەتلىك قەلبىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ:

كى لەيلى باشلادى مىڭ ئاھۇ ئەفغان،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ خۇن ئەبدى باران.
«تەمام ئۆلدى سۆزۈڭ ئەي قەيسى بىھال،
كى سەن بىلمەسمۇ سەن مەندە نە ئەھۋال.
ئەگەر سەن بىلمەسەڭ بۇ ھالىتىمنى،
قىلىپ نون ئىشق ئوتى بۇ قامەتىمنى.
كى بىچارە ئىرۇرمەن نە قىلايىن،
يۈرەكىم ھەر سارى يۈزمىڭ تىلايىن.

كى سەندە بار ئوتلار مېنىڭدە يوقمۇ،
گەھى سەن ئاچ يۈرۈپ مەن داغى توقمۇ،
بۇ ھەر ئەھۋالىكىم سەندە بار ئىردى،
بۇ كەڭ ئالەم ماڭا دائىم تار ئىردى.
ماڭا سەنسىز تامۇغدۇرباغى گۈلشەن،
قاراڭغۇدۇر ماڭا بۇ رەۋزى رەۋشەن.
ئەگەر جەننەتتە تۇرسام سەنسىزىن يار،
ئاياغىمغە سايار مىڭ خارە ئۆزەخار.
سىنىڭ ئىشقىڭ مېنى بىچارە قىلدى،
دەرى سەيرىستان ئىچرە خارە قىلدى.
زەرۇرۇمدۇر سېنىڭ كويىڭدا ئۆلسەم،
مۇرادىمدۇر ئەگەر ئۆلسەم، تىرىلسەم.
ئۆلۈكمەن يا تىرىك بىلمەدم ئۆزۈمنى،
كى ياخشى خاھ يامان بىلمەدم ئۆزۈمنى.
قىلىپدۇرمەن شەرابى ئىشقىدىن نوش،
قىلۇر دائىم تەنىمگە جۇش ئىلە جوش.
ئەگەر بولسە بۇ جانىمغە ھەرارەت،
قىلۇرمەن كۆز ياشىم بىرلە تاھارەت.
بۇ قىزلار ئىچرە مەن مەتئۇن ئولۇپمەن،
كى گويا دۇنيادا مەلئۇن ئولۇپمەن.
زەبانى تەئنەلەر ھەردەم ئىچەرمەن،
كۆزۈمدۇر دۇر ئىلە مەرجان ساچارمەن.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم كۆيۈپدۇر،
سەمەندەردەك ئوت ئىچرە كۆل بولۇپدۇر.
كۆيەر ئوتلار مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە،
بۇلۇتلار يىغلاشۇر بۇ ھالىتىمگە.
سېنىڭ فىكرىڭ خەيالىمغە توشۇپدۇر،
مۇھەببەت داغى جانىمغە توشۇپدۇر.

مېنىڭ لەيلىم ئىديا مەجنۇنى بىدىل،
يۈرەك باغرىم يارىپ ھالىمنى كۆرگىل.
..........................
دەرىندۇرمەن يۈرەكنى چاك قىلسام،
ئۆزەمنى بىر يولى بىر خاك قىلسام.

لەيلىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىنىڭ بۇ سۈرىتىنى ۋە لەيلى ئىچكى كەچۈرمىشگە بېغىشلانغان 106 مىسرانى لەيلىنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنامىسى ۋە ئۆز دەۋر ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ جاللاتى بولغان فېئوداللىق ئىستىبداتلىققا قارشى نەپرەتلىك شىكايەتنىڭ خىتابنامىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر لەيلى ئوبرازىدا XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆسكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ۋەقەلىك مەقسەتلىك ھالدا ئەرەب چۆللىرىدە يۈز بەرگەن قىلىپ كۆرسىتىلىمۇ، لەيلى ۋە قەيىس ئەرەب ئەمەس. لەيلىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس شەرم-ھايا، نازاكەت، ئىپپەت، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، مېھماندوستلۇق، مەرد، مەردانىلىك لەيلىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس تۇغما پەزىلەتلىرىدۇر. بۇ ئالىيجاناب پەزىلەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىگە شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكەتلىرىدە پاكلىق، ساداقەتلىك، ئىپپەتلىك سېزىلىپ تۇرىدۇ. داستاندا قەيىس ئۇنىڭغا قانچىلىك سادىق، سەممىي بولسا، ئۇ قەيىستىن قېلىشمايدۇ. شائىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈستىدىن فېئودالىق، ئىستىبداتلىق؛ ھەقىقىي ئىنسانىي ئەخلاق ئۈستىدىن فېئودال ئۆرپ-ئادىتى؛ ئىلىم-پەن ئۈستىدىن فېئودال بىدئەتى سوفىزم ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان؛ گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق ئۈستىدىن پەسكەشلىك، قاباھەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە

لەيلى ۋە قەيس تەقدىرلىرى ئارقىلىق ئەنە شۇ زۇلۇم، قاباھەتنىڭ قۇربانى بولغان ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككى ئوبرازدا كۈرەشچانلىققا قارىغاندا مۇشاھەدە ۋە روھىي كەچۈرمە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مېتود جەھەتتىن ئېيتقاندا تەنقىدىي رېئالىزم ئېڭىنىڭ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەيس ۋە لەيلى خاراكتېرىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە تىغمۇ تىغ قارشى تۇرماسلىق، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ غەم- قايغۇ، ئاھ-زارلىرى بىلەن ئىپادىلىشى، ماھىيەتتە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى ئىلغار كۈچلەرنىڭ جەمئىيەت فورماتسىيىسىدە تېخى ئۇيۇشقان ھالدا مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا لەيلى قەيسكە يۈز تۇرانا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ «زەئىپ»، «ئاجىز»، «بىچارە» ئىكەنلىكىنى:

كى بىچارە ئىرۋرمەن نەقىلايىن،
يۈرەكىم ھەر سەرى يۈزمىڭ تىلايىن.

دەپ ئوچۇق ئېيتىدۇ. لېكىن فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق تۈزۈم ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولمىغان بۇ قەھرىمانلار پەۋقۇلئاددە ئىرادە كۈچىگە ئىگە. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆمرى تۈگەۋاتقان كونا، چىرىگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە خۇراپىي دىنىي ئەقىدىلەرگە غەزەپ نەپرىتى؛ ئەركىنلىك، ئازادلىق، گۈزەل ھايات ھەققىدىكى پارلاق ئۈمىد - ئارزۇلىرى ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. قەيس بىلەن لەيلىنىڭ مەكتەپ شارائىتىدىكى ئەركىن مۇھەببىتى فېئودال كۈچلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. شائىر فېئوداللىزم

تۈزۈمىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان موللىنىڭ بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان چېغىدىكى قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تەھەييۇردا باشنى تۇتتى قالدى،
ئۆزىن زىندانى ھەيران ئىچرە قالدى.
چىرايىنى تۇكۇپ زەھىر، ئاغۇدەك،
قويى سالدى باشىن ئەسكى ساغۇدەك.

بۇ ۋەقە فېئودالىزم تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ چىرىك ئەخلاقىي ئۆلچىمىنىڭ جەندىسىگە چۈشكەن چوڭدەك ئۇلارنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋېتىدۇ. موللا بۇ ۋەقەنى قوشناچىمى ئارقىلىق لەيلىنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزىدۇ.

ئانا پۈتۈن ئۆمرىدە يىغقان مېھرىنى يۈرەك پارىسى، كۆز قارىچۇغى بولغان لەيلىگە تۆككەن بولسىمۇ، چىرىك فېئودال ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دىنىي ئەقىدە ئەخلاق ئۆلچىمى شارائىتىدا ئۆسكەن ئانىنى بۇ ۋەقە ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. داستاندا ئانىنىڭ بۇ روھىي ھالىتى، بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

خوجەستە جانىغە تەگدى بىر ئوق،
بۇ ئالەمدىن گەھ بار بولدى گەھ يوق.
دېدى: «بوگىيسو بۇرىدە نە قىلدى،
بەنى ئامىر ئارا تىلسىز قىلدى.
..........................
بۇ ئىشلاردىن ئەگەر بىلسە ئاتاسى،
كى ئۆلتۈرمەسكە ھېچ يوقتۇر خەتاسى.
..........................
كىشى سورىسا جەۋابىغە نە دۇگۇم،

تىرىكلا مەن كەفەن تونىنى كىيگۈم.
بولۇپ تىلسىز پاقادەك گوڭگو ھەم لال،
خەلايىق ئىچرە بولغۇم قارى دەللال».

يۇقىرىقى سۇرەتلەنگەن خاھىشتىن بۇ دەۋردە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ جازا دەرىجىسى فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ قانۇنى بولغان ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆلارنى دەھشەتكە سالىدىغان قاتىللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ ئېلىش تەس ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئانا لەيلىنى مەكتەپتىن توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. داستاندا ۋەقەلىك بۇ جايغا كەلگەندە جىددىي تۈس ئالىدۇ. لەيلى بىلەن ئانا ئارىسىدا چىن ئىنسانىي مۇھەببەت توغرىسىدا ئۆچۈق جىددىي مۇنازىرە بولىدۇ. پەلسەپىۋى تۈس ئالغان بۇ مۇنازىرىنى چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسلانغان ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى فېئودالىزم باغرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈۋاتقان ئىلغار كۈچلەرنىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىنسان ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇنازىرە جەريانىدا لەيلىنىڭ باي مەنىۋىيىتى، يۈكسەك ئىرادىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. لەيلى ئاخىر ئانىسىغا چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ:

سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭدىن بىر سۆز ئۆتتى،
كى سۆزلەر ئىچرە گەۋھەردىن كۆز ئۆتتى.
نە ياخشى سۆز ئىرۇر بۇ ئىشق دېگەن،
نېچۈك جانۋار ئىرۇر بۇ ئوتنى يېگەن.
بۇ بىر دارۇ ئىرۇر ياندۇرغان ئاتەش،

جەۋاھىرمۇ ئىرۇر يا ئىچىدىن تاش.
ئىچوك ئاغرىق ئىرۇر بۇدارۇ يىگەن،
ئىچوك نەرسە ئىرۇر بۇ ئىشىق دىگەن.
گۈلىستان ئىچرە گۈلدەستە نە گۈلدۇر،
ھۇبۇتات ئىچرە ئول بىر تۇرفە مۇلدۇر.
نە ياخشى سۆز ئىكەن سۆزلەر ئاراسى،
ئىكەن جانلار كەبى تەنلەر ئاراسى.
كايىتماغىل مىنى ئىش نە ئىشدۇر،
بىرىشمۇدۇر كىشىگە يا ئالىشدۇر.
كى بىر گۈلۇ ئىرۇر ئول باغ ئىچرە،
ۋە يا بىر كان ئىرۇرمۇ ئول تاغ ئىچرە.
ئوچۇغلۇقدا مۇدۇر ئانداغ نىمەرسە،
بەنى ئادەمدەمۇ مۇنداغ نىمەرسە.

ئىنساننىڭ ئەركىن مۇھەببىتىگە قارشى فېئودال ئىستىبداتلىق ۋاباسى يامراپ كەتكەن بۇ زاماندا لەيلىنىڭ ئانىسىغا تىغمۇ تىغ قارشى ھالدا يۇقىرىقىدەك ئەركىن، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت قەسىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىشى لەيلىنىڭ ئىسيانكار روھىنىڭ قەھرىمانانە ۋە جاسارەت سۆزىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ئەمما لەيلىنىڭ بۇ جاسارىتى نەچچە مىڭ يىللاپ فېئوداللىق، ئىستىبداتلىق بىلەن زەنجىرلەنگەن بۇ قورغاننى بۇزۇپ تاشلاشقا تېخى ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئانىسى لەيلىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ مەكتەپ سارىغا سەن ئەمدى بارمە،
بۇ مەكتەپ يولىدە بىھۇدە ھارمە.
ئوقۇماي ئاندە بىھۇدە يۈرۈپسەن،

ماڭا بەدنام قىلماققە تۇرۇپسەن.
ماڭا يالغۇز ئەمەس بەدنام ئاتاڭغە،
ئىشتكەنلەر دېگەي لەئنەت ئاناڭغا.
يىغى زارى بىلە قىلدىڭ ماڭا دام،
بارىپ لەۋھۇڭنى كەلتۇرگىل سەرەنجام.
ئوقۇماقنى قويۇپ يىگنە ئىشى قىل،
ئۆيۇمدە ئولتۇرۇپ قىزلار ئىشى قىل.

فېئوداللىق ئەخلاق ئۆلچىمىدە، يەنە كېلىپ ئانىسى تەرىپىدىن ئېيتىلغان بۇ تۆھمەت تۇسىنى ئالغان بۇيرۇق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە سادىق، ئەركىن پىكىرلىك لەيلىنىڭ روھىي تەگپۇگلۇقىغا چەكسىز ئېغىر تاش تاشلايدۇ.

دەر ئىردى، بىر پىچاق ئۇرسا يۇرەككە،
ياقاسىن چاك قىلسە تا ئىتەكگە.
كى ئورنىدىن قوپۇبان ئۇردى بىر ئاھ،
بىر ئوت كەتتى جاھانغە ماھ تاماھ.
.......................................
كى دۇردانە ئۆزىنى سالدى سەدەپكە،
بارى ئالەم قويۇپ جانىن ھەدەپكە.

قىزنىڭ بۇ چاغدىكى ئاجايىپ ئالىيجاناب، ئەڭ نازۇك، دولقۇنلۇق، دراماتىك روھىي ھالىتى ئانا قەلبىنى چىدىغۇسىز زىلزىلىگە كەلتۇرىدۇ، ئانا قەلبى رېئالىستىك ھالدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

جىگەر پارەم ئىرۇر سەن سەن مېنىڭكى،
رەۋامۇ كۆڭلۇڭ ئاغرىتسام سېنىڭكى.

نە ئەيلەي، نە قىلاي دۈشمەن سۆزىدىن،
كى ئەمدى ساقلا رەم ئەلىنىڭ كۆزىدىن.
قەدىڭ زىبا ئۆزۈڭ رەئنا ئىرۇر سەن،
خەلايىق ئىچرە بىپەرۋا ئىرۇرسەن.
خەلايىق كۆرسەلەر ئەمدى نەدەرلەر،
ئاغزىغە ھەرنەكىم كەلگەنچە يەرلەر.

ئالىيجاناب، پاك قەلبلىك لەيلىنى ئىنسىنىڭ شۇ دەۋرنىڭ بىسىمىدا بۇنىڭدىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن چىن قەلبىدىن چىقىرىپ قىلغان نەسىھەتنى قايىل بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بۇ سۆزلەردىن تەسەللىي تاپتى لەيلى،
بارىپ لەۋھىن كۆتۈرمەك بولدى مەيلى.

ئۇ ئەمدى ئانا مەكتىپى بىلەن خوشلىشىپ، مەڭگۇ ئادا-جۇدا بولۇش قارارىغا كېلىدۇ. داستان سۇژىتىدىكى تەبىئىي تەرەققىيات لەيلى بىلەن قەيسىنى بۇ يولدا ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرىنى نەگىدۇر يېتىلەپ كېتىۋاتقان قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك ھايات تراگېدىيىسى ئۇلارنىڭ ئوتلۇق قەلبىگە دەسلەپكى چاڭگىللىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىپ ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىنىڭ دراماتىك چوڭقۇرلۇقى، تەسىرچانلىقى:

بۇلار ھالىغا قۇشلار يىغلاشۇر،
نە سۆز ئۆتسە بۇلاردىن تىڭلاشۇر.

دېگەن دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ پەيتتىكى لەيلى بىلەن

قەيسىنىڭ دېئالوگلىرى داستان سۈژىت تەرەققىياتىدىكى ئاجايىپ
يۈكسەك پەللىلەرنىڭ بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دېدى لەيلىكىم: « ئەي جانان مەجنۇن،
بۇ كۆڭلۈمدە غەمۇ كۆزۈمدە پۇرخۇن.
كۆڭۈلدە بىر سۆزۈم بار ساڭا دېسەم،
تىلىم كەلمەس بۇ سۆزنى ساڭا دېسەم.
يۈرەكىمنى يارىبان چاك قىلغىل،
بۇ ئاغزىم خاك ئىلە پۇرخاك قىلغىل.
ۋە يا ئۆلتۈرگىل، ئىشىتمە سۆزۈمنى،
كېلىپ مەھشەر كۈنى كۆرگىل يۈزۈمنى.»
دېدى مەجنۇنكىم: «ئەي جانان لەيلىم،
ماڭا سەنسىز ئەزاپ جەننەتتە تەسلىم.
نەچۇك سۆزگە بۇ سۆزلەرنى دېيۈرسەن،
ھەزىن كۆڭلۈم داغى مەھزۇن ئېتەرسەن.
نەبىتاقەت بولۇرسەن، ئەي دىلارام،
مېنىڭ ھەم قالمىدى جانىمدا ئارام.
يۈرەك باغرىم يارا بولدى بۇ ئىشدىن،
بولۇپ مىڭ پارەلەر جانىم بۇ ئىشدىن.»
...........................
دېدى مەجنۇن: «نە بائىسدىن بۇ يەڭلىغ
كېلىپتۇر باشىمىزغا تورفە يەڭلىغ.»
دېدى لەيلى: «بىزنىڭ ئۆتكەن ھېكايەت،
كېلىپ خۇشتانجىمىز قىلدى شىكايەت.
بۇ بائىسدىن ئانام بولدى پەرىشان،
مېنى مەكتەپكە بەرگەنگە پۇشايمەن.
مېنى مەكتەپتىن ئەمدى مەنئى قىلدى،
كى فانۇس ئىچرە گويا شەمئى قىلدى.

مېنىڭ مەكتەپتىن ئەمدى يانغانىمدۇر،
قەفەستە تۇتى يەڭلىغ قالغانىمدۇر.
كۆرۈشمەس بولدۇق ئەمدى بىز ئىكەۋلەن،
قىيامەت كۈن سوراپ تاپقۇم سېنى مەن.»

قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى فېئودالىزم زۇلمەت دۇنياسىغا بولغان بۇ جىددىي قارشىلىقنىڭ دىئالېكتىك تەرەققىياتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، مۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلان دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇنى گىنىسئولوگىيە (بىلىش نەزەرىيىسى) نۇقتىسىدىن ھېسسىي تونۇشتىن ئەقلىي تونۇش باسقۇچىغا ئۆتۈش دەپ قارىساق، داستان سۇژىت تەرەققىيات نۇقتىسىدىن راۋاجىنىڭ ئىنتىلىش خاھىشىنىڭ تەبىئىي يۈكسىلىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىككى ياش ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرلىرىنى بىر-بىرىگە مەڭگۈ باغلىغان مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ جېنى بولغان «ساداقەت» ئالدىدا قەسەمياد قىلىدۇ. قەسەمياد ھەر قانداق ئېتىقادنىڭ ۋايىگە يەتكەن تونۇشنىڭ ئالىيجاناب چوققىسىدۇر، ئاڭلىقلىقنىڭ قىبلىنامىسىدۇر. ھەقىقىي قەسەمياد ئالدىدا ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئاجىز، كۈچسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ۋىجدان بۇرچىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.

قەيسىنىڭ قەسەمىيادىدا مۇنۇ ئۈچ نۇقتا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىسلام ئېتىقادىدىن مۇھەببەتنى ئۈستۈن قويىدۇ.

مېنى گەر ئىلتىبان قويسە لەھەدغە،
كى زىكر ئەيتايكى ئەللاھۇسسەمەدغە.
گەر مۇنكىر-نەكىر كىرسە قاشىمغە،

کی تەڭلەپ تۇرسا گۇرزىنى باشىمغە.
سوراغىن سوراغالى گەر قىلسا مەيلى،
جەۋابىغا دەيىن «لەيلىيۇ لەيلى!»

ئىككىنچى، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىسلام ئېتىقادىغا بولغان ساداقەتتىن يۇقىرى قويىدۇ.

قىيامەت كۈنى گەر بولسە ئالامەت،
بۇ سۆزلەرنى قىلاي ئانداھىمايات.
كى بۇ سۆزلەر مېنىڭ كۆڭلۈمدە تۇرسۇن،
ئۇنۇتسام ھەق مېنىڭ جانىمغا ئۇرسۇن.
ئىشىتسە گەر قۇلاغىم ئۆزگەدىن سۆز،
كى ساچىراپ چىقسۇن ئورنىدىن قارا كۆز.

يۇقىرىقىدەك ئېيتقانلىرى ئۇچۇن قەتئىي، تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلەيدۇ.

ئىرۇر سەن نۇرى دىدەم گۈلئۇزارىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا بۇ جان فىگارىم.
يولۇڭدىن ئۆزگە يولغا بۇ ئاياغىم،
يۈرۈسە كور بولۇبان بۇ قاراغىم.

لەيلىنىڭ قەيسكە بەرگەن جاۋابىدىن يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

جانىم ئالغالى ئەزرائىل كەلسە،
ئانىڭ ھەمراھى مىھرائىل كەلسە.
ئۇ شول ھەيندە سېنىڭسىز بەرمەيىن جان،

قىلاي يادىڭ بىلە مىڭ ئاھۇ ئەفغان،
سېنىڭ يادىڭ بىلە چىقسۇن بۇ جانىم،
فىدا ئەيلەي ساڭا كەۋنى مەكانىم.
ئىمان ئىسلامنى كەلتۈرمەي تىلىمغە،
سىرىشتە قەيس ئىدى ئابۇ گىلىمغە.
سېنى دېمەي ئەگەر ئىمان ئايتسام،
قاچانكىم بۇ دېگەن سۆزدىن قايتسام،
لەھەد ئىچرە مېنى قويغان زەماندا،
گۆرۈمدە ياتمايىن ھەرگىز ئاماندا.
ئەگەر سوئال ئۈچۈن كىرسە فەرىشتە،
دەيىن مەجنۇن جانىمغە سىرىشتە.
فەرىشتەلەر سوئالىغە جەۋابىم،
دەيىن مەجنۇن يادىدۇر سوئالىم.
سوئال ئەيلەپ مېنى گەر قىلسالەر دۇن،
دەيىن: «مەجنۇن» ئىلە «مەجنۇن، مەجنۇن!»

مانا بۇلار ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئىنسان ئازادلىق ـ ئەركىنلىكنىڭ زىندانى بولغان زۇلمەتلىك فېئودالىزم تۈزۈمىگە ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىسلام ئېتىقادىدىكى بەزى ناچار ئىللەتلەرگە بىۋاستە ئېتىلغان ئوق. بۇنى ئەڭ كۈچلۈك ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئەڭ يالقۇنلۇق ئىسيان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزىگە لايىق ئىز قالدۇرغان خەلق ئېڭىنىڭ ئەكس ساداسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ـ ئەركىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۈيلەش شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتىدىكى زۇلمەتلىك فېئودالىزم تۈزۈمىنى پاش قىلىش شەكلى بولغىنىدەك، ئاشىق- مەشۇقلارنى ھىجران ئوتىدا تاۋلاپ، ئۇلارنى چۆل - باياۋانلاردا سەرسان - سەرگەردان مەجنۇن قىلىپ تەسۋىرلەپ، خەلق قەلبىدە ئۇلارغا ھېسداشلىق، فېئودالىزم تۈزۈمىگە چەكسىز ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇش كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى ئېستېتىك ئامىللارنىڭ بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

داستاندىكى خاراكتېرلەر تارىخىي ھېسابلانغان سۆزنىت تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىسى ئەمدى قەھرىمانلارنى تەبىئىي ھالدا جۇدالىق ھىجرانىنى چېكىشكە ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئۇلار ئەمدى مۇنداق بىرلىككە كېلىدۇ:

دەر ئىردى لەيلى: «ئەي دوررى خۇ شاھىم،
مۇئەتتەت ئەيلەگەن ئالەم كولاھىم.
جۇدا بولماسقا يوقتۇر ھېچ دەرمان،
كۆڭۈلدە قالماسۇن مىڭ تۈرلۈك ئارمان.
بارىپ تاپقۇم سېنى با ھەر بەھانە،
بولۇرمەن ئول زامان شاھي زامانە.»
دېدى لەيلىكىم: «ئەي مەجنۇن غەمخار،
بولۇشتۇق ئىككى دۇنيادا ۋافادار.
ئەگەر ئۆلسەك. تىرىلسەك ئەمدى يوق غەم،
سېنىڭ مېھرىڭ ماڭادۇر يارۇ ھەمدەم.
كۆڭۈللەر تىندىيۇ كۈن بولدى تا كەچ،
كى ئاخىر ئۆمرى مىڭ يىل بولسە ھەم ھېچ.
كى سەن ئۆيۈڭگە يان، مەن ھەم كېتەيىن،
يورۇقدىن مەنزىلىم سارى يېتەيىن.»

شائىر قەھرىمانلار خاراكتېرىنى ۋايىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن

يۇقىرىقى ۋەدىنى ھەرىكەت يۆنىلىشىگە مۇنداق بۇرايدۇ:

نە تاقەت بار جۇدا بولماغىلىقىغە،
ئىلاجى يوق جۇدا بولماسلىقىقە.
بۇ يەڭلىغ ھالۇ - ئەھۋالات بىرلە،
تۈمەن مىڭ زارۇ نالالات بىرلە.
جۇدا بولدى بۇ ئىككى جانۇ پۇر دەرد،
سالىبان بىر- بىرىگە داغ پۇر دەرد.

ئەمدى قەيس ئۆيدىن چىقىپ لەيلى ئىلىدە چۆل- باياۋانلار كېزىپ مەجنۇن بولىدۇ. بۇ جەرياندىكى مەجنۇننىڭ ھەرىكىتى، ئىچكى كەچۈرمىسى بارغانسېرى بىر- بىرىگە ماس ھالدا مەجنۇن ئوبرازىنى قەدەممۇ قەدەم گەۋدىلەندۇرۇپ بارىدۇ.
قەيسنى ئاتىسى چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، يۈرەك باغرى ھەسرەتكە تولۇپ ئىزدەيدۇ. . . ئاتىنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ تېپىشىنىڭ ئۆزى ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر دراماتىك كەچۈرمىسىنى كېچىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئوغلىنى ئۇزاق ئىزدەشلەردىن كېيىن:

نە كۆردى يول ئۇزە نەرسە ياتىپتۇر،
كى گويا زەھەر لايغا پاتىپدۇر.

لايغا پېتىپ ياتقان يېرىم جان ھالەتتە تاپىدۇ. بۇ قەيسنىڭ نورمال ھاياتتىن مەجنۇنلۇق ھاياتقا كۆچۈشى، تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ھاياتقا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈشى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە- پارە قىلىپ تاشلايدۇ:

دەر ئىردى: «ئاھ بوتام جان قارىنداش،
ئىرۇر سەن يالغۇزۇمدا يار - يولداش.
ساڭا نە بولدى بۇ، نە ھالغا قالدىڭ،
مېنى باغرىم بىلەن تۇپراققا چالدىڭ.»

ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئاھ - زارى كۆكنى تۇتىدۇ... لېكىن ئاتا - ئانىسى يۇقىرى تەبىقە نۇقتىسىنەزىرىدە:

نە بولدۇڭ ئەي بوتام گەر سەبىر قىلساڭ،
تۇتۇپ تاقەت زامانى سەبىر قىلساڭ.

ئىنسان بەخت - سائادىتىنىڭ باش كاپالىتى بولغان ئىنسان سىياسىي ئەركىنلىكنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان فېئودالىزم تۈزۈمىدىن يەنىلا «سەۋر - تاقەت» قىلىپ ئۆز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ قېلىشىغا ئىشىنىدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن مەجنۇن:

دەر ئىردى: ئاھ لەيلىم، ئاھ لەيلىم،
نە كۈن ئىردى ساڭا تۈشتى بۇ مەيلىم.
فەلەك بىرلە قىلىبان ماجرانى،
كى مىڭ دەردىغە تاپماي بىر دەۋانى.
گاھى پەرياد ئەيلەپ زار ئۆزىن،
دەما دەم ياندۇرۇپ، شەمئىي خىروزىن.
ئۇرۇبان خەنجەرى غەم كۆكسىگە چاك،
قىلىبان ياقاسىدىن تا ئىتەك چاك.
كۆڭۈلنىڭ مەزرەئىدىن تارتىبان خار،
بۇ دۇنيا مەزرەئىدىن ئەيلەبان بار.
ئۆزىن بىچارە ئەيلەپ زار مەجنۇن،

دەما دەم باغرىنى ئەيلەپ جىگەر خۇن.

نە ئىشدە ئاندا كى بۇ ئوت ساۋۇغاي،

دىلۇ جانىم ۋۇدۇمغا ياۋۇغاي.

دەپ توغرا ئېيتىدۇ. بۇ جايدىكى تۈپكى مەسىلە، ئىنسان بەخت-سائادىتىنىڭ باش كاپالىتى ئىنسان ئازادلىقىنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى مەسىلىسى بولۇپ:

فەلەك بىرلە قىلىبان ماجرانى،

كى مىڭ دەردىغە تاپماي دەۋانى.

نىڭ شائىر قەلىمىدە مۇھەببەت تېمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىشى ئىدى. بۇ چاغ فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈم، ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىسلام شەرىئىتى، قانۇنغا ئاساسلانغان فېئودال ئۆرپ - ئادەتلىرى شۇنچىلىك قەبىھ ئىدىكى، ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئەڭ تۈۋەن شەكلى بولغان قىز- يىگىتنىڭ ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈپ، ۋىسالغا يېتىشىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ بىر- بىرىنى كۆرۈشى ئەركىنلىكىمۇ مەنئى قىلىنغانىدى. لەيلىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن مەجنۇنغا ئايلانغان قەيس ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىپ لەيلى ئىشىكىگە كېلىدۇ، لەيلى ئانىسىنى قەلەندەرگە نان ئاچىقىپ بېرىشكە كۈندۈرىدۇ:

كى ساچراپ قوپتى جانى بىرلە لەيلى،

ئاناسى لەيلىگە مىڭ ئارتتى مەيلى.

قاشىغە نان ئالىپ چىقتى گادانىڭ.

يەتىم، بىچارە، كۆز سۆز، بىنەۋانىڭ.

دىدى «ئەي جانۇ جانانىم كۆرۈشتۈك،

بەھىلىك بىر- بىرىمىزدىن تىلەشتۇق»

ھەزىن ئۆتۈن بىرلە يىغلار مەجنۇن،
يۈرەكىن داغ ئەيلەپ كۆزىنى پۇرخۇن.
دە بان مەجنۇن: «ئا يارى ۋافادار،
نە يەڭلىغ ئوتىغە كۆيدۈرسەڭ سەزاۋەر.
ئەلا ئەي لالە يەڭلىغ گۈلئۇزارىم،
خەزان ئەتتىڭ مېنى ئەي نەۋ باھارىم،
ئۇ شول كۈنكى جۇدا بولدۇق ئىكەۋلەن،
ماڭا دائىم قاراڭغۇ روزى رەۋشەن.
ئەنە كۆردۈڭمۇ، ئەھۋالىمنى، ئەي يار،
كى يادىڭ ئەيلەدىم ئۆزۈمگە غەمخار.
بۇ چېھرەمنى كۆرۈپ ھالىمنى بىلگىل،
نە مۇشكۇلدۇر بۇ قەيس ئەھۋالى دېگىل.
ئايا لەيلىم، لەيلىم، جان لەيلىم.
جاھان ئىچرە ساڭا تۇشكەن بۇ مەيلىم.
فىدا قىلسام ساڭا جانۇ تەنىمنى،
يۈرەك - باغرىمۇ جىسمى روشەنىمنى.»

مانا بۇنى بىر- بىرىنى سۆيگەن چىن ئىنسانىي ئالىيجاناب يۈرەكلەر ساداقىتىنىڭ ھەقىقىي ساداسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى ئۇ قەلەندەر خار - زار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بۇ قىسمىتى ئامىر قەبىلىسى ۋە بەنى قەبىلىسى ئىچىدىمۇ سۆز - چۆچەككە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى يولىدا ھەر قانداق خورلىنىش خار- زارلىقلارنى پىسەنت قىلمايدۇ. بۇ قەھرىمان قىسمىتىنىڭ بۇنداق يولنى كېزىپ ئۆتۈشى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانغا مۇھەببەت، چىن ئىنسانىي ساداقەتنى تەربىيىلەش ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئەنئەنىۋى خاھىشچانلىق ئامىللىرىدىن بىرىنى

تەشكىل قىلىدۇ.

شائىر چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان ئۇلۇغۋار كۈچىنى لەيلــى ۋە مەجنۇننىــڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلق ۋە شۇ چاغدىكى خەلق ئىشەنگەن بىلىملىك ئادەملەر «ئۇلىما» لار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئەمدى نوغمان بالىسىنى ئىككىنچى قېتىم سەرقا ئېلىگە ئىزدەپ كەلگەندە خەلق ئۇنىڭغا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ:

دېدى: «ئوغلۇڭ بەنى ئوزرا ئېلىندە،
كىيىپ ئەسكى چاپان، شوينى بېلىندە.
مۈرىندە خورجىنۇ قولىدا تاياقى،
قولىدا كاسەۋۇ باشىدا تاقى.
گادالار سۈرەتىدە ئول يۈرۈپتۇر،
سەراقەنىڭ قىزىنى چۈرۈلۈپدۇر.
بۇ پەرۋانە بولۇپدۇر ئول داغى شەمئى،
ئانىڭدىن ئۈزۈلۈبان بولمايىن جەمئى.
بولۇپدۇر لەيلىگۈل، بۇ قەيس بۇلبۇل،
سالار ئىرمىش جاھانغە قەيس غۇلغۇل.
كەبۇ تەر لەيلىيۇ، شاھباز مەجنۇن،
بولۇپ شاھىن يەگىلىغ جىسمى پورخۇن.

شائىر يۇقىرىقى پارچىدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ چىن، پاك، ئىنسانىي مۇھەببىتىنى مەدھىيىلىسە، قەيسنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچ بىلەن «سالۇر ئىرمىش جاھانغە قەيس غۇلغۇل» دېيىش ئارقىلىق ئامىر ئېلىنىمۇ، بەنى ئېلىنــىمۇ غۇلغۇلــغا سېلىۋەتكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

ئاتىسى نوغمان سەراقە ئېلىگە يېتىپ كېلىپ قەيسنى

مۇنداق هالدا كۆرىدۇ:

يېتىپ كەلدى بۇ لەيلىنىڭ ئېلىغە،
باقار ئىردى سەراقە مەھفىلىگە.
نە كۆردىلەر يۈرۈپدۇر زار مەجنۇن،
كۆزى ياش قىلىپتۇر دورر چەيھۇن.
بەرەھنە باشىيۇ يۈرتۇق ياقاسى،
بولۇپ لەيلى غەمىنىڭ مۇپتىلاسى.
گادالار سۇرەتىدە كۆردى نوغمان.

نوغمان ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئاتا- ئانا ئۆز ۋىندىن-ئۆزاق مۇنارىگە چۈشىدۇ، بۇ مەنزىرە XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، پەلسەپۋى، ئەخلاقىي تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلايدۇ. ئاخىر قەلبى قان، ئېغىر سۇكۇتكە چۆككەن ئاتىسى قەيسكە:

بەنى ئوزرا ئېلىدىن خالاسك قىز،
ئالايىن قىلاي ئېلىگگە تەئۆنز.

قەيس ئاتىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۆز ئىرادىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

مىنى ئول ئۆزىگە شەيدا قىلىپتۇر،
جانىمغا يوق نىمە پەيدا قىلىپدۇر.
كىشى مىنى ئاندىن ئايرىپ ئالالماس،
پىچاقنى تاشقا قايرىپ سالالماس.
قوچاقدا قى سۇنى باغلاپ بولۇرمۇ،
بۇ مەجنۇننى داغى داغلاپ بولۇرمۇ.

ئامالسىز قالغان ئاتا، ئانا مەسلىھەت بويىچە ئۇلار پەرزەنتكە خار۔ زار بولۇپ يۈرگەن چېغىدا ئۇزلىرىگە «ياردەم» قولىنى سۇنغان ھېلىقى «ئەۋلىيا» شەيخ ئالدىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ. شەيخ ئۇزۇن پەند۔ نەسىھەتلەردىن كېيىن:

نە قىلسۇن يىغلىماي بۇلبۇل كەبى زار،
ئاڭا ھەق ئىشقى بولسا يار غەمخار:
نە قىلسا ئول قىلۇر جەببار ئىرۇر ئول،
مۇھەببەت سىررىدىن ئاسرار ئىرۇر ئول.
بېرىپتۇر، ئوغلۇڭا بىر جام بادە،
بولۇپتۇر ئال سەبەبدىن پوختا سادە.
خۇدانىڭ تەقدىرى تەدبىر بىرلە،
بۇزۇلماس مىلڭ دۇئا۔ تەدبىر بىرلە.
خۇدانىڭ تەقدىرىگە يوقتۇر چارە،
يۇغان بىرلە ئىرىماس سەڭگى خارە.

بۇ جايدا شەيخ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىنى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن تەڭ قويۇپ «خۇدانىڭ تەقدىرىگە يوقتۇر چارە!» دەپ ئىقرار قىلىدۇ. بۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسى ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شارائىتتا رېئاللىقنى شۇ شەكىلدە ئىپادىلەشتىن باشقا چارە يوقلۇقى ھەممىگە چۈشىنىشلىك ھادىسىدۇر. نوغمان شەيخ نەسىھىتى ئارقىلىق بالا تەقدىرى ئۈچۈن يۈرەك باغرى قان بولغان ئانىنىمۇ قايىل قىلىدۇ. ئەمدى قېيىن ئاتا۔ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىش تەلىپىنى قەتئىي ھالدا مۇنداق قويىدۇ:

كى مەن قۇش بولسامۇ ئۇ بولسا سەيياد،
پەرۋبال جاڭگالىدا بولسام بەرباد.
ۋىسال ئەرمىنىدا مىڭ چىقسە جانىم،
جەھەنگە تولسە فەريادۇ فىغانىم.
قىران ئولسۇن كۆڭلدە ئىشق جانى،
قىيامەت كۈنىدە كۆرسەم ۋىسالى.
نە تاقەت بولسە جانىمدا نە ئارام،
دۇئا بولسۇن بۇ يەڭلىغ سەندىن ئىنئام.

ئاتا:

ئايا، ئەي نۇر دىدىم سەرۋ قەددىم،
سىنى ھەق نەرنە قىلسا يوقدۇر ھەددىم.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىنىڭ ئۆز دەۋر شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. ئاخىر چىن مۇھەببەت كۈچىگە قايىل بولغان قەيسىنىڭ ئانىسىمۇ رازى بولىدۇ.

ئاڭا ھەم بىز تەخى قۇربان بولايلى،
كويىدا ئۆرۈلۈپ ھەيران بولايلى.

ئاخىر مۇنداق رازىلىق بېرىدۇ:

كى ئەمدى رازى بەردۇك بىز قىزاغە،
ۋەگەر نە قالغۇمىز تۈرلۈك بەلاغە.

ئەمدى مەجنۇن لەيلىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن سەراقەنىڭ قويچىسىنى تېپىپ، ئۇنى قايىل قىلىپ، بىر قوينى تۈلۈمچە سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيىپ قويلارغا قوشۇلۇپ

سەراقەنىڭ قورۇسىغا كىرىپ لەيلىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ:

يۈرەر ئىردى بۇ قويلار ئىچرە مەجنۇن،
كۆرۈپ لەيلىنى قىلدى قامەتى نون.

بۇجايدا بېرىلگەن ئۇزۇن دىئالوگلار قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى رېئال ئىنسانغا خاس دەردى پىراقىنى يەتكۈدەك چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، مۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى مۇنداق مۇقىملاشتۇرىدۇ.
قەيس:

شۈكىر كۆردۈم سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭنى،
ئىشىتتىم مەن سېنىڭ شىرىن سۆزۈڭنى.
دېدى لەيلىكىم: «ئەي مەجنۇن بەسى ھال،
مېنىڭ ئۈچۈن بەسى بولدۇڭ گىرىفتار.
بۇ دەردىڭگە دەۋا پەرۋەردىگارىم،
مېنى ئايرىماسۇن سەندىن خۇدايىم.
ماڭا سەنىسىز بۇ ئالەم بىر قەفەسدۇر،
ساڭا جان بەرمەكىم ھەر بىر نەفەسدۇر.
كېچە- كۈندۈز ھەمە تۇرسام باشىڭدا،
تولا تۇرماي كېتەي ئەمدى قاشىڭدا.»
بۇ لەيلى زار يىغلاپ ئۆيىگە ياندى،
بۇ قەيسنى كۆرگەنگە بىر قوۋاندى.

داستاندا شائىر خەلق قەلبىدە فېئودال ئىستىبداتلىققا، ئۇنىڭ چىرىك، ۋەھشىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇچمەنلىك ئېستېتىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەيلى بىلەن

مەجنۇننىڭ ئۇچرىشىشىدىكى يۇقىرىقى تۇرمۇشتىن غەيرىي ئەك مۇھىتنى يارىتىپ، ئۇلار ئۇچراشقان ۋە ئايرىلغان دىئالوگلاردا قەھرىمانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى پەۋقۇلئاددە باي، ئىچىنىشلىق سۈرەتلەردە تەسۋىرلىسە، ئەمدى مەجنۇننى تېخىمۇ ئىچىنىشلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن داستانغا باشتا قوللانغانغا ئوخشاشلا خەلق ئېپوسىنىڭ سۈژىتلىق ئېپىزوتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ، ئەڭ ئېچىنىشلىق ياشاش مۇھىتىنى يارىتىپ، داستان سۈژىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا يېڭى يول ئاچىدۇ. ئاتىسى بۇ جايغا نەچچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ كېتىدۇ:

نوغمان ئايۇ يىلدا يوقلار ئىردى،
ئۆزىنىڭ جانى ئۆزىنى داغلار ئىردى.

شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ قايتىدۇ. ئەنە شۇ تىپىك مۇھىتقا شائىر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئېستېتىك غايىسى يەنى XI ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئادىل غايىۋى شاھ ئوبرازىنى يارىتىپ، XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان فېئودال ئىستىبداتلىققا قارشى قويىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر خەلق ئېپوسلىرىدا ئادىل شاھ قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بەھرام شاھ:

بار ئىردى شەھرىدە بىر پادشاھى،
ئاڭا تابىئى ئىدى يۈزمىڭ سىپاھى.
بەلەند ھىممەت ئىدى ھاتەم مەسەللىك،
سۇلايمانۇ، بەنى ھاتەم مەسەللىك.

ئاناڭ زۇلمى كام ئىردى، ئەدىل كۆپرەك،
ھەمە سۇلتان ئارا ئىردى بۇ زىرەك.

بۇ شاھ ۋەزىر - ۋۇزرا، نۆكەرلىرى بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا مەجنۇن ھايۋانلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بۇ باياۋانغا شىكارغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جايدا غەيرىي ھەرىكەتكە، غەيرىي تۇسكە ئىگە بۇ مەخلۇققا ئۇچراپ ھەيران قالىدۇ:

تۇرۇپ ھەيران قالدى بۇ قەبىلە،
باشىنىڭ ساچى توشۇپتۇر بەلگە.
كۆرەر كىم بىر نېمەرسە ماھى تابان،
بۇ ئەل بارچە كۆرۈبان قالدى ھەيران.

بۇ مەجنۇن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن شاھ:

دېدى سۇلتانىكىم: «ئەي ئادەمىزات،
بۇ ئۆمرۈڭنى سېنىڭ كىم قىلدى بەربات.
ماڭا ئايغىل سىرىڭنى ئادەمىزات،
قاچاندىن سەن قىلۇرسەن مۇندا پەرھاد.
نە تۇرلۇك ھاجاتىڭ بار ماڭا ئايغىل،
مۇرادۇ مەقسەدىڭنى مەندىن ئالغىل!»

قەيس ئۇنىڭغا دەردى ئەھۋالىنىڭ تارىخىنى تۆكۈپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە:

بۇ بىچارە داغى سۆزىدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شاھى چالاك.
بۇيۇردى «بارچە لەشكەر يۈرسۇن ئاندا،

كى ئىشىق ئوتىدەك ئوت بولماس جەھاندا.
ئالىپ بىرەي ئانى ئەقد - نىكاھلاپ،
قەبۇل ئەتمەس ئاتاسى بوينى باغلاپ.»
ۋەزىر قوپتىكى ئورنىدىن ئۇ شول دەم:
«ماڭا رۇخسەت بىرىلگ سۇلتانى ئالەم،
راۋا قىلسام بۇ مەجنۇن ھاجەتىنى،
بۇ مەجنۇننىڭ بارى غەم- غۇسسەسىنى.»
دېدى سۇلتان: «ئۆزۈم بارماي بولۇرمۇ،
بۇ دەردىگە دەۋا قىلماي بولۇرمۇ.»
بىر ئوق ئاتلاندى ئاندا پادشاھى،
ئاساسي سەلتەنەت يۈزمىڭ سىپاھى.
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ يەتتىلەر ئاندا،
ئىشىتتى بۇ خەبەرنى بارچە ئاندا.

•

سەراقە ئېلى قورشاۋدا قېلىپ، بۇ ئەلنى ۋەھىمە باسىدۇ. سەراقە ئۆز ئېلى ئەھلى بىلەن مەسلىھەت قىلىدۇ. بۇ مەسلىھەتنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى شۇ ئەلنىڭ سەردارى بولغان سەراقەنىڭ ئۆزى ئىدى. مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسىدە مۇنداق قارارلاشتۇرىدۇ، سەراقەنىڭ پىكرى:

قىزىنى بەردى ئانداغ بىر گەداغە،
نەۋاسىن تاپماغان ئول بىنەۋاغە.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بەدنام بولۇر كۆپ،
بۇ يەڭلىغ بولغىچە ئۆلتۇرگەنىم خوپ.
ئەرەب خەلقى دېدىكىم: «ئەي سەراقە،
قىلۇرسەن بىزگە ئىلتىجا سەراقە.
خۇدايىم بەرگەن ئىردى ئانى سىزگە،
ئانىڭ ئۈچۈن كېلىپتۇر ياغى بىزگە.

تا ئاتسۇن ئۇلتۇرۇپ لەيلى دېگەننى،
بۇ قەيس ئۇچۇن ھەسرەتلەر يېگەننى.

بۇ قارارنى لەيلى ئېلىنى يوزمىڭ قوشۇن بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇپ سەراقەگە كىرگوزگەن بەھرەم شاھ ئەلچىسىگە ئۇقتۇرىدۇ. شاھ ئەلچىسى شاھقا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ، ئەلچىگە:

دېدى سۇلتانىكى: «ئەي ئەلچى نە دېدىڭ،
بۇ مەجنۇن جانىغە مىڭ داغ قويدۇڭ.»

ئەلچى:
بۇ ئەلنىڭ ئانچە يوق مەيلى بېرۇرگە،
بۇ لەيلىنى بۇ مەجنۇنغا بېرۇرگە.

داستان سۇژىتى مانا مۇشۇ جايغا كەلگەندە كۇلمىناتسىيە نۇقتىسىغا كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەردە سۇژىت كۇلمىناتسىيىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى ئۇزۇل- كېسىل ئېچىلىدىغان پەيت ھېسابلىنىدۇ. بۇ پەيتتە قەيسنىڭ ئالدىدا ئىككى يول پەيدا بولىدۇ. بىرى، لەيلىدىن كېچىپ، لەيلى بەخت - سائادىتىنى توسۇپ تۇرغان سەراقە ۋە ئۇنىڭ ئېلىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ ئۇچ ئېلىش، ئىككىنچىسى، لەيلىنى ساقلاپ قېلىپ، فېئوداللىق ئىستىبداتلىق، ئۇنىڭ زۇلمەتلىك ئۆرپ - ئادەت ئەقىدىسى دەردىنى ئۆلگۈچە تارتىش يولى تۇراتتى. .

ھەممىگە مەلۇمكى، بەدىئىي ئەسەر قەھرىمانى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ھېسابلانغان بەدىئىي سۇژىت بەدىئىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى، خاھىشىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ ئېلىپ كىتابخانغا ئۆتكۈزگۈچى كۆۋرۈكلۈك

رولىنى ئوينايدىغان ۋاستىدۇر. ئۇنىڭ قانچىلىك پىششىق ۋايىگە يەتكەن بولۇشى ئاپتور ئىستېتىك غايىسىنىڭ ساغلام، پىشقان ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ مەلىكىلىك دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئەسەردىكى قەھرىمانىنىڭ تەقدىرى ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قەھرىمان تەقدىرى، خاراكتېرىنىڭ تارىخى بولغان بەدىئىي سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىسى ئاپتور ئىستېتىك غايىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ (ئوبيېكتىپ ئىدىيە بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى ھەرقانداق ئەسەردە ئوبيېكتىپ ئىدىيە بولىۋەرمەيدۇ).

بۇ داستاندىكى تۈپ ئىستېتىك غايە ئادىل غايىۋى شاھ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئالىيجاناب ساداقەتنى مەدھىيىلەش ۋە بۇنىڭغا قارشى ئۇنى بوغۇپ، تونجۇقتۇرۇۋاتقان، چىرىك فېئودالىزم ئىستىبداتلىقى ھەم ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىن شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن فېئوداللىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى، كونا فېئوداللىق ئۆرپ-ئادەتلەرنى پاش قىلىپ، ئىنسان بەخت-سائادىتىنىڭ باش كاپالىتى بولغان ئىنسان ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، خەلق قەلبىدە فېئودالىزم تۈزۈمىگە ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاپتورنىڭ بۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرى بەدىئىي تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان داستان قەھرىمانلىرى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بولغان بەدىئىي سۇژېت، قىسقىسى ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئورگانىزمىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ۋە ئىستېتىك غايىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ھالدا بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر پۈتۈن بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

سۇژېت تەرەققىياتى ئەنە شۇنداق كولمىناتسىيون نۇقتىغا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، مەسىلە ئاپتورنىڭ ئىستېتىك غايىسى بويىچە يۆنىلىش ئالىدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ھەر ئىككى

ئاشىق- مەشۇق ئۆز مۇھەببەتلىرىگە مەڭگۈ سادىقلىقىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئەگەر شەھەرگە ئۇرۇش باشلانسىلا سىراقە لەيلىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ئېيتىق. بۇنــى چۈشەنگەن مەجنۇن «لەيلى ماڭا كېرەك ئەمەس» دەپ سارالىق قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ:

كى بەزىسى بىرەر نەرسە دەر ئىدى،
ئاغزىغا كەلگىنچە پەر ئىدى.

ئەمدى لەيلى بولسا مەجنۇننى بىر قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سادىق، پاك، ئىپپەتلىك بويىچە ئۆلۈپ كېتىشكە رازى بولىدۇ؛ ئۇ دادىسىنىڭ قارارىنى يۈرىكى قان بولغان ئانىسىدىن ئاڭلايدۇ.

ئىشتىپ لەيلى: «ئەي ئارامى جانىم،
جاھانغە تولدى فەريادۇ فىغانىم.
كېچە كۈندۈز كۆيەر ئوتقا ياقىلغۇم،
بۇ مەجنۇننى كۆرۈپ ئۆلسەم نە قىلغۇم.
خۇدانىڭ تەقدىرى ئۆلسەم نە بولغاي،
بۇ مەجنۇننى كۆرۈپ ئۆلسەم نە بولغاي.
تولا بولدى بىرەي رازى قەزاغە،
ئەگەر ئۆلسەم ئۇلاتسام غەمزادىغە.

شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى ئاشىق - مەشۇق سادىقەتلىك تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنــى شېكىسپىرنىڭ «رومىئو - ژۇلىتتا» سى بىلەن تامامەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

نەتىجىدە، داستان سۆزىت كۈنىلىكتى ماماتتىن يەنە ھايات نۇقتىسىغا بۇرۇۋېتىلىپ، شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

ئاقىۋەت يوز مىڭ قوشۇن بىلەن مەجنۇننىڭ مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەجنۇننى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئادىل شاھ بەھرەمنىڭ ئادەملىرى مەجنۇنغا قاتتىق خاپا بولىدۇ.

بۇ مەجنۇنغا تولا قىلدى مەلامەت،
كى بەزىسى قىلىپ ئىردى ئەھانەت.
كى بۇ دىۋانە سۆزىگە كىرىپ بىز،
نەچە كۈندىن بىرى مۇندا يۈرۈپ بىز.

دەپ چۇقان كۆتۈرۈشىدۇ. ئەمما شائىرنىڭ ئىستىبتىك قەھرىمانى بولغان ئادىل شاھ بەھرەم مەسىلىگە پۈتۈنلەي باشقىچە قارايدۇ. ئۇ چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ ھەتتا ئۆلۈمنى يېڭەلىغان قۇدرىتىنى مۇنداق مەدھىيىلەيدۇ:

دېدى سۇلتانى ئەلەم: «ئەي يارانلار،
نەچە كۈندىن كېلىپ تۇرغان ئىرانلار.
بۇ مەجنۇنغە مەلامەت قىلماغىزلار،
بۇ گاھلغا ئاھانەت قىلماغىزلار.
بولۇپتۇر ئول نىگارىن مۇپتەلاغە،
ئىزا قىلغان كىشى قالغاي بەلاغە.
بۇ ئىشقۇللاھنى مەنئى ئەتسە بولماس،
بۇ بەيتۇللاھ ئۆيىنى بۇزسا بولماس.
ئۇرار پەرۋانىدەك ئۆزىنى چىراغقە،
ئۆلەرىن بىلمەي ئول ئۆزىنى ئوتىغە.
كۆرۈڭ پەرۋاننى ئوتدىن يانارمۇ،
كى بۇ دىۋانە ئۆلۈمدىن يانارمۇ.
مۇنىڭ ئۆمرى بۇ يەڭلىغ ئۆتكۈسىدۇر،
ئىزا قىلسا بەلاغە قالغۇسىدۇر.»

بۇ پارچىدا ئادىل شاھ ئىسمى جىسمىغا خاس ئادىل ھەرىكەت قوللىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ماھىيەتلىك باھالاپ، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككە بەيتۇللاھ بىلەن تەڭ قويىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمنى يېڭەلىگەن ماھىيەتلىك ئۇلۇغۋار قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ.

كېيىن پادىشاھ بەھرەممۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىدۇ. لەيلىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ. مەجنۇنمۇ ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىدۇ. نەتىجىدە، شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى تولۇق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىلىدۇ.

ئەمدىكى سۇژېت تەرەققىياتى شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يېشىمىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي لەيلىنىڭ ئاتىسى سەراقە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. خەلق مەجنۇننىڭ يەنە ئەسكەر باشلاپ كېلىشىدىن قورقۇپ لەيلىنى تۇرمۇشقا چىقىرىۋېتىشكە مەسلىھەتلىشىدۇ.

كى ئايتىڭلار، بۇ لەيلىنى كۈيەۋگە،
بىرەلى توي قىلىپ مۇنى بىرەۋگە.
ئاتاسىنىڭ فىراقى باسقۇسىدۇر،
بوتافەرزەند ئاندىن بولغۇسىدۇر.
تەخى ئاندا بۇ مەجنۇننىڭ ئۈنىنى،
كى دەفئى ئەتكەي ئانىڭكى فۇرقەتىنى.
تەقى سىزگە بۇ مەجنۇندىن بولۇر كۆپ،
ئۇ كۈنكىدەك كېلۇر لەشكەر تەخى كۆپ.
بىرەلى بىر كۈيەۋگە ئۆيى بولسۇن،
بۇ مەجنۇندىن تەخى كۆڭلى تىنسۇن.

لەيلىنىڭ يېتىملىقىدىن پايدىلىنىپ لەيلىگە بىر دەللىنى

ئەلچى قىلىپ كىرگۈزىدۇ. لەيلى ئۆزىنىڭ قەتئىي نارازىلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

دېدى لەيلىكىم: «ئەي دەللە دەلالەت،
نەلەر دېدىڭ ماڭا قىلدىڭ ئاھانەت.
ماڭا مۇنداغ ئېيتما سۆزلەرىڭنى،
كى تىكمە ھەر زامان سەن كۆزلەرىڭنى.
تەخى كىرمىشمۇ سەن يەتمىش ياشقە،
ھە نۆز تۇشمەپدۇرور ئىشىق ئوتى باشقە.
كى ئىشەك قارىسا ھاڭگا بولۇرمىش،
كى خاتۇن قارىسا كافكى بولۇرمىش.»
دېدىكىم: «ئەي قارا كافىكىيۇ ۋەسۋاس،
بۇ سۆزلەرنى دېدىڭكىم ماڭا بىخاست،
بۇ سۆزلەرنى دېگىل دەپ كىم ئايىتتى،
ئەجەپ كافكى ئىكەن زېھنىم كايىتتى.
بۇ ئىرمەس ئىشقىنىڭ ئىشقى مەجازى،
سەبەپ بىرلە بۇ مەجنۇن دىلنەۋازى.
قىيامەتكە داغى ئاشىق ئىرۇرمەن،
كېچە كۈندۈز ئاڭا سادىق ئىرۇرمەن.»

بۇنى لەيلى خاراكتېرىدىكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە سادىقلىق، ھەقىقىي ئالىيجاناب ئىنسان خىسلىتىنىڭ ئىزچىل كېلىۋاتقان چوققىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل قىسسىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئىپادىلەش يالغۇز شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات يازغۇچىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپلا قالماي، غەرب كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئورتاق ئەنئەنىسىدۇر. دانتې تەۋرات ۋە ئىنجىل قىسسىلىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنياغا داڭلىق «ئىلاھ

كومېدىيىسى» نى يېزىپ زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى پاش قىلىپ، غەربتە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى بولغان بولسا، شەرقتە رابغوزى قۇرئان قىسسىسىدىن پايدىلىنىپ، «يۈسۈپ - زىلەيخا» ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا بولغان ئالىيجاناب چىن ئىنسانىي ساداقەتكە مەدھىيە ئوقۇغانىدى.

شائىر پازىلمۇ بىز تەھلىل قىلىۋاتقان «لەيلى- مەجنۇن» داستانىدا قۇرئان قىسسە - ئەپسانىلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدۇ.

داستان سۇژېت تەرەققىياتىدا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك لەيلى ئەلچىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغىنىغا قويماي ۋە ئۇنىڭ زۇلمەت دۇنياسىغا گۆلخان بولۇپ يېنىپ تۇرغان غەزەپ- نەپرىتىگە قارىماي، بىر ئوچۇم قارا كۆچلەر ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ئىبن سالام دېگەن بىر باي تەۋەدارغا ناھايىتى چوڭ، داغدۇغىلىق توي قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنى ھۇجرىسىغا كۆچۈرۈپ كىرگەن كېچىسى:

ئىلىك سۇندى بويۇنغا دېدى: «جانىم،
نە ئۈچۈن بىد ماغىنىز مېھرىبانىم.
ئۇ شول ئەسنادا ئاچىلدى مۇئەللەق،
قاۋارىپ، سارغارىپ قالدىيۇ مۇتلەق.
....................
ئارادا نەچچە كۈن ئۆتتىيۇ بىر كۈن،
تە غازە قىلدى خوجا يەنە بىر تۈن.
ئۇزاتتى قولىنى لەيلىگە ئولدەم،
يېقىلدى قالدى بۇ ئۆيدە ئۇ شول دەم.
يېقىلدى ئول داغى بىھوش بولدى،
ئاغىزدىن كۆپۈك كېلىپ خاموش بولدى.

مانا شۇ ئىبن سالامنىڭ ھوشىدىن كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ لەيلى ھېچقانداق خەۋەر - خەتەرسىز، ئۇنىڭ قارانىيەتلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، مەجنۇن تۇرغان چۆل-باياۋانغا يېتىپ بېرىپ، مەجنۇن بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئىبن سالامغا كەلگەن پالاكەتنىڭ سەۋەبىنى شائىر قۇرئان ئەپسانىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىبن سالام ئاغزىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

سورادىلار خوجادىن ھال نىدۇر،
ئايتىڭ ئىشتالى بۇ فال نىدۇر.
خوجا دېدىكى: «ئەي بارچە يارانلار،
ئىشتىڭ بۇ سۆزۈم ياخشى- يامانلار.
تۈشۈمدە بولغان ئىرمىشكى قىيامەت،
بارىغا بولغان ئىرمىشكىم ئەلامەت.
فەرىشتەلەر سۇرۇپ قىلىسىراتقە،
ئۆتەلمەي تۈشتۈم ئىرسەمەن دەۋزەخقە.
قىيىن كۆپ قىلۇر ئىردى فەرىشتە،
قولۇمغە بەردى نامەم سەرنەۋشتە.
ئوقۇدۇم ئۆز نامەم بارچە نۇقسان،
ھەمە قىلغان ئىشىمدۇر جورم-ئىسيان.»
فەرىشتە ئايدىكىم: «ئەي مۇنافىق،
بەسى نۇقسان قىلىپسەن بارچە پاسىق.
كىم ئول لەيلىنى داغى سەن ئالىپسەن،
ئانىڭ ئۇچۇن بەلالارغە قالىپسەن.
ئانىڭ ئالدىدا تۇرغىل زار يىغلاپ،

قارا ئارغامچىدا بوينىڭنى باغلاپ.
خۇدا قىلغان بۇ مەجنۇنغە نەسىبە،
ئانى سەن قىلماغىل ھەرگىزلا شىۋە.
دۇئا قىلسۇن سىنىڭ بۇ دەردلىرىڭگە،
ئاڭا قىلغان سىنىڭ كۆلفەتلەرىڭگە.»
بىر ئوق ئىبن سەلام ھوشىغا كەلدى،
بۇرۇنقىدەك داغى سۆزىگە كەلدى.
بۇ تۈشنى كۆردىيۇ دېدىكى تەقسىر،
كى بارچەغە بېرىپ بىر- بىر تەقرىر.
خۇداغە قىلدى مىڭ تۈرلۈك مۇناجات،
تەقى يىغلاپ دېدى: «قىلدىم گۇناھات.
خۇداۋەندە گۇناھىمنى كەچۈرگىل،
ماڭا ئىشقى مۇھەببەتتىن ئىچۈرگىل.[1]
ماڭا دەسگىر ئىرۇر سەن ھەيىي جەببار،
بارى ئاسىيغە سەن سەتتارۇ غەپپار.
مورۇۋۋەت سەندىن ئىرۇر ئەي ئىلاھىم،
كى يوق سەندىن بۆلەك پۇشتى پاناھىم.
ئىلاھە مەن قۇلۇڭنى خاك قىلغىل،
ۋۇجۇدۇمنى جاھاندا پاك قىلغىل.
بېرىپ تەۋفىق مەندەك روسىياھغە،
ئىبادەت يولىنى مەن بىناۋاغە.
قىلىپ جورمى گۇناھى بىنىھايەت،
يەنە يوقتۇر مېنىڭدەك بىسالاھەت.

---

[1] بۇ جايدا تەگرىگە مۇھەببەت دېمەكچى (سوپىلارچە).

بەلەند تاغلاردىن كۆپتۇر گۇناھىم،
ساڭاكىم ساغىنۇرمەن ئەي ئىلاھىم.
سىنىڭ ئالدىڭغە كەلدىم داد ئەيلەپ،
چەمەن بۇلبۇلىدەك پەرياد ئەيلەپ.»
دەبان يىغلادى خوجە زار يىغلاپ،
يۈزى - كۆزىنى ھەم تۇپراققە بۇلغاپ.

بۇ پارچە ئالگىر دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيە» سىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا خەلققە زۇلۇم قىلغان پادشاھ خرىستىئان مۇرىتلىرى ۋەيلۇن[1] دوزاخقا كىرىدۇ. خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئۇچۇن كورەشكەن ئىسلام ئېتىقادىغا ئىگە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ داڭدار پەيلاسوپى فارابى ئىدىيىلىرىنىڭ مۇخلىسى ئافرىقىلىق ئەرەب ئىبنى روشىد جەننەتتە راھەت- پاراغەتلىك ھايات كەچۈرىدۇ.
شائىر پازىل داستاندا بولسا ئىسلام مۇرىتى تەقۋادار ئىبن سالام ئۆلمەستىن تۇرۇپلا ئۆز گۇناھى تۇپەيلى فىلسىرات كۆۋرۈكى (ھەقىقەت كۆۋرۈكى) دىن ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشىدۇ. «مۇناپىق، پاسىق» بولىدۇ، بۇ مۇناپىق ھوشىغا كېلىپ، جەمئىيەتتىكى مۇناپىقلىقنى ئىقرار قىلىپ توۋا قىلىدۇ. تېخى بۇلا ئەمەس ئۇنى لەيلى ئالدىدا مۇنداق تىز پۈكتۈرىدۇ:

قارا بولدى يۈزۈم كۆرمەسلىكىمدىن،
خاتا قىلدىم ساڭا بىلمەسلىكىمدىن.
كى سەندە بار ئىكەن تۈرلۈك كارامەت،
كى بىلمەي مەن ساڭا قىلدىم گۇناھات.

---

[1] ۋەيلۇن دوزاخ — دوزاخنىڭ ئەڭ يامىنى.

تەقى يىغلاپ خوجا ئۆزىدىن ئۆزىگە،
قەرىنتە بولدۇم ئەلنىڭكى سۆزىگە.
بۇ لەيلىگە تەۋۋازۇ بىرلە يىغلاپ،
يۈز كۆزىنى ھەم تۇپراقغە بۇلغاپ.
ماڭا لەيلى قىلىڭكىم بىر دۇئايى،
كى دەفئى ئولسۇن مېنىڭدىن بۇ بەلايى.
ئارىغ كۆڭلۈڭ بىلە قىلساڭ مۇناجات،
قۇتۇلسام بۇبەلادىن ئەي پەرىزات.
گۇنا بىرلە تەخى دەرماندە بولغان،
سېنىڭ ئالدىڭدا مەن شەرمەندە بولغان.
ھەرام ئەتتىم ئۆزۈمگە ئەي پەرىزات،
دۇئا بىرلە كۆڭۈلنى قىلغىل ئازاد.

لەيلى:

دېدى لەيلى خوجاغە «ئەي پىرى سال،
تولا قىلما ئۆزۈڭنى ئۆزگە بەدھال.
دۇئا قىلغان بىلە قولىڭ قولى مەن،
كى بۇ مەجنۇن ئۈچۈن ھەق بولبولمەن!»

ئاخىر بۇ تەقۋادار «مۆتىۋەر» ئىبن سالام ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن لەيلى ئالدىدا گۇناھلىرى ئۈچۈن تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇپ، لەيلىنىڭ «دۇئاسى» نى ئېلىپ لەيلىدىن ئاران قۇتۇلىدۇ. مانا بۇ قورئان ئەپسانىلىرىدىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئىپادىلەشنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتنىڭ مەڭگۇ غالىب روھىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر.

شائىرنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكرى ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى تەلقىندە لەيلى يۇقىرىقى «ھېكمەت» بىلەن ئىبن سالام قولىدىن قۇتۇلۇپ مەجنۇن بىلەن چۆلدە ئۇچراشقان پەيتتىكى

مەنزىرىدە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت كۈچــى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.
ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە دەرد ـ مۇڭلىرىغا كائىناتمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ ئورتاقلىشىدۇ.
لەيلىنىڭ نامى بىلەن:

سېنىڭ يارىڭ بىلە گۈللەر ئاچىلۇر،
سېنى كۆرمەي فىراقىڭدا ساچىلۇر.

دېيىشىدۇ، ئۇلار ئۇچرىشىپ ئامالسىز ئايرىلىش ۋاقتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

ئۇ يەردە يىغلاشىپ ئىككى ۋافادار،
ئۇچار قۇشلار ھەمە بولدى خەبەردار.
چونان دەردلەر بىلە يىغلاشتىلار كۆپ.
ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۇ ئىككى مەھبۇپ،
بىر- بىرىگە باقىبان ئۇرسا ئاھ،
تۇتاشىپ ئوت جاھانغا ماھ تاماھ.
كېچە- كۈندۈز ھەم ئۇرۇلسەم باشىڭدىن،
كېتەي ئەمدى تولا تۇرماي قاشىڭدىن.
جۇدا بولدى ئۇ شول ھەيىن بىر- بىرىدىن،
كىشى ئايرىلدى يا ئىككى كۆزىدىن.
«كى سەن ئۇيگە بارۇرسەن مەن كېتەيىن،
يۇرۇبان ۋەھشىلەر سارای يېتەيىن.»
يانىپ كەلدى بۇ لەيلى زار يىغلاپ،
كى مەجنۇن ئۇچۇن جانىنى داغلاپ.

بولۇپمۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن يەنى ئىبن سالام ۋەقەسى

ۋە ئۇنىڭدىن لەيلى قۇتۇلۇپ مەجنۇن بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئايرىلىش ۋەقەسىگە بېغىشلانغان بۇ تەلقىننى ئوقۇغاندا، ھەر قانداق ئىنساننىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭىكىگە مەي قۇيۇپ ئىچكەن فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ رەزىللىكىگە، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت-سائادىتىگە ئېلىپ كەلگەن ۋەھشىيانە بالا-قازا ئاپىتىگە غەزىپى ئۆرلەپ چاچلىرى تىك تۇرماي قالمايدۇ.

بۇ جايدا يەنە مۇھىم بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ لەيلى ئىبن سالامنىڭ چاڭگىلىدىن ھېلىقى ھېكمەت بىلەن قۇتۇلدى. ئىبن سالام قىلمىشىغا تۇۋا قىلدى، لەيلى چۆلدە مەجنۇن بىلەن بەختىيار ھالدا ئۇچراشتى... كېيىن نېمىشقا يىغا-زار بىلەن يەنە مەجنۇندىن ئايرىلىپ قايتىپ كېلىدۇ؟ ئۇلار ئەمدى مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپ بەختىيار ياشىسا بولماسمىدى؟ دېگەن پىكىر تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

شائىر توغرا قىلىدۇ. ئۇ لەيلىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئەمدى داستان سۇژېتىنى تراگېدىيىگە قاراپ بېيىتىدۇ. بۇ داستان سۇژېتى دىئالېكتىكىسىدىكى مۇقەررەرلىك. چۈنكى ئىبن سالامنىڭ تۇۋىسى پۈتۈن فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ تۇۋىسى ئەمەس. ئىبن سالام ۋەقەلىكىدىكى ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسى شائىر كۆز قارشىدىكى مۇتەپەككۇرانە نەق شۇ پەيتنىڭ ئەمەس، ھايات دىئالېكتىكىسىدىكى كېلەچەكنىڭ پەلسەپۋى مۇقەررەرلىكىدۇر.

شائىر ئەگەر ئۇلارنى بەختىيار قىلغان بولسا، فېئودالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا بۇنداق ئىنسان بەختىيارلىقىغا مۇتلەق يول قويمايدىغان زۇلمەتلىك دۇنياسىنى ئاقلىغان بولار ئىدى.

ئىككىنچى، شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ مەقسىتى ئۇلارنى بەختىيار قىلىش ئەمەس. ئەدەبىيات-سەنئەت رېئال دۇنيا بىلەن

ئىستىبتىك مۇناسىۋەت قىلغاندا، بىر-بىرىنچىدىن تونۇش، ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنى ئىنسانلار تەلىپىگە ماس ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە تايىنىپ ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنى ئۇ ئىككى خىل ئىستىبتىك تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەڭ گۈزەل ئوبرازلار دۇنياسىنى يارىتىپ كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرسا، يەنە بىرى، ئەڭ خۇنۈك، پەسكەش ئوبراز دۇنياسىنى يارىتىپ، كىشىلەردە ئۇنىڭغا قارشى پۈتمەس - تۈگىمەس غەزەپ - نەپرەت ئويغىتىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىرگەندۈرۈپ، ئۇنى يوق قىلىشقا، كۈرەشكە چاقىرىدۇ.

شائىر ئەنە شۇ ئىككىنچى ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. شائىر چىن ئىنسان مۇھەببىتى، ئۇنىڭغا بولغان ئېگىلمەس - سۇنماس ئالىيجاناب ساداقەتنى ئۇلۇغلاپ، ئەركىنلىكنى بوغقان چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمى ۋە شۇ تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئوبراز دۇنياسىنى يارىتىپ قارىلايدۇ.

ئەنە شۇ ئىستىبتىك غايە يۈنىلىشى بويىچە لەيلى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ روھىغا نەزىر - چىراغلار قىلىپ، قالغان تەئەللۇقاتىنى تۈگىگە يۈكلەپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، قەھرىمانىنىڭ ھايات يىلتىزى خەلق بىلەن بىللە ئىكەنلىكى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

چىقىپ يۇردى بۇ لەيلى بۇ شەھەردىن،
ئۆزاتتى ئەل بارىپ بىر ئانچە يەردىن.

شائىر داستاننىڭ سۇژېتى تەرەققىيات دىئالېكتىكىسى تەلىپى ۋە كىشىلەردە پەيدا قىلىنىدىغان ئىستىبتىك تۇيەيلىدىن، لەيلى بېشىنىپ ئۆتىدىغان ۋە مەجنۇن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن

قىرىق كۈنلۈك چۆلدىن لەيلىنى مەجنۇن بىلەن كۆرۈشتۈرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا «ئىت» ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكى تۈپەيلى، لەيلىنىڭمۇ ھەمراھ سۈپىتىدە بىللە ئېلىپ چىققان بىر ئىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىتى «باش» ئىدى. دەل ھېلىقى چۆلگە كەلگەندە ئىتى يوقىلىپ كېتىدۇ.

بىر ئوق قىچقىردى ئىتنى ئاندا لەيلى،
بۇ ئاۋاز ئىشتىپ ماڭ ئارتتى مەيلى.
بۇ قىچقارغاچ ئىتنى لەيلى «باش، باش!»
تۇرۇپ قالدى بومەجنۇن ئاندا شاباش،
كى بۇ لەيلىم مېنى تۇرسۇن دېگەندۇر،
يانىپ كەلگونچە ئول يۈرسۇن دېگەندۇر.

بۇ كىچىككىنە دېتال كىشى قەلبىدە بىر تەرەپتىن مەجنۇننىڭ لەيلىگە ھېچقانداق گۇمانسىز ساداقىتىنىلى ئويغاتسا، ئىككىنچىدىن، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئەنە شۇ سەرگۈزەشتىسى كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ ئۆتۈپ، كىشى تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ئېچىنىشلىق، ئۇلارغا ھېسداشلىق، قايغۇ، ئىزگۇ ھېسسىياتنى ئويغىتىدۇ.

لەيلى مەككىدە يەتتە يىل تۇرۇپ قالىدۇ. مانا شۇ يەتتە يىل ئىچىدە چۆل - جەزىرىدە لەيلىنى كۈتۈپ ئازاب چەككەن مەجنۇننىڭ كېيىنكى ئېچىنىشلىق قىياپىتى مۇنداق بېرىلىدۇ:

نەچچە يىللار تۇرۇپ مەجنۇن ئاندا،
بۇ مەجنۇندەك جاپاكەش يوق جاھاندا.
باشىنىڭ ساچىيۇ تىرنىغا تۈشكەن،
بۇ لەيلىنىڭ غەمى كۆڭلىگە تۈشكەن.

نەچە كۈندۈز تۈرۈبان مۈنتەزىر ئول،
يەنى بەلىگە باقماي ئۈلۈك ياسۈل.
كېچە- كۈندۈز تۈرۈپ مەجنۈن غەمدە،
بۇ مەجنۈننىڭ كۈنى بۇ بولدى چۆلدە.
بۇ لەيلىگە باقىپ ئاندا تۈرۈپدۈر،
تولا قۇش باشىدا چانگاھ قۇرۇپتۇر.
تولا قۇچقاچۇ فاختەكلەر، ساغىزخان،
تەخى مەجنۈن بۇ لەيلىنى ساغىنغان.

يەتتە يىل مەككىدە تۈرۈپ قايتقان لەيلى ئەنە شۇ ھالەتتە يۈرگەن مەجنۈن بىلەن كۆرۈشكەندە بىر- بىرىگە ئالەم كۈمۈلگۈدەك خۇشاللىق، دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈپ تاشلايدۇ. شەھەرگە بىللە كېلىدۇ. لەيلى ئۆز ئۆيىگە چۈشىدۇ. مەجنۈن باشقا ھۇجرىغا بارىدۇ. بۇلار:

كېچە- كۈندۈز ئىشى گۈلخەندا ياتماق،
كېچە تاڭ ئاتقۇنچە مىڭ ئاھ تارتماق.

تەرىقىسىدە كۈنلەر ئۆتۈپ، مەجنۈننىڭ:

كېچە كۈندۈز ئىشى ئەفغاندا بولدى،
بۇ مەجنۈننىڭ ئۈنى ئالەمگە تولدى.

مەجنۈننىڭ ئاۋازى ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتى، ئازادلىق-ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمىنى بولغان فېئودال كۈچلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.

جەھان خەلقى ھەمە بولدى ئاگا تىنغ،
تولا نادانۇ ئەھمەق سوقتى قاتىغ.

بولغان بولسا، پاسىق سۆگەكتىن يامرىغان بۇ مەخلۇقلارنىڭ بىر قىسمى لەيلىگە بېرىپ:

باری ئەل قىلۇر ئىردى مەلامەت،
تولاسى لەيلىگە قىلدى ئاھانەت.

ھەتتا ئۇلار:

بۇ مەجنۇننى يىراق قوغلاپ سالىڭلار،
تەخى كەلسە ئۇنى قوغلاپ ئۇرۇڭلار.

دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. شۇ ئارىدا بۇ ئىشنى ئۇن - تىنسىز ئورۇنداشنى ھۆددىگە ئېلىپ، فېئودالىزمنىڭ قاتىل مالىيى بولغان بىر دەللە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن مەجنۇن ئالدىغا كېلىپ:

چىقىپ مەجنۇنغە دېدى: «ئەي پىرى سال،
ساڭا لەيلىنىڭ ئايىتتى بۇ نەدۇر ھال.
فەلان يەرگە باربان ئەتسۇن بوستان،
كى ئاندا قىلغۇسى تۇرلۇك گۇلىستان.
تەخى ئاغزى بىلە ئارق چىقارسۇن،
تەخى تۇرلۇك مەئاشلار ئاندا قىلسۇن.
تەخى ئاغزى بىلە قارىم چاپىبان،
كى ئاندا باغۇ بوستانلار قىلىبان.
كى ئاندا مەن بارىپ سەير قىلۇرمەن،
بۇ باغۇ بوستان ئىچرە يۈرەرمەن.»

بۇنى ئاڭلىغان مەجنۇننىڭ جانلىرى سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، باياۋان - چۆلنى نەچچە يىل ئىشلەپ باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى لەيلىگە بولغان پاك مۇھەببىتى ۋە سەمىمىيىتىنىڭ كۈچكە ئايلىنىشى ئىدى... ئۇ شۇنداق جان تىكىپ ئىشلىدىكى:

ئاغىز گۈشى بۇ ئۇفرايدۇر ئىڭەكى،
ئاچىلىپ قالدى ئاغزىنىڭ سۆڭەكى.
تەخى ئاغزى بىلەن تاشلارنى تىشلەپ،
بۇ لەيلى يادىدا چۆللەردە ئىشلەپ.

چۈنكى ئۇنىڭ قەسەمياد شوئارى مۇنداق ئىدى:

بۇ لەيلىم يادىدا بوستان سالۇرمەن،
قابۇل قىلماي ئوقۇۋەتكە قالۇرمەن.

ئۇنى ئاخىر ئۇزاق يىللىق دەرد - ئەلەم، سەرگەردانلىق ھايات، ئېغىر ئەمگەك ئۇرۇپ يىقىتىدۇ، قىرىق كۈن جان تالىشىدۇ، سەۋەبى:

كى قىرىق كۈن جان تالاشتى چىقمادى جان،
باشىمدا تۇرمادى ئول لەيلى جانان.
مېنىڭ ئەھدىم بۇ دۇرسەن بولماغۇنچە،
جانىم چىقماس قاشىمدا تۇرماغۇنچە.

بۇنى پاك مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا ساداقەتنىڭ مۇڭلۇق ئەمما باتۇرلارچە ئۇقۇلغان قەسىدىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مەجنۇننىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەر تاپقان لەيلى ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىدۇ-دە، ئۇنىڭ سەكراتتا ياتقان گەۋدىسىنى پاك

مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق قۇچىقىغا ئالىدۇ.

مەجنۇن:

دېدى مەجنۇنكى: «ئەي لەيلىم ۋاپادار،
مېنىڭ ئايتقان سۆزۈمدىن بول خەبەردار.
ئۆلەرمەن ئۇشبۇ فۇرقەت بىرلە يارىم،
ساڭا دەرمەن بۇ سۆزنى گۇلئۇزارىم.
مەن ئۆلگەندە بۇ تەخى گەپنى قىلغىل،
ئۆز ئىلكىڭ بىرلە مېنى دەفن قىلغىل.
سەن ئۆلگەندە سېنى قويسۇن يانىمدا،
گۆرۈمدە ياتايىن شۇندىن ئاماندا.
بۇ سۆزلەرنى تەخى لەيلىم قەبۇل قىل،
ئېشىتىپ بۇ سۆزۈمنى ياخشى بىلگىل.
سەن ئۆلگەندە، كېلىپ تاپقىل مېنى سەن،
كى مەھشەردە سوراپ تاپقۇم سېنى مەن.»
دېدى «لەيلىم رىزا بولغىل» دېدى جان.
بىر ئوق «لەيلىم» دېدىيۇ بەردى ئول جان.

بۇ چاغدىكى لەيلى ئاھ ـ زارىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى:

خۇدايا بۇ مەجنۇننى نە قىلدىڭ،
باشىمغە كوھىقاپ تاغىنى يىقىتتىڭ،
كېيەرمەن ئەگىنىمە بىر ئەسكى جەندە،
خۇدايا ئال ئامانەت قويما مەندە!

مانا بۇ تراگېدىيە! ... مانا بۇ ئېپلاس، خۇنۇك ئەمما ۋەھشىي فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ، ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىنىي ئېتىقادىدىكى بىر بۆلەك ناچار تەرەپنىڭ ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ پاك، ئالىيجاناب ئىنسان ئەركىنلىكىگە ۋەھشىيلەرچە چاڭگال

سالغان تراگېدىيىلىك كۆرۈنۈشى. ئەمما بۇ ماھىيەتتە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىنسانىي ئالىيجاناب ساداقەتنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھەر قانداق بېسىمىغا بويسۇنماي ئۇنى يەڭگەن ئۇلۇغۋار روھنىڭ تراگېدىيىسى بولۇپ، كىشى قەلبىدە لەيلى، مەجنۇنغا چەكسىز ئاپىرىن، فېئودالىزم ۋەھشىيىتىگە چەكسىز ئۆچمەنلىك، نەپرەت تۇغدۇرىدىغان شائىر ئىستېتىك غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر.

## داستاننىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا

ئەدەبىياتقا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا خىلمۇ خىل ئاتالغۇلار بىلەن تەرىپ بېرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەدەبىياتنى خەلقنىڭ بەدىئىي ئېڭى دېيىش ھەممىدىن ئەقىلغە مۇۋاپىقراق كېلىدۇ.

ئوقۇغۇچى ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەر يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى بونسا كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغىتىشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشىدۇر. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان باش ئۆلچەم، ئەڭ ئالدى بىلەن شېئىرىي ئەسەرنىڭ قەدىرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىككە توغرىلىقىدىدۇر. سەنئەتكار بەدىئىي تەپەككۇر ئىگىسى بولۇپ، ئۇ ھاياتقا ئېستېتىك مۇناسىۋەت قىلىپ، ھاياتنى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە تونۇپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزى ياراتقان ئوبرازلار دۇنياسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيانى تونۇش، ئۇنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك قارىشى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىغا

تايانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان سەنئەتكارلا ھاياتقا توغرا ئېستېتىك مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلىرىدا ھاياتنى چىن، ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەسىرچان ئەسەر يارىتالايدۇ.

ئۇنداقتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلۈكى قىلىپ قويۇلغان، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مۇشۇنداق شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سوفىزم ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان پەيتتە شائىر پازىلنى سوفىزمنىڭ شىنجاڭدا ئەڭ كۆپ تارقالغان ئىلغار نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ دۇنياغا قارىشى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشىمىز مۇمكىن.

لېكىن ئۇنىڭدا سوفىزمنىڭ يەنە بىر ئېقىمى ئېكىستانچى (ھاياجانچى) سوفىزمنىڭمۇ كۈچلۈك تەسىرى بار.

ئېكىستانچى سوپىلار ئاللا بىلەن بىرلىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن رېئاللىقتا يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا ئېكىستانچى سوفىزم قارىشىغا ئىگە بولغان شائىرلار پۈتۈن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىلغار رول ئويناپ، ئەدەبىيات تارىخىغا زور ھەسسە قوشۇپ كەلدى.

شائىر، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە نېمىلەرنى يازسۇن، ئۇ شۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان مەسىلە:

شائىر موللا پازىل داستانىنىڭ «سىفەتى ئەھلى ئىشىق»

دېگەن ماۋزۇنىڭ تەلقىنىدە مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئالەمنىڭ چىراغى مەن ئىرۇرمەن،
كى خاتىرلار فەراغى مەن ئىرۇرمەن.
بۇ ئالەمدە بولۇپدۇرمەن ساڭا دوست،
ئۆزۈمدىن سۆزلەرەم مەن، ئەي شەۋەك پوست.

دەپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى پانىي بولغان ئېكىستانچى سوپى نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ ئېيتىدۇ. لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن رېئاللىققا يېقىنلىشىپ، ئالەمنىڭ چىرىغى ئادەم ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەممىدىن يۇقىرى قويىدۇ. ئېكىستانچى سوفىستىك شائىرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىلغار رولى ئەنە شۇ نۇقتىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمدى نەقشىبەندىيە سوفىستىك شائىرلارنىڭ ئىلغارلىقى شۇ جايدىكى، ئۇلار «بۇ دۇنيانى ئاللا ياراتقان، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر، ۋەقەلەر ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن بولىدۇ» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلار رېئال دۇنيانى، ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشنى رەت قىلمايدۇ. بۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق تەلىماتقا قارشى تۇرىدۇ. مانا شۇ نۇقتىدىن مۇسۇلمانلاردا ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلانغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەزى قانۇن - قائىدىلىرىنىمۇ رەت قىلىدۇ.

شائىر موللا پازىل نەقشىبەندىيەلەرنىڭ يۇقىرىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆز داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن» دا ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ «بۇ دۇنيانى ياراتقانلىقى» نى ئۇنىڭ «قۇدرىتى» نى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ رېئال دۇنيانى، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى زۇلمەتلىك ھەرىكىتىنى رېئالىستىك بەدىئىي مېتود تۈيغۇسىدا تۇرۇپ سۆكىدۇ. داستاندىكى

بەدىئىيلىكىنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولغان «بەدىئىي چىنلىق» ئەنە شۇ شائىرنىڭ يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزىرىدىن تۇغۇلىدۇ.

ئۇ ئۆز دەۋر رېئاللىقىغا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنى گەرچە «. . . سىياسىي ئەركىنلىككە ئىگە بولمىغان خەلق قولىدا ئەدەبىيات يېگانە مۇنبەر بولۇپ، بۇنىڭ چوققىسىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپ ۋە ۋىجدان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ»[1] دېگەن نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆز داستانىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

شائىر ياشىغان جۇڭغار خوجىلار دەۋرى سىنىپىي زىددىيەتتىن مىللىي زىددىيەتكە ھالقىپ كەتكەن دەۋر ئىدى. بۇنى توغرىدىن - توغرا ئوچۇق مۇنداق تەنقىد قىلىدۇ:

زامانە تەڭ ئىردى يۇرت ۋەيران،
بۇ ئېلدە بار ئىردى كۆپ داغى ھىجران.
بۇ يۇرتنىڭ ئىردى كافىر پادشاھى،
بۇ بائىسدىن بولۇر ئىردى سىپاھى.
بۇ كافىرلارغا بىزار ئىردى قانچى،
بۇ يۇرتتا ھەر كۆنى مىڭ ئەردى خەرجى،
بار ئىردى ئۈستىبىمىزدە مىڭ قالماق.
بارى ئەلگە ھەمە ئول ئىردى توخماق.
ئۇلاغ بىرلە ھەمە ئەل مەست ئىدىلەر،
خەسۇ خاشاكدىن ھەم پەست ئىدىلەر.
ئۇلارغا تاپسا ئەل قارنىغا تاپماي،
بارى يوقى ئوچۇق ھەرگىز ياپالماي.

---

[1] «رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدى توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 43- بەت.

كىيىملىرى ئۇلارنىڭ ئەسكى پوستىن،
زەبول بولغاي ئۇلار چاچۇق ئاستىن.
تولاسى ئىردىيۇ تول نەقىل مەجلىس،
ئوبائىسدىن بولۇپ قەللاج موفلىس.
ئۇلار كىم نان ئۇزرە جان بىرۇرلەر،
ئولوقچىلار ئۇرۇپ ھەيدەپ يۇرۇرلەر.
قاراڭغۇدۇر ئۇلارغا روز رەۋشەن،
كى گويا بىر تىكەنلىك ئىردى گۇلشەن.

ئەمدى مىللىي زۇلۇم بىلەن سىنىپىي زۇلۇم بىرلىشىپ كەتكەن خەلقنىڭ ئىچىنىشلىق ھاياتىنىڭ سۈرىتى مۇنداق بېرىلىدۇ:

ھەممە بوستانلا جاڭگالىستان ئىردى،
گۇلىستانلار ھەممە خارىستان ئىردى.
ھەمە چۆل بولدى ياخشى باغ باغات،
بۇلارنىڭ ئورنىغا ئۈندى قەراغات.
خەراپ ئولدى ھەمە ھەم ئۆيۇ ئايۋان،
بولۇپ ئەردى بۇ يۇرت يەر بىلە يەكسان.
ھەمە ئەل نان كويىدا ئىردى مەجنۇن،
ئەلفتەك قامەتى ئىردى ھەمەنون.
ئانادىن ئوغلىغە پەردە يوق ئىردى،
كۆڭۈلنى بەرگىدەك رەنا يوق ئىردى.
يوق ئىردى چېھرەلەردە قەترە نۇرى،
يېمەك- ئىچمەكدە يوق ئىردى ھوزۇرى.
ئەگەر بىر جاننى بىر نانغا بەرسە،
خەرىدارى يوق ئىردى دانغە بەرسە.
تاتىبان ئاھ ئۇرۇپ ئەركەك- چىشلەر،

ئۇلار فەريادىغا يەتمەس كىشىلەر.
يوق ئىردى ئالغۇچىلارنىڭ ھەياسى،
بۇ ئەلنىڭ قولىدا ئىردى يوتاسى.
ھەمە زەردارلار ئىردى ئەلەمچى،
كۆنى كەچمەك گەدالارغا سالىمچى.
تولا ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئاقساقالى،
ئىچىدىن كۆپ ئىدى تاش ساقالى.
بۇ يەڭلىغ ۋەقتىدا قىلغان كىتابىم،
گەھى گۆشەھدىدىن بولغاي خەيالىم.
ھەمە ئەل تۇغقانىغە كۆپ پۇشايمەن،
قارالىقلار كەبى ئىردى پەرىشان.
بۇ ھالغا پايلاماي باشىغە ئۇرۇپ خاك،
قىلىبان ھەم ياقاسىن تائىتەك چاك.

يۇقىرىقى ئىككى پارچىدا بۇ دەۋرىدىكى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتى، سىياسىي ئورنى؛ قاششاقلىــــق، زۇلمەتكە چۆككەن ھاياتى رېئال، چىن - راستچىللىق بىلەن روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ سىزىپ بېرىلگەن.

شائىر يۇقىرىقى زۇلمەتلىك، خۇنۇك ھاياتقا كىتابخاندا ئۆچمەنلىك ئىستىبتىك تۇيغۇ تۇغدۇرسا، ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ باياشات، توق تۇرمۇشى، مىللىي غۇرۇرىنى تەسۋىرلەپ، ئىككى خىل ھاياتنى سېلىشتۇرما قىلىپ كىتابخاندا جۇڭغار - خوجىلار دەۋرىدىكى زۇلمەتكە تولغان، چىرىك، خۇنۇك ھاياتقا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ ئىستىبتىك غايىسىنى بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق ياراتقان ئوبراز خاراكتېرلەر ۋە خاراكتېرلەرنىڭ تارىخى ھېسابلانغان سۇژىت، سۇژىتلار يۈز بەرگەن تىپىك

ئىجتىمائىي، سىياسىي، تەبىئىي مۇھىتقا، قىسقىسى داستاندا يارىتىلغان ئوبرازلار دۇنياسىغا سىڭدۇرۇۋېتىپ، شۇ ئارقىلىق كىتابخان قەلبىگە باشلاپ كىرىپ، كىشىنى كۈچلۈك ھاياجان، ئويغا سالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتشۇناسلىقتا خاھشچانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم توپ بەلگىسى بولۇپ، شائىر بۇ مەسىلىدە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئېگىز چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن.

شائىر ئۆزى ياراتقان ئوبراز- خاراكتېرلىرىنى يورۇتۇشتا، خەلق ئېپوس ئۇسۇللىرىدىنمۇ، قۇرئان قىسسە - ئەپسانىلىرىدىنمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

شائىر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا، ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇش بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇ خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق ئېچىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

شائىر داستاندا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى — مۇھەببەت ئېمىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتىنىڭ باش كاپالىتى — ئىنسان سىياسىي ئازادلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فېئودالىزم تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان دىن شەرئىيتى ۋە ئۇنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىنى، نەزەرىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ناچار فېئوداللىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىنسان سىياسىي ئەركىنلىكىنىڭ قاتىل دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى لەيلى - مەجنۇن تەقدىرىنىڭ كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان تراگېدىيىلىك ھالىتى بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەپ، داستاننى دەۋر روھىي سالماقدارلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

داستاندا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى (قەيس ۋە لەيلىلەرنىڭ بۆشۈك تويى،

تەربىيىسى، لەيلىنىڭ تويى ۋە باشقىلار...) تەسۋىرلىنىپ، XVIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن مەنزىرىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرىنىڭ بىرى ئەسەر مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە چېرنىشېۋسكى مۇنداق دېگەنىدى: «پەقەت ھەقىقىي ئىدىيىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرلا، ئەگەر شەكلى ئىدىيىسىگە مۇتلەق ماس كەلسە، بەدىئىي بولىدۇ».① ئۇ ئەسەرنىڭ شەكلى ئىدىيىسىگە ماس كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمنى مۇنداق قويىدۇ «ھەقىقەتەن ھەم ئەسەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىقتىمۇ-يوقلۇقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش لازىم. مەلۇم تەپسىلات — سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ئۆز-ئۆزىچە قانچىلىك قىزىقارلىق ياكى گۈزەل بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلمىسا، ئۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە زىيان يېتىدۇ.»② بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدۇر. ئەگەر خاراكتېرنى، ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلىگۈچى ۋاستە دېيىلسە، خاراكتېر مەلۇم بىر ژانىردا يېزىلغان كونكرېت ئەسەردە ئۇنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان تىل، سۇژېت (سۇژېت بۆلەكلىرى)، كونفلىكت، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت مەنزىرىسى ئارقىلىق مەيدانغا چىقىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقى شەكىللەر داستاندا خاراكتېر - ئوبراز يارىتىشتا ناھايىتى تولۇق خىزمەت قىلىدۇ. داستاندا شەكىلگە ياتىدىغان ئامىللار شۇنچىلىك مۇۋاپىق، تولۇق ئىشلىتىلگەنكى، ھەتتا لەيلى ھەجگە ماڭغاندا

---

①② چېرنىشېۋسكى: «تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 3-توم.

بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىتمۇ مەجنۇن خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بۇنى خېلىلا يېتىلگەن تالانت دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتىنىڭ بىرى تىلىنىڭ روشەنلىكى، راۋانلىقى، يارقىنلىقى، ئورىگىناللىقى، رەڭدارلىقى، ئاممىباپلىقى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

چۈنكى ھايات مۇرەككەپ ھادىسە بولۇپ، يازغۇچى شۇ مۇرەككەپ ھادىسىنى تەسۋىرلەشنى بىلگەندىلا، ئۇنى ئىپادىلەيدىغان تولۇق ئەدەبىي بوياقتا باي تىل تاپالىغاندىلا ئەنە شۇ ھاياتنىڭ مۇرەككەپ، ھەققانىي مەنزىرىسىنى يارىتالايدۇ. ياكى ئەدەبىي ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۇكلۇكى، ياكى ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان ئوبراز خاراكتېرلەر دۇنياسى ھۆجەيرىسىدىن تارتىپ، تا يېتىلگەن ئورگانىزىمى ئەنە شۇ بەدىئىي تىل ئارقىلىق مەيدانغا چىقىدۇ.

شائىر موللا پازىل سۆز سەزگۈسى، سۆز جارىيدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، سۆز سەنئەتكارىغا كۆتۈرۈلگەن مۇتەپەككۇر، بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر. ئۇ:

كېتىپ بەغرىم قالىپتۇر ئۇستىخانىم،
تامار ياشىم يۈزۈڭگە جانجانىم.
سېنىڭ ۋەسلىڭنى ئىزدەپ ئەي گۈلىستان،
ئۆزۈمگە مەنزىل ئەتتىم جاڭگالىستان.

دەپ توغرىدىن - توغرا ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن يۇقىرىقى كۇپلېتىنمۇ؛ ياكى ئۇنىڭ ئەخلاقىي كۆز

قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان:

ئىرۇر دېگەن ئەكىل بىر پەھلىۋانى،
بۇ لەشكەر ئىچرە ئۇلدۇر بىر قابانى.
يېمەك دەرلەر ئانى تۈركى تىلىدا،
ئانىسى تۇغقان ئول توڭگۇز يىلىدا.

ياكى:
بىرى غەيبەت ئىرۇر ئۇلدۇر قارا يۈز،
ھەمرايى بولدى پەيدا ئول قىلاۋۇز.
بىر ئوغلى كېزىبدۇر يالغانچى موردار،
بىرى لوغەتكە ئول سازاۋەر.
تەمائى دېگەن ئىرۇر بىر زىر دەستى،
تەمە ئىتلىكلەر ئىرۇر بەستى.
كى باردۇر ھەم ئوردىيو ئاتى ھىرىس،
كۆرۈنمەس كۆزگە ئۇلدۇر رافىزى خىرىس.
يەنە بىر خوجا ئاتلىق قارىغۇ بار،
كۆزى ئاچ بىر گادايى قارىغۇ بار.

دېگەن بۇ پارچىلاردىنمۇ تىلدىكى ئوبرازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەدەبىي ستىلىستىك ۋاستىلەرنى خالىغانچە تاپقىلى بولىدۇ.
شائىر ئوبراز يارىتىشتا شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بولغان ھەرپىي ئوبرازلاردىنمۇ كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىدۇ:

ئەلىپ قەددىم بولۇپتۇر نون يەڭلىغ،
كوزالغان كاسائى پورخۇن يەڭلىغ.

ياكى:

بىر ـ بىرىگە بولۇرلەر دال ئىلە زال،
گاھى بىھوش بولۇرلەر گاھى بىھال.

مۇنداق مىساللارنى داستاندىن خالىغانچە تاپقىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز داستان بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ توپكى ئاساسىي مەنزىرىسىدۇر.

شائىرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا شۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن ئېيتىش كېرەككى، ئۇنى ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا ئۆز زاماندىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇلاردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى ۋە ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنى بېيىتىشتا ھەم ھازىرقى بەدىئىي تىلغا يېقىنلاشتۇرۇشتا ئاجايىپ زور جاسارەت كۆرسەتكەن شائىر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

موللا پازىل ئۆز دەۋرىنىڭ ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرى، دەۋر روھىنى سىزىشتا بۈيۈك مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىدا رېئالىزمنى باشلاپ بەرگەنلىكى ۋە گرېتسىن ئېيتقاندەك «. . . سىياسىي ئەركىنلىككە ئىگە بولالمىغان خەلق قولىدا ئەدەبىيات يېگانە مۇنبەر بولۇپ، بۇنىڭ چوققىسىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپ ۋە ۋىجدان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ» دېگەننى ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى مۇنبىرىدىن ئەڭ يۇكسەك پەخرىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

# ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبيات تارىخىدىكى تەرجىمە ۋە بەدىئىي ئالاقىلەر

تەرجىمە تۈركىي كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا باشقا تىللاردا يارىتىلغان بەدىئىي تەپەككۇر مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ، ئۇلار بىلەن ئىجادىي مۇناسىۋەتكە كىرىشىنىڭ زۆرۈر يوللىرىدىن بىرى بولغان. ئەجدادلىرىمىز قەدىمىي ۋاقىتلاردىلا تەرجىمىلەرنىڭ يوللىرى بىر خىل ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، سۆزمۇ سۆز تەرجىمە، قىسقارتىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن تەرجىمە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغان.

ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇرلاردا ھەممىدىن بۇرۇن باشلانغان. مەسىلەن: مەشھۇر كۇچارلىق بۇddاشۇناس ئالىم ھەم شائىر كومراجىۋا سانسكرىت تىلىدىن كۆرمىگىلىغان بۇددا نوملىرى سوتراللىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇددا مەدەنىيىتىنى شىنجاڭغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقاتقان. ئۇ ئاجايىپ ماھارەتلىك مەدەنىيەت غەيرەتكارى، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى، مەدەنىيەت ئەربابى ئىدى. جۈملىدىن تۇرپان ئىدىقۇتىنىڭ مەشھۇر شائىرى، بۇددا روھىدا نۇرغۇن شېئىرلار يازغان ئاپرىن چورتىكىن، چۇسايا تۇتۇڭلارمۇ شۇنداق مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ ۋە «ئالتۇن يارۇغ» نى تەرجىمە قىلغان بەش بالىقلىق سىڭقۇسالى تۇتۇڭنى ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەڭ يىرىك تىپىك ۋەكىلى

دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. چۈنكى ھازىرقى تۈركشۇناسلار «ئالتۇن يارۇغ» نىڭ ھىندىلار ئەسىرى بولغانلىقىغا قارىماي، «ئالتۇن يارۇغ» تىلىنى ئەينى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياخشى ئۆلگىسى دەپ قارىماقتا. جۈملىدىن 27 پەردىلىك دراما «مايتىرىسىمىت» (مايتىر بىلەن ئۇچرىشىش) نى توخرى تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا پىرتراراكشىتىنىڭ تەرجىمە قىلىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ئەڭ يارقىن شاھىتى بولالايدۇ. يۇقىرىقى چەت تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا سىڭدۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى. بۇ ئەنئەنە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنى كىرىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسلام شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن داۋاملاشتى.

ماۋرا ئۇننەھر تۇپرىقىدا دەسلەپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر كۆپرەك ئىلمىي، تارىخىي ئەسەرلەر ۋە مېمار خاراكتېرىدىكى كىتابلار ئىدى. ئەبۇناسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا، ئابۇرايخان بىرونى تەرىپىدىن پارس، ھىندى، يۇنان تىللىرىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەر ئەنە شۇنداق ئىلمىي، تارىخىي قول يازمىلاردىن ئىبارەت ئىدى. تۈركىي تىللارنىڭ ئەڭ بىرىنچى تەتقىقاتچىسى «تۈركلەر، تۈركمەنلەر، ئوغۇزلار، چىگىللار، ياغمالار، قىرغىزلارنىڭ شەھەرلىرىنى، قىشلاق ۋە يايلاقلىرىنى كۆپ يىللار كېزىپ، ئۇلارنىڭ لۇغەتلىرىنى توپلىغان، «تۈرلۈك خىل سۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ» چىققان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرى ئەرەب تىلىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ياراتتى.

مەخمۇت زاماخشارىنىڭ ئەرەبچە - پارسچە لوغىتى — «مۇقەددىمەتول ئەرەب» نىڭ قۇتۇپ خارازمىنىڭ نىزامى گەنجۈۋىدىن ئۆزگەرتىپ يازغان «خىسراۋ ۋە شىرىن» نىڭ

مەيدانغا كېلىشى سەيپى سارايى تەرىپىدىن سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» نىنىڭ تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى، نىزامىنىڭ «مەھزان - ئۇل ئەسرار» نىنىڭ ھەيدەر خارازىمى تەرىپىدىن تۈركىي ۋارىيانتىنىڭ يارىتىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىدە مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى ئىدى. تاجىك، پارس تىلىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ تەرجىمە ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا كېلىپ قوشۇلۇشى ۋە ئۇنى يېڭى تېماتىكا ۋە يېڭى ئوبرازلار بىلەن بېيىتىشى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىدۇر. مەسىلىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم تەرىپى، تەرجىمانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز مىللىي تىلىغا، زامانلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۇرۇشلىرى، مۇئەللىپلەر ئىزىدىن سۆزمۇ سۆز بارماسلىقى بۇ مۇھىم مەسىلىدۇر. مەسىلەن: قۇتۇپ خارازىمى گەرچە «نىزامى يولىدىن ھالۋا پىشتۇردۇم» دېگەن بولسىمۇ، «خىسراۋ ۋە شىرىن» نىڭ ئەسلى ۋەزنى، ئوبرازلىرى ئاساسىي گەۋدىسىنى ساقلىغان ھالدا ئالتۇن ئوردىدىكى ساراي مۇھىتى، ئۆرپ- ئادەتلەر ۋە ئوۋ، جەڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتە رېئال ھاياتىي ماتېرىياللارغا تاياندى. بىر قاتار ۋەقەلەر نىزامى كۆزدە تۇتقان زاماندىن قۇتۇپنىڭ ئۆز زامانىغا كۆچۈرۈلدى. بۇ ھادىسىنى بىز ھەيدەر خارازىمى تەرجىمىسىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۇ نىزامى خەزىنىسىدىن پايدىلانغانلىقى توغرىسىدا «مەنكى پىشىردىم بۇ لەزىز ئاشنى، شەيخ نىزامىدىن ئېلىپ چاشنى» دەيدۇ. لېكىن «مەھزان - ئۇل ئەسرار» نىڭ تۈركىي نۇسخىسى بىلەن تونۇشۇش، خۇددى قۇتۇپ خارازىمىنىڭ ئوخشاشلا ھەيدەر خارازىمى ئورىگىنالىغا بىر قاتار يېڭىلىقلار كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، ئۆز دەۋرى، زامانى، روھىنى سىڭدۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سەيپى سارايى ئىجادىدا ئەدەبىي ئالاقىلارنىڭ يەنە بىر

شەكلىنى كۆرىمىز. سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» نىنى XIV ئەسىرنىڭ

ئەڭ مۆتىۋەر قول يازمىسىدىن ئىبلىپ تەرجىمە قىلدى. شائىر پايدىلانغان قول يازما زاماندا شلىرىدىن مەۋلانە قازى مۇھسۇن، مەۋلانە ئىسھاق، مەۋلانە ئىماد مەۋلەۋى قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ غەزەللىرىدىن باشلىغىنى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇشائىرە قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەزەربەيجان شائىرى ھەسەن ئوغلىنىڭ تۈركى تىلىدا يازغان غەزىلىگە جاۋاب بېرىشى سەيپى سارايىنىڭ ئەدەبىي ئالاقىلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدە، بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ شەخسىي ئەدەبىي ئىجتىمائىي پائالىيىتى تەسىرىدە ئالاقە ئاۋۇالقى ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ راۋاجلاندى. مەلۇمكى، نەۋائىدىن مەنىۋى ياردەم سوراپ شائىرلار تېرمىزدىن، نۇشۇرۋاندىن، بۇخارادىن، نىشاپۇردىن، ئىراقتىن، سەبزاۋاردىن ۋە باشقا شەھەرلەردىن كېلەتتى. نەۋائى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىجادىي ياردەم بېرىشتىن تاشقىرى ماددىي ياردەمنى ھەم ئايىمىدى.

نەۋائى تۈپەيلى شەرقتىكى نۇرغۇن ئەدەبىياتلارنىڭ يىرىك سەنئەتكارلىرى كەڭ مىقياستا ئەدەبىي ئالاقىگە كىرىشىپ، روناق تاپتى. بۇ نۇقتىنى نەۋائىنىڭ لىرىكىسى ۋە داستانلىرىنىڭ مىسالىدا روشەن كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

مۇنىس تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان ۋە ئاگاھى داۋاملاشتۇرغان مىرخەندىنىڭ «رەۋزەتۇس سافە» ناملىق ئەسىرى (XIX ئەسىر)، نەھايەت ئاگاھىنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلغان نەچچە ئونلاپ كىتابلىرى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىدە، يىلنامىسىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. خىۋەدە خېلىلا راۋاجلانغان ئەدەبىي ئالاقىلەرنىڭ تەرجىمىچىلىك ھەرىكىتىگە كامال، تەبىي، مىرزا، روۋزى قاتارلىق شائىرلار ھەم قاتناشقانلىقى تارىختىن مەلۇم. ئەنە شۇ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز تۈركىي

خەلقلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھر ۋە خوراساندىكى شەرقىي خەلقلەر بىلەن ئىجادىي ئالاقىگە كىرىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدىكى قىسقىچە باياندۇر.

ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمى بولغان شىنجاڭغا كەلسەك، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا قەشقەر بىلەن بالاسوغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار دۆلىتى دىنىي ئېتىقادتا ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان بولسا، بەش بالىغ ۋە تۇرپان قوچۇنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى دىنىي ئېتىقادتا بۇددا دىنىنى ئاساس قىلدى. نەتىجىدە، بۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىدە، ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە، ئىككى خىل مەدەنىيەت، ئىككى خىل ئۆرپ-ئادەت شەكىللىنىپ، تىل ۋە تۇرمۇشتا بەزى پەرقلەر پەيدا بولغانىدى. بۇ پەرقلەرنى XIV ئەسىردە شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن سەئىدىيە خاندانلىقى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇتخانىلار يوقىتىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت - مەدرىسلەر تىكلەندى.

X ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە تارىخىي ئەمەلىيەتتە بىر ئېتىنىكنىڭ پارچىلىنىشىغا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلدى. خەلق ئەركىن ئارىلاشتى. سوترانىڭ ئورنىنى قۇرئان ئالدى. قۇرئان ئارقىلىق ئەرەب تىلى سانسكرىت تىلىنى سىقىپ چىقاردى. مەسچىت - مەدرىسلەردە پارسچە شېئىرلار يادلىنىشقا باشلىدى.

XV ئەسىردىن باشلاپ سىياسىي، تارىخىي ھاياتتىكى ۋەقەلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى كەڭ تارقىلىپ، مەدرىستىكى ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلاندى. بۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلى XII–XIV ئەسىرلەرگە قارىغاندا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلى بىلەن بەك ئاز باغلاندى. ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن يېڭى لېكسىكا بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. دىئالېكتلارنىڭ

ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇشىنى، يېقىنلىشىشىنى تېزلەتتى. بۇ دەۋرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلارغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرالىرىمۇ خېلىلا مۇقىملىشىپ، ئەمدى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلامغىلا ئەمەس، ئۆز تېررىتورىيىسى بىلەن باغلاندى. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردىكى ئويغانغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇردى. بۇ مەسىلە يېڭى ئەسەرلەرنى يېزىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى پارس ۋە باشقا تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپتى. بۇ ئەنئەنە سەئىدىيە خاندانلىقىدىن كېيىنكى جوڭغار — خوجىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ناھايىتى ئۇچۇق شەكىللىنىپ زور كۈچ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بەدىئىي ئەدەبىياتتا روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە قەشقەرلىق موللا مۇھەممەت ئۆمەر پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا «كەلىلە-دىمنە» نى ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانىنى تەرجىمە قىلغان. يەكەنلىك پازىل موللا خامۇش ئاخۇن، ئاخۇن موللا شاھ ھىجران ۋە خوتەن قارىقاشلىق شاھ مۇھەممەت تەرىپىدىن پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى، ئاقسۇلۇق مۇھەممەت بىننى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئەلفىللەيلى» (مىڭ بىر كېچە)، ھۆسەيىن بىننى ئىبنىمۇ ساتتار سوسى تەرىپىدىن پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «دارپنامە»، مۇپازىل موللا كىچىك ساقى تەرىپىدىن 1737-يىلى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىنغان مىرخاندىنىڭ «رەۋزە تۇس ساپا» ناملىق تارىخىي ئەسىرى، ھاجى يۇسۇپ ئىبنى موللا ئۇشۇر خەلپەم تەرىپىدىن مىلادى 1751-يىلى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرى، جۈملىدىن جوڭغارلارنىڭ ئاخىرى، مەنچىڭ دەۋرىنىڭ بېشىدا مۇھەممەت سىدىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرى ئەزىزان»،

مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ روشەن ئىپـ مىسالى بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەرجىمە ئەسەرلەر ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىستېتىك غايە، تېماتىكا، بەدىئىي شەكىل ۋە بەدىئىي ئوبراز ھەم ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بەدىئىي تىل بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مۇشۇ دەۋر ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن موللا ناسىر يەركەندى، ئۆمەر باقى، مۇھەممەت سىددىق بەرشىدى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىنى ۋە داڭلىق شائىر خوجام قۇلى ھىرقەتى، بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەت سىددىق زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، موللا ئەلەم شەھيارى، مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋە مانجۇ خاندانلىقى دەۋرىدە بىر قەدەر رېئالىستىك روھقا ئىگە خېلىلا باي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرىقى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ئۆزئارا ۋە پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرى بىلەن پۈتۈن شەرق ئەدەبىياتى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەرجىمە ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن ئىجادىي ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ھەم ئۆزلىرى ئېرىشكەن غايەت زور ئۇتۇقلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىنتايىن مول ئۈچمەس ھەسسە قوشتى.